ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

مەدەنىيەت ❀ مائارىپ ❀ تېبابەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## ONLY ONO HOTAN IN THE WORLD

مەدەنىيەت * مائارىپ * ساياھەت


تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

BY

ABDULLA SULAYMAN



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

天下只有一个和田. 3,文化、教育、民族医药/阿布都拉·苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2003.8
ISBN 7-228-08242-7

Ⅰ.天… Ⅱ.阿… Ⅲ.①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言)②文化—概况—和田地区—维语尔语(中国少数民族语言)③教育—概况—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言)④民族医学—概况—和田地区—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K924.52

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第073823号

责任编辑:牙里坤·司马义
责任校对:帕丽达·艾力
封面设计:艾克拜尔·沙力

天下只有一个和田
——文化、教育、民族医药
阿布都拉·苏莱满 编著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号邮编830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐仁祥印务有限公司印刷
880×1230毫米 大32开本 11.75印张 插页2
2003年8月第1版 2003年8月第1次印刷
印数:0001—3800册

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50元

## مۆھتەرەم ئوقۇرمەن

# خوتەننى بىلگىڭىز بارمۇ؟

*خوتەن مۈلكىكى جەننەتتىن نىشاندۇر،*
*سەۋادى ئۆزرە جەننەت جان فىشاندۇر.*
*(نەۋائى)*

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» — بۇ چىن پىششىق گەپ. چۈنكى خوتەنلىكلەر «بىرنى بىر» دەيدۇ.

خوتەن — ئۇز دىيار، تارىخى ئۇزۇن دىيار؛ خوتەن — تارىختا ئىچكىرىكى چىن ئۈچۈن غەربكە كۆزنەك دىيار؛ شۇڭا، نۇرغۇن سالنامىلەر، سەيياھلارغا دېڭىزدەك كەڭ سۆزلەك دىيار.

خوتەنلىكلەرنىڭ ئاتا - ئاغۇنلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدە، گازۇن - چىرىلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بارخانلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى كەتمەن بىلەن توسقان ۋە قورام تاشلارنى دومىلاتقۇدەك دەھشەتلىك قاش ئۆكۈز ئېقىنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئەقىل- ھۈنەر بىلەن ئېچىپ، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ قانۇنى بىلەن ئىگىلىگەن ھەم ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى جەمئىيەتنىڭ نىزامى بىلەن يۈكسەلدۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، جەننەت مەسەل خوتەن بوستانلىقىنى ئەھياغا كەلتۈرگەن. بۇ ھەققەت توغرىسىدا، ئالتە جىلدلىق ئەمەس، ئاتمىش جىلدلىق قامۇس تۈزۈپمۇ بايانىغا يەتكىلى بولماس.

تالانتلىق شائىر، ئىجتىھاتلىق پروفېسسور ئابدۇللا سۇلايمان قەلىمىگە مەنسۇپ بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپلار خوتەننى ھەر جەھەتتىن بىلگۈسى كەلگەن ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئۈچۈن قىممەتلىك دەستۇردۇر. ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەشكىللىشى- تەھرىرلىشىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ دەستۇر، ئاساسەن، ئۆز ئانا يۇرتىدا تۇغۇلغان ۋە ئۆز ماكانىنىڭ ئۆتمۈشى ھەم ھازىرىنى ئوبدان ئۆگەنگەن، پىششىق بىلگەن قەلەمكەشلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ شىلدىر - شىكەر مېۋىسىدۇر. بۇ كىتابنىڭ ئالتە جىلدى بىر - بىرىگە ئۆزۋى باغلانغان ھەم ھەر بىر جىلدى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر ئەسەردۇر. ھەر جىلدىنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا، رىۋايەتتىن

تاكى ئەمەلىيەتكىچە، ئىجادىيەتتىن تاكى رېئاللىققىچە بولغان كارامەتلەر تەسۋىرى كۆز ئالدىڭىزدىن خۇددى كارتىنىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتىدۇ؛ سىزنى نەچچە مىڭ يىللىق تىلسىماتنىڭ قاپقىسىنى ئېچىپ، ئاجايىب رەڭگارەڭ ۋە ئىنسانىيەتكە ھەمىشەھەك خەزىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ سىزنى ھېكايەت باياۋانىنى كەزدۈرۈپ، ھاياتلىق خىيابانىغا يەتكۈزۈپ، خوتەن توغرىسىدىكى بىلىم تەشنالىقىڭىزنى شېرىن تىل بۇلاقلىرىدىن قاندۇرىدۇ.

ئىگىلىك تەمىر قىلىشتا تۆھپىكار، مەدەنىيەت - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشتە كەشپكار، مەنىۋى ئۇزۇقلۇق يارىتىشتا سەنئەتكار، يۇرت - ماكانىنى قوغداشتا پىداكار خوتەنلىكلەرنىڭ مۇلايىم چېھرىسى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراقۇرۇمدەك چىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمگەك مېۋىسىگە قايىل بولىسىز ۋە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيسىز.

نۇرغۇن - نۇرغۇن تارىخي ۋەقەلەر ۋە كۆرمىك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خوتەنلىكلەرنىڭ ھازىرقى بوغۇنلىرى يېرىم ئەسىردىن بۇيان قەدىمكى ئوغۇش- ئاغۇنلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئانا يۇرتىنى ئەقىل - پاراستى ۋە ئەمگەك تەرى بىلەن تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش يولىدا جان پىدالىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە. قەدىمكى خوتەننىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان يېڭى خوتەن پەن - تېخنىكا ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەت ئەسرى بولغان 21 - ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت بىلەن گىگانت قەدەم باستى.

قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم — «يۇرت ئاتىسى نېمىگە مايىل بولسا يۇرت ئەھلى شۇنىڭغا ياندىشىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ۋە «يادلاپ ئالغان كېتىدۇ، يېزىپ قويغان قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ياخشى چۈشەنگەن خوتەن رەھبەرلىرىدىن ئۆمەر ئابدۇللا، جۈملىدىن يالقۇن قادىر ھەم مۇھەممەت چاۋار ئەپەندىلەرنىڭ قەلەمكەشلەرنى قوللىشى بىلەن بۇ دەستۇر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ھىممىتىگە ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ غەيرىتىگە كەڭ جامائەتچىلىك بارىكاللا دەيدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەر جامائەسى ئالقىش بىلدۈرىدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: **ئىمىن تۇرسۇن**

2003 - يىل، ئىيۇن

# مۇندەرىجە


خوتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تەرمىلەر ........................ مۇھەممەتئىمىن سابىر 1

خوتەننىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى ........................ 1

1. تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ماددىي مەدەنىيەت ........................ 2

1) يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى خوتەن ........................ 3

2) خوتەندە بايقالغان يېڭى تاش قورال ئىزلىرى ........................ 5

3) برونزا قوراللار دەۋرىدىكى خوتەن ........................ 8

4) تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى خوتەن ........................ 10

2. تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت ........................ 11

1) قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى ئۇچۇرلار ........................ 11

2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۇچۇرلار ........................ 12

3) خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى ئۇچۇرلار ........................ 17

4) مۇزىكا قوراللىرىدىكى ئۇچۇرلار ........................ 20

5) ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادقا دائىر ئۇچۇرلار ........................ 22

6) ئىپتىدائىي تېبابەتكە دائىر ئۇچۇرلار ........................ 23

خوتەننىڭ تارىختىن كېيىنكى مەدەنىيىتى ........................ 25

1. بۇددىزىمدىن ئىلگىرىكى دەۋر مەدەنىيىتى ........................ 25

1) ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 25

2) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ... 28

2. بۇددىزىم دەۋرى مەدەنىيىتى ........................ 30

1) بۇددا دىنىنىڭ خوتەنگە تارقىلىشى ........................ 31

2) بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈم ...... 32

3) ئىجتىمائىي ئىگىلىك ........................ 36

4) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ........................ 44
5) بىناكارلىق مەدەنىيىتى........................ 60
6) سودا - تىجارەت مەدەنىيىتى ........................ 73
7) ئېتىقاد مەدەنىيىتى ........................ 91
8) تىل - يېزىق مەدەنىيىتى ........................ 95
9) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ........................ 109
10) ئودۇن بۇددىزم دەۋرى مائارىپى ........................ 118
11) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئودۇن تېبابىتى........................ 124
12) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى ...... 126
13) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئودۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە-
لىكى........................ 151
**ئودۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە ئويلىنىش ...** 158
**خاتىمە** ........................ 162

**خوتەن مائارىپى ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان............**
........................ توختىنىياز تۇرسۇن 167
1. خوتەندە بۇددىزم دەۋرى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى...... 170
2. خوتەننىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى مەدرىسە مائارىپى......... 175
3. يېقىنقى دەۋر مائارىپىنىڭ باشلىنىشى ........................ 178
4. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىنكى خوتەن مائارىپى ...... 189
5. بۈگۈنكى دەۋر خوتەن مائارىپى ........................ 205

**ئۆتمەس سىياھلار، ئۆچمەس زىيالار........................**
........................ ئابدۇقادىر تۇرسۇن 235
**«خاقانىيە تىلى» ۋە خوتەن شېۋىسى ........................**
........................ ئىمىن تۇرسۇن 245
**تارىختىكى خوتەن پۇللىرى ... مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق** 263

خوتەن قەغەزچىلىكى.........................
جۇمەنىياز تۇرسۇن ۋارىستېكىن ......................... 273
بىر رەسسام ھەققىدە ھېكايە ......... مەتسېلىم مەتقاسىم 279

خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي
مۇساپىسى ......... ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن 285
1. خوتەندە ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك ......................... 286
2. خوتەن ئەل ئەدەبىياتىدا تېبابەتچىلىك ......................... 291
3. خوتەندە دەسلەپكى ئىلمىي تېبابەتچىلىك ......................... 301
4. خوتەندە ئىلمىي تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ......... 306
5. خوتەندە تېبابەت مائارىپى ......................... 310
خوتەن مىللىي تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستىق-
بالى ......... ياسىن مۇھەممەتنىياز تىكە 315
1. خوتەن مىللىي تېبابىتىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە تۇتقان ئورنى
ۋە ئۆزگىچىلىكى ......................... 315
2. «ئەرق» — مىللىي تېبابەتچىلىك دورا ياساش سانائىتىنىڭ
تۇنجى قەدىمى ......................... 322
3. ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىنىڭ نامايەندىسى — خوتەن ۋىلايەت-
لىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى......................... 323
4. يېشىل يېمەكلىك تېپىدىكى بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورى-
لىرىنى ياساش كەسپى ......................... 325
5. دۇنياغا يۈزلىنىۋاتقان خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇر-
خانىسى دورا زاۋۇتى ......................... 329
خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەر...... 331
مۇساپىر تېۋىپ ......... مۇھەممەتئىمىن قۇربان 363

# 目　录

和田文化宝库拾零 ………………………… 买买提依明·沙比尔 1
和田史前文化……………………………………………………… 2
1. 史前时代的物质文化 ………………………………………… 3
1）新石器时代的和田 ………………………………………… 3
2）和田发现的新石器遗址……………………………………… 5
3）铜器时代的和田……………………………………………… 8
4）铁器时代的和田 …………………………………………… 10
2. 史前时代的精神文化………………………………………… 11
1）来自岩画的信息 …………………………………………… 11
2）来自民间文学的信息 ……………………………………… 12
3）来自汉语史书的信息 ……………………………………… 17
4）来自乐器的信息 …………………………………………… 20
5）来自原始崇拜的信息 ……………………………………… 22
6）来自原始医学的信息 ……………………………………… 23
和田史后文化（截止公元十世纪末）……………………………… 25
1. 前佛教时代文化……………………………………………… 25
1）于阗国的建立 ……………………………………………… 25
2）西域督护符的建立 ………………………………………… 28
2. 佛教时代文化 ………………………………………………… 30
1）佛教的传入 ………………………………………………… 31
2）佛教时代社会政治文化……………………………………… 32
3）社会经济文化 ……………………………………………… 36

4）手工业艺术文化 …………………………… 44
5）建筑文化 …………………………………… 60
6）商贸文化 …………………………………… 73
7）信仰文化 …………………………………… 91
8）语言文字文化 ……………………………… 95
9）佛教时代的文学艺术 ……………………… 109
10）于阗佛教教育 ……………………………… 118
11）医疗文化 …………………………………… 124
12）佛教时代的民俗文化 ……………………… 126
13）佛教时代于阗文化的特点 ………………… 151
对于阗佛教文化的浅思 ……………………………… 158
后记 …………………………………………………… 162
和田教育事业概况 ………… 托合提尼牙孜·吐尔逊 167
1、佛教时期和田教育的形成 ………………… 170
2、依斯兰教时期的和田教堂教育 …………… 175
3、近代教育的明发 …………………………… 178
4、"四月兵变"后的和田教育 ………………… 189
5、近代和田教育 ……………………………… 205
不朽的作品永存千古 ………… 阿不都卡得尔·吐尔逊 235
哈喀尼耶语与和田方言 ……………… 伊明·吐尔逊 245
历史上的和田钱币 ………… 买买提吐尔逊·色的克 263
和田造纸业 ………… 居玛尼牙孜·吐尔逊(瓦日斯特肯) 273
一个画家的故事 ………… 买提色力木·买提卡司木 279
和田民族医药业的历史进程 ……………………
…………………… 艾孜则·阿塔吾拉(萨尔特肯) 285
1、和田原始医药 ……………………………… 286
2、和田民间文学中的医药 …………………… 291
3、和田初级科学医药 ………………………… 301

4、和田科学医药业的发展 …………………………… 306
5、和田医药教育 ………………………………………… 310
和田民族医药业的特点及其未来 ……………………………
…………………… 牙生·买买提尼牙孜(提克) 315
1、和田民族医药业在维吾尔医药业中的地位和特点
…………………………………………………………… 315
2、生产"蒸馏药水"——民族医制药工业的第一步
…………………………………………………………… 322
3、维吾尔民族医药业的排头兵——和田地区维吾尔医医院 …………………………………………………………… 323
4、绿色营养补身药制造业 ……………………………… 325
5、正在走向世界的和田维吾尔医医院制药厂 …… 329
和田民族医药名人录 ………………………………………… 331
一个流浪民族医 ………………………… 买买提明·库尔班 363

مۇھەممەتئىمىن سابىر

# خوتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن تەرمىلەر

*— «لېكوكمۇ خۇددى غەربىي يۇرتنىڭ بىپايان قۇمچۇقىنى نەچچە قېتىم كېزىپ چىققان ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيندەك دەسلەپتە ھە دېسىلا تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىنى «گرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەقلىدى» دەپ يۈردى. بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىككە باي، مۇجىزىلىك مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قەسىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىكى تەڭدىشى يوق مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىغا توختىماي تەسەننا ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى.»*

*ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»تىن*

مەدەنىيەت كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن ئىبارەت؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئىشلەپ چىقىرىشىدا يارىتىلغان بايلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت تەبىئەت ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم بىر مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ ئالدىنقى ئامىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار مەدەنىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن چوڭ قۇرۇقلۇق مەدەنىيەت تىپى ۋە دېڭىز - ئوكيان مەدەنىيەت تىپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تىپقا بۆلۈنىدۇ. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق جۇغراپىيىۋى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەبىئىيلا چوڭ قۇرۇقلۇق مىللىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. غەربىي رايون مەدەنىيىتى پۈتكۈل جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر جۇغراپىيىۋى مەدەنىيەت بۆلىكى بولۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇق مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. خوتەن بوستانلىق مەدەنىيىتى غەربىي رايون مەدەنىيىتىنىڭ بىر رايون خاراكتېرلىك مەدەنىيەت بۆلىكى،

شۇنداقلا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ①

بۈگۈنكى كۈندە بىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىر قەدەر مول ماددىي مەدەنىيەت ۋە بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. زامانغا لايىق ماددىي مەدەنىيەتمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ ھېچقانداق ئاساسسىز بارلىققا كەلمەيدۇ، بەلكى ئىلگىرى بار بولغان مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، بېيىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ماس بولغان يېڭىچە مەدەنىيەت يارىتىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1 ـ ئەۋلاد داھىيسى ماۋ زېدۇڭ ئىلگىرىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا: «ساختىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ماقالىدە خوتەننىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## خوتەننىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتى

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولغىنىغا 1 مىليون 700 مىڭ يىل بولدى، دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن يېقىنقى ئون مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى دەۋر ئارخېئولوگىيە ئىلمىدە «كونا تاش قورال دەۋرى»، يېقىنقى ئون مىڭ يىللىق دەۋر «يېڭى تاش قورال دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

خوتەندە كونا تاش قورال دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت ئىزلىرى تېخى بايقالغىنى يوق. خوتەنگە قوشنا بولغان ئاتۇش رايونىدىن 1981 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئادەم بېشىنىڭ تاش قاتمىسى بايقالغان. 1983 ـ يىلى يەنە شۇ يەردىن ئادەم بېشىنىڭ چېكە سۆڭىكى، قولاق ئاستى سۆڭىكى قاتارلىق قىسىملىرىنىڭ تاش قاتمىسى تېپىلغان. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق بۇ باش سۆڭىككە «ئاتۇش ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك

تاش قاتمىسى» دەپ نام بېرىلدى ھەمدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 ~ 30 مىڭ يىللار بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ باش سۆڭىكىگە تامامەن ئوخشايدىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلدى[2]. شۇنداق بولسىمۇ، خوتەن تەۋەسىدىن ھازىرغىچە تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس مەدەنىيەت ئىزلىرى تېپىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، خوتەندە ئىنسانلار ماكانلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقى ھەققىدە كېسىپ بىر نېمە دېمەك تەس. بەزى ئالىملار 12 مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا گۈزەل، كۆركەم خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇشقا باشلىغان، دەپ قارىماقتا[3]. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز 10 مىڭ يىللاردىن بۇرۇنقى زامانلاردىلا بۇ زېمىندا ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغان، جۈملىدىن قاشتېشىنىڭ خاسىيىتىنى بايقاپ ئۇنى ماددىي ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى، قەدىمكى دەۋردە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان خوتەن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6 ~ 7 مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويدى[4]. شۇ چاغدىن تاكى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرلەرگىچە بولغان دەۋرلەردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرەلەيدىغان يازما پاكىتلار بايقالغىنى يوق. شۇڭا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋر شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرى دەپ قارىلىدۇ[5].

## 1. تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ماددىي مەدەنىيەت

### 1) يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى خوتەن

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، شىمالىي يېرىم شارنىڭ ئوتتۇرا پاراللېل بەلۋاغلىرىغا جايلاشقان جۇڭگونىڭ غەربى، شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونلىرى 4 - دەۋردىكى كىلىمات ئۆزگىرىشى مەزگىلىدە ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا ئوخشاشلا مۇز دەۋرى بىلەن ئارىلىق دەۋرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرۇشىنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرغان. ئومۇمەن جۇڭگونىڭ غەربىي رايونلىرىدا مۇز دەۋرى بىلەن

قۇرغاق دەۋر، ئارىلىق دەۋر بىلەن نەم - ئىللىق دەۋر بىر - بىرىگە ماس ھالدا داۋام قىلغان. ياۋرو - ئاسىيانىڭ ئىللىق بەلۋاغ رايونلىرىنىڭ يېڭىلىنىش ئېراسىغا ئەڭ مۇۋاپىق كىلىمات مەزگىلى بۇنىڭدىن 7000 ~ 4000 يىل بۇرۇنقى چاغلاردا داۋام قىلغان بولۇپ، يېڭىلىنىش ئېراسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھاۋا كېلىماتى ئىللىق بولغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغلاردىكى يىغىندى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشى تېزلەشكەن، دەريا سۇلىرى ناھايىتى ئەلۋەك بولغان، ئويمانلىقتىكى قۇم - بوران ھەرىكىتى ئاجىزلىغان، قۇم بارخانلىرىنىڭ كۆچۈش ھەرىكىتى توختاپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان. بۇ مەزگىلدە، تارىختىن ئىلگىرىكى تارىم ئاھالىلىرىگە بىر قەدەر قولايلىق ھاياتلىق مۇھىتى شەكىللەنگەن[①].

بۇ دەۋردە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئومۇمەن ئىككى بەلۋاغ رايونلىرىغا ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغان. بۇنىڭ بىرى، جىرا - يايلاق بەلۋاغلىرى بولۇپ، بۇ بەلۋاغ قاراقورۇم ۋە قورۇم تاغلىرىدىن تەكلىماكانغا ئاقىدىغان ھەرقايسى دەريا - ئېقىنلارنىڭ تاغ ئېچىدىكى چوڭقۇر جىرالاردىن تاغ سىرتىغا چىقىش ئېغىزىدىكى يامزاللار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىپايان يايلاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ يەنە بىرى، ھەرقايسى دەريا - ئېقىنلارنىڭ تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى تۈگەش نۇقتىلىرىدا سۇ بەك ئۇزۇنغىچە قالمايدىغان، دەھشەتلىك كەلكۈننىڭ ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى زىيىنىغىمۇ ئۇچرىمايدىغان يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندى (تىنما) تۇزلەڭلىكنىڭ ئاخىرقى نۇقتىلىرى بولۇپ، بۇ بەلۋاغ ھازىرقى بوستانلىقلارنىڭ 100 ~ 150 كىلومېتىر شىمالىدىكى توغراق، يۇلغۇن ۋە ھەر خىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن ھاسىل بولغان بىپايان تۇزلەڭلىك يايلاقلىرى ۋە بۇ ۋادىلارغا جايلاشقان ئاھالە نۇقتىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۇ زامانلاردا كىلىمات ئىللىق، سۇ ئەلۋەك، ئاھالە ئاز بولغاچقا، بۇ بەلۋاغلاردا ياۋا قوتاز، بۆكەن، ئاق بوغۇز بۆكەن، تاغ تېكىسى، كۆكمەت، ئارقار، چىپار بۆكەن، ياۋا تۆگە، ياۋا قوي، ئۆچكە، ياۋا ئېشەك، قارا تايغان بۇغا (تارىم بۇغىسى)، ياۋا توشقان قاتارلىق چۆپخور ھايۋانلار (ئېھتىمال ياۋا ئات، ياۋا كالا بولۇشى مۇمكىن)، يىلپىز، كۆپسە ئېيىق، بۆرە، چىلبۆرە، قىزىل تۈلكە، ئوتلاق تۈلكىسى، تارىم يولۋىسى، ياۋا چوشقا قاتارلىق يىرتقۇچ

ھايۋانلار شۇنىڭدەك ھەر خىل ئۇچار قۇشلار ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇ دەۋرلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خوتەننىڭ جىرا - يايلاق بەلۋاغلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئوۋچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان بولۇشى، ھايۋان گۆشلىرىنى ئوزۇقلۇق، يۇڭ - تېرىلەرنى سېلىنچا - يېپىنچا قىلغان بولۇشى؛ تۇزلەڭلىك - يايلاق ۋادىلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەر بولسا، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ياۋايى مېۋە، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى يىغىشنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇ زاماندا ياشىغان ئاھالىلەر تەدرىجىي ھالدا تەبىئىي تاشلارنى ئۇرۇش، سوقۇش، سۈركەپ سىلىقلاش قاتارلىق ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، تاش قورالغا ئايلاندۇرغان ھەمدە ئۇنى ئەمگەك قورالى قىلغان. تاش قورال ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگە قىلغان بۇ خىل مەدەنىيەت «يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2) خوتەندە بايقالغان يېڭى تاش قورال ئىزلىرى

ھازىرغا قەدەر، خوتەن تەۋەسىدە يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت يەتتە تاش قورال نۇقتىسى بايقالدى. بۇ نۇقتىلاردىن ئالتىسى 1987-يىلى 5 - ئىيۇندىن 24 - ئىيۇنغىچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن ئامېرىكا ئارىزونا ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان قۇرغاق رايونلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئېچىش، پايدىلىنىش بويىچە بىرلەشمە تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان.

(1) يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى قارا ياتاقنىڭ جەنۇبىدىن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن سەككىز دانە تاش قورال بايقالغان بولۇپ، تاش بولقا، يالپاق تاش ۋە باشقا تاش ئەسۋابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) نىيە دەرياسىنىڭ ئىككى ئاساسىي ئېقىنى قوشۇلىدىغان جاينىڭ شىمالىدىن 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ناغرىخانا دېگەن جاينىڭ غەربىي شىمالىدىن، تاش بولقا بىلەن ئۇرۇپ ياسالغان بەش دانە يالپاق تاش بايقالدى.

(3) لوپ بازىرى بىلەن ياتاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى، لوپ بازىرىغا تەخمىنەن 25 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىرغىقىدىن بىر دانە تاش ئۇزەك، بىر دانە يالپاق تاش بايقالدى.

(4) نىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي ئاساسىي ئېقىنى بولغان ئۇلۇغسايى دەرياسى بىلەن غەربىي ئېقىنى قوشۇلىدىغان جاينىڭ

سۇنۇپ كەتكەن ئورغاق ئايسىمان تاش ئورغاق بايقالغان بولۇپ، سىرتقى يۈزى سىلىقلانغان. بۇ، مىس قوراللار بىلەن تاش قوراللار بىللە ئىشلىتىلگەن دەۋرگە تەۋە يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسى تەۋەسىدىن تېپىلغان بەزى تاش قورال ۋە ساپاللار، لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن بايقالغان كۆپلىگەن ئىگەرسىمان تاش ياغۇنچاق، نىيە خارابىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئوۋچىلىق قورالى — ئالتە تەرەپلىك تاش شار، تاختىدىن ياسالغان ئوت چىقىرىش سايمىنى قاتارلىقلارمۇ تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن قالغان يالدامىلار بولۇشى مۇمكىن[①].

خوتەننىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا قاشتېشىنىڭ بىر خىل «گۆھەر تاش» ئىكەنلىكىدەك قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋە قاشتېشى قېزىش، يىغىش، مالغا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ، «يىپەك يولى» بارلىققا كېلىشتىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا «قاشتېشى يولى»نى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۆھپە قوشقان. خوتەننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان قاشتېشى يولىنىڭ شەرقىي لىنىيىسى چەرچەن، لوپنۇر، دۇنخۇاڭ (دۇخان) جەنۇبىي تارماق يولى ۋە قەشقەر، كۇچار، تۇرپان، قۇمۇل شىمالىي تارماق يولىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ يوللار دۇنخۇاڭ، جۇچۈەن ئەتراپلىرىدا بىرلىشىپ، لەنجۇ، شىئەن، لوياڭ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئەنىيائىلارغىچە يېتىپ بارغان. غەربىي لىنىيىسى بولسا كابۇل، ئىسپاھان، باغدادلاردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا دېڭىزغىچە يېتىپ بارغان. بۇ يوللاردا توشۇلغان ئەلا سۈپەتلىك خوتەن قاشتېشى ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدە شۆھرەت قازانغان[①]. خوتەن قاشتېشى بۇنىڭدىن 5 ~ 6 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپ مىقداردا يۆتكەپ بېرىلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاش قورال خارابە ئىزلىرى دېگۈدەك كۆزنىتىپ تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان بولۇپ، ئەتراپلىق، ئىنچىكە قېزىپ تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ چەكلىك ساندىكى خارابە ئىزلىرى ۋە بۇ جايلاردىن تېپىلغان تاش قوراللار ئەينى دەۋردە گۈمىدىن نىيىگىچە بولغان جايلاردىكى ئاساسلىق دەريا - ئېقىن ۋادىلىرىدا قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغانلىقى ۋە تاش قورال ئىشلەپ چىقىرىشنى بىر خىل ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈرى سۈپىتىدە يولغا قويغانلىقىنى، شۇنىڭغا ياندىش ھالدا قاشتېشى

جەنۇبىدىكى قارا قۇرۇم تېغىغا يانداش بولغان دېڭىز يۈزىدىن 2 مىڭ 500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى جايدىن ناھايىتى مول تاش قورال ئىزى بايقالغان بولۇپ، بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ يەردىن 140 نەچچە دانە تاش قورال خىللىنىۋېلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىپتا تاش ئۆزەك، سىپتا تاش ياپراق، يالپاق تاش ۋە باشقا تاش ئەسۋابلار بار.

(5) كېرىيە گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ جەنۇبىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىن ئاق كۆلرەڭ كۋارتسىت ۋە قارا تاشلاردىن ياسالغان بىر دانە تۇۋرۇكسىمان تاش ئۆزەك، ئىككى دانە سىپتا تاش ياپراق ۋە يەتتە دانە سوقۇپ ياسالغان يالپاق تاش بايقالدى.

(6) دۆلەت تاشيولىنىڭ كېرىيە بازىرىنىڭ شەرقىدىن 17 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى «ياماق دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغان كونا دەريا ئېقىنى بويىدا قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال پارچىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەردىن سۇس قوڭۇر رەڭلىك كۋارتسىت تاشتىن ياسالغان بىر دانە تاش ياپراق بايقالدى. ئالىملار بۇ تاش قوراللارنىڭ دەۋرىنى بۇنىڭدىن 4 ~ 7 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ دەپ ھېسابلىدى[7].

(7) كېرىيە دەرياسىنىڭ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە 77 كىلومېتىرچە كېلىدىغان جايدىكى يانتۇ ئېدىرلىقتىن 3 مىڭ 500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى تاش قورال ئىزى بايقالغان بولۇپ، بۇ جاي «باش كەڭسۇلاق» خارابە ئىزى دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن 173 دانە تاش قورال يىغىۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە 13 دانە تاش ئۆزەك، 13 دانە ئۇششاق تاش ياپراق، 22 دانە قىرغۇ قورالى، 2 دانە تاش ئوق ئۇچى قاتارلىقلار بار[8]. بۇ تاش قورال خارابە ئىزى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇنقى يېڭى تاش قورال خارابە ئىزى دەپ قارالماقتا[9].

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، گۇما ناھىيىسى كىلىياڭ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 10 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تاشقىن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن يىرىك سېرىق ساپال پارچىسى، سۆڭەك پارچىلىرى، كۆيگەن تاش ۋە تاش پارچىلىرى بايقالغان بولۇپ، بۇ جاي «كىلىياڭ خارابە ئىزى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن بايقالغان تاش پارچىلىرىدا ئويۇش - چىجاش ئىزلىرىلا بولۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىزلىرى يوق.

گۇما ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىزىل تام خارابىسىدىن

جەسەتنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان. قايدۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە قارامۇدۇن قەبرىستانلىقىدىن بۇغداي ئۇنىدا پىشۇرۇلغان توقاچ نان، كاۋاپ، تېرىق، ئارپا قاتارلىق ئاشلىقلار تېپىلغان.

خوتەنگە قوشنا بولغان چەرچەن تەۋەسىدىكى بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە بولغان زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن جەسەتكە ھەمدەپنە قىلىنغان نان، يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپ بايقالغان. قەدىمكى قاشتېشى يولىنىڭ شەرقىي لىنىيىسى ئۈستىگە جايلاشقان ھەمدە خوتەن بىلەن ئوخشاش تەبىئىي مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بۇ جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملار خوتەندە ئاشلىق زىرائەتلىرى ئېكىنچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىروران، چەرچەن رايونلىرى بىلەن دەۋرداش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاتاقلىق تارىخشۇناس، مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر دۆلىتىمىزنىڭ قۇلدارلىق جەمئىيىتى دەۋرىدىكى مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: شيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى دەۋرى بولسا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايوننى ئاساس قىلغان خۇاشيا قەبىلىسى ۋە بۇ قەبىلىگە بېقىندى بەزى باشقا قەبىلىلەر باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىدىن قۇلدارلىق جەمئىيىتىگە بېسىپ كىرگەن بىر دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە جۇڭگو جەمئىيىتىدە خۇاشيا قەبىلىسىنى ئاساس قىلغان ھەر قايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر مەدەنىيەت جەھەتتە غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ... شيا ۋە شاڭ سۇلالىلىرىدا ئاساسەن تاش قوراللىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، غەربىي جۇ سۇلالىسىغا كەلگەندە ئاساسەن برونزا قوراللار ئۈستۈنلۈككە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۆمۈرچىلىك ۋە تۆمۈردىن ياسالغان قوراللارمۇ خېلى كېڭىيىشكە باشلىدى ... ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە شيا، شاڭ سۇلالىلىرى بولۇپمۇ غەربىي جۇ سۇلالىسىدىكى خۇاشيا قەبىلىسى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان قەبىلە بولماستىن، بەلكى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغانىدى ... ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىغا جايلاشقان ساك، ئارىيان ۋە باشقا ئۇرۇق - قەبىلىلەر بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا تۇرغان. ئۇلارنىڭ دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغانلىرى ئاللىقاچان ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەن. مەدەنىيەت جەھەتتىن خېلى راۋاجلانغان، تاغ ۋە يايلاقلاردا ياشايدىغان بەزى قەبىلىلەر يەنىلا

يىغىش، قېزىش ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۇنى ئاساسلىق سودا بۇيۇمى قىلىپ، شەرق ۋە غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان «قاشتېشى يولى» نى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3) بىرونزا قوراللار دەۋرىدىكى خوتەن

مىلادىيىدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ئەتراپتىكى رايونلارغا ئوخشاشلا مىس قوراللار ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مىس — ئىنسانلار ئەڭ بالدۇر تونۇپ يەتكەن ۋە ئىشلەتكەن مېتاللارنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن 7 مىڭ يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق بايقالغانلىقى مەلۇم. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە تەبىئىي مىستىن كىچىك ئىش قوراللىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مىس ئېرىتىش، تاۋلاش تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغان. باشقا مېتاللار ئارىلاشتۇرۇلماي تاۋلانغان ساپ مىس «قىزىل مىس» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە مىسقا مۇۋاپىق مىقداردا قەلەي ئارىلاشتۇرۇلۇپ قاتتىقلىق دەرىجىسى ئاشۇرۇلغان. بۇ خىل قېتىشما ئادەتتە «بىرونزا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم نىسبەتتە سىنىك ئارىلاشتۇرۇلغان سېرىق مىس (جەز)، مەلۇم نىسبەتتە نىكېل ئارىلاشتۇرۇلغان ئاق تۇچمۇ بارلىققا كەلگەن. تارىختا مىس قوراللار ئىشلىتىلگەن دەۋر «بىرونزا دەۋرى» دېيىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا مىس قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىر قەدەر بالدۇر بولغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا بىرونزا دەۋرى كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن.

دۆلىتىمىز ئالىمى چېن گې شىنجاڭدا بىرونزا دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ~ 1000 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ❶. گەرچە خوتەندە روشەن بىرونزا دەۋرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە خارابە ئىزلىرى تېخى بايقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى مەسىلە شۇ چاغدا خوتەننىڭ بىرونزا دەۋرىگە كىرمىگەنلىكى ئەمەس، بەلكى بۇنى ئىسپاتلايدىغان خارابە ئىزلىرىنىڭ تېخى بايقالمىغانلىقى خالاس. مىس قوراللارنىڭ بارلىققا كېلىشى، روشەنكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز زور رول ئوينىغان. شىنجاڭدا بىرونزا قورال دەۋرى بىلەن تەڭلا دېھقانچىلىق زور يۈكسىلىشكە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن 4 مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە «كروران گۈزىلى» قەبرىسىدە يېنىكەندە توقۇلغان سېۋەتكە بۇغداي سېلىنىپ

يولۇق توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، تاشچىلىق ۋە ياغاچ ئەسۋابلار قىرمىچىلىقى قاتارلىق قول سانائەتلەر بارلىققا كەلگەنىدى. كۆندۈرۈلگەن ئۆي ھايۋانلىرىدىن ئات، قوي، ئۆچكە، ئىت قاتارلىقلار بار ئىدى. تاغلىق رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تېرىكچىلىك قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى①.»

## 2. تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت

تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردىكى قەدىمكى خوتەن ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان، مەدەنىيەت - سەنئەت شەكلىدە ئىپادىلەنگەن، ئەينى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان مەنبەلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ بىز چەكلىك بولغان ئۇچۇر ماتېرىياللىرى ئارقىلىق قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىگە قارىتا دەسلەپكى چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلالايمىز.

### 1) قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى ئۇچۇرلار

ۋىلايىتىمىزدە ھازىرغا قەدەر تۆت ئورۇندا قىيا تاش سۈرەتلىرى بارلىقى ئېنىقلاندى. 1953 - يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى گۇما ناھىيىسى سانجۇ بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 26 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سانجۇ دەريا جىلغىسىنىڭ ئۇلاچى دېگەن جايىدا قىيا تاش سۈرەتلىرى بارلىقىنى بايقىغان. بۇ ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدە قىيا تاش سۈرەتلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم بايقىلىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، قوشتاغ بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى سۇلىغاز دەرياسىنىڭ كىيىكتۇز دېگەن يېرىدە، نەۋئاباد تاجىك مىللىي يېزىسىدىكى كەڭەز دەرياسىنىڭ توقاي دېگەن يېرىدە ۋە شۇ يېزىدىكى «ئارش ئۆڭكۈرى» دېگەن يەردە قىيا تاش سۈرەتلىرى بارلىقى بايقالدى.

يۇقىرىقى جايلاردىكى قىيا تاشلارغا چىجاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئارقار، جەرەن، قوي، تاغ تېكىسى، كىيىك قاتارلىق ھايۋانلار، مال بېقىۋاتقان پادىچىلار، نەيزە كۆتۈرۈۋالغان، ئوقيا ئېتىۋاتقان ئادەملەر، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەملەر، ئاتلىق چەۋەندازلار

ئوۋچىلىق، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باسقۇچتا، ھەتتا بەزىلىرى باشلانغۇچ جامائەت تۈزۈمىنىڭ ئاتا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى باسقۇچىدا، بەزىلىرى بولسا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا تۇراتتى[10].

## 4) تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىكى خوتەن

قەدىمكى دەۋردىكى شىنجاڭ رايونىنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە كىرگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئارخېئولوگىيە ئالىمى چېن گې كۆپلىگەن دەلىللەشلەر ئارقىلىق، شىنجاڭ رايونىنىڭ تۆمۈر قوراللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ بىر قەدەر بالدۇر بولۇشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس، بەلكى قىسمەن ھاللاردا تۆمۈر قوراللار بولغان خارابە ئىزلىرىنىڭ كاربون 14 ($C^{14}$) بىلەن ئۆلچەنگەن دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلىدىن ئېشىپ چۈشۈشىنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بەلكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىلى ئەتراپلىرىدىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەرگىچە بولغان ئاشۇ دائىرە ئىچىدىكى تۆمۈر قوراللار بولغان نۇرغۇنلىغان خارابە ئىزلىرىنى دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە ئايرىپ بېكىتىشمۇ سىستېمىلىق بولۇپ چىقىدۇ، شىنجاڭدا تۆمۈر قوراللار دەۋرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىن 3 ~ 4 ئەسىر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىللە، باشقا نۇرغۇن خارابە ئىزلىرى قاتارىدا لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەبرىستانلىقىنى دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە تەۋە بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ[11].

ئىنسانىيەت تارىخىدا برونزا قوراللار، بولۇپمۇ تۆمۈر قوراللارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تېزلەتتى. قەدىمكى خوتەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. «چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنسانلار پائالىيىتى مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە ئوت-سۇيى ئەلۋەك بولغان دەريالارنىڭ قاپتال - يامزاللىرىدا ۋە سۇغا يېقىن بولغان بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان، ئىپتىدائىي يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلگەنىدى. ئىگەرسىمان ياغۇنچاقلار بۇغداي - ئارپا قاتارلىقلارنى ئېزىپ ئۇن تارتىش قورالى قىلىنغانىدى. خۇمدانلاردا ساپال قاچا - قۇچىلار پىشۇرۇلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە

توقۇلما بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ماكان چۈشەنچىلىرى شامان دىنىدىكى ياخشىلىق مەنبەسى بولغان ئىلاھلارنىڭ ئاسماننى ماكان قىلغانلىقى، يامانلىق مەنبەسى بولغان جىن - ئالۋاستىلارنىڭ يەر ئاستىنى ماكان قىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەقىدىلىرىگە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

ئۈچى يىگىت، پادىچى بالا توغرىسىدىكى چۆچەكلەر، ھايۋانلار توغرىسىدىكى چۆچەك، مەسەللەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۈچىلىك، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئوت تىلەش توغرىسىدىكى چۆچەكلەر ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ئوت چىقىرىش، ئوت (چوغ) ساقلاشنىڭ قىيىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

خەلق رىۋايەتلىرىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش خاراكتېرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، زور تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، مىللەت - ئۇلۇسلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، 12 مۈچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، تاغ- دەريالار، دەشت - باياۋانلار، شەھەر - قەلئەلەر، يول - ئۆتەڭلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئەينى زامان رېئاللىقىغا زىچ باغلانغان بولۇپ، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ماددىي، مەنىۋى ھاياتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، شۇنداقلا ۋەقەلەر، شەخسلەرگە دائىر ئەھۋاللارنى، يەر ناملىرىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ماتېرىيال مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. خوتەن خەلقى ئارىسىدا نۇرغۇن ئەپسانىلەر ساقلانغان.

### تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر

يەر تەۋرەش ھەققىدىكى ئەپسانە: يەرنىڭ ئاستى پايانسىز سۇ بولۇپ، سۇ ئۈستىدە بىر پارچە كۆۋرۈك، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر چۈمۈلە، چۈمۈلىنىڭ ئۈستىدە قوش مۈڭگۈزلۈك ئۇي بارمىش. ئۇي يەرنى بىر مۈڭگۈزى بىلەن تۇرۇپ تۇرارمىش، مۈڭگۈزى تېلىپ قالغاندا يەرنى يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكەپ كۆتۈرەرمىش، يەرنى يۆتكىگەندە جاھاندا يەر تەۋرەيمىش.

يامغۇر ھەققىدىكى ئەپسانە: قۇشلار پادىشاھى يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدە تۇرىدىكەن. ئىسسىپ كەتكەندە سۇغا چۈمۈلۈپ چىقىپ قاناتلىرىنى سىلكىگەندە يامغۇر ياغارمىش.

بوران ھەققىدىكى ئەپسانە: دېۋە - ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى كوھىقاپ دېگەن يەردە ئىكەن. ئۇلار ماكانىدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىققاندا كوھىقاپنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ بوران چىقارمىش، بوران

ئوبرازى، شۇنداقلا قوتانلار، قورشاۋ تاملار، ھارۋىلار، كۇن، ئاي شەكىللىرى، قەدىمكى يېزىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلەر چېكىلگەن.

گەرچە، بۇ قىيا تاش سۈرەتلىرىنىڭ ئويۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق بىر نېمە دېيىش قىيىن بولسىمۇ، سۈرەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كوللېكتىپ ئوۋ ئوۋلاش كۆرۈنۈشىدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەر ئىكەنلىكى شۇ دەۋردە ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان رەسىملەر ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سانجۇ قىيا تاش سۈرىتىدە بىر ئادەمنىڭ ئاتلىق، باشقىلارنىڭ پىيادە كېتىۋاتقانلىقى شۇ چاغدىكى كىشىلەر ئارىسىدىكى دەرىجە پەرقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئېھتىمال ئاتلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن قالغان يالداما بولۇشى مۇمكىن. سابىق شىنجاڭ مۇزېيىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سانجۇدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئالاھازەل يېڭى تاش قورال دەۋرىدە چېكىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى[1]. بىز سۈرەتلەردىن ئەينى دەۋردە ئات بىلەن قوي، ئۆچكىلەرنىڭ ئۆي ھايۋىنىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى، چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىق تەڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئوقيا بىلەن نەيزىنىڭ ئاساسلىق ئوۋ قورالى، قوغدىنىش قورالى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھارۋا ئىشلىتىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، كۈن، ئاي شەكىللىك بەلگىلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئوبيېكتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

## 2) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۇچۇرلار

خوتەن خەلقىدە ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل قاتارلىق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىنتايىن مول، تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. گەرچە بۇ خىل ئەسەرلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەينەن سۈرەتلىنىشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە ئاساس ۋە مەنبە قىلغان.

ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە بولۇپمۇ چۆچەكلەردە خىزىر، ئەۋلىيا، پەرىشتە، جىن، ئالۋاستى، يالماۋۇز، ئەجدىھا قاتارلىق ئوبرازلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئىچىدىكى ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ ھامان ئاسماننى، ئەرشئەلانى ماكان قىلغانلىقى، سەلبىي ئوبرازلارنىڭ كونا خارابىلار، تاشلاندۇق قۇدۇق، سۇ ئاستى قاتارلىق جايلارنى ماكان قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئوبرازلار

پۇلنى توپىغا تاشلاپ: «بەرىكەت قىلسۇن» دەيدۇ ياكى مال ساتقۇچى پۇلنى توپىغا تەگكۈزۈپ ئاندىن قارشى تەرەپتىن، «بەرىكەت قىلسۇنمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇ چاغدا ئالغۇچى تەرەپ «قانچىدىن قانچە بەرىكەت قىلسۇن» دەيدۇ. بىرەر قوي چاغلىق چوڭراق سودىدا پۇتۇشكەنلەر ئالىقىنىنى توپىغا ئۇرۇپ ئاندىن «ئەمىسە شۇنداق بولسۇن» دېيىشىپ قوللىشىدۇ. بۇ توپراقنى گۇۋاھ قىلىپ قەسەم ئىچتۇق، ھەر ئىككى تەرەپ سودىدىن يېنىۋالمايمىز، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۇنى ئۇلۇغلاش ئادىتى: خەلق ئىچىدە «سۇغا تۈكۈرۈش گۇناھ»، «سۇغا تەرەت قىلىش گۇناھ»، «ئېرىق - ئۆستەڭدە كىر يۇيۇش گۇناھ بولىدۇ» دېگەندەك نۇرغۇن پەرھىزلەر بار. تارىختا سۇغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «كۆل»، «دەريا»، «بۇلاق»، «ئېقىن»، «داشمان» دېگەندەك سۆزلەرنى ئادەملەرگە ئىسىم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن، قادىر كۆل ئېركىن»، «كۆل بىلگە» دېگەندەك)، لەقەم قىلىپ قويۇش (مەسىلەن، ناسىر بۇلاق، ئالىم ئېقىن، ساۋۇت داشمان دېگەندەك)، يەر نامى قىلىپ قوللىنىش (مەسىلەن، لايسۇ، ئاقسۇ، ئىككىسۇ دېگەندەك) ئادەتلىرى كەڭ ئومۇملاشقان.

ناننى ئۇلۇغلاش ئادىتى: خەلق ئىچىدە نان ئەڭ مۇقەددەس سانىلىدۇ. ئاش - ناننى ئىسراپ قىلىش كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاش - ناننىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن ھەزەر قىلىدۇ. چېچىلىپ كەتكەن ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەۋالىدۇ. پېشكەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ يامان چۈش كۆرگەن، قاپىقى تارتىپ قالغان چاغلاردا نان سەدىقە قىلىنىدۇ. بىرەر ئىشتا ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشتا «يالغان ئېيتقان بولسام نان ئۇرسۇن» دەپ قەسەم قىلىنىدۇ، ۋاپاسىز ئادەملەر «نانكور» دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتى: خەلق ئىچىدە تۇزغا دەسسەش گۇناھ بولىدۇ، دەيدىغان ئەقىدە بار. شۇڭا تاشتۇزنىڭ ئېشىپ قالغان لاي-داشقاللىرىنى يولغا ياكى ئادەملەر ماڭىدىغان يەرلەرگە تۆكۈشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىنىدۇ. تۇزغا دەسسەپ قەسەم قىلىش، ۋاپاسىز، نائىنساپ كىشىلەرنى «بەرگەن تۇزۇمغا رازى ئەمەس»، «تۇز ئۇرسۇن» دەپ قارغاش، «تۇزكور» دەپ تىللاش ئادەتلىرى بار.

دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتى: خەلق ئىچىدە ئۇزۇن زامان

چىققاندا سىرتقا چىققان ئادەم دېۋىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايمىش.

قار ھەققىدىكى ئەپسانە: بۇرۇنقى زاماندا قار ياغماستىن يىلدا بىر قېتىم ئاپئاق ئۇن ياغىدىكەن. كىشىلەر ئۇننى سۇپۇرۇۋېلىپ بىر يىللىق ئوزۇق قىلىدىكەن. بىر يىلى بىر بالىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قاپتۇ. تۇن كېچىدە ئانىسى ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ توسۇپتۇ. ئاندىن يەردىن تۇپراق ئېلىپ بالىنىڭ سوڭىنى سۈرتۈپتۇ. ئەسلىدە شۇ كېچىسى ئۇن ياغقانىكەن. ئانىنىڭ تۇپراق ئالدىم، دەپ ئالغىنى بىر چاڭگال ئۇن ئىكەن. ئانىنىڭ مۇشۇ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۇن ئورنىغا قار ياغىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بۇ ئەپسانىلەرنىڭ نۇرغۇن ۋارىيانتلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ ئاساسىي مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بەزى ۋارىيانتلىرىدا بۇ ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبى شامان دىنى ياكى ئىسلام دىنىغا باغلىنىپ، قويۇق دىنىي تۈس ۋە دىنىي ھېسسىيات ئىپادە قىلىنىدۇ، لېكىن بىز بۇ ئەپسانىلەرگە كېيىن قوشۇلغان تەركىبلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، ئۇلاردا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان ساپ، ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىن ۋە دىنىي ئېتىقاد بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى يىراق قەدىمكى زامانلاردا بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىمىز قىيىن ئەمەس. دېمەك، بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامان ئېغىز ئەدەبىياتىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

## يەر - ئاسمان، نان - تۇز ۋە سۇغا دائىر ئەپسانە ۋە ئادەتلەر

تۆتىنچى ئاسمان ئەپسانىسى: ئالەم يەتتە قات يەر، يەتتە قات ئاسمانغا بۆلۈنىدىكەن. بىرىنچى قات يەر ئۈستىدە ياشايدىغانلار پوتىنى (بەلۋاغ) تىزىدىن، ئىككىنچى قات ئاسمان خەلقى يوتىسىدىن باغلايمىش. يەتتىنچى قات ئاسمان خەلقى گېلىدىن، ئالتىنچى قات ئاسمان خەلقى قولتۇقىدىن باغلايمىش ...، بىز تۆتىنچى قات ئاسماندا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن پوتىنى بېلىمىزدىن باغلايمىشمىز ...

تۇپراقنى ئۇلۇغلاش ئادىتى: خەلق ئىچىدە ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ياكى بىرەر نەرسە سېتىش ئۈچۈن بازارغا كەلگەنلەر ھەر كۈنلۈك تۇنجى سودىسىدا پۇتۇشكەندىن كېيىن، سېتىۋالغۇچى تەرەپ مال

مەدەت تىلىگەندە كېسەللىكتىن شىپا تېپىپ ئۈزاقراق ياشىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان سىرلىق چۆشەنچىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىدىكى ئەپسانە ۋە ئادەتلەر ھەر خىل دىنلار بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئىپتىدائىي تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى چۈشەنچىلىرىنىڭ خەلق فولكلورى سۈپىتىدە ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇرى بولۇپ، بۇ خىل چۈشەنچە ـ ئېتىقادلار قەدىمكى زامان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مەنىۋىيىتىدىن قالغان ئىزنالار ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە دىنىي ئېتىقادنىڭ كۆپ خىللىشىشى ئارقىسىدا بۇنداق ئەپسانە ۋە ئادەت قاراشلىرىغىمۇ ھەر خىل دىنلارنىڭ تامغىسى بېسىلىپ، كۆپ خىل ۋارىيانتلىرى بارلىققا كەلگەن.

## 3) خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى خوتەنگە دائىر ئەپسانە ـ ئۇچۇرلار

خەنزۇ يېزىقىدىكى قەدىمكى كىتابلاردا خوتەننىڭ قەدىمكى ئەھۋالىغا دائىر كۆپلىگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەننىڭ تارىختىن بۇرۇنقى ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنداق بىر قانچە ئەپسانە بار①:

ۋاڭ مىڭنىڭ غەربكە بېرىپ ھۇماي خان ئانىغا② ئىلتىجا قىلىشى: «تاغ ـ دەريالار قىسسىسى» دېگەن كىتابتا، دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە «ئېرەكتىلەر دۆلىتى» بار دېيىلگەن. «قۇمۇش پۈتۈك يىلنامە» دېگەن كىتابتا مۇشۇ ئېرەكتىلەر دۆلىتىنىڭ قانداق قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇلەركى، شاڭ سۇلالىسىنىڭ يىندى پادشاھىنىڭ تەيرۇڭ يىللىرىدا غەربىي روڭلارنىڭ ئەلچىلىرى شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادشاھى بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. يىندى پادشاھ ئۇلاردىن سىرلىق قۇرۇم تاغلىرىدا شىپايى ئەبەد (ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى) بارلىقىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىندى پادشاھ مەڭگۈ ياشاش ئىستىكىدە ئوردا ئەمرى ۋاڭ مىڭنى ئەلچى قىلىپ، قۇرۇم تاغلىرىدىكى ھۇماي خان ئانا ھوزۇرىغا بېرىپ قۇتلۇق گىياھ دورىسى، ئۆمۈر شىپا مېۋىسى قاتارلىق شىپايى ئەبەد دورىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋاڭ مىڭ تورلۇك ـ تۇمەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداپ سەپەر قىلىپ،

ئۆسكەن قەدىمىي، چوڭ دەرەخلەرنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇلاردا مەلۇم خاسىيەت بار، دەپ تونۇش ئادىتى بار. شۇڭا بۇنداق دەرەخلەردىن كىشىلەر ئەيمىنىدۇ. بۇنداق دەرەخلەرنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزىچە قۇرۇپ قالغان شاخ - پۇتاقلىرىنى كېسىپ قالاشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. ھەتتا بەزى دەرەخلەرنى قۇلاق ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى قاتارلىق بەش ئەزا كېسەللىكلىرىگە شىپا بېرىدۇ دەپ قاراپ، ئالايىتەن شۇ دەرەخلەر تۈۋىگە بېرىپ شىپالىق تىلەيدۇ. بۇنداق دەرەخلەر «قۇلاق تېرىكى»، «كۆز توغراق» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

مېتال، تاشلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى: ئالتۇن، كۈمۈش خەلق ئىچىدە «ئېرىغ مال» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مېتاللارنى يېنىدا ساقلىسا قەست كار قىلمايدۇ، ئۇلاردىن چىش سالدۇرسا (قاپلاتسا) زەھەر تەسىر قىلمايدۇ، مىس قازان، چەينەكلەرنى ئىشلىتىش سالامەتلىككە پايدىلىق، پىچاقنى ياستۇق ئاستىغا قويۇپ ئۇخلىسا يامان چۈشتىن، قارا بېسىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، قاشتېشى سالامەتلىككە پايدىلىق، قاشتېشى تۇمار سالسا يامان كۆز تېگىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى تۆتىنچى ئاسمان ئەپسانىسى بىر جەھەتتىن، ئەجداتلىرىمىزنىڭ يەر - ئاسماننىڭ پايانى توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنچە بۇ ئاساستا يەنە «يەتتە ئىقلىم 18 مىڭ ئالەم» چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان. بۇنىڭ مەنىسى، كائىنات يەتتە قەۋەت يەر - ئاسمانغا بۆلۈنگەن، بىز تۇرۇۋاتقان تۆتىنچى قەۋەت يەر - ئاسمان يەتتە ئىقلىمغا بۆلۈنگەن، كائىناتتا مۇشۇنداق ئالەمدىن 18 مىڭى بار دېگەنلىك بولىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن، پوتىنى تۆتىنچى ئاسمان كىشىلىرىنىڭ ماكان تەۋەلىك بەلگىسى دەپ ھېسابلاش بولسا، پوتا باغلاشنىڭ ئىنتايىن قەدىمىي ئادەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۇپراق، سۇ، نان، تۇز، مېتال، تاشلارنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرى بولسا، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە بۇلارنىڭ ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى، بۇلارسىز ھاياتلىقنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسىدۇر. قەدىمىي دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش بولسا، بۇنداق قەدىمىي، چوڭ دەرەخلەرنىڭ ئادەملەردىن نەچچە ھەسسىلەپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىدە قانداقتۇر بىر سىر بار، ئۇلاردىن

بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ قاشتېشى شۇ چاغدىن هازىرغىچە قىزىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، تۇگەپ قالماسلىقى دەل تاشپاقا بىلەن يىلاننىڭ قاشتېشى تاشلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن بولغانمىش ...

جۇ مۇۋاڭ هەزرەتلىرىنىڭ غەربنى سەيلە قىلىپ قورۇمدا هۇماي خان ئانا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، «قۇمۇش پۈتۈك يىلنامە» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، جۇمۇۋاڭ هەزرەتلىرى ئالتە ئۇستازىنى ئەگەشتۇرۇپ، سەككىز ئاتلىق هارۋا بىلەن غەربكە سەپەر قىلىپ، قورۇمغا كېلىپ هۇماي خان ئانا بىــــلەن كۆرۈشۈپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جۇمۇۋاڭ هەزرەتلىرى هۇماي خان ئانىـغا يۈز توپ كىمخاپ، يىپەك رەخت، يۈز جىڭ مىس ۋە تاشتىن ياسالغان قاچا-قۇچا تەقدىم قىپتۇ. هۇماي خان ئانا هەشقاللا ئېيتىپ قوبۇل قىپتۇ. هەمدە ئۆزىنىڭ قاشتېشى قەسىرىدە قورۇمنىڭ خاسىيەتلىك نازۇ - نېمەتلىرىدىن زىياپەت تەييارلاپ، جۇمۇۋاڭ هەزرەتلىرىگە تەشەككۇر ئېيتىپتۇ. شۇ چاغدا قاشتېشى قەسىر ئۈستىدە رەڭگارەڭ هەسەن - هۈسەن پارلاپتۇ. نەغمە - ناۋا ياڭراپ، قىز - يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. شۇچاغدا هۇماي خان ئانا: «ئاق بۇلۇت ئويناپدۇ كۆكتە قېيغىتىپ، تاغ - ئېدىرلار بەسلىشەر بوي تالىشىپ. ئارىمىزدا يول ئۇزاق - بەكمۇ ئۇزاق، تۇرىدۇ تاغۇ - بوستانلارنى چېتىپ. كۆپ ئۆمۈر ئوغلانغا بولسا گەر نېسىپ، قايىـتا كەلـگەيمۇ بۇياقـقا يـاد ئېتىپ؟» دەپ نەزمە ئوقۇپتۇ. جۇمۇۋاڭ هەزرەتلـىرى: «ئەمدى قايتاي تۇپرىقىم مەشرىق تامان، ئۈمىدىمكى ئەلنى قىلسام تىنچ - ئامان، گۈللىسە باي - گادايۇ هەممە تەڭ، ئەسلىگەيمەن ئۆزلىرىنى دەممۇدەم. ئۆتكۈزۈپ ئۈچ ئايازۇ - يازنى مەن، سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىپ قايتا كەلگەيمەن بۇيان» دەپ مۇشائىرە بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ.

جۇمۇۋاڭ قايتىپ كېتىــپ ئۇزۇن ئۆتمەي، هۇماي خان ئانا قورۇمدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ جۇمۇۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. جۇمۇۋاڭ ئۆز ئاستانىسىدە هۇماي خان ئانىنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋاپتۇ.

دېڭىزنى تېشىپ مۇنبەت زېمىنغا ئايلاندۇرۇش: «ئۇدۇن دىنى ئەهكاملار تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇنداق بىر ئەپسانە بايان قىلىنغان: ناهايىتى ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئالدىدا ئۇدۇننىڭ ئورنى دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان، قىرغاقچا كۆز يەتكۈسىز پايانسىز دېڭىز ئىكەن. بۇ چاغدا ساكيامۇنى هەزرەتلىرى شىمال تەڭرىسى پىروشىما بىلەن راهىب سارىزاغا: «هازىرقى بۇ دېڭىزنىڭ ئورنى كېيىنكى بۇددىنىڭ دۇنياسى بولىدۇ، ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىدىغان ماكانغا ئايلىنىدۇ،

غىلاڭ دەرياسى (ھازىرقى خوتەن دەرياسى) بويىغا كەلگەندە ئۇزۇق-تۈلۈكى تۈگەپ كېتىپ، دەريانى بويلاپ قۇرۇم تېغىغا چىقىشقا ئامالسىز قاپتۇ-دە، مۇشۇ دەريا بويىدا تۇرۇپ قاپتۇ. ياۋا مېۋىلەرنى ئوزۇق، شاخ - شۇمبا، قوۋزاقلارنى يېپىنچا - سېلىنچا قىلىپ جان ساقلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. لېكىن ئۇ يىندى پادىشاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۇنتۇماپتۇ. ھەر كۈنى تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىپ، ھۇماي خان ئانىدىن پاناھلىق تىلەپتۇ. كۈتكىنىگە يارىشا، تەڭرىنىڭ رەھمى كېلىپ، ئىلاھىي ئانا خەۋەر تېپىپتۇ. ۋاڭ مىلىڭ قېرىپ ئۆلەر ۋاقتىدا تۇساتتىن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئىككى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇپتۇ، باللار چوڭىيىپ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن كۆپىيىپ ئاۋۇپ دۆلەت قۇرۇپتۇ، بۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى تاج كىيىپ، شەمشەر ئاسىدىغان بولۇپتۇ، بۇ دۆلەت «ئېرەكتىلەر دۆلىتى» دەپ ئاتىلىپتۇ. ھۇماي خان ئانا بۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىغا «شىپايى ئەبەد ھايات» دېيىلىدىغان مەڭگۈ ھايات دورىسى ئاتا قىپتۇ.

تاشپاقا بىلەن يىلاننىڭ قاشتېشى تەقدىم قىلىشى: رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھۇماي خان ئانىنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاستىدىكى قارا قۇرۇم تاغلىرىدا ئوردا - قەسىرلەر ئورماندەك قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، رەڭدار لېنتىدەك تارام - تارام دەريالار تاغ ئارىسىدىن ئېقىپ چىقىدىكەن. «تىك چوققىلار ئارىسىدىكى جىلغا - يامزاللار دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان، ياۋا ئارپا، ئوت - چۆپلەر چىمەنزارلىق ھاسىل قىلغان، جىگدە، ياڭاق، ئالما قاتارلىق مېۋىلەر ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن». توققۇز يەردە قۇدۇق بار ئىكەن. بۇقۇدۇقلار «قۇدۇق سۈيىنىڭ ئەۋزەللى قۇرۇم قۇدۇق سۈيىدىن ئاشماس» دەپ تەرىپلىنىدىكەن. يەنە توققۇز دەرۋازا بولۇپ، توققۇز غەلىتە ھايۋان دەرۋازىۋەنلىك قىلىدىكەن.

ھۇماي خان ئانا باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تاغ - قەسىرلەرنى بىرمۇبىر كۆزىتىپ زادىلا ئارام ئالمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، مۇقەددەس قۇرۇم تاغلىرى بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ.

تەڭرى ھۇماي خان ئانىنىڭ قۇرۇمنى ئىدارە قىلىشتىكى تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاشتېشى ھالقا تەقدىم قىپتۇ. لېكىن، ھۇماي خان ئانا بۇ شان - شەرەپتىن يالغۇز بەھرىلەنگۈسى كەلمەي، خىسلەتلىك تاشپاقا بىلەن خاسىيەتلىك يىلانغا ھېلىقى قاشتېشى ھالقىنى ئىككى دەرياغا تاشلاشقا ئەمىر قىپتۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسى

كەلگەن ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن. بىز رايونىمىزدا قەدىمدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر قىسىم چالغۇ قورالللىرى ۋە «پىر ئۇسسۇلى» دىن ئەلك ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى سەنئەت ھادىسىلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بەزى ئۇچۇرلارنى بايقىيالايمىز.

قومۇش نەي (پىپى، بالىمان دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بورغا (خوتەن دىئالېكتىدا «بورغوي» دېيىلىدۇ)، داپ، ناغرا، تاش قاتارلىقلار ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە چالغۇ قوراللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەي، تاش ۋە بورغا يەككە ماتېرىيالدىن ياسىلىدۇ، يەنى نەي بوز يەردە ئۆسكەن قومۇشنىڭ تومراق غولىنى كېسىۋېلىپ، ئۈچىنى قىرىپ نېپىزلىتىش، ئاندىن ئاۋاز تۆشۈكى ئېچىش ئارقىلىق؛ تاش، دەريا ياكى قىيالىقلاردىن نېپىز ئۇزۇنچاق بىر جۈپ ياپىلاق تاشنى خىللىۋېلىش ئارقىلىق؛ بورغا ئارقار مۈڭگۈزىنىڭ ئىنچىكە ئۇچىنى كېسىۋېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. داپ بىلەن ناغرا ئىككى خىل ماتېرىيالدىن ياسىلىدۇ، بۇلارنىڭ ياسىلىشىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس. يەنى داپ ياغاچنى چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈپ ياسالغان گەردىشكە داسلانغان تېرە يېپىش ئارقىلىق؛ ناغرا سىلىندىر شەكىللىك نوكەش ياغاچ قاسقاننىڭ بىر توغرا بېشىغا داسلانغان تېرە يېپىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە داپ ناغرا ۋە تاش سوقما سازلارغا مەنسۇپ بولۇپ، چېكىش، ئۇرۇش ئارقىلىق رىتىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىپ مۇزىكىنىڭ ئۇدار، تېمپلىرىنى ئىپادىلەش بىر قەدەر ئاسان. شۇڭا بۇ خىل چالغۇلار ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئۇستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان داڭلىق كومپوزىتور ۋەن تۇڭشۇ ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخى ئۇستىدە توختالغاندا: «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا، يەنى ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان دەۋرلەردىلا ناخشا - ئۇسسۇلغا ئىنتايىن خۇشتار مىللەت ئىدى. كۆندىلىك مال بېقىش، قەبىلە يىغىلىشى، ئۆرپ - ئادەت مۇراسىملىرى، شۇنداقلا شامان باخشىلىرىنىڭ ئويۇنلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەردە قومۇش نەي، بورغا، داپ، ناغرا قاتارلىقلار دائىم ئىشلىتىلىدىغان چالغۇلار ھېسابلىناتتى، ... مارالبېشىنىڭ توققۇز ساراي دېگەن يېرىدىكى خارابىلەردىن سۆڭەك نەي پارچىسى قېزىۋېلىندى. بۇ مىلادىيە V ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا قەشقەر رايونىدا ياغاچ نەي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۆڭەكتىن ياسالغان نەيلەر ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» [①] دەپ كۆرسەتكەنىدى. ياغاچ نەي ۋە سۆڭەك

ھازىر ئىلۇپەر ئۆسكەن جايلارنىڭ ئورنىدا كېيىن كۆپلىگەن بۇدخانىلار قەد كۆتۈرىدۇ، ئۇرغۇن بۇدساتىۋالار بارلىققا كېلىدۇ. سىلەر بېرىپ دېڭىزنى قۇرۇتۇپ، ئۇنى كەلگۈسىدە ئىنسانلار ماكانلىشىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇڭلار» دەپتۇ.

شىمال تەڭرىسى بىلەن سارىزا قۇرۇم تاغلىرىغا كېلىپ، قەلەي ھالقىلىق خاسىيەتلىك ھاسىسى ۋە نەيزە ئۇچىنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتتىق سانچىپ ئاخىرى دېڭىزنى تېشىۋېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، دېڭىز سۈيى ئېقىپ تۈگەپ، ئۇدۇندىن ئىبارەت قەدىمىي زېمىن بارلىققا كېلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراق ماكانىغا ئايلىنىپتۇ ...

يۇقىرىقى ئەپسانىلەردىكى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان، سىرلىق تۈس بېرىلگەن تاش پوستىغا دائىر مەزمۇنلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغىنىمىزدا، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ يەنىلا ئەينى زاماندىكى خوتەننىڭ ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈل - چىمەنلەر بىلەن قاپلانغان تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ھۇماي خان ئانا دەۋرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرى ئىكەنلىكى، كېيىن ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بەلگىسى بولغان «ئاتىلار دۆلىتى» قۇرۇلغانلىقىدەك جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، مېھمان كەلگەندە داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، قىزغىن كۈتۈۋالىدىغانلىقى، مۇشائىرە قىلىدىغانلىقى قاتارلىق ئىپتىدائىي مەدەنىيەت - سەنئىتى، تاغلىرىدىن شىپالىق دورىلار چىقىدىغان تېبابىتى، ئادەملىرىنىڭ جاپاغا چىدامىلىق، ئىشچان - تىرىشچان ئىكەنلىكىدەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

## 4) مۇزىكا قوراللىرىدىكى ئۇچۇرلار

سەنئەت — مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماي، بەلكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى، مىللىي ئېستېتىك پسىخولوگىيىسىنى ئەڭ يارقىن، ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىدىغان قىسىمدۇر. ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى قاتلىمىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىب بولغان سەنئەت، ئىنسان ئەمگىكى بىلەن تەڭلا دېگۈدەك پەيدا بولغان. سەنئەت ئەڭ دەسلەپتە مەلۇم شەكىللەردىكى بەدەن ھەرىكىتى ۋە مەلۇم رىتىمغا ئىگە بولغان تاۋۇشلاردىن تەركىب تاپقان بولسا، كېيىنچە تۈمەنلىگەن يىللار داۋامىدا ئۇنىڭ ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكا سىستېمىلىرى بارلىققا

تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. روھ - ئىلاھلار بەخت - سائادەت كەلتۈرىدۇ. جىن - ئالۋاستىلار بالايىئاپەت ياغدۇرىدۇ. جەمەتلەرنىڭ شامان ئىلاھلىرى ئۆز جەمەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆز جەمەتىگە ئىلاھنىڭ ۋەكىلى ۋە سىماسى بولغان شامانلارنى ئاپىرىدە قىلىدۇ ۋە بۇنداق شامانلارغا ئالاھىدە سېھىرىي روھ ئاتا قىلىدۇ. بۇنداق شامانلار ئۆز جەمەتىنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ①

شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېتىقاد ئوبيېكتىنىڭ كۆپ خىللىقى، ئىستىخىيىلىك، سىستېمىسىز خاراكتېر ئالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شامان دىنى قەدىمكى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي جەرياندا نۇرغۇن قېتىملىق ئېتىقاد ئالمىشىشى بولغان تۇرۇقلۇق، شامان دىنىغا خاس بەزى ھادىسىلەرنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 6) ئىپتىدائىي تېبابەتكە دائىر ئۇچۇرلار

كېسەللىك ۋە تاشقى زەخىملىنىشلەر ئەزەلدىن ئىنسانلار ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ كەلگەن ئاساسلىق كۈشەندىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ «ئاغرىققا سەۋەب، ئۆلۈمگە ئامال» قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىلا بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرلىرىدە بەزى ئۇت - چۆپ، مېۋە، ئۇرۇق ۋە مەدەنلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە شىپالىق رولىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە پەيدىنپەي ئىپتىدائىي تېبابەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئەپسۇسكى، بۇ جەھەتتىكى بىۋاسىتە مەلۇماتلار بايقالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شۇنداقتىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى تېببىي ئەسەرلىرى ۋە چەت ئەللەردىكى بەزى كلاسسىك تېببىي ئەسەرلەردىن بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمىي كلاسسىك تېببىي ئەسىرى بولغان «خۇاڭدى نېيجىڭ شۇۋېن» دېگەن كىتابتا، غەربىي زېمىنىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، كېسەللىك ۋە دورىلار ھەققىدە بايان قىلىنىپ: «غەرب ئالتۇن، قاشتېشى ماكانى، ئۇ يەرلەر قۇم - تاشلىق بولۇپ، دائىرىسى

نەي ياساشقا قارىغاندا ياساش تېخىمۇ ئاسان بولغان قومۇش نەي ۋە چالغۇ تاشنى ئىشلىتىش بۇنىڭدىن نۇرغۇن زامانلار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

شامان دىنى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزدىكى ئايرىم جايلاردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن «پىر ئويسۇلى» دا شامان باخشىلىرى چوقۇم ھازىرلىشى شەرت بولغان دۇمباق (داپ) نىڭ بىردىنبىر مۇزىكا تەڭكەش قىلىش ۋاستىسى قىلىنىدىغانلىقى داپنىڭ ناھايىتى ئىپتىدائىي چالغۇ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 5) ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادقا دائىر ئۇچۇرلار

شامان دىنى — ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىر خىل ئاخىرقى شەكلى، مانجۇ - تۇڭگۇس قەبىلىلىرىنىڭ باخشىلىرى «شامان» دەپ ئاتالغانلىقتىن، بۇ دىنمۇ شامان دىنى دەپ ئاتالغان. شامان دىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن.

«شامان» دېگەن سۆز مانجۇ - تۇڭگۇس تىللىرىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئەسلىي مەنىسى «خۇشاللىقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەم» دېگەن سۆز بولۇپ، كېيىن شامان دىنىدىكى پىر - ئۇستازلارنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان. لېكىن، ھەر قايسى مىللەتلەردە بۇ سۆز پەرقلىق ھالدا ئۆزلەشكەن. داغۇر تىلىدا «يادىغان» دەپ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا «قامان دىنى»، «قامان» دەپ ئاتالغان، خوتەندە «باخشى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن بولۇپ، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ئارا ئورتاق بولغان كلاسسىك دىنىي دەستۇر كىتابى يوق، ئىلاھ - ئەرۋاھلار نامى يوق (يېقىن قانداش قەبىلىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، بىر تۇتاش تەشكىلى يوق. لېكىن، ئومۇمەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: تۇرلۇك-تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدە روھ بولىدۇ ۋە روھ ئۆلمەيدۇ. ئالەم يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەندىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنىدۇ. يۇقىرى ئالەم ئاسماندا بولۇپ، ئۇ روھ - ئىلاھلارنىڭ دەرگاھىدۇر، ئوتتۇرا ئالەم يەر يۈزى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ماكانىدۇر، تۆۋەن ئالەم باقىدا (يەر ئاستىدا) بولۇپ، ئۇ جىن - ئالۋاستىلار ۋە ئەجدادلار روھىنىڭ ماكانىدۇر. ئالەمدىكى جىمىكى شەيئىلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت - تەلەي ۋە بالايىئاپەت تەقدىرى ئىلاھلار ۋە جىن - ئالۋاستىلار

مەشھۇر يۇنان ئالىمى. غازنىباينىڭ ئەپلاتون بىلەن دەۋرداش ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا «غازنىباينىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» دېگەن كىتابىنىڭ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 350 - يىللاردىن بۇرۇن يېزىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ①.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي تىبابەتچىلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپلا قالماي، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى ۋە غەرب ئەللىرى بىلەن تىببىي مۇناسىۋەت ۋە تىببىي ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

# خوتەننىڭ تارىختىن كېيىنكى مەدەنىيىتى

خوتەننىڭ تارىختىن كېيىنكى مەدەنىيىتى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتەننىڭ بۇ مەزگىلدىكى مەدەنىيەت تارىخىنى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن، بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى دەۋر، بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرى ۋە ئىسلامىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن، بۇ يەردە ئالدىنقى ئىككى دەۋر مەدەنىيىتى بايان قىلىنىدۇ.

## 1. بۇددىزمدىن ئىلگىرىكى دەۋر مەدەنىيىتى

بۇ دەۋر غەربىي يۇرتنىڭ يازما تارىخى باشلانغان مىلادىيەدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 - يىلىغا قەدەر بولغان ئىككى يۈز يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ دەۋردە خوتەن تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئىككى چوڭ ئىش مەيدانغا كەلدى:

### 1) ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا شەرقتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن رىم ۋە يۇنانلارغىچە

كەلگ، شامال كۆپ، زېمىنى قاتتىق، خەلقلىرى تاغلارغا ئولتۇراق-لاشقان بولۇپ، يۇلگ رەختلەردىن كىيىم كىيىدۇ. مايلىق، قوۋۇەتلىك تاماقلارنى يەيدۇ. شۇڭا تاشقى ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ تېنىنى زەرەرلەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كېسەللى ئىچكى جەھەتتىن پەيدا بولىدۇ. داۋالاشتا زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. شۇڭا، زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك دورىلار غەربىي زېمىندىن كېلىدۇ» دەپ يېزىلغان. چىن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە هۆكۈم سۈرگەن) دىن ئىلگىرى يېزىلغان «شەنخەيجىڭ» (تاغ - دەريالار ھەققىدە قىسسە)، «مۇ تيەنزى جۇەن» (مۇ ھەزرەت تەزكىرىسى) دېگەن كىتابلاردا، غەربىي زېمىنىنىڭ خۇشبۇي شارابى، زاراڭزا چېچىكى، نىلۇپەر، قاشتېشى، چىلىنى قاتارلىق دورىلار خاتىرىلىنىپ، ئالاھىدە تەرىپلەنگەن ①. بۇ كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا گەرچە كونكرېت جاي نامى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ھەر ئىككىلا تېكىستتە قاشتېشى تىلغا ئېلىنغان.

«مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېۋىپ غازىباي «غازىباينىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق مەشھۇر كىتابنى يازغانلىقى مەلۇم. بۇ مەلۇمات ھىندىستان يازما مەنبەلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، مىلادىيە 1200 - يىللىرى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەرقايسى ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردە مۇنداق مەزمۇنلار قەيت قىلىنغان: تېرىم (تارىم) يايلىقىدىكى غازىباي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى يەكۈنلەپ، 312 ماددىلىق دورا قامۇسى يازغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنانلىق ئالىم ئەپلاتۇن ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ھەمدە غازىباينىڭ بۇ ئەسىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسا، غازىباي ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەم بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئەپلاتۇننىڭ شاگىرتلىرى ئالتە ئايدا خوتەنگە كېلىپ غازىباي بىلەن كۆرۈشكەن. غازىباي ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ 40 ياشلىق ئوغلى بارىينى كەلگەنلەرگە قوشۇپ ئەپلاتۇننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئەپلاتۇن بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ يۈكسەك باھا بەرگەن ۋە ئامراق قىزى ئەنفىيالوسنى بارىيغا نىكاھلاپ بەرگەن. كېيىن بارىي خوتۇنى بىلەن خوتەنگە قايتقاندا ئەپلاتۇن نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەرنى بىللە قوشۇپ ئەۋەتكەن ...

ئەپلاتۇن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 427 ~ 347 - يىللاردا ياشىغان

ئاۋاتلىشىشقا باشلىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرلەرگە كەلگەندە بوستانلىق يىپەك يولى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق يولغا ئايلاندى. شەرقتىن باشلانغان بۇ يول خوتەنگە كەلگەندە ئىككى تارماققا ئايرىلىپ، بىر تارمىقى گۇمىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئارقىلىق كەشمىرگە، يەنە بىر تارمىقى گۇما، يەكەن، قەشقەر ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ توخرىلار ئېلىگە كېتەتتى. بۇ ھال يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىلا ئەمەس، سىياسىي، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ تېزلەتتى. مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا «ئۇدۇن خانلىقى» بارلىققا كەلدى.

ياپونىيىلىك مەشھۇر غەربىي رايون تەتقىقاتچىسى يۈشى لياۋتى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ داڭلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىنىڭ دەلىللىشىچە، «ئۇدۇن خانلىقى ئايۈۋاڭ دەۋرىدە (ئايۈۋاڭ — قەدىمكى ھىندىستان پادىشاھى ئاسوكانىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى. ئاسوكا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 273 — 232 - يىللار ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن)، يەنى تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 242- يىللار ئەتراپىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ۋاقىت ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ» [*]. روشەنكى، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى خوتەن تارىخىدىكى بىر چوڭ ۋەقە بولۇپ، ئۇ خوتەننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

دۆلىتىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ھۆكۈمران جەمەتىنىڭ شەجەرىسى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىكى بىر قانچە مۇھىم قاراشلارنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز:

«ئومۇمەن خوتەن ساكلىرى خوتەن بوستانلىقىدا تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن تاكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە مىڭ نەچچە يۈز يىل دەۋر سۈرگەن ھەمدە 56 ئەۋلاد خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 〈ۋىسا خانىدانلىقى〉نى بەرپا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ئەڭ ئاۋات مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان» [*].

ئەنگلىيە ئالىمى، پروفېسسور، خ. ۋ. بايلېينىڭ «خوتەن تېكىستلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىشىچە، «بىز شۇنى جەزملەشتۈرىمىزكى، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن بۇرۇن

سوزۇلغان «قاشتېشى يولى» بارلىققا كەلگەنىدى. كېيىنچە بۇ دۇنياۋى سودا يولىدا يىپەك سودىسى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى ۋە بۇ يول يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرى تەرىپىدىن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالدى. بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر قىسمى خوتەن تەۋەسىدىن ئۆتەتتى. يىپەك يولىدا شەرقتىن غەربكە ۋە غەربتىن شەرققە توختىماي قاتناپ تۇرغان رەۋەندە كارۋانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ھەر قايسى دەريا - ئېقىن بويلىرىدىكى بوستانلىق ۋە ئاھالە نۇقتىلىرىدا ئېلىم - سېتىم قىلىنىدىغان بازارنىڭ بولۇشىنى، كارۋانلارنى ئاش - تاماق، ياتاق - ساراي، ئېغىل - ئاختىخانا، يەم - بوغۇز مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئاشپۇزۇل، سارايۋەنچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، چۈشكۈن قىلغان ياكى سەپەر قىلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئېتىدىغان ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرى يىپەك يولى لىنىيىسىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا ھەر خىل، ھەرقىسما ماللارنى، تۈرلۈك ئۈچۈرلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە، بۇنداق ئېسىل ماللارغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپلەپ ئاقچا ياكى ئالماشتۇرۇلغۇچى تاۋار بولۇشىنى بىر رېئال مەسىلىگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ ئامىللار قەدىمكى خوتەننىڭ ھەر قايسى بوستانلىقلىرىدا ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ، بولۇپمۇ قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا، بوستانلىقلارنىڭ مەركىزىي قىسىملىرىدا ئاھالە زىچ جايلاشقان ئاھالە نۇقتىلىرى، بازارلار ۋە شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

تارىم ۋادىسىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى ئەھۋالى توغرىسىدا تارىخشۇناس، تىلشۇناس ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «تارىخىي يازما مەنبەلەرگە ئاساسەن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى X ئەسىرلەردە بىرقانچە شەھەر دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن»①.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ، VI ئەسىردە يايلاق يىپەك يولى تازا گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەنىدى. كېيىن ھونلارنىڭ تەدرىجىي كۆچۈشى ۋە سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا يايلاق يىپەك يولىنىڭ بىخەتەرلىكى ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقتىن، يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى

يارامىلىق ئاتلىرىغا ئىگە بولۇش، ئۆزىنىڭ يىپەك قاتارلىق تاۋارلىرىغا كەڭ بازار ئېچىش ئۈچۈن غەربىي دىياردىكى خانلىقلار ۋە قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، هونلارغا ئورتاق قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى.

بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي خەن سۇلالىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلىدىن باشلاپ جاڭ چيەننى ئۇدا ئۈچ قېتىم غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. جاڭ چيەن غەربىي رايونغا قىلغان 1 - قېتىملىق سەپىرىدە هونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئون يىل تۇردى، كېيىن قېچىپ كەتتى ۋە غەربىي رايونغا دائىر مول ماتېرىياللارنى توپلاپ قايتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 122 - يىلى ئىككىنچى قېتىملىق ئەلچىلىك سەپىرىگە چىققان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى غەربىي رايونغا ئۈچىنچى قېتىم ئەلچىلىككە كەلگەن جاڭ چيەن ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرىنى غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى خانلىق، بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا جاڭ چيەن ئەۋەتكەن ياردەمچى ئەلچىلەر ئۇدۇن، ئۇزۇنتات (خەنزۇچە 扞弥، ترانسكرىپسىيىسى Gyu—mo، ئىلگىرى بەزى ماتېرىياللاردا «ئۇزۇنتات»، بەزىدە «يۈمى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان) خانلىقلىرىغا كېلىپ، خوتەن بىلەن خەن سۇلالىسى مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچتى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلى خەن سۇلالىسى سانغۇنى لى گۇاڭلىنى قوشۇن باشلاپ پەرغانىگە هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن جەنۇب، شىمال ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭغان بولۇپ، جەنۇبىي يولدىكى قوشۇن ئۇزۇنتات خانلىقى ۋە ئۇدۇن خانلىقىدىن ئۆتكەن. لى گۇاڭلىنىڭ جەنۇبىي يول قوشۇنى ئۇزۇنتات خانلىقىدىن ئۆتكەندە ئۇزۇنتات خانلىقى شاهزادىسى رازانىنىڭ كۇسەن خانلىقى تەرىپىدىن گۆرۈگە ئېلىنۋېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كۇسەن خانىنى ئەيىبلىگەن ۋە شاهزادە رازانىنى قۇتۇلدۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇدۇن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشقان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. ئورنى ئورى شەھىرىدە (هازىرقى بۇگۇر ناهىيىسى تەۋەسىدە) بولۇپ، جىڭ جى دېگەن ئادەم تۇنجى قورۇقچىبەگ بولدى. غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ

بىر ساك قەبىلىسى خوتەنگە، يەنە بىرى گۇمشۇققا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپىغا ئايلانغان» ، «خوتەن خانلىرىنىڭ فامىلىسى ۋىسا (Visa) بولۇپ، Vi نىڭ سۆيەت شەكلى. بۇ نام ھەر خىل يەرلىك ھۆججەتلەردە Visa ، Vasa ، Vijita ، Vijatta دېگەن شەكىللەردە؛ قارۇشتىچە يازمىلاردا Vijida ؛ تىبەتچە مەنبەلەردە Bi — dza — ya ، Biza ، Bzah ، Biyza ؛ خەنزۇچىدا 尉迟 دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىندىچە ئىككى سۆز Vijita ۋە Vijaya (غەلىبە) غا بېرىپ تۇتىشىدۇ[⑨]» .

نورۋېگىيە ئالىمى كونوۋ ئۇدۇن خانلىرىنىڭ نەسەب جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭدا ئۇدۇن خانلىرىنىڭ رەت تەرتىپى، خان نامى، لاتىنچە يېزىلىشى، مەنىسى، شەجەرىسى، قىلغان چوڭ ئىشلىرى كۆرستىلگەن. ئارخېئولوگ لى يىنپىڭ بۇ جەدۋەلگە «خەنزۇچە ماتېرىياللار بىلەن ماسلىششىش ئەھۋالى، دېگەن بىر مەزمۇننى قوشۇپ، «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن» دېگەن كىتابقا كىرگۈزگەن[⑩] .

## 2) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشاپ كەلگەن ھونلار بارغانسېرى كۈچىيىپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلىغا كەلگەندە زور قۇلدارلىق دۆلىتى قۇردى ۋە ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، غەربىي رايون ۋە سىبىرىيىدىكى نۇرغۇن كىچىك خانلىق ۋە قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قاراتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چىن شىېڭ، ۋۇ گۇاڭلار باشچىلىقىدا چىن سۇلالىسىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى بولۇۋاتاتتى. گەرچە چىن شىېڭ، ۋۇ گۇاڭلار ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ليۇ باڭ قوزغىلاڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى چىن سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنى قۇردى. يېڭىلا قۇرۇلغان خەن سۇلالىسى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ، ئىچكى قىسىمنى تىنچىتىش بىلەن بولۇپ كەتكەن بۇ پەيتتە، ھونلار ھىنگان تاغلىرىدىن ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىگىلەپلا قالماي، خەن سۇلالىسىغىمۇ ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىپ رېئال خەۋپكە ئايلانغانىدى. غەربىي خەن سۇلالىسى بىر قانچە ئون يىل تىرىشىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي رايوننىڭ

تەرەققىياتى بىر قەدەر ئىزچىل بولۇپ، بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، بىر قەدەر گۈللەنگەن بۇددىزىم دەۋرى مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى بۇددىزم مەدەنىيىتى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ دەۋردە گەرچە بۇددا دىنى تىنچ يول (ۋاستە) ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن، ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، شامان دىنى، زوروئاستىر دىنى، مانى دىنى قاتارلىق ھەر خىل دىنىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىگە يول قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنىغا ئېنىق مايىل پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ دىن خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن كەڭ تارقالدى ۋە ئۇدۇن خانلىقىنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىقى داۋامىدا ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

## 1) بۇددا دىنىنىڭ خوتەنگە تارقىلىشى

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە شىمالىي ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن. بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتۈپ 200 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 273 ~ 232 - يىللار ئارىلىقىدا بۇددا راھىبلىرى شىمالىي ھىندىستاندىن تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان. ياپونىيىلىك ئاتاقلىق يىپەك يولى تەتقىقاتچىسى يۇشى لياۋتىنىڭ «غەربىي يۇرتتا بۇددا دىنى» دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، شۇ ۋاقىتتا بۇددا راھىبلىرى ھازىرقى كەشمىرگە كېلىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە كەشمىرلىك راھىبلار ئۇدۇنغا كېلىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە يېزىپ قالدۇرۇلغان رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، پروجىنا ئىسىملىك راھىب ئۇدۇنغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن كەشمىرلىك راھىبلارنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇنغا تارقالغان كونكرېت ۋاقتى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بولسىمۇ، كۆپىنچە ئالىملار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى دەپ قارايدۇ.

بۇددا دىنى ئۇدۇنغا دەسلەپ تارقىلىپ كىرگەندە، ئۇنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان. مىلادىيە 132 - يىلىدىن كېيىن، شەرقىي خەن سۇلالىسى چىياڭلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ،

مەھكىمىسى غەربىي دىياردىكى 36 خانلىق، بەگلىكلەرنى ئۆز ئىدارىسىغا ئالدى. بۇ غەربىي يۇرتنىڭ رەسمىي ھالدا خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغانلىقى خوتەن تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل غەربىي يۇرت تارىخىدىمۇ بىر چوڭ سىياسىي ۋەقە ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋەتلىرى ئىقتىسادى، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى بولغان بولسا، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل مۇناسىۋەت سىياسىي مۇناسىۋەتكە ئۆزگەردى.

ئەينى چاغدا غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىق، بەگلىكلەردىن ھازىرقى خوتەن تەۋەسىدە يۈنجۇ (ئۈنجۇ، جىنجۇ، مارجانلىق دەپمۇ ئاتالغان. ھازىر نىيە بەگلىكى دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ) بەگلىكى، رۇڭلۇ بەگلىكى، ئۇزۇنتات بەگلىكى، چىرا بەگلىكى، ئۇدۇن بەگلىكى، گۇما بەگلىكى قاتارلىق ئالتە بەگلىك جايلاشقان بولۇپ، جەمئىي 8 مىڭ 150 تۈتۈن، 49 مىڭ 980 نوپۇس بار ئىدى. لەشكەر سانى 7 مىڭ 540 نەپەرگە يېتەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنتات بىلەن ئۇدۇن چوڭ بەگلىك سانىلاتتى. بۇ بەگلىكلەرنىڭ غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئىدارە قىلىنىشى ئۇلار ئارىسىدىكى نىزا ـ جاڭجاللارنىڭ ئازىيىپ، بىر قەدەر تىنچ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ يارىتىلىشىغا، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقى ۋە شەرق ـ غەرب ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ كۆچىيىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بۇ جايلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سىياسىي ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە، ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا قارىتا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## 2. بۇددىزم دەۋرى مەدەنىيىتى

بۇ دەۋر مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇددىزم تارقىلىپ كىرگەندىن باشلاپ، قاراخانىلار سۇلالىسى مىلادىيە 1006 ـ يىلى ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغانغا قەدەر بولغان مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە خوتەننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت

ھەربىي قوراللىرى ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ۋە غەرب ئەللىرىدە سېتىلاتتى. دېمەك، بۇ رايونلار فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ خېلى راۋاجلانغان باسقۇچىدا تۇراتتى، ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن ئانچە قېلىشمايتتى، شۇڭلاشقا قۇرىغار رايونىدىكى بۇ دۆلەتلەر خەن سۇلالىسى ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ كۆچلۈك دىققىتىنى قوزغىغانىدى» ®.

ئارخېئولوگ لى يىنپىڭ بۇ ھەقتە باشقىچە قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ: «ئومۇمەن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر قايسى ئەللەر قۇلدارلىق جەمئىيەتتىن فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇدۇننىڭ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. يەر ئاستىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە ئادەم سودىسىغا دائىر مەزمۇنلار بار. مەسىلەن، 3 - نومۇرلۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتتە، «بىر ئايالنى سېتىۋالدىم، باھاسى 40 توپ شايى بولدى» دەپ ئېنىق يېزىلغان. 437 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە، كەنئاننىڭ (بۇ يەردىكى «كەنئان» دېگەن سۆز ئەسلىي تەرجىمىدە خاتا كەتكەن بولۇشى، توغرىسى قەدىمكى خوتەن تەۋەسىدىكى «كەي شەھىرى» بولۇشى مۇمكىن) كابوجيا رايونىدىكى كومبورانىڭ ئوغلى سۇچىيىنىڭ بىر قىزنى راھىب بوداشىنا ۋە ماسىدىياغا سېتىپ بەرگەنلىكى، قىزنىڭ باھاسى 45 مول بولغانلىقى يېزىلغان. خەتتە سۇچىيى 42 مول نەرقىدىكى توگىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر قۇلنىڭ قىممىتىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۈچ مول قەرزى قالغانلىقتىن، ساتقۇچى كەنئاندىكى كاجىيا سوتىغا ئەرز قىلغان. ئۇنىڭغا مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىلغان: «كەنئان بۇ قىزنى ئاشكارا سېتىشقا ۋە ئۇنىڭ ئەركىنلىكىگە رۇخسەت قىلىدۇ، قەرز قالغان پۇلغا ئۆسۈمىنى قوشۇپ بەش مول تۆلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ماسدىيا بۇ قىزنى قانداق قىلسا بولىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىقىنى ئىگىلەيدۇ. قىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كېيىن يېنىۋالسا بىر ئېرىك مال جەرىمانە تۆلەيدۇ. بەش دەررە ئۇرۇلىدۇ ... لېكىن قۇللارنى ئۆزى خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى مەزمۇنىدىكى ھۆججەتلەر ئۇچرىمىدى ®.»

يۇقىرىقى بىرىنچى خىل قاراشتا، ئۇدۇن، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ خېلى راۋاجلانغان

غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا ئارام تاپالمىدى. بۇ چاغدا غەربتىكى توخرىلار ئېلىدە بۇددا دىنى گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەنىدى. توخرىلار بۇددا دىنىنى شەرققە كېڭەيتىشتە ئۇدۇن خانلىقىنى ئاساسىي نىشان قىلدى. نەتىجىدە، مىلادىيە II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇزۇنتات قاتارلىق ھەر قايسى خانلىقلاردا بۇددا دىنى كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشتى.

يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ دەۋردە شىمالدىكى قۇدرەتلىك ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۇدۇن خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك خانلىقلارغا كۈچلۈك رىئال خەۋپ بولۇپ تۇراتتى. ھون قاتارلىق كۈچلۈك ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ئەينى چاغدا ئۇدۇن قاتارلىق ئالتە خانلىقنىڭ بىرلىشىشىگە ئورتاق سىياسىي ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن بولسا، بۇددا دىنى ئېتىقادى بۇنداق بىرلىشىشكە ئورتاق ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بەردى. مۇشۇنداق ئورتاق سىياسىي ئېھتىياج ۋە ئورتاق ئېتىقاد ئاساسىدا، مىلادىيە II ، III ئەسىرلەردە يۇنجۇ، ئۇزۇنتات، چىرا، روخلۇ، گۇما خانلىقلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇدۇن خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتتى ياكى ئۇدۇن خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىندى. مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھازىرقى خوتەن زېمىنىغا تەۋە رايوندا بىرلىككە كەلگەن ئۇدۇن خانلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىدى. بىرلىككە كەلگەن ئۇدۇن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى ئەتراپتىكى كۈچلۈك ئەللەرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئۇنۇملۇك رول ئويناپلا قالماي، بۇ خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

**2) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈم**

**ئىجتىمائىي تۈزۈم:** خوتەننىڭ مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيىسى ۋە تۈزۈمى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار كۆپ ئەمەس. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە قاراشلىرىمۇ ھەر خىل. تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇرنىڭ كۆرسىتىشىچە، «چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە قورىغار (غەربىي رايون) دىكى نوپچان، شاھكەنت، نەندۇ، قۇم، كۇسەن، ئۇدۇن، زىخې قاتارلىق دۆلەتلەردىن تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، قوغۇشۇن، قاشتېشى قاتارلىق مەدەنلەر چىقاتتى. ئۇلارنىڭ تۆمۈردىن ياسىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە

بولغان. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان 325 - نومۇرلۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتنىڭ (قالدۇق پارچىسى) ئارقا يۈزىدىكى تۆتىنچى قۇردا مۇنداق دېيىلگەن: «50 دەررە ئۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ساقال، بۇرۇتى يۇتۇلەي چۈشۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك. شاھىدلار ...». ئۇنىڭ قانۇنى بارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى قۇلدارلىق تۈزۈم ياكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭكىگە ئوخشاش تەن جازاسىنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە ئىقتىسادىي جەھەتتىن جازالىغان. ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشى چىڭ بولغان بولۇپ، يەر ئاستىدىن چىققان خەنزۇچە ھۆججەتتە جىنايەتچىنى قوغلاپ تۇتۇش مەزمۇنىدىكى «قوغلاپ تۇتالمىدى»، قاتارلىق خەتلەر يېزىلغان[⑩]. قانۇننىڭ ئۇنۇملۇك يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن جىسمەكچى قىسىم ۋە سوت ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان.

لەشكىرىي تۈزۈم: ئۇدۇن خانلىقىنىڭ لەشكىرىي تۈزۈلمىسى ھەققىدە مۇكەممەل مەلۇماتلار كەمچىل. شۇنداقتىمۇ خانلىقنىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىغا كۈچلۈك لەشكىرىي قىسىم ۋە مۇكەممەل لەشكىرىي تۈزۈم ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىنغانلىقى شۈبھىسىز. «خەننامە» دە يېزىلغان خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان ۋاقىتلاردا ھازىرقى خوتەن تەۋەسىدىكى ئۇدۇن قاتارلىق ئالتە خانلىقتا جەمئىي 7 مىڭ 540 نەپەر لەشكەر بولغان. لەشكىرىي قىسىملاردا دۆلەتكە يۆلەكچىبەگ، ئوڭ قول، سول قول سانغۇن، ئوڭ قول، سول قول كاھىبەگ، ئوڭ قول، سول قول چەۋەندازلار بېگى، تىلماچ بەگ قاتارلىق لەشكىرىي ئەمەللەر تەسىس قىلىنغان. ئەلۋەتتە بۇ خانلىقلارنىڭ لەشكەر سانى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، تەسىس قىلىنغان ئەمەل تۈرىمۇ ئوخشاش بولمىغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇننىڭ «خىل لەشكىرى 30 مىڭدىن ئارتۇق بولغان». مىلادىيىنىڭ 756 - يىلى تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتلۈك - سۆيگىن توپىلىڭى يۈز بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پەيتتە، ئۇدۇن خانى ۋىسا سامپاۋا ئۆزى بىۋاسىتە 5 مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا ياردەم بەرگەن. مىلادىيە 982 - يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۇ دەۋردە ئۇدۇن خانلىقىدا 70 مىڭ قىران لەشكەر بولغان. ئۇدۇن خانلىقى مىڭ يىلدىن ئارتۇق

باسقۇچىدا تۇراتتى، دېيىلگەن؛ ئىككىنچى خىل قاراشتا بولسا، ئۇدۇن ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە قۇلدارلىق جەمئىيەتتىن فېئودالىلىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان، دېيىلگەن. بۇ ئىككى خىل قاراشتا ئۇدۇننىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتكەن ۋاقتى توغرىسىدا ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى توغرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. بۇ جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىقلار ئالىملارنىڭ كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا ھەل بولغۇسى.

**ھاكىمىيەت ۋە قانۇن:** ئۇدۇن خانلىقىدا خېلى مۇكەممەل ھاكىمىيەت ئاپپاراتى شەكىللەنگەن بولۇپ، مىراسلىق پادشاھلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان. ئۇلار ئومۇمىي جەھەتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئوتۇغات، پەخرىي نام - ئاتاقلارنى قوبۇل قىلىش، بەلگىلىك ۋاقىتلار ياكى زۆرۈر بولغان چاغلاردا ئۆلپان تاپشۇرۇش شەكلىدە بولۇپ، ئىچكى رايونلاردىكىگە ئوخشاش ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈملىرى، ۋىلايەت، ناھىيە ئەمەلدارلىرىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەيىنلەش، پات - پات ئالماشتۇرۇش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلمىغان. پەقەت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ياردەمچى ئەمەلدارلار ئارقىلىق ۋاستىلىق كونترول قىلىش يولغا قويۇلغان. بۇ بەلكىم ئەينى زاماندىكى ئەمەلىي ئەھۋال ھېسابقا ئېلىنىپ يۈرگۈزۈلگەن بىر خىل تۈزۈم بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇدۇن خانلىقى ئىچكى قىسىمدا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىدا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش تۈپەيلىدىن بەزى چاغلاردا نىزا - جاڭجاللار، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاكىمىيەت باشتىن - ئاخىر ۋىسا جەمەتىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن. ھەر دەرىجىلىك مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش، قانۇن، پەرمانلارنى چىقىرىش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش، ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئوخشاش ئىشلارنى ئۆزى قارار قىلغان.

خانلىقنى ئىدارە قىلىدىغان «بىر يۈرۈش بيۇروكرات ئورگانلار بولۇپلا قالماستىن، يازما قانۇنمۇ بولغان. ‹ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ‹ئۇلارنىڭ جازا قانۇنىدا ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، قالغان جىنايەتلەرگە ئۇنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جازا بېرىلىدۇ.› يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەردىن قارىغاندا جازالاش بەلگىلىمىلىرى خېلىلا كونكرېت

هۆكۈمرانلىقى داۋامىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ھونلار، شاھكەنت خانلىقى، غەربىي تۈركلەر، تۈبۈتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ياكى مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇدۇن قوشۇنى باشتىن - ئاخىر خانلىققا سادىق بولۇپ، ۋەتەن چېگرىسىنى قوغدىغان.

VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا كەلگەن راھىب سوڭ يۈننىڭ: «ئۇدۇن خانىنىڭ قاراۋۇل قوشۇنىدا بۇرغا - دۇمباق، قوڭغۇراقسىمان دەستىلىك جالڭ، بىر ئوقيا، ئىككى يالمانلىق نەيزە، بەش ئۇزۇن دەستىلىك نەيزىسى بار ئىكەن. قىلىچ ئاسقان نۆكەرلىرى يۈزدىن ئاشمايدىكەن» دېگەن خاتىرىلىرى ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىق لەشكەر، پىيادە لەشكەر، مۇھاپىزەتچى لەشكەر قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى، نەيزە، قىلىچ، يالمان، ئوقيا، سالغا قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللانغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈملىرى: ئۇدۇن خانلىقىدا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن كونكرېت باشقۇرۇش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان ۋە بۇ ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەلدارلار تەيىنلەنگەن. مەسىلەن، ئېكىنچىلىك، ئۇرۇقلۇق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، سۇ باشقۇرۇش، چارۋا ماللارنى باشقۇرۇش، سودا ۋە چېگرىدىن ئۆتىدىغان كارۋانلارنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت باشقۇرۇش تۈزۈملىرى بولغان. سۇ باشقۇرۇش تۈزۈمىدە ئېرىق ئېلىش، سۇ ئېلىش، سۇنى ئارىيەتكە ئېلىش، سۇ ھەققى تۆلەش قاتارلىق ئىشلارغا دائىر كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلغان ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىنغان.

### 3) ئىجتىمائىي ئىگىلىك

دېھقانچىلىق: ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) خوتەن تەۋەسىدىكى ھەر قايسى خانلىقلار يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى دەۋرىگە كىرگەن ھەمدە شەھەر - قەلئە، خانلىقلىرىنى قۇرغان.

تۈزلەڭلىكتىكى سۇغىرىشقا ئەپلىك جايلاردا كۆپلەپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر قېزىلىپ، سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىنغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خوتەننىڭ يېزا ئىگىلىكى خېلى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ھازىرقى

زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇ دەۋرلەردىلا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن. بۇغداي، ئارپا، سۆك، شال، تېرىق، ماش - پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، بۇغداي ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. نىيە خارابىسى، ئۇزۇنتات خارابىسى، ئاقسىپىل، راۋاق بۇددا مۇنارى خارابىسى، ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمىي شەھەر خارابىسى، يۇمۇلاق قوم قەدىمىي شەھىرى خارابىسى قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق خارابىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭ، باغ، ئېتىز ئىزنالىرىنى ھېلىمۇ خېلى ئېنىق پەرق ئېتىشكە بولىدۇ. نىيە خارابىسىدىن بۇغداي، ئارپا، ئاق قوناق، تېرىق قاتارلىق زىرائەت دانلىرى، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بۇغداي، ئاقنان قاتارلىقلار تېپىلدى.

بۇ دەۋردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئات - ئۆكۈزدىن پايدىلىنىش كەڭ ئومۇملاشقان. نىيە خارابىسىدىن تۆمۈر پالتا، تۆمۈر ئورغاق، ياغاچ گۈرجەك، ياغاچ بولقا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى تېپىلدى. بۇلار ئەينى دەۋر يېزا ئىگىلىكىدە تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش ئومۇملاشقانلىقىنى ۋە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

نىيە خارابىسىدىن چامغۇر، قاپاق قاتارلىقلار تېپىلغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي رايونغا كېلىپ قايتىش سەپىرىدە بۇ جايدىن ئۈزۈم، بېدە، سەۋزە، زىغىر، قارىمۇچ، پىياز، ئانار، ياڭاق، قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، قاپاق قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقىنى ئېلىپ كېتىپ، پادشاھ خەن ۋۇدىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. بۇلاردىن ئەينى زاماندا دىيارىمىزدا ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىش بىلەن بىللە، ياغلىق دان زىرائەتلىرى، سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇز كاۋا - قاپاق قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشنىڭمۇ كەڭ يولغا قويۇلغانلىقى ئايان بولىدۇ.

نىيە خارابىسىدىن ھەمزەك (كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك بۆز رەخت) پارچىلىرى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەرلىك مەھسۇلات ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. بۇ ئەينى دەۋردە خوتەندە كېۋەز تېرىش ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇنىڭ پارلىنىش مىقدارى ھۆل - يېغىن مىقدارىدىن نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى بولغان قۇرغاق ئىقلىملىق خوتەندە، سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى دەۋردە ئۇدۇن

قارىغاندا، توغان، توسما ياساش، ئازما - تاقاق سىلىش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق جامائەت سۇ ئىنشائات ئىشلىرى ھەققىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمىلەر بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

چارۋىچىلىق: مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكــى دەۋرلەردە خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىق ئاساســي ئورۇندا تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چارۋىچىلىقمۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. ئۇدۇن، ئۇزۇنتات، نىيە، گۇما قاتارلىق تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلاردا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىش بىلەن بىللە، چارۋىچىلىق مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپى دول، ھاڭگىيالاردىن تارتىپ ئۇزۇنتات شەھــرىگە قەدەر تۇتاش كەتكەن بوستانلىق بولۇپ، دول، ھاڭگىيالار ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن سۈپەتلىك يايلاق ئىكەن. دول، ھاڭگىيا دېگەن يەر ناملىرىمۇ قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى يەر ناملىرى ئىكەن.

رۇڭلۇ، چىرا خانلىقلىرى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان. دېھقانچىلىققا باب كېلىدىغان يەرلەردە تېرىقچىلىقنىمۇ يولغا قويغان. بۇ دەۋردە ئات، تۆگە، كالا، قوتاز، ئېشەك، قوي، ئۆچكە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بېقىلغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇزۇن دەۋرلىك تەبىئىي تاللىنىش ئارقىلىق، يېرىم يىرىك يۇڭلۇق خوتەن قويى بارلىققا كەلگەن. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان، دۆلىتىمىز بويىچە ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمىي تىۋىتلىق گىلەم دەپ قارىلىۋاتقان زىلچا گىلەم ئەنە شۇ خوتەن قويىنىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان.

تەتقىقاتچى، ئالىم يىن چىڭ: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكــى دەۋر چارۋىچىلىق تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەننىڭ تۈزلەڭ رايونىدىكى تۆت خانلىقتا 46 مىڭ 200 نوپۇس بولۇپ، 237 مىڭ تۇياق چارۋا، تاغلىق رايوندىكى ئىككى خانلىقتا 3 مىڭ 780 نوپۇس بولۇپ، 37 مىڭ 800 تۇياق چارۋا مال بېقىلغان. نىيە خارابىسىدىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا، خەن دەۋرىدىكى نامرات ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ بەزىسىدە ئۆزى تۇرمۇش كەچۈرسە، بەزى ئۆيلىرىــدە مــال باققــان. بەزى ئۆيلەردىن 5 ~ 12 قېلىنلىقتىكى كالا، قوي قىغلىرى بايقالغان. بۇ ھال ئەينى دەۋردە دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىقــى كۆچمە

هۆكۈمرانلىرى بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن ۋە مۇناسىپ هالدا سۇ باشقۇرۇشقا دائىر قاتتىق تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىققان. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە بۇنىڭغا دائىر بەزى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، 72 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە: «... بۇغداي 2 -، 3 - قېتىم سۇغىرىلدى. بۇ سۇغىرىش خاتىرىسى (تىزىملاش جەدۋىلى)» دېيىلگەن.

502 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «خاقان ئالىيلىرى قاتارلىقلار ...: راھىب ماجىبالچۇنىڭ بۇ قاتارلىقلارغا دوكلات قىلىشىچە، سۇنى ئابانىي ئارىيەتكە ئالغانىكەن. ئۇ ئارىيەتكە ئالغان سۇنى باشقىلارغا بېرىپتۇ. سىز بۇ مەكتۇپ بىلەن مۇھۇر بېسىلغان خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۇنى ئابانىي ئارىيەتكە ئالغانمۇ، يوق؟ ئارىيەتكە ئالغان سۇنى باشقىلارغا بەرگەنمۇ، يوق؟ بۇنى تەپسىلىي تەكشۈرۈڭ، يەنە بىر جەھەتتە چۈشۈرگە ئېغىزى (apanya) تەييار قىلىنمىغان بولسا، ئابانىيدىن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش هوقۇقى يوق. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ...».

160 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە: «... سىز كراتنانى بۇ يەرگە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىپسىز. بۇ، سۇ ۋە ئورۇقلۇق مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ ... خاقان ئالىيلىرى هوزۇرىدىن قوبۇل قىلىنغان (پەرمانغا) ئاساسلانغاندا، بۇ يەر سىزنىڭ ئىگىدارچىلىقىڭىزدا. هوزۇرىڭىزدا بۇ يەرنىڭ سۇ ۋە ئورۇقلۇق ئىشلىرىغا دائىر هەرقانداق بىۋاستە خېتىڭىز ياكى بۇنىڭ تەپسىلاتىغا دائىر بۇيرۇق خېتى بولسا ئىزدەپ تېپىپ بۇ يەرگە ئەۋەتىپ بەرگەيسىز. ئەگەر بۇنداق (هۆججەت) بولمىسا، سۇ پۇلى ۋە ئورۇقلۇق پۇلىنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، ئۇ بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلسا بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن①.

يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن ئەينى دەۋردە سۇنىڭ ئىنتايىن ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى، هاكىمىيەت دائىرىلىرىنىڭ سۇ تېجەش، سۇدىن پايدىلىنىشقا قارىتا بىر يۈرۈش قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ يولغا قويغانلىقىنى، دېھقانلارنىڭ سۇ هەققى تۆلىشى كېرەكلىكى، خاقاننىڭ تەستىقى بولمىسا، هەر قانداق كىشىنىڭ سۇ هەققى تاپشۇرۇشنى كەچۈرۈم قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى، شۇنىڭدەك هەر قېتىملىق سۇغىرىش ئەھۋالى خاتىرىلىنىپ، كېيىنكى سۇ تەقسىملەشتە ئاساس قىلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇنداقلا سۇ باشقۇرۇشتا شۇنچە تەپسىلىي ۋە قاتتىق بەلگىلىمىلەر بولغىنىغا

يولغا قويۇلغان. ئىنىقكى، بۇ خىل تۈزۈم غەربىي رايوندا ئىنخمۇ بالدۇر بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چارۋاماللارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى، چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خەن، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا قوللىنىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە سورتى ئوخشاش بولمىغان ئات، تۆگە ۋە قويلار ئوخشىمىغانناملار بىلەن ئاتالغان. خوتەن گىلىمى توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك، داڭلىق خوتەن يېرىم يىرىك يۇڭلۇق خوتەن قويى شۇ دەۋردە ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان. ئۇنىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان ئۇدۇن سۇر گىلىمى قارۇشتى پۈتۈكلىرىدە Kojara دەپ ئاتىلىپ، ئادەتتىكى يۇڭ گىلەملەردىن پەرقلەندۈرۈلگەن. قارۇشتى پۈتۈكلىرى ۋە تۇرپان تېكىستلىرىدە چارۋىلارنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى ۋە نەسىل يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن ئاتالغۇلار خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئايغىر، بايتال، ئاختا ئات، ئىنەك، ئۆكۈز (ئۆي)، ساغلىق، قوچقار دېگەندەك ناملار، شۇنداقلا چارۋىلارنىڭ يېشىنى بىلدۈرىدىغان موزاي، تاي دېگەندەك ناملار قوللىنىلغان. بۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چارۋا ماللارنى كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چارۋىلارنى ئۆستۈرۈش، ئاۋۇتۇش ھەمدە بوغاز ماللار ۋە يومران چارۋىلارنى ئاسراشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەركەك، چىشى چارۋىلار ۋە يومران چارۋىلارنى ئايرىپ بېقىشمۇ ئاللىقاچان يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. نەسىل يۈزلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش، يەنى ئەركەك چارۋىلارنىڭ بىر قىسمىنى پىچىۋېتىش تەدبىرىگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ھەم ئەلا نەسىللىك سورتلارنى ئاۋۇتۇشقا، ھەم مىنىك ئۇلاغلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەجرىبىدىن توپلانغان بىلىملەر ئاساسىدا چارۋىلارنى پەرق ئېتىش ماھارىتىمۇ بارلىققا كەلگەن. چارۋا ماللارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ئەلا نەسىللىك سورتلارنى پەرق ئېتىش ۋە تاللاشتىن ئىبارەت ئۈنۈملۈك ئۇسۇل غەربىي دىياردىكى قەدىمكى چارۋىچى مىللەتلەردە ئۇزۇن زامان قوللىنىلغان ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشكەن. ئەلا نەسىللىك ئاتلارنى تاللاشتا «ئۈچ

چارۋىچىلىقتىن ھالقىپ، سولاپ باقىدىغان چارۋىچىلىققا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خارابىدىن يەنە نەچچە ئون دانە كالا، قوي باغلاشقا ئىشلىتىلىدىغان نوقتا، ئەرگۈل ۋە تۆگە باغلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇرۇنتۇق تېپىلغان. بۇ، ئۆز ۋاقتىدا سۈت - قېتىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ياسالغان سايمانلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىن يەنە شەكلى ھازىرقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئېشەك توقۇمى، ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يا ۋە ئوق تېپىلغان. يەنە كۆچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان 32 پارچە كۆن - خۇرۇم قارۇشتى پۈتۈك تېپىلغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەردە نىيە، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ مىلادىيە III ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللارنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدىغان نۇرغۇن ماتېرىياللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

(1) ئۆز ۋاقتىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبى ۋادىلىرىدا بېقىلغان چارۋا ماللار ئىچىدە كالا بىلەن قوي كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن، ھەممە كىشى قوي بېقىشنى ياقتۇرغان. كالا دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئەڭگۈشتىرى ھېسابلانغان، كالا ئوغرىلىغۇچىلاردىن ئۈچ ھەسسە جەرىمانە قويۇپ تۆلىتىۋېلىنغان.

(2) تۆگە دائىملىق قاتناش قورالى قىلىنغان. باھاسى ئىنتايىن قىممەت بولغاچقا، رويخەتكە ئېلىپ باشقۇرۇلغان. ئىجارىگە بېرىشكە، ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىشقا ئىشلىتىلگەن.

(3) ئات ئەتىۋارلىق چارۋا، شۇنداقلا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى ھېسابلانغان. خانلىقنىڭ ئاتلىرى مەخسۇس بېقىلغان. ئىنئام قىلىشقا ئىشلىتىلگەن. نوپۇزلۇق كىشىلەر ھەمىشە ئاتلىق يول يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ياكى جەڭ ئېتى قىلىش ئۈچۈن زاپاس بېقىلغان.

يەنە بىر پارچە قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكتە تۆگە قاتارلىق چوڭ ھايۋانلارنى رويخەتكە ئېلىپ باشقۇرۇش دائىملىق تۈزۈم بولغاندىن سىرت، تۆگىگە ئوت تامغا بىلەن ئەن سېلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن. قىزىتىلغان تۆمۈر تامغا بېسىش ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ مەلۇم جايىغا مەڭگۈلۈك ئېنىق بەلگە سېلىشتىن مەقسەت، چارۋىلارنى بېقىش، نەسىللەندۈرۈشتە پەرق ئېتىشكە قولاي بولۇش، قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. دۆلىتىمىز تارىخىدىن قارىغاندا، چارۋا بېقىش، باشقۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بىر يۈرۈش قاتتىق ۋە مۇكەممەل تۈزۈملەر بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئاتنى رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمى ۋە مۇناسىپ ھالدا بەلگە سېلىش تۈزۈمى

ئەتكىلى بولىدۇ. سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىنمۇ شاپتۇل، ئۆرۈك، ئەينۇلا ئۇرۇقچىسى تېپىلغان.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋردە خوتەندە ئورمانچىلىق ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئېرىق - ئۆستەڭ، يول بويلىرىغا، ئۆيلەرنىڭ ئالدى - كەينىگە دەرەخ سېلىش ئىنتايىن ئومۇملاشقانلىقىنى، ئولتۇراق ئۆي قورۇلۇشىدا ئۆي، ئېغىل - قوتان ۋە مېۋىلىك باغنى بىر گەۋدە قىلىش يولغا قويۇلغانلىقىنى، شۇنىڭدەك خېلى چوڭ كۆلەمدىكى مېۋىلىك باغلارنىڭمۇ يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**پىلە - يىپەكچىلىك:** قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ئىچىدە ئۇدۇن ئەڭ بالدۇر پىلە باققان رايونلارنىڭ بىرى. لېكىن، پىلىچىلىكنىڭ قاچان، قەيەردىن ئۇدۇنغا تارقىلىپ كىرگەنلىكى هازىرغىچە تالاش - تارتىش ئۇستىدىكى مەسىلە. ئىلگىرى تاڭ شۈەنزاڭنىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن شەرقىي ئەلنىڭ مەلىكىسى ئۇدۇن خانىغا ياتلىق بولغاندا، پىلە ئۇرۇقىنى ئۇدۇنغا مەخپىي ئېلىپ كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇدۇندا پىلە - يىپەكچىلىك بارلىققا كەلگەن، دېگەن رىۋايەتكە ئاساسەن، بەزى ئاپتورلار ھەر خىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردا تەتقىقاتچى يىن چىڭ مىلادىيە 269 - يىلىدىن بۇرۇن ئۇدۇندا پىلە - ئۈجمىچىلىك ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن دەپ كۆرسەتتى. ئارخېئولوگ لى يىنپىڭ بۇ ھەقتە ئەتراپلىق تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، تېخىمۇ ئېنىق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېلىمىزنىڭ رەسمىي تارىخنامىلىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلارنىڭ مەلىكىسىنى ئۇدۇن دۆلىتىگە ياتلىق قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرە يوق. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئۇدۇننىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولۇپ، ئەينى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا بېرىشقا ئىككى يىل ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پىلە ئۇرۇقىنى ئۇدۇنغا ساق ئەكىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇدۇنغا پىلىچىلىكنىڭ كىرىش مەنبەسى ئۇدۇننىڭ شەرقىدىكى مەلۇم قوشنا ئەل بولۇشقا تېگىشلىك. بۇ قوشنا ئەلنىڭ ئۇزۇنتات ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ھازىرقى خوتەن رايونىدا ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيە II ئەسىردىلا پىلىچىلىك بارلىققا كەلگەن[⑫].

تارىخشۇناس، تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بۇ ھەقتە: «تارىم

چوڭ، ئۈچ-كىچىك بولۇشقا قاراش كېرەك. يەنى كۆزى چوڭ، بۇرنى چوڭ، كۆكسى چوڭ، قۇلىقى كىچىك، بېلى كىچىك (ئىنچىكە)، پاچاق بوغۇمى كىچىك بولغانلىرى ئەلا نەسىللىك بولىدۇ، دېگەن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىققان[6]».

مال بېقىش تېخنىكىسى جەھەتتە، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىرى پەسىل ۋە كىلىماتقا قاراپ يۆتكەپ بېقىش، يەنە بىرى مال تۈرىگە قاراپ يەم - خەشەكنى تەڭشەپ بېقىش ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يەنى چارۋا ماللار قىش پەسلىدە يايلاق چارۋىلىرى نىسبەتەن ئىللىق بولغان قىشلىق يايلاقلاردا، دېھقانچىلىق رايون چارۋىلىرى ئېكىنزارلىق ئەتراپىدىكى تۈزلەڭ يايلاقلاردا بېقىلغان. كېچىلىرى ئىسسىق ئېغىللارغا سولاپ سوغۇقتىن ساقلانغان، ياز پەسلىدە كۆپ قىسىم چارۋىلار نىسبەتەن سالقىن بولغان يازلىق يايلاقلاردا بېقىلغان. مىنىك ئاتلىرى، هارۋا ئاتلىرى ۋە بەيگە ئاتلىرىنى يىل بويى بوغۇز ۋە بېدە بىلەن بېقىش؛ خېچىر، ئېشەك، ئۆكۈز قاتارلىق مىنىك ئۇلاغلىرى ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىغا زۆرۈر ۋاقىتلاردا بوغۇز بېرىش، هەلەپ بىلەن بېقىش؛ بوغاز ماللار ۋە بوردىلىدىغان ماللارنى هەلەپ بىلەن باقاندىن سىرت، كېپەك، كۈنجۈرە، چىگىت بېرىپ بېقىش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويغان. خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان نوبېدە ئۆستۈرۈش كەڭ ئومۇملاشقان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋا مال بېقىشتىكى يۇقىرىقى ئۇسۇل - چارىلىرى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىنتايىن ئىلمىي بولۇپ، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئورمانچىلىق: نىيە خارابىسىدىن شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈزۈم، نەشپۈت، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى تېپىلغان. نىيە خارابىسىدە يەنە قەدىمكى ئۆستەڭ بويىدا ئۆزىچە قۇرۇپ يىقىلىپ كەتكەن، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىرغا يېقىنلىشىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 10 ~ 20 مېتىر كېلىدىغان، ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا مىنگىشىپ يېتىپ كەتكەن نۇرغۇن قاقشال تېرەك ياغاچلىرىنى، خارابە ئۆيلەر ئەتراپىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاقشال ئۈجمىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك توپ ئارىلىقى تەخمىنەن 1.8 مېتىر، قۇر ئارىلىقى 4.00 مېتىر ئۆلچەمدە ئۆستۈرۈلگەن ئۈزۈملۈك باغ خارابىسىنى ھېلىھەم ئېنىق پەرق

بېكىتىلىدىغان ئەركەك تۇرۇم چۈيۈندىن قۇيۇپ ياسىلىدۇ. بۇلار چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خوتەندە تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك كەسىپلىرىنىڭ خېلى تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىدىن، شۇنداقلا قۇيمىچىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇدۇننىڭ تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، قۇيمىچىلىق قول ھۈنەرلىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇ دەۋرلەردىكى خارابىلەردىن تېپىلغان بىر مىس چۆگۈننىڭ ئېگىزلىكى 40cm ~ 50، قورساق دىئامېتىرى 20cm كېلىدۇ. بوينى ئىنچىكە، جوغىنى قىسقا، تۇتقۇچلۇق ياسالغان. شەكلى ئۆزگىچە، ھۈنەر - سەنئىتى نەپىس بولۇپ، بويىنىغا بىر جۈپ قۇش ۋە بىر جۈپ ھايۋان رەسىمى ئويۇلغان. قورسىقىدا كاتەكچە نەقىشلەر بولۇپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى خەت ئويۇلغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جاڭ خۋا «مەۋجۇداتلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ۋۇدى خانغا تەقدىم قىلغاندا، خان خۇشال بولۇپ، ئۇدۇن خانلىقىدىن تەقدىم قىلىنغان تۆمۈردىن قۇيۇپ ياسالغان سىياھداننى جاڭ خۋاغا ئىنئام قىلغان. چاڭئەندىكى شىنخۋاتاڭ بۇتخانىسىدا ئۇدۇن خانلىقىدىن كەلتۈرۈلگەن قۇيما تۇچ (سېرىق مىس) بۇت ساقلانغان بولۇپ، ئۇمۇ شۇ دەۋردە تارقىلىپ كىرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، نىيە خارابىسىدىن جەسەتنىڭ بويىنىغا سېلىنغان تىزىق مارجان، مىس ئۈزۈك، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى، سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تىزىق مارجان، ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان. دېمەك، شۇ دەۋردە زەرگەرچىلىك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش كەسىپلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

**تاشچىلىق، قازمىچىلىق:** كېرىيە ناھىيىسىدىكى مارجانلىق خارابىسى ۋە گۇما ناھىيىسىدىكى ياغاچ ئۈيلۈك قەدىمي شەھىرى خارابىسىدىن سۇ تۈگمىنىنىڭ تېشى بايقالغان. نىيە خارابىسىدىن قاشتېشى ئۇرچۇق بايقالغان. تاش شارىك، تاش مارجان قاتارلىق بۇيۇملار شۇ دەۋردىكى كۆپلىگەن خارابىلەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. قاشتېشى قېزىش، تېرىش ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرى سودىسى تېخىمۇ جانلانغان. نىيە خارابىسىدىن شوردا ياسالغان تونۇر بايقالغان. لوپ ناھىيىسىدىكى راۋاق خارابىسىدىن ۋە چىرا ناھىيىسىدىكى چاقار يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇتخانا ئىزىدىن گەج بۇت بايقالغان. بەزى خارابىلەردىن گەجدىن ياسالغان بۇت قېلىپى بايقالغان. بۇلار ئۆز دەۋرىدە تاش قېزىش، قاشتاش قېزىش، شور قېزىش، گەج تېشى

ئويمانلىقىدا پىلە ـ يىپەكچىلىكنىڭ تارىخى 2 مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ».

## 4) قول ھۈنەرۋەنچىلىك

**مەدەنچىلىك:** تارىخشۇناس ئەنۋەر بايتۇرنىڭ كۆرسىتىشىچە، چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا تۆمۈر، مىس، كۈمۈش قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپ چىقىرىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا خوتەننىڭ تۆمۈر تاۋلاش سانائىتى مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەن. لوپ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاچچىق تېغىدىن كۆپلىگەن ئويۇل تۆمۈر، داشقال ۋە ساپال نۆكەش تېپىلغان؛ شۇ ئەتراپتىكى ئېغىزى ئېتىۋېتىلگەن بىر غاردىن ئۈستىگە تۆمۈر ئۇۋاقلىرى يېپىشىپ قالغان تاش ئىسكىنە، تاش بولقا بايقالغان؛ نىيە خارابىسىدىن تۆمۈر تاۋلاش پىچىنىنىڭ ئىزى، تاۋلانغان كاللەك تۆمۈر، تۆمۈر رۇدىسى، داشقال، ساپال نۆكەش قاتارلىقلار تېپىلغان. بۇلار ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر رۇدىسى قېزىش، تۆمۈر تاۋلاش بارلىققا كېلىپلا قالماي، تۆمۈر تاۋلاشتا كۆيەك (شامال پۈۋلەش ئۈسكۈنىسى) ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، قۇيمىچىلىق:** سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر پىچاق؛ نىيە خارابىسىدىن تۆمۈر يىڭنە قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلغان. نىيە خارابىسىدىكى خارابە ئۆيلەرنىڭ ئەركەك، چىشى تورۇملىرى، ياغاچ قىرما نەقىشلەر، نىيە خارابىسى، سامپۇل قەبرىستانلىقى، ئىمامى مۇساكازىم مازىرى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ساندۇق شەكىللىك كارىۋات شەكىللىك تاۋۇتلارنىڭ شاللىرىنىڭ تىلىنىش، كېسىلىش، تاغاقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا شۇ دەۋردە ياغاچچىلىقتا تۆمۈر سايمانلار كەڭ ئىشلىتىلگەن. قارىۋشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردىمۇ تۆمۈرچىلىك ھەققىدىكى مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن.

نىيە خارابىسىدىن مىس (برونزا) پىچاق، مىس ئوقيا ئۇچى، مىس كۆرگۈ، مىس ئۈزۈك، مىس يىڭنە، مىس قوڭغۇراق؛ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن مىس كۆرگۈ، مىس بېزەك بۇيۇمى قاتارلىقلار تېپىلغان. ئەينى دەۋردە ھازىر «خوتەن ئات پۇلى» دەپ ئاتىلىۋاتقان مىس پۇل تارقىتىلغان. شۇ دەۋردە يەنە توگمەنچىلىك بارلىققا كەلگەن بولۇپ، توگمەننىڭ چاقپەلەك ئوقىنىڭ ئاستى تەرىپىگە

بىرى بولۇپ، شۇ دەۋرگە تەئەللۇق خارابىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دىگۈدەك بۇ خىل بۇيۇملار ئۇچرايدۇ. سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 1984 - يىلى قىشتا ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە 19 قەبرە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىن ساق ۋە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان ياغاچ قاچىلاردىن 160 دانىسى قېزىۋېلىنغان. ئۇلار ياغاچ رومكا، سوغا، قوۋزاق سوغا، چۆچەك، جام، چوڭقۇر قورساقلىق كىچىك ئاياق، ئارا ئاياق، چوڭ ئاياق، ياغاچ تەخسە، ياغاچ لىگەن، ياغاچ پەتنۇس، تاختا، تاق قۇلاقلىق جام، تاق قۇلاقلىق كورا، كىچىك كاسا، ئارا كاسا، چوڭ كاسا، تەڭنە، ياغاچ نوگاي، ياغاچ قوشۇق، شىرە قاتارلىق 22 خىلغا بۆلۈنىدۇ. باشقا ياغاچ بۇيۇملار ياغاچ تارغاق، ياغاچ سىرغا، ئەينەك - تارغاق قۇتىسى، ياپقۇ، قاپاق، ھاسا، نور، ياپقۇلۇق قۇتا، ياغاچ قىسقۇچ، ياغاچ پاچاق، ئەپكەش قاتارلىق 11 خىلغا يېتىدۇ.

بۇ ياغاچ بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى كېسىش، ھەرىدەش، يونۇش، سىلىقداش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان. چۆچەك، جام، كورا، تەخسە، ئاياق، كاسا، قۇتا قاتارلىق بۇيۇملار قىرىش ئۇسۇلىدا ياسالغان. بەزى قاچىلارغا قىرغۇدا ئىز سېلىش ئارقىلىق نەقىش چىقىرىلغان. «شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قەبرىلەردىن چىققان بۇيۇملار سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققان بۇيۇملاردىن ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن ياغاچ بۇيۇملار سانى ھەرگىز سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققانلىرىغا يەتمەيدۇ. بولۇپمۇ قىرغۇدا قىرىپ ياسالغان بۇيۇملار جەھەتتە سامپۇلنىڭ ياغاچ قىرمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا يەتمەيدۇ. ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، سامپۇل شىنجاڭ بويىچە ياغاچ قىرمىچىلىقى ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن رايونلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قىرمىچىلىقنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ*».

توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق: «ئۇدۇننىڭ توقۇمىچىلىق ۋە ئۇشتىگەرلىك كەسپى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. سامپۇلدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق سەۋىيىگە يەتكەن. 1984 - يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق قېزىشتا ئەڭ كۆپ چىققىنى توقۇلما بۇيۇملار بولۇپ، ئۇنىڭ خام ئەشياسىغا يۇڭ، پاختا، يىپەك

قېزىش قاتارلىق قازمىچىلىق كەسىپلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كۇلالچىلىق: چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خوتەن تەۋەسىدىكى ھەر قايسى جايلاردا ساپال قاچا ئىشلەپچىقىرىش كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، شۇ دەۋرگە تەۋە قەدىمكى خارابىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ساپال قاچىلار، ساپال پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. نىيە خارابىسىدىن چىققان 621 - نومۇرلۇق تارىشا پۈتۈكتە: «ساگاموۋ شىكايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: ئۇ ئېپكار كەنتىدىن ئىكەن. بۇ كەنتتە چامكاي ئىسىملىك بىر كۇلالچى (Kulala) بار ئىكەن. ساگاموۋمۇ ئەسلىي كۇلالچىنىڭ ئوغلى ئىكەن ...» بۇ يازما خاتىرە ئەينى دەۋردە كەسپىي كۇلالچىلىقنىڭ بارلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. نىيە خارابىسى، سامپۇل قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن خېلى كۆپ ساپال بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ماتېرىيال جەھەتتىن قارىغاندا بۇ ساپال بۇيۇملار سېغىز تۇپىدىن ياكى قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز تۇپىدىن ياسالغان. رەڭگى جەھەتتىن قارا، قىزىل، كۆلرەڭ، ئاچ قىزىل قاتارلىق رەڭلەرگە بۆلۈنىدۇ. تۈرى جەھەتتىن ئىدىش، كۆپ، قازان، كوزا، كومزەك، جام، لوڭقا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. شەكلى ھەر خىل بولۇپ، چوڭ ئېغىزلىق، كىچىك ئېغىزلىق، قايرىما ئېغىزلىق، تاق قۇلاقلىق، قوش قۇلاقلىق، تۈز بويۇن، بوغما بويۇن قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردە ياسالغان. ئېگىزلىكى ۋە قورساق دىئامېتىرى بىر مېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ كۆپلەرمۇ، دىئامېتىرى ئاران بىر نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىغان كىچىك جاملارمۇ ئىشلەپ چىقىرىلغان. ساپال قاچىلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنىڭ سىرتقى يۈزى ۋە گىرۋەكلىرىگە سىزىش، قېلىپ بىلەن بېسىش ئارقىلىق نەقىش چىقىرىلغان. نەقىشلەر كۆپىنچە گېئومېتىرىيىلىك سىزىقلاردىن ھاسىل قىلىنغان. تۇمارچە تىزما، رومبا تىزما قاتارلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلغان. بەزىلىرىگە دولقۇنسىمان سىزىق چىقىرىلغان. بەزىلىرىگە ئات شەكلى قېلىپ بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان. بۇ دەۋردە ئىشلەپ چىقىرىلغان ساپال قاچىلار ئۆلچەملىك بولۇپ، ئايلانما تەگلىك چاق ئۈستىگە قويۇپ ئايلاندۇرۇپ سىلىقلاپ ياساش ئۇسۇلىدا، شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، خۇمداندا پىشۇرۇلغان.

قىرمىچىلىق: چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خوتەندە ياغاچ قاچا ۋە ياغاچ سايمانلارنى ياساش ئەڭ تەرەققىي قىلغان كەسىپلەرنىڭ

قويۇلغانلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ مەملىكىتىمىز تارىخىدا بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى پاختا رەخت ئەۋرىشكىسى ھېسابلىنىدۇ ®».

**يۇڭ توقۇمىچىلىق:** خوتەندىكى قەدىمكى خارابە - ئىزلاردىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار بىر قەدەر كۆپ، شۇنداقلا توقۇلۇشىمۇ خېلى مۇرەككەپ، ئۇلارنى ئومۇمەن تۈز سىزىقلىق توقۇلما، قىيپاش سىزىقلىق توقۇلما، چېكىت سىزىقلىق توقۇلما، تىۋىتلىق توقۇلما، مۇرەككەپ توقۇلما قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. توقۇشقا ئىشلىتىلگەن يۇڭ يىپلار ئىگىرىلىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، تەتۈر تالانغان سىڭار قات ئۇرۇش ئارقاق ۋە تەتۈر تالاپ ئۇڭ قېتىلغان ئۇرۇش ئارقاق يىپلاردىن تەركىب تاپقان. ئالدىنقىسى خامراق، كېيىنكىسى پىششىق ئىگىرىلگەن. يۇڭ چەكمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى سىڭار قات يىپتىن، قالغان رەختلەر سىڭار قات ئىگىرىپ جۈپلەپ تالانغان يىپنى ئاساس قىلىپ، يەنە بىر قىسىم سىڭار قات ئىگىرىلگەن يىپلارنى ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان. كۆپ قىسىم رەختلەر توقۇلۇشتىن ئىلگىرى يۇڭنى بوياپ يىپ ئىگىرىش ياكى ئىگىرىلگەن يىپنى بوياش ئارقىلىق رەڭدارلىققا ئىگە قىلىنغان يىپلاردىن توقۇلغان. ئاز قىسىم رەختلەر ئاق توقۇلغاندىن كېيىن بويالغان.

تۈز سىزىقلىق يۇڭ توقۇلمىلار ئاساسلىقى يۇڭ چەكمەن، ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ رەڭلىك جىيەك، جاۋا، كەسمە قۇر ۋە جىت (گۈللۈك يۇڭ رەخت) قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. يۇڭ چەكمەنلەر تار ئەنلىك ۋە كەڭ ئەنلىك بىر نەچچە خىل بولۇپ، ئەڭ كەڭلىرىنىڭ ئېنى 68cm غا يېتىدۇ. يۇڭ چەكمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەككە رەڭلىك، ئاز قىسمى كۆپ خىل رەڭدار يوللۇق توقۇلغان. بەزىلىرى تۆت خىل رەڭدار يىپلارنى ئارىلاش ئىشلىتىش ئارقىلىق كاتەكچە يوللۇق توقۇلغان بولۇپ، بۇنى يۇڭ شەتلەڭگە ھېسابلاشقا بولىدۇ.

تۈز سىزىقلىق يۇڭ توقۇلما جىت تۈز سىزىقلىق جىت ۋە ئىككى قەۋەت ئارقاقلىق جىتتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، ئىككى قەۋەت ئارقاقلىق يۇڭ جىت ناھايىتى ئىنچىكە يۇڭ يىپ ئىشلىتىلىپ، رەخت يۈزى تىۋىتلىق توقۇلغان. بۇ بىر قەدەر ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ توقۇلما بولۇپ، گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە، يىپەك كىمخاپنىڭ ئەكسىچە ئارقاق يىپتىن پايدىلىنىپ گۈل چىقىرىلغان.

جاۋا گىلەملەر توم يىپتىن تۈز سىزىقلىق شەكىلدە توقۇلغان. كۆپ رەڭلىك، تۈز سىزىقلىق توقۇلما جىيەكلەرمۇ ئىككى خىل

ئىشلىتىلگەن[11]».

**يىپەك توقۇمىچىلىق:** مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرگە تەۋە سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن شايى، سىپتە شايى، گۈللۈك دارايى، يىپەك كىمخاپ قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلار بايقالغان. بۇلاردىن شايى بىلەن سىپتە شايى تۈز سىزىقلىق توقۇلما بولۇپ، ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان. يىپەك كىمخاپ ئىككى قەۋەت تارتىلغان ئۇرۇشكە ئارقاق ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق توقۇلغان ئۆزگىرىشچان تۈز سىزىقلىق توقۇلما بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. گۈللۈك دارايى تۈز سىزىقلىق تەگلىكتىن گۈل چىقىرىش (ئۇرۇشتىن قىيپاش سىزىقلىق گۈل چىقىرىش) ئۇسۇلىدا توقۇلغان بولۇپ، بۇمۇ ئۆزگىرىشچان تۈز سىزىقلىق توقۇلما ھېسابلىنىدۇ. كىمخاپ بىلەن گۈللۈك دارايىنىڭ توقۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇ خىل رەختلەرنى ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇغىلى بولمايدۇ. كەم دېگەندە تۆت تەپكۈلۈكتىن يۇقىرى توقۇمىچىلىق دۇكانلىرىدا توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى يىپەك توقۇلمىلار رەڭ تۈرى جەھەتتە، ئاق، ئالتۇن سېرىق، سېرىق، كۆك، توق كۆك، ئاچ كۆك، مايسا رەڭ، توق قىزىل، شوخ قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بويالغان يىپلار ئىشلىتىلگەن.

**پاختا توقۇمىچىلىق:** سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان بۆز توقۇلمىلار ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىي رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان. ئاز بىر قىسمى مايسا رەڭ بوياپ توقۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك ھەمزەك تېپىلغان. نىيە خارابىسىدىنمۇ بىر نەچچە پارچە ھەمزەك تېپىلغان. توقۇلۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈز سىزىقلىق توقۇلما بولۇپ، ئىككى تەپكۈلۈك دۇكاندا توقۇلغان. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ھەمزەك رەختلەر ئاق توقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، گۈل چىقىرىشقا تېگىشلىك جايلىرىغا بوياق چەكلەش ماتېرىيالى بېرىلىپ ئاندىن سوغۇق بوياق ئۇسۇلى ئارقىلىق بويىلىدۇ. نەتىجىدە، كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك ھەمزەك بويىلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «نىيە خارابىسىدىن بۇددا دىنى مەزمۇنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن گۈللۈك بوياق بۆز رەخت تېپىلغان. بۇ مەملىكىتىمىز بويىچە بايقالغان ئەڭ قەدىمكى بۇددا دىنى بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇددا دىنىنىڭ دۆلىتىمىزگە تارقالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەينى دەۋردە شىنجاڭدا كېۋەز تېرىش يولغا

قەۋەت توقۇلغان.

يۇقىرىقى ھەر خىل رەختلەرنى توقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۈچ خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان چىشلەشمە تۈمارچە تىزما رومبا گۈللۈك توقۇلما جىيەك، تۆت خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان موكا شەكىللىك يوپۇرماق گۈللۈك يۇڭ جىيەك، بەش خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان قىزىل، كۆك تۈمارچە، رومبا تىزما گۈللۈك يۇڭ جىيەك، يەككە رەڭلىك، ئىككى خىل رەڭلىك، ئۈچ خىل رەڭلىك قۇر (ئۆرۈمە)، ئىككى خىل رەڭلىك شەتلەڭگە چەكمەن، تىك تىزما شەتلەڭگە چەكمەن، سول قىيپاش سىزىقلىق چەكمەن، ئوڭ قىيپاش سىزىقلىق چەكمەن، قوش قاتلىق، ئۈزۈم گۈللۈك جىت، ئەجدىھا سۈرەتلىك يۇڭ كىمخاپ، يېشىل تەگ، بۇغا گۈللۈك ياندۇرما ئارقاقلىق قۇر، تاغ شەكىللىك، ئۆسۈملۈك سۈرەتلىك ياندۇرما ئارقاقلىق قۇر، تىزما رومبا ھالقىلىق چىلەك تۇياق گۈللۈك قۇر، مايسىرەڭ تەگ، تۆگە سۈرەتلىك ياندۇرما ئارقاقلىق قۇر قاتارلىق رەختلەر توقۇلغان.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ھەر خىل يۇڭ رەختلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرىنى ھاسىل قىلىشتا كۆپ خىل رەڭدار يوللۇق، كاتەكچە رەڭدار يوللۇق توقۇش، گېئومېتىرىيىلىك سىزىق چۈشۈرۈش، ھايۋانات ئوبرازى، ئادەم ئوبرازى، گۈل - چېچەك شەكىللىرى، ئۆسۈملۈك شەكىللىرىنى توقۇپ چىقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، كەسمە قۇردىن تىكىلگەن شالۋۇر (يۇڭ ئىشتان) دا بايقالغان ئادەم ئوبرازى تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇ شالۋۇرنىڭ ئوڭ پاچىقىدا يانتۇ كۆرۈنۈشلۈك بىر ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتى چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر دانە ئۇزۇن نەيزە بولۇپ، بۇلار قوشۇلۇپ بىر پالۋان ئوبرازىنى ھاسىل قىلغان. شالۋۇرنىڭ ئوڭ پاچىقىدا ئات تەنلىك، ئادەم باشلىق ئوبراز، ئەتراپىدا ياپراق گۈللەر چىقىرىلغان. بۇ ئادەم سۈرىتى بىر ئۇزۇن نەيسىمان چالغۇ ئەسۋابىنى چېلىۋاتقان، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرى ئارقىلىق پەدە بېسىپ كۈي چېلىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئوبرازنىڭ رەڭ سېلىشتۇرمىسى ئىنتايىن ئېنىق، ستېرېئولۇق تۇيغۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

نىيە خارابىسى، سامپۇل قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن كۆپلىگەن ساپال ئۇرچۇق، لاي ئۇرچۇق، ياغاچ ئۇرچۇق، قاشتېشى

بولۇپ، ئادەتتىكى تۈز سىزىقلىق جىيەكلەر 1~11 خىلغىچە بولغان رەڭدار يىپلاردىن توقۇلغان. يەنە بىر خىلى قوش قەۋەت ئۆرۈش ئىشلىتىش ئۇسۇلىدا توقۇلغان. كەسمە قۇر توقۇلۇش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئۆرۈش ئارىسىدىن ئارقاق ئۆتكۈزۈشتە ياندۇرما ئارقاق ئۆتكۈزۈش (يەنى بىر قۇر ئارقاقتا بىر نەچچە موكىغا قاچىلانغان ئوخشىمىغان رەڭدىكى يىپلارنى مەلۇم بۆلەكلەرگە ئۆتكۈزۈپ ياندۇرۇش) ئارقىلىق گۈل چىقىرىپ توقۇلغان.

قىيپاش سىزىقلىق توقۇلمىلار توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئۆرۈمە بۇيۇملاردىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇلار يۇڭ چەكمەن، جىت، ئۆرۈمە قۇر، يۇڭ جاۋا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆرۈمە قۇردىن ئۆزگە قىيپاش سىزىقلىق توقۇلمىلارنىڭ قىيپاش سىزىقلىرى ئارقاق سىلىش داۋامىدا چىقىرىلغان بولۇپ، خالىغان چاغدا ھەر خىل رەڭلىك ئارقاق يىپ قاچىلانغان ئارقاق موكىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق توقۇشقا بولىدۇ. بۇ، يۇڭ توقۇلمىلارغا خاس بىر خىل ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

چېكىت سىزىقلىق يۇلتۇز گۈللۈك يۇڭ رەختىنىڭ تېگى گەرچە تۈز سىزىقلىق بولسىمۇ، چېكىت سىزىقلىق يول چىقىرىشتا ھەر تۆت نەخ ئۆرۈش بىر گورۇپپا قىلىنىپ، ھەر بەش نەخ سىڭار قات ئارقاق سىلىنىپ بولغاندىن كېيىن بىر نەخ جۈپ قاتلىق ئارقاق ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئارقاق ئارقىلىق مەلۇم گورۇپپىلاردىكى تۆت نەخ ئۆرۈشنى ئالماپ تۈگۈنچە ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە ئەسلىگە قايتۇرۇپ توقۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۈگۈنچىلەرنىڭ ئاستى - ئۈستىدە ئىككى قاتار ئەلگەك كۆزلۈك تۆشۈكچىلەر ۋە بۇ تۆشۈكچىلەرنىڭ تىزىلىش شەكلى ئارقىلىق تولغىما ياپراقلىق ئۆي كۆزى شەكىللىك گۈل ھاسىل قىلىنغان.

مۇرەككەپ يۇڭ توقۇلما: بۇ خىل توقۇلمىلاردىن ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئۈزۈم گۈللۈك قوش قات يۇڭ چەكمەن بولۇپ، بۇ خىل رەخت ئىنتايىن ئىنچىكە ئىگىرىلگەن يۇڭ يىپتىن سىڭار قات ئۆرۈش تارتىپ، قوش قەۋەت ئارقاق ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىدا توقۇلغان. يەنى بۇ خىل رەخت توقۇشقا ئىككى خىل رەڭلىك ئۆرۈش - ئارقاق ئىشلىتىلگەن. ئۈزۈم شەكىللىك گۈللەرنىڭ گۈل چېگرا سىزىقلىرى ھاسىل بولىدىغان جايلاردا ئىككى قەۋەت ئارقاق بىردەك رەختنىڭ ئوڭ يۈزىدە گىرەلەشتۇرۇپ توقۇلۇپ، سىڭار قات ھاسىل قىلغان. رەختنىڭ گۈل ئىچى ۋە گۈل سىرتقى قىسىملىرى بىردەك قوش

ھەمزەك تېپىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، ھەمزەك توقۇلۇپ بولۇپ بويىلىدىغان گۈللۈك رەخت بولۇپ، ئاق ياكى بوز رەڭلىك رەخت يۇزىگە ئويما قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، گۈل چىقىرىلىدىغان جايلارغا بوياق چەكلەش مەقسىتىدە ھاك ئېرىتمىسى بېرىلىدۇ. ئاندىن بويالماقچى بولغان رەختنى نىل ئېرىتمىسىگە سېلىش ئارقىلىق سوغۇق بوياش ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. رەخت يېيىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ھاك قېتىشمىلىرى قىرىپ چىقىرىۋېتىلسە، كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك رەخت — ھەمزەك ھاسىل بولىدۇ. دېمەك، ئەينى دەۋردە ھەمزەك ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ مەۋجۇتلۇقى قېلىپ باسما بوياق ئۇسۇلى ۋە سوغۇق بوياق ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى، ھاك قېزىش، پىشۇرۇش، ئىشلىتىشنىڭ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى؛ بۆز - يۇڭ يىپ ئارىلاش توقۇلما ئەتلەسنىڭ بايقالغانلىقى بولسا، ئەتلەس ئۇرۇش بوياقچىلىقىغىلا خاس بولغان چەگمە بوياق ئۇسۇلىنىڭ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ساMPۇل قەبرىستانلىقىدا 1984 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان توقۇلما بۇيۇملار ئىچىدە يىپەك توقۇلمىلار تەخمىنەن %10نى، پاختا توقۇلمىلار تەخمىنەن %5نى، يۇڭ توقۇلمىلار %85 نى ئىگىلىگەن. نىيە خارابىسىدا 1959 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان توقۇلما بۇيۇملارمۇ خېلى مول بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىسبىتى ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، يۇڭ يىپتىن توقۇلغان بەلۋاغ، يۇڭ چەكمەن، توچكا سىزىقلىق يۇڭ رەخت، ياندۇرما ئارقاقلىق ۋە قىيپاش سىزىقلىق سىپتە يۇڭ چەكمەن، كىگىز كىيىم قاتارلىق يۇڭ بۇيۇملار، شايى، گۈللۈك دارايى پارچىلىرى، يىپەك ئىچ كىيىم، خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن يىپەك كىمخاپ تون قاتارلىق مول يىپەك توقۇلمىلار بايقالغان. بۆز توقۇلمىلاردىن جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن يوللۇق بۆزدىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان، جەسەتكە يېپىلغان ئىككى پارچە ھەمزەك پارچىسىلا بايقالغان. بۇلار ئەينى دەۋردە خوتەن ئاھالىسىنىڭ كىيىم - كېچەك قۇرۇلمىسىدا يۇڭ توقۇلمىلار ئاساسىي ئورۇندا، يىپەك توقۇلمىلار ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى، كېۋەز كۆلىمىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى، بۆز توقۇلمىلارنىڭ قىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ۋېي، جىن، شىمالىي، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە خوتەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا

ئۆرچۈق، ئۆرچۈق ئوقى، يىپ غالتىكى، تۆرگۈ قاتارلىق توقۇمىچىلىق سايمانلىرى تېپىلغان. 1996 - يىلى قىشتا سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن يەنە ئىككى پارچە بۆز ئارقاق، يۇڭ ئۆرۈشتىن توقۇلغان ئەتلەس پارچىسى تېپىلغان بولۇپ، گۈللىرى هازىرقى قىزىل ئەتلەس گۈللىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش نەتىجىلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەردە، خوتەندە يىپەك، پاختا، يۇڭ توقۇمىچىلىقى ۋە ئارىلاش توقۇمىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىپلا قالماي، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇڭ، يىپەك، بۆز يىپلارنى پاتلىمىسا رەخت توقۇشقا بولمايدىغانلىقى، يىپ پاتلاشقا شاخار، توغرىغا قاتارلىقلارنىڭ ئەشيا قىلىنىدىغانلىقى، هەمزەك قاتارلىق توقۇلۇپ بولۇپ بويىلىدىغان رەختلەرنى بوياشتىن بۇرۇن ئۆشتە قىلىش لازىملىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئەينى دەۋردە شاخارچىلىق، ئۆشتىگەرچىلىك، توغرىغا قازمىچىلىق قاتارلىق توقۇمىچىلىققا ئائىت كەسىپلەرنىڭمۇ بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنەلىشىمىز قىيىن ئەمەس.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ رەڭ تۈرى جەھەتتىن قارىغاندا، يۇڭنىڭ تەبىئىي رەڭگىدە توقۇلغان بۇيۇملاردىن باشقا يەنە قىزىل، توق قىزىل، توق جىگەر رەڭ، ئاچ مايسىرەڭ، توق كۆك، ئاچ كۆك، يېشىل رەڭلەردىكى جىگەر رەڭ، بۇيۇملار بايقالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، سەككىز خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان جىيەكتىن تۆتى، 11 خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان جىيەكتىن بىرسى بايقالغان. بوياق رەڭ تۈرىنىڭ 15 خىلدىن ئاشىدىغانلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدە، توق قىزىل، توق يېشىل، مايسىرەڭ، جىگەررەڭ قاتارلىق رەڭ تۈرلىرىنى تەبىئىي بوياق ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ بوياش مۇمكىن ئەمەسلىكى، چوقۇم باشقا ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىش زۆرۈرلۈكى قاتارلىق ئامىللارنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئەينى دەۋردە كاتاپ قاتارلىق ياسالما بوياق ماتېرىياللىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، زەمچە، شاخار، توغرىغا قاتارلىق رەڭ تۇراقلاشتۇرغۇچى ۋە رەڭ ئېلىشنى كۈچەيتكۈچى خۇرۇچلارنى قېزىش، ئىشلىتىشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. يۇقىرىقى هەر خىل رەڭلىك يىپلار ئومۇمەن قايناتما بوياق ئۇسۇلىدا بويىلىدۇ. نىيە خارابىسى بىلەن سامپۇل خارابىسىدىن

ۋە سېرىق يىپلاردىن يوپۇرماق، مېۋە شەكلى چىقىرىلغان. رومبا سىرتىغا بىر نەچچە خىل رەڭلىك يىپلاردىن گۈل، يوپۇرماق نەقىشلىرى چىقىرىلغان. ئەڭ سىرتىغا تۆت خىل رەڭلىك يىپتىن قىيپاش كانارا سىزىقى چىقىرىلغان.

يۇقىرىقى بىر نەچچە خىل گىلەم ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدە نىيە خارابىسىدىن چىققان گىلەمنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، بۇ گىلەمنىڭ ھەربىر مېتىردىكى ئۇرۇش، ئارقاق زىچلىقى 330 قاتار ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىرقى 360 قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك گىلەملەردىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. نەقىش نۇسخىسى، رەڭ تۈرى، توقۇلۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ھازىرقى خوتەن گىلىمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. «بۇ، شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، خوتەن خەلقى 2 مىڭ يىل بۇرۇنلا نەقىشلىرى ئۆزگىچە، ئالاھىدە رەڭدار زىلچا گىلەم توقۇشنى پىششىق ئىگىلىگەن ®». سامپۇلدىن چىققان گىلەملەرنىڭ تۈۋىت زىچلىقى تۆۋەن بولۇپ، ئۇ زىلچا گىلەمنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، ئەڭ قەدىمىي نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. خوتەن گىلىمى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەردىلا داڭلىق مەھسۇلاتقا ئايلانغان بولۇپ، قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، زىلچا گىلەم ئەينى ۋاقىتتا ئۆي بىساتى، سوۋغات بۇيۇمى بولۇپلا قالماي، بەلگىلىك ئەھۋالدا پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىنغان.

ئەينى دەۋردە ھەر خىل قۇر، جاۋا گىلەم توقۇلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدۇق. بۇ خىل بۇيۇملار تەپكۈلۈك توقۇمىچىلىق دۇكىنىدا ئەمەس، ئۈچ پاچاق ئاچا دۇكاندا توقۇلىدۇ. شۇڭا بۇلار خالۋاپچىلىق مەھسۇلاتى ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك.

**كىگىزچىلىك:** نىيە خارابىسى ۋە سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن ھەر خىل كىگىز پارچىلىرى تېپىلغان، بولۇپمۇ سامپۇل خارابىسىدىن كىگىز قالپاق، كېپىنەك (كىگىز) چاپان، كىگىز ئۆتۈك، كىگىز ئەستەرلىك ئۆتۈك، كىگىز پايپاق قاتارلىق كۆپلىگەن كىگىز بۇيۇملار بايقالغان. ئەسلىي رەڭ كىگىزدىن باشقا يەنە توق قىزىل، مايسىرەڭ، سېرىق بويالغان كىگىز پارچىلىرىمۇ بايقالغان. بۇلار شۇ دەۋردە كىگىزچىلىكنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، كىگىزنىڭ ئۆي بىساتى بولۇپلا قالماي كىيىم - كېچەك تىكىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام ئەشيا ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**تىككۈچىلىك، موزدۇزلۇق، كۆنچىلىك:** 1984 - يىلى سامپۇل

ئىككىسى، يىپەك ۋە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. قارا دۆڭ خارابىسىدىن تېپىلغان قاتلام رەخت ۋە ھەسەرەڭ قاتارلىق بوز رەختلەر، شايى، قىزىل تىگ. ئاق كۆپلۈك كىگىزلەر قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلار خوتەننىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى دەپ قارالماقتا. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىسىدىكى ئىسپاتلىغىنىدا «بۇ دەۋردە يىپەك، پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ئاساسەن يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلارنىڭ ئورنىنى ئالغان. يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى گىلەم، خورجۇننىڭ تەرسىلىرىدىن ئىبارەت بولغان*». دېمەك، بۇ دەۋردە ئاھالىنىڭ كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى قۇرۇلمىسىدا تۈپكى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن. 11 ئەسىردە خوتەنگە كەلگەن تاڭ شۈەنزاڭ يېزىپ قالدۇرغان ئۇدۇنلۇقلارنىڭ «كۆپىنچىسى يىپەك، بوز رەخت كىيىملەرنى كىيىدىكەن» دېگەن خاتىرىلەر ۋە 982 - يىلى يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» دېگەن كىتابتىكى: «ئۇدۇن — ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى جاي، ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى خام يىپەك» دېگەن بايانلار بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

**گىلەمچىلىك:** نىيە خارابىسىدىكى بىر تاۋۇت تېگىدىن بىر پارچە گىلەم چىققان بولۇپ، تۆگە رەڭ ۋە ئاق رەڭلىك ئىككى نەخ يىپتىن ئىشلىگەن يۇڭ يىپ ئۇرۇش، ئارقاق قىلىنغان. خامىراق تالانغان ئىككى قاتلىق يۇڭ شوينىدىن تۈۋت چىگىلگەن. تۈۋت يىپ ھەر ئىككى نەخ ئۇرۇشنى بىر گورۇپپا قىلىپ چىگىلىپ، 2cm ئۇزۇنلۇقتا تۈۋت قالدۇرۇلغان، بىراق تۈۋت ئۇچى قايچىلانمىغان. تۈۋت گىلەمنىڭ چەم يۈزىنى يۆگەپ، ئۇزۇن بويىغا نەقىش ھاسىل قىلغان.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن ئىككى خىل گىلەم ئەۋرىشكىسى بايقالغان، بۇنىڭ بىر خىلى، ھەر 20 ~ 30 قاتار ئارقاقنى تاشلاپ بىر قۇر تۈۋت چىگىش ئۇسۇلىدا توقۇلغان. ئىشلىتىلگەن تۈۋت يىپى توم شوينا بولۇپ، تۈۋت ئېگىزلىكى 2.5cm قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ رەڭ تۈرى ئاز بولغان؛ يەنە بىر خىلى، ھەر 4 ~ 12 قاتار ئارقاقنى تاشلاپ بىر قۇر تۈۋت چىگىش ئۇسۇلىدا توقۇلغان. قىزىل، سېرىق، قارا، ئاق، توق كۆك، ئاچ كۆك، تۆگە رەڭ، ئاچ گۆش رەڭ، توق جىگەر رەڭ قاتارلىق توققۇز خىل رەڭدار يىپتىن تۈۋت چىگىپ نەقىش ھاسىل قىلىنغان. سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى ئات قەبرىسىدىن بىر پارچە ئېگەر گىلىمى بايقالغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى قارا تەگ بولۇپ، توق قىزىل رەڭلىك رومبا نەقىش ئىچىگە قىزىل

ساقلىنىپ قالغان. ئىگەر ئۇستىگە 26cm ~ 74cm لىق ئېگەر گىلىمى يېپىلغان. شۇ قەبرىدىن يەنە ياغاچتىن يونۇپ، سۇركەپ ياسالغان ئۈچ دانە شاپتۇلسىمان بېزەك بۇيۇم چىققان. ئۇنىڭ بىرسىگە تۆشۈك تېشىلگەن. قالغان ئىككىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە يۇڭ پۆپۈك چاپلانغان. بۇلاردىن باشقا ئىككى دانە «U» شەكىللىك ياغاچ توخۇناق، ئىككى دانە ئوتتۇرىسى گويمان تۇز توخۇناق، بىر نەچچە دانە داتلاپ كەتكەن تۆمۈر توقا قاتارلىق ئېگەر - يۈگەن جابدۇقلىرى تېپىلغان.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى باشقا قەبرىلەردىن جەمئىي 10 دانە ئارغامچا تېپىلغان بولۇپ، كۆپ قىسمى چىرىپ كەتكەن. قارا ۋە بوز رەڭلىك يۇڭدىن ئۈچ قات تالانغان يۇڭ شوينىنى ئۈچ قات قېتىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر دانە ئاق چار ئارغامچا ياخشىراق ساقلانغان. نىيە خارابىسىدىن ھايۋانلارنىڭ باشباغ ئەرگۈلى، چۇلۇك، ئات يالى ۋە يۇڭ شوينىدىن توقۇلغان ھالقىسىمان بۇيۇم قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان. بۇلار ئەينى دەۋردە ئېگەر - يۈگەن ئىشلەپ چىقىرىدىغان ساراجلىق ۋە يۇڭ - چۇپۇر، ئات يالى، قۇيرۇق قىلىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئارغامچا - ئارقان تالاش كەسپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**قورال - ياراغچىلىق:** نىيە خارابىسىدىن يا، يا ئوقى، يا ئوقىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان تۆمۈر باشاق، مۈڭگۈز باشاق، ئۇنىڭدىن باشقا تاش شارىك، باسماق قاتارلىقلار تېپىلغان. سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن 1984 - يىلىدىكى قېزىش تەكشۈرۈشتە سەككىز دانە يا، 20 دانە ئوق تېپىلغان. يانىڭ ئالتە دانىسى ياغاچ ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان. ئوتتۇرىدىكى يا دەستىسى 36cm ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، قاتتىق ياغاچتىن ياسىلىپ، ئىككى بېشى يا قانىتىغا ئويۇپ كىرگۈزۈلۈپ بېكىتىلگەن. ئىككى تەرەپ يا قانىتىنىڭ ئىچكى دۈارى بىلەن يا دەستىسىنىڭ ئىچى- سىرتى سۆڭەك ۋە مۈڭگۈز بىلەن يېلىملاپ قاپلانغان، ئۇنىڭ سىرتىدىن ھايۋان پەي - سىڭىرلىرى ئارقىلىق يۆگەپ مۇقىملىغان. قالغان ئىككى دانە ياغاچ يانىڭ بىرسى چىرىپ كەتكەن. يەنە بىرسى دىئامېتىرى 3cm ، ئۇزۇنلۇقى 120cm لىق يۇلغۇن ياغىچىنى ئېگىپ ياسالغان بولۇپ، قىل شوينىدىن كىرىچ سېلىنغان.

شۇ يەردىن تېپىلغان 20 دانە يا ئوقىدىن 11 سى كەمتۈك، توققۇز دانىسى پۈتۈن بولۇپ، بۇنىڭدىن تۆمۈر باشاقلىق ئوق ئۈچ دانە، ئىككىسىنىڭ باشقى يوقاپ كەتكەن. قالغان بىر دانە ئوق

قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىش تەكشۈرۈشتە جەمئىي 127 دانە كىيىم - كېچەك قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى قالپاق، كىگىز كىيىم، ئۇزۇن كۆڭلەك، كالتە كۆڭلەك، ئەستەرلىك كالتە شايى چاپان، ئاخىرەتلىك تون، ئىشتان، ئۆتۈك، كالتە ساخ (كالتە ئۆتۈك)، پايپاق ۋە جىيەك كىيىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نىيە خارابىسىدىن كىگىز كىيىم، پاختا كىيىم پارچىلىرى يىغىۋېلىنغان، 32 پارچە كۆن - خۇرۇم قارۇشتى پۈتۈك تېپىلغان. بۇ خارابىلەردىن يەنە كۆندىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك هۆججەت تەللىسى، ئوقدان قاتارلىق بۇيۇملارمۇ تېپىلغان. تاۋۇتتىن چىققان مۇمىيا جەسەتلەرگە كىمخاپ چاپان، رەخت ئىشتان، «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، بوغۇنلىرىڭىز ئاۋۇن بولغاي» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر كەشتىلەنگەن كىمخاپ پايپاق، سىرىق شايى دوپپا، كىمخاپ پەلەي، ئۇزۇن شايى كۆڭلەك، كەشتىلىك ئۇزۇن پاختىلىق چاپان، تاۋار ئىچ كۆڭلەك، گۈللۈك دارايى ئىشتان قاتارلىق كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن. بۇ كىيىملەردىن بىر قىسمىنى ئەينى زاماندىكى ئائىلە ئاياللىرىنىڭ ئۆزى تىكىپ تەييارلىغان بولۇشى ئېنىق. لېكىن، ئەستەرلىك ئۆتۈك، كىگىز قالپاق، پاختىلىق چاپان قاتارلىق كىيىملەرنى ھەممىلا ئائىلىلەرنىڭ ئۆزى تىكىپ تەييارلىشى مۇمكىن ئەمەس. كۆن - خۇرۇمنىمۇ ئۆزى ئىشلەپ چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئەينى زاماندا مەخسۇس تىككۈچىلىك، كۆنچىلىك ۋە موزدۇزلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپلەر بارلىقىغا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز.

**ساراچلىق، تالامچىلىق:** سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى قېزىش تەكشۈرۈشتە ئىككى دانە ئات قەبرىسى بايقالغان. ھەربىر قەبرىگە بىردىن ئات دەپنە قىلىنغان بولۇپ، تېرە - ئۇستىخانلىرى چىرىمەي كەتمەي ياخشى ساقلانغان. ئاتنىڭ تېنىدە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ئالامەتلىرى يوق بولۇپ، ئۆزىچە ئۆلگەن ياكى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتنىڭ بويىنى ۋە قۇيرۇقىغا چوڭ ئارغامچا باغلانغان. ئۈستىگە ئېگەر - جابدۇقلار ئېگەرلەنگەن.

ئېگەرنىڭ لىڭگىرچاق قىسمى دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇش ۋە باغلاش ئارقىلىق ياسىلىپ، ئۈستى ھايۋان تېرىسى بىلەن قاپلانغان. ئېگەرنىڭ ئالدى تەرىپى كەڭرەك، كەينى تەرىپى تارراق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 74cm، كەڭلىكى 49 ~ 23cm، ئېگىزلىكى 15cm كېلىدۇ. يەنە قوڭۇرراق يۇڭ يىپتىن توقۇلغان تۆشتارتقۇ پارچىسىمۇ

بارلىققا كېلىپ مىلادىيىنىڭ يىللاردىن كېيىن يېزىلغان خاتىرە ئىككەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بارلىققا كەلگەن تۇگمەنلەرنىڭ ئۈستۈن تاش جىم تۇرىدىغان ئاسما تۇگمەنلەر ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

قەغەزچىلىك: دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى 1933 ـ يىلى تارىم ۋادىسىدىن باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە بىر نەچچە پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۆلچىمى 40cm×100 كېلىدىكەن. جاڭ ۋېنلىڭنىڭ: «ئېلىمىز قەغەز پۈتۈكچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 40 ـ يىللار دەۋرىگە تەئەللۇقكەن.

1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى نىيە خارابىسىدىن تاپقان نۇرغۇن يادىكارلىقلار ئىچىدە 43×2.9cm كېلىدىغان بىر پارچە قەغەزمۇ بار.

1999 ـ يىلى ئۇزۇنتات خارابىسىدىن بىر دانە قاشتېشى سۈرگۈچ، بىر دانە قاشتېشى پالتا يىغىۋېلىنغان بولۇپ، ھازىر خوتەن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. قاشتېشى سۈرگۈچنىڭ ئاستى يۈزى ناھايىتى سىلىق، پارقىراق بولۇپ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى كۆپ قەغەزلەرنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، مازارتاغ خارابىسىدىن قەغەز سودىسىغا ئائىت مەزمۇنلار پۈتۈلگەن ھېسابات دەپتىرى تېپىلغان. ستەين 1901 ـ يىلى ۋە 1907 ـ يىلى لوپنۇر ئەتراپىدىن بىر نەچچە قەغەز پارچىسىنى، مازار تاغدىن 119 پارچە تىبەتچە ۋەسىيقىنى تاپقان. بۇنىڭدىن 28 پارچىسى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغانىكەن. 1910 ـ يىلى بوتانىكا ئالىمى ۋېسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشى ئارقىلىق، لوپنۇردىن تېپىلغان قەغەزنىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن ياسالغانلىقى مەلۇم بولغان[11].

خوتەن قەغەزچىلىكىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. تارىخشۇناس ئىمىن تۇرسۇن: «قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن ئەڭ ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىغا تارقالغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شەرقىي خەن دەۋرىگىچە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئادەملەر قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگىلەشكە باشلىغان» دەپ

گەۋدىسىنى ياغاچتىن يونۇپ، چاقلاپ سىلىقلانغان. ئوق ئۇچى ئۇچلىنىپ باشاق ئورنىتىلغان. تۆمۈر ئوق باشىقى ئۈچ قىرلىق، قاناتلىق، قانات پەرىسى تار، ئۇچلۇق، ئۆتكۈر ياسالغان. ئوقنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 76cm، دىئامېتىرى 0.6cm ~ 0.9، باشاق ئۇزۇنلۇقى 3.2cm كېلىدۇ. ئوق تۇۋىنىڭ تۆت تەرىپىگە پەي يەملەنگەن ئىز بار. پەي ئۇزۇنلۇقى 8.2cm كېلىدۇ. قالغان ئالتىسى ياغاچ ئوق بولۇپ، يونۇپ - چاقلاپ سىلىقلانغان. ئوق ئۇچى تۇخۇمسىمان ئۇچلۇق، باشاق ئاستىدا بوغۇمى بار. بەزىلىرىنىڭ قۇيرۇقىغا پەي يەملەنگەن ئىز بار.

بۇلاردىن سۆڭەك قاپلانغان يا، نەيزە، سالغا تېشى قىلىنىدىغان تاش شارىك قاتارلىقلار تەبىئىيكى جەڭ قورالى ھېسابلىنىدۇ. يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان يا ئوۋ قورالى بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن ئەينى دەۋردە قورال - ياراغچىلىق كەسپى، شۇنداقلا سۆڭەك، مۈڭگۈزلەرنى ياغاچقا يەملەش، تۆمۈر، مۈڭگۈز باشاقلارنى، پەيلەرنى ئوق تېنىگە يەملەپ مۇستەھكەم ئورنىتىش ئۈچۈن، يار يېلىم ياساش كەسپىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز.

**تۈگمەنچىلىك**: تۈگمەنچىلىكنىڭ ئۆزى قول ھۈنەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ياغاچچىلىق، قىرمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەر تېخنىكىسى ۋە ئارخىتېكتورلۇقنىڭ ئۇنىۋېرسال قوللىنىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. خوتەننىڭ ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەرگە ئائىت مەدەنىي يادىكارلىق خارابىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئىگەرسىمان ياغۇنچاق ۋە چۆرىمە ياغۇنچاق تاشلىرى ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرغىچە كېرىيىدىكى مارجانلىق خارابىسى، گۇمىدىكى ياغاچ ئۆيلۈك خارابىسى، نىي خارابىسى قاتارلىق جايلاردىن تۈگمەن تېشى بايقالدى. بۇ، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ۋاقىتلاردا خوتەندە تۈگمەنچىلىكنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 1050 ~ 1053 - يىللاردا ئابدۇرەشىد ئابدۇل ھەيي بىننى زەھھال گەردىزى تەرىپىدىن يېزىلغان «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسەردە، «خوتەن رايونىنىڭ ھەممە يېرىدە تۈگمەن بار، ھەممە تۈگمەندە ئاستىنقى تاش چۆرگىلەيدۇ، ئۈستىدىكى چۆرگىلىمەي جىم تۇرىدۇ. تۈگمەندە يىپەكتىن ياسالغان ئەلگەك بار. ئۇ سۇ كۈچى بىلەن تاسقىلىدۇ. ئۇن ئاستىغا چۈشسە، كېپەكى ئۈستىدە قالىدۇ» دېگەن بايانلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ خوتەندە تۈگمەنچىلىك

ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى باشلانغان بولۇپ، قەدىمكى ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئېكىنزارلىقلارنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىكى چوڭ يول بويلىرىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش، سودا قىلىش، كارۋانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئېھتىياجى بىلەن كىچىك بازارلار بارلىققا كەلگەن ھەمدە بۇنداق بازارلاردا ئاھالە بارغانسېرى ئاۋۇپ، سودا - تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان. شۇ ئاساستا شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى بارلىققا كەلگەن. كېيىنچە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزىگە ئايلانغان. دېمەك، شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى دەسلەپتە ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا ماسلاشقان ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتتىن بولغان بولسا، كېيىنچە شەھەرلەرنىڭ پىلانلىنىشى، قۇرۇلۇشى، كېڭەيتىلىشى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تەشكىللىك ھەرىكىتىگە ئايلانغان. قەدىمكى شەھەرلەر ئومۇمەن ئاھالە كۆپ رايونلارنىڭ مەركىزىي نۇقتىلىرى، قاتناش قولاي جايلار ۋە سۇغا يېقىن ئورۇنلارغا جايلاشقان.

مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى دەۋرلەردە خوتەندە مەۋجۇت بولغان ھەر قايسى شەھەرلەر سېپىل بىلەن قورشالغان. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى شەھەر سېپىللىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، ئەڭ ياخشى ساقلانغانلىرىنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى توققۇز مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىردىن كۆپرەك كېلىدۇ (مەسىلەن، ئەندىرە قەدىمكى شەھىرىنىڭ سېپىل قالدۇقى)، لېكىن كۆپىنچە سېپىللار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. سېپىلنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بەزىسى يۇمىلاق، بەزىسى تۆت چاسا، بەزىسى سوقىچاق شەكىللىك ياسالغان. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، كۆپ قىسىم شەھەرلەرنىڭ سېپىلى توپا لاي بىلەن تام سېلىش، ئىككى تەرەپكە لاي تام سېلىپ، ئوتتۇرىسىغا نەم توپا توشقۇزۇپ قاڭداپ چىڭداش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان. بەزى سېپىللارنىڭ ئارىسىغا يۇلغۇن شېخى، بادرا قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، مۇستەھكەملىكى ئاشۇرۇلغان. پەقەت ئاقسېپىل شەھىرىنىڭ سېپىلىلا خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ سېپىلنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىغا قارىغاندا كېسەكلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىك ئۆلچىمى ھەر خىل بولۇپ، ئەينى دەۋردە پۇقرالارغا ھاشار سېلىپ، ھەركىم ئۆزى خالىغان ئۆلچەمدە كېسەك قۇيۇپ ئىشلەتكەنلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

قارايدۇ①. ئارخېئولوگ لى يىنپىڭ بولسا، «قەغەزچىلىك مىلادىي
I ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ھېسابلايدۇ②.

قەغەزچىلىك بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي جىن دەۋرىدىن تاڭ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 500 يىل مابەينىدە ناھايىتى راۋاجلانغان. مەھسۇلاتى، سۈپىتى ۋە تېخنىكا جەھەتلەردە ئۇچقاندەك تېز يۈكسەلگەن. خام ئەشيالارنى تاللاش، مايسىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ، نايا‌پ (قەغەز سۇيۇقلۇقى) نىڭ سۈپىتى روشەن ياخشىلانغان. تەكشىلىكى، سۇتلۇك دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۆسۈملۈك يىلىمى قوشۇلغان ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەتىقە قەغەز ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە مۇشۇ تۈردىكى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ. يەنە كىراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يىلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغەزلىرىمۇ بولۇپ، بۇ خىل قەغەزلەر دىنىي ئەقىدە ياكى كۇيىدىن ساقلاش ئۈچۈن سېرىق بويالغان (44). خوتەن قەغىزى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ يېقىنقى زامانلارغىچە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈكسەك شۆھرەت قازانغان. نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي مىراسلار مۇشۇ قەغەزلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

## 5) بىناكارلىق مەدەنىيىتى

ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە بىناكارلىق ۋە بىناكارلىق خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرى تەرەققىياتى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

**بىناكارلىق:** بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى شەھەر - ئوردا قۇرۇلۇشى، قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى، تىم - تۇرا قۇرۇلۇشى، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى، كارۋان ساراي - ئۆتەڭ قۇرۇلۇشى، بۇتخانا مۇنار قۇرۇلۇشى، قەبرىستان - لەھەت قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**شەھەر - ئوردا قۇرۇلۇشى:** خوتەن دائىرىسىدىكى قەدىمكى دەۋرگە تەۋە يوتقان شەھىرى، ياغاچ ئۆيلۈك شەھىرى، دەندان ئۆيلۈك شەھىرى، يومىلاققۇم شەھىرى، ئاقسىپىل شەھىرى، ئاق قوچقىراق شەھىرى ۋە تىيىم شەھىرى قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى سېپىل بىلەن قورشالغان. بۇنداق شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

تۇتاشتۇرۇلغان. قەلئە ئەتراپىدا خەۋەرلىشىش سۇپىسى، بۇتخانا قاتارلىقلارنىڭ خارابىسى بار. بۇ قەلئە خوتەندىن ئاقسۇغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، قوغدىنىش رولىدىن سىرت، يولۇچىلار، كارۋانلارنى تەكشۈرۈش، باج ئېلىش ئىشلىرىدىمۇ رول ئوينىغان.

بۇ يەرنىڭ «مازار تاغ» دەپ ئاتىلىش سەۋەبى توغرىسىدا، XI ئەسىرنىڭ بېشىدىكى دىنىي ئۇرۇشتا بۇددىستلار ئارىسىدىكى مارجانخان ئىسىملىك بىر ئايال ئىسلام لەشكەرلىرىگە مەلۇمات يەتكۈزۈپ بەرگەنىكەن. بۇددىستلار بۇنى سىزىپ قېلىپ ئۇنى قەتلى قىپتۇ. قەلئە ئېلىنغاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قەبرە ياساپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جاي «مازارتاغ» دەپ ئاتىلىپتۇ، دېگەن رىۋايەتلەر بار.

مازارتاغ قەلئەسى ئادەتتە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس دەپ قارىلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغان دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار. ستەين بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كېلىپ، تاشپاقا شەكىللىك قىزىل ساپال تەخسە، بۇت قېلىپى، ياغاچ، يۇڭ، مېتال، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملارنى، تۈبۈت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان تارىشا پۈتۈك ۋە يازما ماتېرىياللار قاتارلىق قىممەتلىك ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىمۇ بۇ يەردىن بىر قىسىم قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپقان.

ھاسا نۇقتىرىشىت قەلئەسى: بۇ قەلئە چىرا ناھىيىسىدىكى ھاشى دەرياسىنىڭ ھاسا دېگەن جايىدىكى ئىككى دەريا قوشۇلىدىغان ئۈچ بۇرجەكلىك تىك قىرغاق ئۈستىگە قۇرۇلغان. خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ ئاخىرقى قوماندانى بۇ يەردە ئىسلام قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان. شۇڭا يەر نامى بىلەن تارىخىي شەخس نامى قوشۇلۇپ «ھاسا نۇقتىرىشىت قەلئەسى» دەپ ئاتالغان. قەلئەنىڭ ئۈچ تەرىپى تەبىئىي تىك قىيا بولۇپ، نەچچە ئون مېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى ساي بولۇپ، قورام تاش ۋە شېغىلدىن سېپىل ياسالغان. قەلئە ئىچىدىن دەريا تېگىگە تۇتىشىدىغان لەخمە قېزىلغان. قەلئە ئىچىدە ئۆي - ئىمارەت ساقلىنىپ قالمىغان، ئەمما بارگاھ، مەشىق مەيدانى، كۆزىتىش مۇنارى، گەمە ئۆيلەر ئورنى قاتارلىقلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

تىم - تۇرا قۇرۇلۇشى: بۇ قەدىمكى دەۋردە يىراقنى كۆزىتىش،

سېپىل تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ھەربىي قۇرۇلۇش بولۇپ قوغدىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا شەھەر سېپىللىرىغا بىر قان يەردىن دەرۋازا قويۇلغان. سېپىلنىڭ ئۈستىگە سىرتىنى كۆزىتى ئۈچۈن كۇنگۈرىلەر چىقىرىلغان. سېپىل ئىچىدە ھۆكۈمرانلارنى ئوردا - سارايلىرى، لەشكەرگاھلار، چوڭ - كىچىك كوچىلار بۇتخانا- ئىبادەتخانىلار، كارۋان سارايلار، ئاشپۇزۇل - چايخانىلار دۇكان - سارايلار، قول ھۈنەر ئىشخانىلىرى، ئاھالە ئۆيلىرى ۋە كۆل قاتارلىقلار جايلاشقان. ئەپسۇسكى، ئەينى دەۋردىكى ئوردا - ساراي قۇرۇلۇشلىرىدىن ساقلىنىپ قالغان نەمۇنە ياكى تەپسىلىي يازم خاتىرىلەر يوق. پەقەت VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا خوتەنگە كەلگەن راھىب سۇڭ يۈن، ئۇدۇن شەھەرلىرى توغرىسىدا، سېپىل ئەتراپىدىكى گۈل - گىياھ ۋە مېۋىلىك دەرەخلەر لوياڭدىكىگە ئوخشايدىكەن. كىسەك ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىلا پەرقلىنىدىكەن. ئۇدۇن شەھىرىدە ئۆي - كوچىلار بار ئىكەن. خانىنىڭ ياتاق ھۇجرىسىغا قىزىل رەسىم سىزىلغانىكەن» دېگەن قىسقىچە مەلۇماتنى قالدۇرغان.

قەلئە - قورغان قۇرۇلۇشى: قەلئە - قورغانلار قوغدىنىش ئۈچۈن ياسالغان مۇداپىئە قۇرۇلۇشى بولۇپ، قاتناش يوللىرى ئۈستىدىكى مۇھىم ئۆتكەللەرگە ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ لايىھىلىنىشى ۋە قۇرۇلمىسىدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈلىدۇ. خوتەندە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي قەلئەلەردىن مازار تاغ قەلئەسى بىلەن ھاسا نۇقتىرىشىت قەلئەسى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان.

مازارتاغ قەلئەسى: بۇ قەلئە خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان. خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 180 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ بۇ تاغدىن كېسىپ ئۆتكەن جايى تىك قىرغاق بولۇپ، بىر تەرەپتىكى تاغ ئاق رەڭلىك، يەنە بىر تەرەپتىكىسى قىزىل رەڭلىك ياسىقاق تاشتىن ھاسىل بولغان. ئىككى خىل رەڭدىكى تاغ، تىك قىرغاق، پەستىكى ئەگرى-بۈگرى سوزۇلغان دەريا قوشۇلۇپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

مازارتاغ قەلئەسى غەرب تەرەپتىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان. قەلئە دەرۋازا، سېپىل، كۆزىتىش مۇنارى ۋە ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىڭ 100 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ساقلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ، چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان. قەلئە تېگىدە لەخمە بولۇپ، ئامبار بىلەن

بىجىرىم ساقلىنىپ قالغانلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشىدىن ئەينى دەۋردىكى ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىغا دائىر ئەھۋاللارنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆي - ئىمارەتلەر ئومۇمەن يول بويلىرىغا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا مەھەللە شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەككە، تارقاق ئورۇنلاشقان ئۆيلەرمۇ ئۇچرايدۇ. يەر تۈزۈلۈشى سەل ئېگىزرەك جايلار ياكى دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە سېلىنىپ كەلكۈن ئاپىتىدىن ساقلانغان. ئولتۇراق ئۆيلەر قۇرۇلۇشى ئۆي، ھويلا، ئېغىل - قوتان، مېۋىلىك باغ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەزى ئۆيلەرنىڭ يېنىغا كۆل كولانغان. باغلارنىڭ ئەتراپى شاخ - شۇمبىلار بىلەن چىتلانغان. ھويلا ئەتراپى تام ياكى شاخ ۋادىكلەر ئارقىلىق ئاھادىلانغان. ھويلا ئەتراپى، باغ پاسىلى، يول، ئېرىق بويلىرىغا دەرەخ سېلىنغان.

ئەينى دەۋردە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ماتېرىيال قۇرۇلمىسى جەھەتتە، توپا - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە ۋادىك (قوشام)، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ئاساسىي ئورۇندا، كېسەك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان. بۇلاردىن توپا تام قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بىلەن كېسەك ئۆيلەرنىڭ سۈپىتى ھازىرقى شۇ خىل ئۆيلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ۋادىك قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بىر قەدەر ئالاھىدە، شۇنداقلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، تام ئۇلىغا زەگۇندە قويۇلغان. زەگۇندىلەرنىڭ كېسىشكەن ياكى بۇرجەكتە تۇتاشقان جايلىرىغا ئەركەك تۇرۇملۇق باش تۈۋرۈك، باش تۈۋرۈكلەر ئارىسىغا بىرەر مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ، بىردىن ئارا تۈۋرۈك قويۇلۇپ، ئارا تۈۋرۈكلەر بىر نەچچە قەۋەت تۈز چېتىق ۋە قىيپاش چېتىقلار بىلەن چېتىقلانغان. ئاساسىي تام ۋە ئارا تاملار توغراق، يۇلغۇن شېخىدىن كەتمەن دەستىسى توملۇقىدا ئېشىپ تەييارلانغان چىۋىق كۆلىلارنى تۈۋرۈكلەر ئارىسىدىكى چېتىقلارغا يەنە شۇنداق چىۋىق كۆلا بىلەن باغلاپ توقۇپ ۋادىك ئېتىش، ئاندىن ئىچى - سىرتىدىن سامانلىق سېغىز لاي بىلەن قېلىن سۇۋاش ئارقىلىق پۈتتۈرۈلگەن. تاملارنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 10cm دىن يۇقىرى بولغان. خە، سىنجى ۋە تۈۋرۈكلەر ئۆز ئارا تۇرۇملانغان. ئۆگزىسى بالا ئۈستىگە ۋاسا، ۋاسا ئۈستىگە قومۇش بورا ياكى چىۋىق بورا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سامان، سامان ئۈستىگە توپا قويۇپ، ئۈستىدىن سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق يېپىلغان. تاملىرىنى قومۇش باغلاملىرىدىن ۋادىك ئېتىش،

دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىش مەقسىتىدە ياسالغان ھەربى
ئىنشائات بولۇپ، قاتناش يوللىرىنى بويلاپ، بىر - بىرى
كۆرۈنگۈدەك ئارىلىق قالدۇرۇپ ياسالغان. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا
تىملارنىڭ ئارىلىقى 30 چاقىرىم بولسا بولىدۇ. لېكىن مۇھىم
ئۆز ئارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇشى لازىم، دېگەن خاتىرىلەر بار. تىم
تۇرالارنىڭ كۆپىنچىسى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئاچال، ئۆتكەل
شەھەر ۋە يېزا - بازارلارنى تۇتاشتۇرىدىغان كارۋان يوللىرى بويلىرى
ياسالغان ۋە مەخسۇس ئادەم قويۇلغان. ئۇلارنىڭ يېنىغا ئۆتەڭ
قونالغۇ، ساراي، دۇكان، ئاشخانا سېلىنغان. سۇسىز چۆللەرد
قۇدۇق كولاش ياكى سۇ توشۇپ كېلىپ زاپاس ساقلاش ئارقىلىق سۇ
بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىنغان.

تىم - تۇرالار تاش - كېسەك ياكى نەم توپىنى قاتۇراش ئارقىلىق
قوپۇرۇلغان بولۇپ، كۆپىنچىسى مۇنار شەكلىدە ياسالغان ھەمد
مەلۇم ئارىلىقتا بىر قۇردىن ياغاچ بادرىلارنى باستۇرۇش ئارقىلىق
مۇستەھكەملىكىگە كاپالەتلىك قىلغان.

تىم - تۇرالار ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك رول ئوينىغان بولۇپ،
بىرى، دۈشمەن ئەھۋالى كۆرۈلگەندە كۈندۈزى ئىس قويۇش، كېچىسى
ئوت يېقىش ئارقىلىق بەلگە بەرگەن. نەتىجىدە ئوت - ئىس ئارقىلىق
بېرىلگەن خەۋەر تىم - تۇرالار ئارقىلىق ئىمكانقەدەر تېزلىكتە
قوماندانلىق ئورگىنىغا يەتكۈزۈلگەن؛ يەنە بىرى، ھەر تەرەپكە
سوزۇلغان يوللاردا قاتناپ تۇرىدىغان ئەلچى، ھەربىي، مۇلكىي
ئەمەلدارلار، ھۆكۈمەت پوچتىسى قاتارلىقلارنى ياتاق، تاماق، سۇ،
يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش، يول - نىشانلىرىنى كۆرسىتىپ
بېرىش، ئۇلاغ بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

خوتەندىن دۇنخۇاڭغا ۋە قەشقەرگە سوزۇلغان يوللاردا ياسالغان
تىملارنىڭ ئىزنالىرى ھېلىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. خوتەندە بۇ خىل
ئىنشائات تىم - تۇرا دەپ ئاتالغاندىن سىرت، تۇرا كۆپىنچە پوتەي دەپ
ئاتالغان. ھەتتا پوتەي دېگەن سۆز ئۇزۇنلۇقنى ئىپادىلەيدىغان ئۆلچە
بىرلىكى بولۇپ، «15 پوتەي يول باستۇق» ، «ئالتە پوتەي يول
قالدى» دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىلغان.

**ئولتۇرلۇق ئۆي قۇرۇلۇشى:** نىيە خارابىسى، ياغاچ ئۆيلۈك
قەدىمىي شەھىرى، ئاق قوچقىراق قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق جايلار
ساقلىنىپ قالغان كونا ئۆيلەر خېلى كۆپ بولۇپ، گەرچە بۇلاردى

سېلىنغان بولۇپ، بۇلاردا ياتاق، ئېغىل، بەزىلىرىدە ئاشخانا، ئوت-سامان، يەم - بوغۇز تەييارلانغان. سۇ بويىدا بولمىغان ئۆتەڭلەردە كۆل ياكى قۇدۇق كولانغان، ئۇنداق شارائىتمۇ بولمىغانلىرىدا مەلۇم مىقداردا زاپاس سۇ ساقلانغان.

كارۋان سارايلىرى ۋە ئۆتەڭلەر كارۋانلار، يولۇچىلار، سەيياھ-تاۋابچىلار، كۆچمەنلەر قاتارلىق ئۆتكۈنچىلەرنى ياتاق، سۇ، بەزىدە تاماق ياكى ئاشلىق، ئوت - سامان، يەم - بوغۇز، ئۇلاغ بىلەن تەمىنلەش، غېرىب - غورۋا يولۇچىلارنى قۇتقۇزۇش، كېسەللەرنى ئۆزىگە يارىشا داۋالاش، كۈتۈش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ مۇلازىمەتلەر بەدىلىگە سارايۋەن، ئۆتەڭچىلەر ئۆز تۇرمۇشىنى كىرىم مەنبەسىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، ئۇدۇننىڭ گەينى دەۋر سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقان.

ساراي - ئۆتەڭ قۇرۇلۇشلىرى بىلەن تىم - تۇرا قۇرۇلۇشلىرىنىڭ مەلۇم ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتلىك پەرقى بار. بىرىنچىدىن، ساراي - ئۆتەڭلەر قاشتېشى يولى ۋە يىپەك يولى بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭلا دېگۈدەك بارلىققا كەلگەن. بۇ ئۇنىڭ مۇلازىمەت خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. تىم - تۇرا قۇرۇلۇشى بولسا، سىياسىي، ھەربىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ساراي - ئۆتەڭلەردىن نۇرغۇن زامانلار كېيىن بەرپا بولغان؛ ئىككىنچىدىن، ساراي - ئۆتەڭلەر نوقۇل سودا مۇلازىمەت مۇئەسسەسەسى بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن ئىختىيارىي يوسۇندا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ۋە خەلق ئېھتىياجىغا مۇلازىمەت قىلغان تىم - تۇرالار بولسا، ئاساسەن سىياسىي، ھەربىي مۇلازىمەت مۇئەسسەسەسى بولۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان؛ ئۈچىنچىدىن، ساراي - ئۆتەڭلەر خەلق مۇئەسسەسەسى بولغاچقا، سىياسىي داۋالغۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ مۇلازىمىتى مۇقىم ۋە دائىمىي بولغان. تىم - تۇرالار بولسا، سىياسىي، ھەربىي، بوران - چاپقۇنلارنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مۇلازىمىتى مۇقىم ۋە ئىزچىل بولالمايدۇ.

بۇتخانا - مۇنار قۇرۇلۇشى: تىبەتچە يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ئۈچىنچى ئەۋلاد ئۇدۇن خانى ۋىسا سامبىۋاۋا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 82 - يىلى ئۇدۇن خانلىق تەختىگە چىققان) بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇدۇندىكى تۇنجى بۇتخانا — زاما

ئۆگزىسىنى قومۇش باغلاملىرىنى قاتار تىزىپ يېپىش ئۇسۇلىدا سېلىنغان ئۆيلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئولتۇراق ئۆيلەر پېشايۋان، كارىدور، مېھمانخانا، مەھرەمخانا، ساراي، قازناق (ئامبار) قاتارلىقلاردىن ياكى شۇلارنىڭ بىر قىسمىدىن تەركىب تاپقان. بەزى ئۆيلەرگە سۇپا، تامغا مورا ئوچاق چىقىرىلغان. تامغا پەنجىرە قويۇلماي، تورۇسقا تۆڭلۈك چىقىرىپ ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق سېلىنغان.

نىيە خارابىسىدىكى N3 نومۇرلۇق خارابە ئۆي بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، هويلا، پېشايۋان، كارىدوردىن سىرت مېھمانخانا، مەھرەمخانا، ساراي، ياتاق، دالانچە، ئاشخانا، قازناق قاتارلىق 12 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. نىيە خارابىسىدىكى ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ خە، سىنجى، تۈۋرۈك، ئىشىك قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسىملىرىغا ئويما نەقىش، قىرما نەقىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەر خىل نەقىشلەر چىقىرىلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ خە بىلەن سىنجىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان يۇقىرىقى بېشىغا چىرايلىق ئويما نەقىشلەر ئىشلەنگەن ياغاچ قالپاقچە قويۇلۇپ، ئىمارەتنىڭ چىداملىقلىقى ۋە كۆركەملىكى ئاشۇرۇلغان. «نىيە خارابىسىدىن چىققان يۇنان، رىم ئۇسلۇبىغا ئىگە ياغاچ ئۆي جاھازلىرى، بىناكارلىق دېتاللىرى ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن. نەپىس ۋە جانلىق، رەتلىك گېئومېتىرىيىلىك سىزىقلىرى، مول مەزمۇنلۇق يىرتقۇچ ھايۋانلار ئوبرازى، گۈزەل ۋە كۆركەم گۈلدەستە نەقىشلىرى تا ھازىرغىچە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان سېھرىي كۈچىدىن قالمىغان ⁕».

كارۋان ساراي، ئۆتەڭ قۇرۇلۇشى: خوتەننىڭ ئۆزىدىن ۋە خوتەن ئارقىلىق يىپەك يولىدا موكىدەك قاتناپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرى، سەيياھ - تاۋابچىلار ۋە كۆچمەنلەر ھەر قايسى بوستانلىقلار ئارىسىدىكى ئۇزۇن چۆللەر، قاقاس سايلارنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قامداش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ۋە مۇشۇ زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن كارۋان ساراي، ئۆتەڭ، ساتما مۇلازىمىتى ھەمدە ساراي - ئۆتەڭ ئىنشائاتلىرى بارلىققا كەلگەن.

چوڭراق شەھەر - بازارلاردا كارۋان سارايلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ياتاق، ئاشخانا، ئامبار قاتارلىقلار سېلىنغان. كىچىك بوستانلىقلار ۋە چۆللەردىكى ھەربىر مەنزىل (بىر كۈنلۈك مۇساپە)، زادى سەمەنبەسى يوق چۆللەردە بىرنەچچە مەنزىللەردە ئۆتەڭ ياكى ساتما

كېلىدىكەن. نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن بېزىلىپتۇ. ئۇ نۇرغۇن جاۋاھىرلاردىن پۈتكەنىكەن. مۇنارنىڭ ئارقىسىدا بۇرھانلار سارىيى بولۇپ، ئۇمۇ ھەشەمەتلىك ۋە زىننەتلىك قىلىپ سېلىنغان. لىم، تۈۋرۈك، ئىشىك - دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن قەغەز ئىشلىتىلگەن. ئايرىم سېلىنغان راھىب ھۇجرىلىرىمۇ كاتتا زىننەتلەنگەن بولۇپ، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايدۇ. كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى ئالتە خانلىقنىڭ خانلىرىمۇ ئۇنىڭغا قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەدىيە قىلىشقان، دەپ خاتىرىلىگەن. بۇ خاتىرىدىكى بۇتخانىنىڭ ئېگىزلىكى 25 غۇلاچ دېگەن سۆز مۇبالىغە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ بۇتخانىنىڭ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئىكەنلىكىگە، ئۈچ ئەۋلاد خاننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن 80 يىلدا پۈتكۈزۈلگەنلىكىگە، ھېسابسىز ئەمگەك كۈچى ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىنغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ.

«شۇ چاغدا ئۇدۇن خانلىقىدا 14 چوڭ ساڭرام بولۇپ، كىچىكلىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن. پەقەت قۇمات ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق راھىب بولغان. تىبەتچە ‹ئۇدۇننىڭ بۇددىزم تارىخى›دا خاتىرىلەنگەن رىۋايەت بويىچە بولغاندا، بۇددىزم ئۇدۇندا پەيدا بولغان ۋە گۈللەنگەندىن كېيىن، ‹كالاباش تېغى، قۇمات ئىبادەتخانىسى، گوڭبالڭ، زاما، جودىر، دامادى، سالدى، گويجوڭ قاتارلىق جايلاردا بۇتخانىلاردىن خىسلەتلىكلىرى 333 ئىكەن›. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى بۇددا دىنى ئۇدۇندا خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، دۆلەت دىنى بولغان بولۇپ، ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنى تارىخىدىكى تازا گۈللەنگەن دەۋر بولغان[*]».

ئەمما ئەينى دەۋردىكى شۇنچە كۆپ بۇتخانىلاردىن بىرەرسىمۇ بىزنىڭ زامانغىچە ياخشىراق ساقلىنىپ قالمىغان. شۇڭا، بۇتخانىلارنىڭ تەكشىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، شەكلى، كۆلىمى جەھەتتىكى ئەھۋاللار ھەققىدە ئېنىق بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇتخانىلارنىڭ توپىغا كۆمۈلۈپ قالغان تام پارچىلىرىنى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردىكى بۇتخانىلار كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋە قوشام - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياسالغان. ئىچى - سىرتى گەج بىلەن سۇۋالغان ياكى سېغىز لاي سۇۋاپ ئاقارتىلغان. تاملارغا قاپارتما بۇت - ھەيكەللەر چىقىرىلغان. بەزى تاملارغا بۇت تەكچىلىرى

بۇتخانىسىنى سالدۇرغان. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن تۆتىنچى ئەۋلاد خاندىن 10 ـ ئەۋلادقىچە جەمئىي يەتتە ئەۋلاد خانلار بىرمۇ بۇتخانا سالدۇرمىغان. 11 ـ ئەۋلاد خان ۋىسا ۋىريا قوماتتىكى كالا باش تاغدا چولك ئىبادەتخانا سالدۇرغان. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇندا ئومۇملىشالماسلىق ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولغان. بۇتپەرەسلىكنىڭ تەدرىجىي ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، بۇتخانا ۋە بۇت مۇنارى سېلىش كۆپەيگەن.

بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرى ئومۇمەن بۇتخانا، بۇت مۇنارى ۋە بۇددا مىلك ئۆيلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇتخانا — خاس راھىب ھۇجرىلىرى، بۇتقا چوقۇنىدىغان ھۇجرا، دىنىي پائالىيەت ھۇجرىلىرى، نوم ـ بىتىك ساقلايدىغان ھۇجرا قاتارلىق ئىمارەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇددا دىنى ئەنئەنىسىدە راھىبلارنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ جەسەت كۈلىنى مۇنار ئىچىدە ساقلاش ئادىتى بولغانلىقى ۋە باشقا بۇددا ئەقىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئاساسەن بۇت مۇنارى سېلىشمۇ بۇددا ئىمارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادىيە 220 ~ 580 ـ يىللار) دەۋرىدە، خوتەندە بۇددا دىنى ئومۇملىشىپلا قالماي گۈللىنىش ھالىتىگە كىرگەن. «ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇندا بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. بۇتخانا، مۇنار، راھىب، راھىبەلەر كۆپ ئىكەن، دېيىلگەن. مىلادىيە 401 ـ يىلى خوتەنگە كەلگەن راھىب فاشيەن، ئۇ ئەلدە ناھايىتى مولچىلىق ۋە شاتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن، خەلقى باياشات ئىكەن. ھەممىسى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن... ئۇ ئەلدە ئاھالىلەر زىچ ئىكەن. ھەممە ئائىلىلەر ئىشىك ئالدىدا كىچىك مۇنار سالغان بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ ئەتراپىدا كېلىدىكەن. مېھمان بولۇپ كەلگەن راھىبلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن تۆت چاسىلىق راھىب ھۇجرىسى سېلىنغان، دېگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

فاشيەن ئۇدۇن خان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تاكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كاتتا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختىلىپ، ئۇلارنىڭ شەھىرىنىڭ غەربىدىن 7 ـ 8 چاقىرىم كېلىدىغان جايىدا سامادىجىنا ئىبادەتخانىسى دەيدىغان بىر ساڭرام بار ئىكەن. ئۇنىڭ سېلىنغىنىغا 80 يىل بوپتۇ ـ ئۈچ خاننى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن پۈتۈپتۇ. ئېگىزلىكى 25 غۇلاچ

**قەبرىستان، لەھەت قۇرۇلۇشى:** ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بۇددىزم دەۋرىدە قەبرىستانلىقلار ئاھالە زىچ بوستانلىقنىڭ مەركىزىي قىسىملىرىدا مەھەللە ئەتراپلىرىغا، قۇملۇق ياقىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قەبرىستانلىقلىرى ئېگىزرەك قۇم دۆڭلىرىگە، تاشلىق ساي ـ جىلغا ئەتراپلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قەبرىستانلىرى ئېگىزرەك شېغىللىق سايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا قەبرىستانلىقلارنى كەلكۈن ئاپىتىدىن ساقلاش مەقسەت قىلىنغان بولسا كېرەك. قەبرىستانلىقلاردا ھازىرغىچە قەبرە تېشى قاتارلىق يەر ئۈستى بەلگىلىرى ئورنىتىلغانلىقى بايقالمىدى.

ئەينى دەۋردىكى لەھەت قۇرۇلمىسى جەھەتتە، لەھەتلەر كۆپىنچە چاسا ياكى ئۇزۇن چاسا ئورەك شەكلىدە كولانغان. قىسمەن لەھەتلەر گەمە شەكلىدە ياسىلىپ، ئۇزاق ۋاقىت تەكرار ئىشلىتىلگەن. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇددىزم دەۋرىدىكى خوتەن بىناكارلىقىدا ئوردا-ساراي قۇرۇلۇشى بىلەن بۇتخانا قۇرۇلۇشى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. بەزى دەۋرلەردە بۇتخانا قۇرۇلۇشى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. خانلىقنىڭ پۈتۈن مالىيىسىنى سەرپ قىلىپ، 80 يىلدا بىر بۇتخانا ياساپ چىقىشتىنمۇ ئايانمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى مەيلى كۆلىمى، سۈپىتى، بېزەكچىلىكى جەھەتتىن بولمىسۇن، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

قۇرۇلۇش ماتېرىيالى جەھەتتە، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈلگەن. ياغاچ بىلەن كېسەك ئاساسىي قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنغان. قىسمەن قۇرۇلۇشلارنىڭ تۈۋرۈك ئۇلىغا تاش سوقۇملار قويۇلغان، بەزىلىرىگە پىششىق خىشمۇ ئىشلىتىلگەن. ھازىرغىچە خوتەن تەۋەسىدىن ئىككى جايدا قەدىمكى دەۋرگە خاس پىششىق خىش بايقالدى. بىرى، گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 140 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمىي شەھەر خارابىسىدە خېلى بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ تېگىگە پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان؛ يەنە بىرى، كېرىيە ناھىيە لەڭگەر يېزىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى كۆكچىساي ناملىق شېغىللىق تاقىر سايدىن تۆت مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا شېغىل بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن پىششىق خىش ناملىق يەر ئاستى ئىمارەت بايقالدى. بۇ جاي رەسمىي قېزىپ تەكشۈرۈلمىگەچكە يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ

چىقىرىپ ھەر خىل بۇتلار قويۇلغان. تامنىڭ باشقا جايلىرىغا ھەر خىل رەڭلىك يەرلىك سىر بىلەن بۇددا مەزمۇنىدىكى تام سىزما سۈرەتلەر سىزىلغان. بەزى بۇتخانىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۇت سۇپىسى ياسىلىپ، ئۈستىگە بۇدساتتۋا ھەيكەللىرى تۇرغۇزۇلۇپ، ئەتراپىدا تاۋاپ - ئىبادەت قىلغان ئايلانما ئاراچ چىقىرىلغان.

خوتەندە پەرق ئەتكىلى بولىدىغان بۇت مۇنارلىرى ئىزلىرى كۆپ بولسىمۇ، ھازىرغىچە ياخشىراق ساقلانغانلىرى لوپ ناھىيىسىدىكى راۋاق بۇت مۇنارى، چىرا ناھىيە ئۇزۇنتات خارابىسىدىكى ئىككى مۇنار، نىيە قەدىمكى شەھىرىدىكى توپا مۇنار، نىيە تىيىم قەدىمكى شەھىرىدىكى شايانتاق مۇنارى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرۇلمىسى جەھەتتە كۆپىنچە چوڭ سېغىز كېسەكلەردىن، بەزىلىرى سېغىز ئارىلاش توپا لايدىن ياسالغان. شەكلى جەھەتتە ئۇزۇنتاتتىكى ئىككى مۇنار كۆپ قىرلىق ياسالغاندىن تاشقىرى باشقا مۇنارلار تەگلىكى بىر نەچچە قەۋەت چاسا شەكىللىك، ئۈستى كېسىك كونۇس شەكىللىك ياسالغان. بۇ خىل مۇنار شەكلىدە ھىندىستانچە بۇددا بىناكارلىق ئۇسلۇبى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. مۇنارلارنىڭ سىرتقى يۈزى بوران - يامغۇر تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە يالاپ كېتىلگەن بولۇپ، سۇۋالغان - سىزالمىغان، نەقىش ياكى قاپارتما ھەيكەل، سىزما نەقىشلەر چىقىرىلغان - چىقىرىلمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى مۇنارلار ئىچىدە شايانتاق مۇنارى بىلەن راۋاق بۇددا مۇنارى ياخشىراق ساقلانغان بولۇپ، خام كېسەكتىن سىلىندىر شەكلىدە ياسالغان. شايانتاق مۇنارىنىڭ ھازىر ساقلانغان ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن ئاشىدۇ. راۋاق بۇددا مۇنارى ئاستى ئىككى قەۋەت چاسا پەلەمپەي شەكىللىك، ئۈستى سىلىندىرسىمان، ئىچى كاۋاك ياسالغان. سۇپەتلىك سېغىز كېسەك ئىشلىتىلگەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئومۇمىي ئېگىزلىكى 9 مېتىرغا بارىدۇ. مۇنار ئەتراپىدا چاسا شەكىللىك ھويلا تام سېلىنىپ، ئىچى - سىرتى ئاقارتىلغان ھەمدە تامغا نۇرغۇن بۇت ۋە يېرىم چاپلىما لاي بۇت ھەيكەللىرى چىقىرىلغان. تامنىڭ بۇتلار ئارىسىدىكى بوشلۇقلىرىغا بۇددا ھېكايىلىرى تەسۋىرلەنگەن تام رەسىمى سىزىلغان.

خوتەندە ھازىرغىچە مىڭئۆي قۇرۇلۇش ئىزنالىرى بايقالمىدى. بۇ، مىڭئۆي غارلىرىنى قېزىشقا مۇۋاپىق يەر تۈزۈلمىسى بولمىغانلىقتىن بولغانمۇ ياكى ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىنغانمۇ؟ بۇمۇ ئېنىق ئەمەس.

جايلاردا ئۆيلەرنىڭ خە، تۇۋرۇك، بالا، ئىشىك ياغاچلىرىغا ئويما نەقىش، قاپارتما نەقىش ئۇسۇللىرىدا گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەردە ئىشلەنگەن نەقىشلەر، هايۋان ئوبرازى يارىتىلغان نەقىشلەر، گۈل - گىياھ نەقىشلىرى، شۇنىڭدەك هەر خىل قىرما نەقىشلەر بايقالدى. بۇلار ئەينى دەۋردە ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ بېزىلىشى نوقۇل تۇرمۇش ئىستېمال سەۋىيىسىدىن ھالقىپ ئېستېتىك ئىستېمال دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، نىيە خارابىسىدىكى $N_3$ نومۇرلۇق ئولتۇراق ئۆينىڭ هويلىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە پىشايۋانلىق كارىدور چىقىرىلغان. بۇ هويلىدىكى 10 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ كۆلىمى $46m^2$ غا يېتىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈۋرۈك بايقالغان. كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ۋە ئوتتۇرىسىغا تۈۋرۈك قويۇلغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ ئېھتىمال ئايۋان ئۆي بولسا كېرەك. ھېچبولمىسا، شۇ ۋاقىتلاردا، ھازىر دۆلىتىمىزدىكى تۆت چوڭ مىللىي ئولتۇراق ئۆي نۇسخىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئايۋانلىق ئۆي قۇرۇلۇش شەكلى دەسلەپكى قەدەمدە بىخلانغان.

## 6) سودا - تىجارەت مەدەنىيىتى

چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى گۈللىنىپ، خەلقئارا سودا ئاۋاتلاشقان. كەلدى - كەتتى سودىگەرلەر ئۇدۇن ۋە ئۇنىڭغا قوشنا شەھەر - بازارلاردا سودا - سېتىق قىلغان. قەدىمكى خارابىلەردىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ هەر خىل يىپەك توقۇلمىلىرى ۋە ئەينەك بۇيۇملىرىنىڭ تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل سودا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىپلا قالماي، يەرلىك قول ھۈنەر ئىشلەپچىقىرىشغا ۋە يەرلىك سودا تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. بۇ دەۋردە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى نوقۇل ھالدا مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ئەندىزىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ، پۇلنى ئوبوروت ۋاستىسى قىلىش يولغا قويۇلغان. نەتىجىدە بۇ ئىككى خىل سودا شەكلى تەڭ قوللىنىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. كېيىنچە پۇل ئاساسلىق ئوبوروت ۋاستىسىغا ئايلانغان.

بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇننىڭ سودا - تىجارەت مەدەنىيىتىنى ئوبوروت ۋاستىسى ۋە شەكلى، كارۋان يوللىرى ۋە كارۋانچىلىق،

دەۋرى بۇددىزم دەۋرىدىن كېيىن ئەمەس دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇتخانا قۇرۇلۇشى ۋە ھەيكەلتاراشلىقتا گەج بىلەن ھاكمۇ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنغان. يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان سىرمۇ بىناكارلىقتا بېزەك ماتېرىيالى قىلىنغان.

يۇقىرىقى بايانلاردىن ھېس قىلالايمىزكى، ئەينى دەۋردە خوتەندە ئارخىتېكتورلۇق ۋە ياغاچچىلىق خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. «VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تىبەتتە بۇددا دىنى گۈللىنىشكە باشلىغان ... ۋە بۇ خىل گۈللىنىشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە بۇتخانا ـ ساغرامىلار كۆنسېرى كۆپەيگەن. ئۆز ۋاقتىدا راھىبلار بىلەن بىللە كەلگەن خوتەنلىك ئۇستىكارلار بۇتخانا قۇرۇلۇشىدا ئاجايىپ كارامەتلىرىنى كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇدۇننىڭ بۇت ـ ھەيكەل ياساش سەنئىتىنى تىبەتكە ئېلىپ كىرگەن⑩». ئەينى دەۋردە خوتەندە گەج، ھاك، خىش پىشۇرىدىغان خۇمدانچىلىق ۋە سىرچىلىق بارلىققا كەلگەن. ئەمما، ئىمارەتلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە خىش، گەج قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ئومۇملاشمىغان. بۇ بەلكىم قاتناش جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ياكى تەننەرخ جەھەتتىكى سەۋەبلەردىن بولغان بولسا كېرەك.

بۇددىزم دەۋرى بىناكارلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ئۇدۇننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بىناكارلىقىدا ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن. بىرى، بۇتخانا ۋە بۇددا مۇنارى ئاساس قىلىنغان بۇددىزم ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭغا يانداشقان رەسساملىق قىزغىنلىقى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياجنى شىددەت بىلەن ئاشۇرغان. بۇ خىل جىددىي تەلەپ ئۇدۇننىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنىڭ چوڭقۇرلۇققا ۋە كەڭلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. گەج تېشى، ھاك تېشى قازمىچىلىقى، خۇمدانچىلىق، سىرچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بارلىققا كەلگەن ۋە مەلۇم تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ياغاچچىلىقنىڭ مەخسۇسلىشىش دەرىجىسى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت سەۋىيىسى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

يەنە بىرى، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا توپا ـ ياغاچ ياكى ۋادىك ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇش، تۈز ئۆگزىلىك بولۇش، دېرىزە قويماي تۈڭلۈك قويۇش قاتارلىق ئەسلىي ئالاھىدىلىكلەر داۋاملىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىللە، ئۆي ـ ئىمارەت نەقىشكەرلىكى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. نىيە خارابىسى، ئۆزۈنتات قاتارلىق

جەھەتلەردە نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ باردى. لېكىن، بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. ئومۇمەن مىلادىيىنىڭ بىشىدىن تارتىپ Ⅱ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا تارقىتىلغان دەپ قارىلىدۇ*. بۇ پۇلنىڭ تارقىتىلغىنىغا 2 مىڭ يىلدىن ئاشقان دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار*.

ھازىرغىچە تېپىلغان خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى 356 دانە بولۇپ، بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئۇدۇن خانلىقىدا «خوتەن ئات پۇلى» نىڭ بارلىققا كېلىشى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئالدى بىلەن مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ۋاقىتلاردا ئۇدۇننىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. يازما ۋەسىقىلەردىن مەلۇمكى، ئۇدۇندا تۆگە، ئات، گىلەم قاتارلىقلار ئەڭ دەسلەپكى تاۋار ئالماشتۇرۇش مۇئامىلىسىدە پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىنغان. بۇ خىل ئۇسۇل كىچىك دائىرە، ئاز مىقدارلىق سودىدا قوللىنىشقا باب بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. يەنى سودا قىلىنغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ قىممىتى پۈتۈن تۆگە، ئات ياكى گىلەمنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا ئارتۇق-كېمىنى بىر تەرەپ قىلىش سودىلاشقان ئىككى تەرەپنى تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ. يىپەك يولىدا كۆپ مىقدارلىق سودا قىلغان كارۋانلارنىڭ سېتىلغان ماللىرى ھېسابىغا نۇرغۇن تۆگە، يىلقىلارنى ھەيدەپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مال ساتقان ھەرقانداق ئادەمنىڭ چوقۇم تۆگە، ئات ياكى گىلەمگە ھاجىتى بولۇشى ناتايىن. دېمەك، ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن، خېلى گۈللەنگەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار سودىسىدا ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولى سودا تۈگۈنىگە جايلاشقانلىق ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى پايدا ئالالايدىغانلىقىنى بىلگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئات، تۆگىلەرنى ئوبوروت ۋاستىسى قىلىشنىڭ يەتكىلى بولمايدىغان كەمچىلىكلىرىنى، پۇلنى ئوبوروت ۋاستىسى قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. دېمەك، خوتەن ئات پۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەينى دەۋردە بۇ رايوندىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار سودىسىنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

ئۇنىڭدىن قالسا، خوتەن ئات پۇلىدا كۈچلۈك يەرلىك

بازار ۋە باھا قاتارلىق جەھەتلەردىن چۈشىنىشىمىز مۇمكىن.

پۇل ئوبوروتى: مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە ئۇدۇندا ئاساسەن «ۋۇجۇ» يارمىقى بىلەن «خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى» (بۇ پۇل «خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خەتلىك پۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.) ئوبوروت قىلىنغان.

بەش بۇلۇق يارمىقى: بۇ، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تارقاتقان مىس پۇل بولۇپ، ئۈستىگە «ۋۇجۇ» دېگەن («بەش بۇلۇق يارماق») خەنزۇچە خەتلەر چېقىلغان. خوتەندىكى خېلى كۆپ قەدىمكى خارابىلەردىن بۇ خىل پۇللار يىغىۋېلىنغان.

خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى: بۇ شىنجاڭدا قەدىمكى دەۋردە ئەڭ بالدۇر ياسالغان ۋە تارقىتىلغان پۇللارنىڭ بىرى. بۇ خەنزۇچە، قارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقتا خەت چۈشۈرۈلگەن تۆشۈكلۈك مىس پۇل بولۇپ، قىزىل مىس تاختىنى قېلىپ ئۈستىگە قويۇپ، سوقۇپ بېسىپ ياسالغان. ئۇنىڭ يۈزىگە ئات سۈرىتى ۋە قارۇشتىچە خەت چېقىلغان بولغاچقا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرى تەرىپىدىن «خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى» دەپ ئاتالغان. ئۆلچىمى ئىككى خىل بولغان: بىرى، 24 جۇلۇق ئات پۇلى. دىئامېتىرى 2.4 cm، قېلىنلىقى تۆت مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.8 گرام بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئات سۈرىتىنى ئايلاندۇرۇپ «ئۇلۇغ خاقان، خانلارنىڭ خاقانى ئۇلۇغ گۇگرا مايا» دېگەن قارۇشتىچە خەتلەر، تەتۈر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا شاخسىمان نەقىش، ئۇنىڭ ئەتراپىغا خەنزۇچە «ئېغىرلىقى 24 جۇلۇق مىس پۇل» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن؛ يەنە بىرى، ئالتە جۇلۇق ئات پۇلى. بۇ خىل پۇلنىڭ ئېغىرلىقى چوڭ پۇلنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ خىل پۇلغا ئىككى ھايۋان ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بىر خىلىغا ئات سۈرىتى، يەنە بىر خىلىغا تۆگە سۈرىتى چېقىلغان. ئات سۈرەتلىك پۇلنىڭ چۆرىسىگە قارۇشتىچە 13 ھەرپ، تۆگە سۈرەتلىك پۇلنىڭ چۆرىسىگە 20 ھەرپ چۈشۈرۈلگەن. بۇ ھەرپلەر ئۇدۇن خانلىرىنىڭ ئىسمى ئىكەن. بۇ خىل پۇلنىڭ يەنە بىر يۈزىگە «ئالتە جۇلۇق پۇل» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چېقىلغان.

دۆلىتىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرى خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى ھەققىدە، يەنى بۇ خىل پۇلنىڭ ئالاھىدىلىكى، تارقىتىلىش مىقدارى، ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىغان ۋە ئوبوروتتىن توختىغان ۋاقتى قاتارلىق

بولغان ھۆكۈمەت ئالاقىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەينى دەۋردە ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن قويۇق ئالاقە قىلىپلا قالماي، غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە قىلغانلىقى ۋە ئۆزئارا ئىشەنچ ئورناتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دېمەك، خوتەن ئات پۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇدۇندا ئەينى دەۋردە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئات پۇلنى ئىشلەپچىقىرىشتا شەرقنىڭ ۋە غەربنىڭ بەزى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى قوبۇل قىلىنغان. لېكىن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. خوتەن ئات پۇلى مەدەنىيىتى ئۇدۇن دەۋرى مەدەنىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

**مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى:** مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىلا خوتەندە مېتال پۇل ئوبوروت قىلىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، سامپۇل قاتارلىق بەزى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن پۇل ئەۋرىشكىلىرى تېپىلمىغىنىغا قارىغاندا، گەرچە پۇلنى ئوبوروت ۋاستىسى قىلىش يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئانچە تېز ئومۇملاشمىغان، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى تەڭ مەۋجۇت بولغان. يازما ۋەسىقىلەردىكى بەزى مەلۇماتلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مالغا مال ئالماشتۇرۇشتا تۆگە، ئات، گىلەم، شايى قاتارلىقلار پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىنىدىغان ۋاستە قىلىنغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە مۇنداق خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ:

«كېناي ئىسىملىك بۇ ئەر كىشى مىپيا يېرىنى ئۈستىدىكى دەرەخلەر بىلەن قوشۇپ شۇ لومشوسقا سېتىپ بېرىدىغان بولدى. يەرنىڭ قىممىتى 50 مول بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئىككى چىشلىق بىر تۆگە بېرىلىدىغان بولدى»، «ئۇنىڭ دېيىشىچە، يۇيىنىڭ ‹ۋاسو› دەپ ئەن سېلىنغان بىر تۆگىسى بار ئىكەن. ھازىر يۇي ئۇ تۆگىنى 8 مىڭ ماسا باھادا ۋاگتى ۋاد خاگاغا سېتىپ بېرىدىغان بولدى. ۋاگتى ۋاد خاگا بارلىق پۇلنى تۆلەپ بولدى ...»، «بۇ يەردە بىر مىلما 10 شى ئۇرۇق تېرىغىلى بولىدىغان بىر پارچە يەر بولۇپ، 30 مول قىممىتىدىكى ئۈچ ياشلىق بىر ئاتقا يارايدۇ»، «خاندىم دېگەن كىشى يەر باھاسى ئۈچۈن سوتخامگا لومسوستىن قىممىتى 40 مول بولغان تۆت چىشلىق بىر ئاتقا ئېرىشتى». بىر تۆگىنىڭ 8 مىڭ ماساغا سېتىلىشىنى ھەقىقەتەن قىممەت باھا دېيىشكە بولىدۇ. قارۇشتىچە

ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭغا تۆگە ۋە ئات سۈرىتى چېقىرىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن ئات پۇلىغا نېمە ئۈچۈن باشقا نەرسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلمەي، تۆگە بىلەن ئاتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلىدۇ؟ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىنكى، پۇل دەسلەپ بارلىققا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىيالىشى قىيىنغا توختايدۇ. مەلۇم كىشى بىر يارام تۆگىنى سېتىپ 48 جۇ (يارماق) پۇلغا ئېرىشتى دېسەك، ئۇنىڭ قولدىن بەرگىنى بىر يارام تۆگە، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشكىنى جەمئىي ئېغىرلىقى 20 گرام ئەتراپىدىكى سەككىز دانە ئالتە جۇلۇق ئات پۇلى بولىدۇ. كىچىككىنە بىر نەچچە پارچە مىس ئۈچۈن بىر يارام تۆگىنى قولدىن بېرىپ قويغىنى ئۇ كىشىنى قاتتىق ئىزتىراپ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى خوتەن ئات پۇلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. شۇڭا، بۇ پۇلغا ئەينى دەۋردە پۇللۇق رول ئويناۋاتقان تۆگە ۋە ئاتنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرگە مەزكۇر پۇلنىڭ تۆگە ۋە ئاتقا ئوخشاشلا ئوبوروت قىلىشقا بولىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئوبراز ئارقىلىق ئۇقتۇرغان. دېمەك، ئات پۇلغا تۆگە ۋە ئات نەقىشى چىقىرىلغانلىقى ئەينى زاماندا تۆگە بىلەن ئاتنىڭ ئاساسلىق ئوبوروت ۋاستىسى بولغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا پۇل مەدەنىيىتىدىكى كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئات پۇلىغا خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ۋە خەنزۇچە پۇل بىرلىكىنىڭ نەقىشلەنگەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سودىسىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان سودىسىنىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ سودىدا خوتەن ئات پۇلىنى خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇجۇ پۇلى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، خوتەن ئات پۇلى يۇناننىڭ قېلىپقا بېسىپ سوقۇش ئۇسۇلىدا ياسالغان. قەدىمدىن ھازىرغىچە پۇل ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئەڭ مۇھىم ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىكى بولۇپ كەلدى. يۇناننىڭ پۇل ياساش تېخنىكىسىنىڭ خەلق ئىچىدىكى باردى - كەلدىلەر ئارقىلىق ئۇدۇنغا تارقىلىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك. ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل تېخنىكىغا غەرب دۆلەتلىرى بىلەن

خوتەن ـ قەشقەر كارۋان يولى: بۇ يول خوتەندىن قەشقەرگىچە 17 ئۆتەڭلىك (تەخمىنەن 540 كىلومېتىرلىق) مۇساپە ئىدى. بۇ يول قەشقەر تېرەك داۋان ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ ئەنجان يولى، تېرەك داۋان ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر نارىن يولى، تورغات ئېغىزى ئارقىلىق ماڭىدىغان قەشقەر ـ نارىن يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كېتەتتى.

بۇ يولنىڭ يەكەن بۆلىكىدىن ياقا ئېرىق ئارقىلىق قەشقەر ـ مېڭىتكە كارۋان يولغا چۇشۇپ، مېڭىتكە ئارقىلىق قاراچۇر جىلغىسىنى بويلاپ ئافغانىستانغا، تاغدۇمباش دەرياسىنى بويلاپ قونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق كانجۇت، كەشمىر ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان كارۋان يولى، قاغىلىق بۆلىكىدىن تىبەت ۋە لاداققا بارىدىغان كارۋان يولى شاخلانغان@.

خوتەن ـ چاڭئەن كارۋان يولى: خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يول ئۇزۇنتات، نىيە، چەرچەن، چارقىلىق ئارقىلىق گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئۆتۈپ چاڭئەنگە تۇتىشاتتى. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 4 مىڭ 835 كىلومېتىر كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە خوتەندىن ئۇزۇنتاتقىچە بولغان مۇساپە 190 كىلومېتىر، ئۇزۇنتاتتىن قەدىمكى نىيە شەھىرىگىچە بولغان مۇساپە 230 كىلومېتىر كېلەتتى@. كېيىنكى دەۋرلەردە تارىم قۇملۇقىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى، بوستانلىقلارنىڭ، دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا سىلجىشى نەتىجىسىدە يول لىنىيىسىمۇ جەنۇبقا سۈرۈلگەن. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە خوتەندىن دۇنخۇاڭغىچە بولغان كارۋان يولى 45 ئۆتەڭلىك (تەخمىنەن 1 مىڭ 500 كىلومېتىرلىق) مۇساپە ئىدى. بۇ كارۋان يولىدىن كېرىيە ئادەم پاشا ـ تىبەت چىغىر يولى، كېرىيە- شايار چىغىر يولى، چەرچەن- تىبەت چىغىر يولى، چارقىلىق ـ چىڭخەي چىغىر يولى، چارقىلىق- لوپنۇر خان يولى قاتارلىق شاخچە يوللار ئارقىلىق ئەتراپتىكى باشقا جايلارغا بارغىلى بولاتتى@.

خوتەن ـ ئاقسۇ كارۋان يولى: بۇ يول خوتەن دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ. ئاتلىق كارۋان ئۈچۈن 14 ئۆتەڭلىك (تەخمىنەن 750 كىلومېتىرلىق) مۇساپە بولۇپ، يۇرتىمىز تارىخىدىكى چۆل يېرىپ ئۆتكەن كارۋان يوللىرى ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ مۇشكۇل يول ھېسابلىنىدۇ@. ھەيۋەتلىك مازار تاغ قەلئەسى مۇشۇ يول ئۈستىدىكى

ۋەسىيقىلەردە ماسا دېگەن پۇل بىرلىكى كۆپ ئۇچرىمايدۇ. مول دېگەن پۇل بىرلىكى كۆپ قوللىنىلىدۇ. شۇ چاغدىكى باھا بويىچە ھېسابلىنغاندا بىر تۆگە 40 ~ 60 مول قىممىتىدە بولۇپ، 20 ~ 30 توپ شايىغا يارىغان. ئات، كالىنىڭ باھاسى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولۇپ، قىممىتى 30 ~ 40 مول ئەتراپىدا، 15 ~ 20 توپ شايىغا باراۋەر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا 589 - نومۇرلۇق قارۇشتىچە پۈتۈكتە بىر قىزنىڭ 40 مول قىممىتىدىكى بىر تۆگىگە، 592 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىر قىزنىڭ 30 مول قىممىتىدىكى بىر تۆگىگە سېتىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بار. 579 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىر پارچە يەرنىڭ 12 مول قىممىتىدىكى بىر گىلەمگە ئېلىنغانلىقى، 3 - نومۇرلۇق پۈتۈكتە بىر ئايالنىڭ 40 توپ شايىغا سېتىۋېلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

بۇ خاتىرىلەر ئەينى دەۋردە تۆگە، ئات، گىلەم، شايى قاتارلىقلارنىڭ ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغانلىقىنىلا ئەمەس، ئادەم سودىسىنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى، سىنىپىي بۆلۈنۈشنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىر ئادەمنى بىر تۆگە ياكى بىر ئاتقا سېتىۋالالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## كارۋان يوللىرى ۋە كارۋانچىلىق

قەدىمكى كارۋان يوللىرى: چوڭ - كىچىك بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاۋۋال ئۆزئارا قوشنا بولغان بوستانلىقلار ئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ دەسلەپكى يوللارنى ئاچقان. جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە رايونلار ئارا سودا - سېتىقنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، يىراق مۇساپىلىق كارۋانچىلىق بارلىققا كېلىپ، بوستانلىقلار ئارىسىدىكى كىچىك يوللار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، چوڭ كارۋان يوللىرىغا ئايلانغان. سىنىپىي بۆلۈنۈش ۋە سىياسىي ھاكىمىيەتلەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، يول، كارۋان - ساراي، ئۆتەڭ ئىشلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ، قاتناش شارائىتى پەيدىنپەي ياخشىلانغان. قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەندىن دۇنياغا ئارقىلىق ئىچكىرىگە، غەربتە ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىياغا بارىدىغان مەشھۇر كارۋان يولى يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن «بۈيۈك كارۋان يولى»، «ئۇلۇغ يول» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. قەدىمكى دەۋرلەردە خوتەندىن باشقا جايلارغا بارىدىغان چوڭ كارۋان يوللىرى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

300 كىلومېتىر) قىسمى كېرىيە تەۋەسىگە جايلاشقان. بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا - ئاياغ قىسمىدا سۇ، يېقىلغۇ ئىنتايىن قىس بولغاچقا، كۈز، قىش پەسىللىرىدىلا كارۋان قاتنايتتى. 1940 - يىللاردىن باشلاپ قاتناش توختىغان بولسىمۇ، يول ئۈستىدىكى سەككىز چوڭ ئۆتەڭنىڭ خارابىلىرى ھېلىمۇ ساقلانماقتا®.

يول - كارۋان مەدەنىيىتى: يۇقىرىقىلاردىن بىز قەدىمكى خوتەندىن جاھاننىڭ تۆت تەرىپىگە سوزۇلغان نۇرغۇن كارۋان يوللىرى ۋە چىغىر يوللارنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇق. ئېنىقكى، ئەڭ دەسلەپكى چىغىر يوللار شۇ يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ ئېچىلغان. ئاندىن بېرىش - كېلىش، سودا - سېتىقنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا ئەگىشىپ چوڭ كارۋان يوللىرى بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. خوتەن تەۋەسىدىكى كارۋان يوللىرىدا نەچچە كۈنلۈك مۇساپىگە سوزۇلغان ئادەمسىز، سۇسىز دەشت - چۆللەر خېلى كۆپ. مۇشۇ پايانسىز چۆللەر ئارا سوزۇلغان يوللار ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ياسالغان. ئەۋلادمۇئەۋلاد يول ياساش داۋامىدا ئۇلار بۇ مۇشكۈل ئەمگەك ئارقىلىق ياسالغان يولنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئەلگىمۇ پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇلار كارۋان يولىدىن سودا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىپلا قالماي، يول ياساش ۋە كارۋانچىلىق ھەققىدىكى ئەمەلىيەتلىرى داۋامىدا يول ۋە سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

خەلقىمىزدە سەپەر قىلىۋاتقان كارۋانلار، يولۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىش، سۇ، ئوزۇق، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ھەل قىلىپ بېرىش، ئېزىپ قالغانلارغا يول باشلاپ بېرىش، بۇزۇلغان قاتناش قورالىرىنى ئوڭشاشقا ياردەم بېرىش، ئادەمسىز چۆللەردە ئۆتەڭ، ساتما بەرپا قىلىش، كېسەل ياكى ھارغىن يولۇچىلارنى ھەقسىز قوندۇرۇپ كۈتۈش قاتارلىقلار ياخشى ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە ئىشلار يامان ئېلىنىدۇ.

بىللە سەپەرگە چىققانلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ياكى ساقلاپ بېرىشى، كېسەل بولغان سەپەرداشلىرىنى كۈتۈشى، ئارقىدا قالغانلارغا ساقلاپ تۇرۇشى، سەپەر ئۈستىدە پۇل، مال ئۆتنە - يېرىم قىلىش ياكى ياردەم بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق قاتارلىقلار ياخشى ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە قىلمىشلار يامان ئېلىنىدۇ. «سەپەرلىكى ياخشى»،

مۇھىم قۇرۇلغا جايلاشقان.

شىنجاڭ - تىبەت كارۋان يولى: بۇ يول قاغىلىقتىن ئالىي رايونىنىڭ مەركىزى بولغان پۇلىيەن بازىرىغا تۇتىشىدۇ. جەمئىي 24 كۈنلۈك مەنزىل بولغان بۇ يولنىڭ قاغىلىقتىن شەيدۇللاغىچە بولغان 13 مەنزىل قىسمى قاغىلىق تەۋەسىگە، شەيدۇللادىن دۇماغىچە بولغان 11 مەنزىل قىسمى گۇما تەۋەسىگە جايلاشقان. 1956 - يىلى ياسالغان شىنجاڭ - شىزاڭ قاراقۇرۇم تاشيولى يۇقىرىقى كونا كارۋان يولى لىنىيىسىنى ئاساس قىلىپ ياسالغان. تاشيول ئاسراش پونكىتلىرىمۇ كونا ئۆتەڭلەرنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان.

قاغىلىق - لاداق كارۋان يولى: بۇ يول قاغىلىقتىن كەشمىردىكى لاداق بازىرىغا تۇتىشىدىغان ئەڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق تاغ ئۈستى كارۋان يولى بولۇپ، جەمئىي 36 ئۆتەڭ (تەخمىنەن 1100 كىلومېتىر) لىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. دۆلىتىمىز چېگرىسى ئىچىدىكى قىسمى 17 ئۆتەڭلىك مۇساپە بولۇپ، ئۇنىڭدىن شەيدۇللادىن قاراقۇم لەڭگەرگىچە بولغان بەش ئۆتەڭلىك مۇساپە گۇما ناھىيىسى تەۋەسىگە جايلاشقان. قاغىلىق لاداق يولىنىڭ بىز تەرەپ لىنىيىسىدە ئىككى تاشقى شاخچە يول، ئىككى ئىچكى شاخچە يول بار. ئىككى تاشقى شاخچە يولنىڭ بىرى، قاغىلىق - لاداق يولىنىڭ مازار دارا دېگەن يېرىدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، تارام كۆل دائىرىسىدىكى قۇمبەل ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئۈچ قونالغۇدىن كېيىن كەشمىردىكى لالراباتقا تۇتىشىدۇ؛ يەنە بىرى، ئاق لەڭگەر — شۇم يولى بولۇپ، خوتەن شەھىرىنىڭ ئاق لەڭگەر ئېگىزلىكىدىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، سارداۋان چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ئالىي رايونىنىڭ شۇم رايونىغا تۇتىشىدۇ. ئىككى ئىچكى شاخچە يولنىڭ بىرى، سانجۇ - شەيدۇللا يولى بولۇپ، ئۇ گۇمىنىڭ سانجۇ يېزىسىدىن باشلىنىپ، سانجۇ دەرياسىنى بويلاپ ئېرىغىل، كەڭقىر قاتارلىق ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ شەيدۇللادا قاغىلىق - لاداق يولىغا قوشۇلىدۇ؛ يەنە بىرى، دۇۋا - كەڭشۈۋە يولى بولۇپ، گۇمىنىڭ دۇۋا يېزىسىدىن باشلىنىپ جەنۇبقا سوزۇلۇپ، كەڭشۈۋەدە قاغىلىق - لاداق يولىغا تۇتىشىدۇ①.

كېرىيە - شايار يولى: بۇ يول كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ، تەكلىماكان چۆلىنى بېسىپ ئۆتۈپ شايار ئارقىلىق كۇچار- ئىلى يولىغا تۇتىشاتتى. كېرىيىدىن شايارغىچە 23 مەنزىل (تەخمىنەن 391.5 كىلومېتىر) كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 12 مەنزىل (تەخمىنەن

نەچچە ئونى بار. ئاستانىسىدا ... شەرقىي ۋە غەربىي شەھەر باشلىقى، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. ۋىي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى خاتىرىلەردە ئۇدۇندا «ئاھالىلەر يۇلتۇزدەك ئولتۇراقلاشقان. دۇكان سېلىپ بازار قىزىتقان» دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، بۇ خىل بازار چوڭراق شەھەرلەرگە جايلاشقان بولۇپ، ھەر كۈنى بازار قىزىغان.

چار بازار: چار بازار مەلۇم رايون تەۋەسىدىكى كىچىك بازارلاردا ھەپتىنىڭ ھەرقايسى كۈنلىرى نۆۋەت بويىچە قىزىيدىغان بازار بولۇپ، بۇنداق بازارلار ھەپتىدە بىر قېتىم قىزىيدۇ ھەمدە بازار ۋاقتى بىلەن بازار ئورنى قوشۇلۇپ «دۈشەنبە بازار»، «سەيشەنبە بازار» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. چار بازارلار ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، يىپەك يولى كارۋان سودىسىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى چاغدا نەچچە ئون، نەچچە يۈز تۆگىلىك كارۋانلار بىر كۈنلۈك سەپەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر مەنزىلگە (بازارغا) چۈشۈپ، ئات - ئۇلاغلارنى دەم ئالدۇرغاچ سودا قىلغان، ئاندىن يەنە سەپەرنى داۋام قىلغان. دېمەك، كارۋانلار نەدە توختىسا شۇ يەردە بازار قىزىغان. بۇ خىل بازار يەرلىك سودىگەر، تىجارەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇلارمۇ كارۋانلارغا ئەگىشىپ مەلۇم مەنزىللەرگىچە بىللە يۈرۈپ سودا قىلىدىغان بولغان. ئۇ چاغدا بۇ خىل چار بازار پەقەت كارۋان يوللىرى كېسىپ ئۆتىدىغان بازارلاردا قىزىغان بولسا، كېيىنچە كارۋان يولى ئۈستىدە بولمىغان بازارلاردىمۇ چار بازارلار بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا سەيلە - تاۋاب بازارلىرى، دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىكى بازار قاتارلىقلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

سودا - سېتىق، ئالماق - ساتماق بازارنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى بولسىمۇ، بازارنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىسى ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدىلا بۇ مەزمۇن دائىرىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن. يەنى بازاردا رىقابەتلىشىش (سودىسىنىڭ راۋان بولۇشىنى كۆزلەپ، مەھسۇلات خىللىرىنى كۆپەيتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش)، ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانلىرى، نەرخ - ھاۋا ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقىپلىنىش، يىراق - يېقىندىن كەلگەن ھەر خىل ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇش، جانبازلىق، چالغۇچىلىق، مەدداھلىق ماھارىتى كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈپ كۆڭۈل ئېچىش، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارانلىرى بىلەن

«سەپەرلىكى يوق» دېگەن ئىدىيوملار مۇشۇنداق سەپەر ئەخلاقى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

خەلقىمىزدە يول، كۆۋرۈك ياساش ساۋابلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇزۇلغان يوللارنى، كۆۋرۈكلەرنى ئۆزىچە ياساپ قويىدۇ. يولغا چۈشۈپ قالغان داشگال، تىكەن قاتارلىق نەرسىلەرنى تېرىپ ئېلىۋېتىدۇ. يولنى بۇزۇپ سۇ ئېقىتىش، جامائەت يوللىرىنى ئىگىلەپ يولنى قورۇپ قويۇش قاتارلىقلار ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يول ياساش، سودا - سەپەر، سەيلى - ساياھەت قىلىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا بارلىققا كەلتۈرگەن، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇدۇم قالدۇرۇپ، ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقان سودا - كارۋان، سەپەر - ساياھەت مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى ھېسابلىنىدۇ.

## بازار، چار بازار ۋە بازار مەدەنىيىتى

بازار: «بازار» دېگەن سۆز ئىككى خىل مەنە ئىپادىلەيدۇ: بىرى، ئۇ ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، سودا - سېتىق مەيدانى بولغان جاي دېگەنلىك بولۇپ، قىسقىچە ئېيتقاندا «شەھەرچاق»، «سودا قىلىنىدىغان جاي» دېگەنلىك بولىدۇ؛ يەنە بىرى، بەلگىلىك ۋاقىتتا بولىدىغان سودا - سېتىق پائالىيىتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بازارنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تۇتىشىدۇ. مالغا مال ئالماشتۇرۇش تىپىدىكى سودا پائالىيىتىنىڭ تارىخىمۇ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلانغان. مۇئەييەن سورۇنغا يىغىلىپ، ھەممە ئادەم سودا - سېتىق قىلىش مەنىسىدىكى بازار سودىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىشى ۋە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

خوتەندە مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن «شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى» ئەمەلىيەتتە بازار (شەھەرچاق)، شۇنداقلا سودا سورۇنلىرى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە خوتەندىكى شەھەر - بازارلار كېڭىيىپ خېلىلا ئاۋاتلاشقان. «خەننامە» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا: «ئۇدۇن ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى 8 - 9 چاقىرىم كېلىدۇ. چوڭ شەھەردىن بەشى، كىچىك شەھەرلىرىدىن

تەكشۈرۈلگەن، نىيە خارابىسىدىن چىققان تارىشا پۈتۈكلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، نىيە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا بىر چاقسا (ئۆتكەل) بولۇپ، كەلدى - كەتتى سەپەرچىلەر «يۇرۇتمەك» (يول خېتى) كە ئاساسەن ئۆتكۈزۈلگەن. يۇرۇتمەككە ئاساسەن قۇرۇلدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسمى، يېشى، قىياپىتى، كىيىم - كېچەكى، مىللىتى، دۆلەت ئايرىمىسى ۋە ئېلىپ ماڭغان سودا ماللىرى، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ سانى قاتارلىقلار روىخەتكە ئېلىنغان. شۇ چاغدا بىر توپ كارۋاننىڭ ئېلىپ ماڭغان يىپەك ماللىرى 319 توپ، يەنە بىر توپ كارۋاننىڭ ئېلىپ ماڭغان يىپەك ماللىرى 4 مىڭ 326 توپ بولغان. بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردە يىپەك سودا مىقدارىنىڭ خېلى زور ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. سودىگەرلەر مەلۇم رايونغا كىرگەن - چىققاندا باج ئېلىنغان. بەزىلىرى پۇل تاپشۇرسا، بەزىلىرى مال تاپشۇرغان. باج ئېلىشتا بەلگىلىك ئۆلچەم بولۇپ، باجگىرلارنىڭ باج نورمىسىنى ئىختىيارىچە ئۆستۈرۈۋېلىشىغا يول قويۇلمىغان» *. بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردە ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئۆتەڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنى باشقۇرۇش، باج ئېلىش ۋە باشقۇرۇش، چەتتىن كەلگەن كارۋانلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى قوغداش، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھادىسىلەرگە يولۇققاندا تەكشۈرۈش، تۆلەم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قولاي بولۇش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تىزىملاش قاتارلىق تەدبىرلەرنى يولغا قويغانلىقى ئايان بولىدۇ. ئېنىقكى، بۇ تەدبىرلەر ھەم يىپەك يولى سودىسىنىڭ گۈللىنىشىگە، ھەم ئۇدۇن ئىگىلىكىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. «ئۇدۇندا نۇرغۇن يۆتكەپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارۋانلار بولۇپلا قالماي، ئۇدۇننىڭ ئۆزىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن زور مىقداردىكى تاۋار سودىسىنى يولغا قويغان. ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاساسلىقى قاشتېشى، پاختا رەخت، ئات، كىگىز، گىلەم ھەمدە ياۋروپادىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئەينەك بۇيۇم قاتارلىقلار سېتىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇدۇنغا ئاساسلىقى يىپەك رەخت، دورا ماتېرىياللىرى، مىس، تۆمۈر بۇيۇملار، چاي قاتارلىقلار سېتىلغان. بۇ دەۋردە ئۇدۇندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ۋە پېرسىيە قاتارلىق جايلارنىڭ پۇللىرى ئوبوروت قىلىنغان *».

ئۇدۇن خانلىقىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ باش - ئاخىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە، مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىك

كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىش، چېلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ماھارىتىنى نامايان قىلىش، تومۇر تۇتقۇزۇپ داۋالىنىش قاتارلىقلار بازار پائالىيىتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بەزىسى نوقۇل سودا خاراكتېرىنى ئالغان سودا پائالىيىتى بولۇپ، بازارنىڭ ماددىي ئالماشتۇرۇش قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان بولسا، يەنە بەزىسى ھېچقانداق سودا - سېتىق مەزمۇنىغا ئىگە بولمىغان نوقۇل مەنىۋى پائالىيەت بولۇپ، بازارنىڭ مەنىۋى ئالماشتۇرۇش قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان.

سودىدا ئادىل، راستچىل بولۇش، يېڭىچە، سۈپەتلىك ماللارنى ئىشلەپچىقىرىش، رەستە - دۇكانلارنى چىرايلىق بېزەپ، پاكىز تۇتۇش، خېرىدارلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىنىڭ ماھارەت، كارامەتلىرىنى بازاردىن پايدىلىنىپ نامايان قىلىش قاتارلىقلار شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ يېتىلگەن بازار قارىشى ۋە سودا ئەخلاقى ھېسابلىنىدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى «بازار چاققانىنىڭ»، «كاجىنى بازار ئوڭشايدۇ»، «ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار»، «ئۆيدىكى كېڭەش بازارغا توغرا كەلمەس»، «بازار ئۆلۈك»، «بازارغا ئوت كېتىپتۇ»، «بازارلىق» دېگەندەك ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىيوم سۆزلەر خەلقىمىزنىڭ بازار سودىسى ۋە بازار مەدەنىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ مېغىزلىق يەكۈنى ھېسابلىنىدۇ.

## سودا - سېتىق مەدەنىيىتى

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە، خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى راۋاجلىنىپ، سودا ئىشلىرى گۈللەنگەن.

«بۇ دەۋردە كىچىك كارۋاندا نەچچە ئون ئادەم، چوڭ كارۋانلاردا بىرەر مىڭ ئادەم بولاتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، ۋېي سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۇدۇن پايتەختى يىپەك يولىدىكى مۇھىم مال ئالماشتۇرىدىغان تۈگۈنگە ئايلانغان. قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە يىپەك سودىسى ۋە قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، سودا قىلىدىغان كارۋانلارغا ئالاقىدار ۋاستىلىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۆتكۈنچى كارۋانلار سەپەر داۋامىدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشكەن. ئۆتكەل - قورۇللاردىن ئۆتكەندە

ئىشلەپچىقىرىش، سودا - تىجارەتنى جانلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، خانلىقنىڭ مالىيە ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىجابىي رول ئوينىغان.

يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خاسلىق شەكىللەندۈرگەن. ئۇدۇن خانلىقىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولغان ئولپان - ئىنئام مۇناسىۋىتىدە قاشتېشى باشتىن - ئاخىر ئاساسلىق بۇيۇم بولغان. گىلەم، ئات، يۇڭ توقۇلمىلار، دورا ئەشيالىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرغان. ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇندا: «ھەر يىلى كۈز پەسلىدە دەريا سۈيى تارتىلغاندىن كېيىن، قاشتېشى سۈزۈش باشلانغان. دۆلەت خانلىقىنىڭ ئاۋۋال تېرىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. خان مەھكىمىسىدىكىلەر قاشتېشىنى ئاۋۋال تېرىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن پۇقرالارنىڭ تېرىشىگە رۇخسەت قىلىنغان ®». بۇنداق بەلگىلىمىنىڭ چىقىرىلىشىدا خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت سودىسىغا كېرەكلىك قاشتېشى مەنبەسىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئېنىق.

ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئەتراپتىكى جايلار ۋە غەربتىكى ئەللەر بىلەن بولغان سودىسىدا خوتەن گىلىمى بىلەن يىپەك ماللار ئاساسىي تاۋار بولغان. «تاكى يۈەن دەۋرىگە كەلگۈچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند شىنجاڭ گىلەملىرىنىڭ يىپەك يولى ئۈستىدىكى ئالماشتۇرۇلۇش، سېتىلىش مەركىزى بولۇپ كەلگەن. مانا شۇنداق كەڭ كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش جەريانى ئارقىلىق شىنجاڭ گىلەملىرى پارس گىلىمى، تۈركمەنلەرنىڭ بۇخارا گىلىمى ئۈچۈن ئىجاد قىلىنىش ئاساسى بولۇپ بەرگەن ®».

ئۇدۇن خانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان سودىسىدا يىپەك، قاشتېشى ۋە زىلچا گىلەمنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇشى ئۆز نۆۋىتىدە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىلە - يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا، مەھسۇلات تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىپ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە، قاشتېشى قازمىچىلىقى ۋە ئويمىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ھەمدە يىپەك، قاشتېشى ۋە زىلچا گىلەمنىڭ خوتەننىڭ ئەنئەنىۋى «ئۈچ گۆھىرى» گە ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

قىسقىسى، سودا - تىجارەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىلھام بېرىش،

بارلىقىنى بايقايمىز:

ئۇدۇن خانلىقى سودا - تىجارەتكە ئىلھام بېرىش ۋە قوغداش سىياسىتىنى يولغا قويغان. كارۋان يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ساراي- ئۆتەڭلەرنى قۇرغان. ئوغرى - قاراقچىلارنى يوقىتىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغان. بۇ تەدبىرلەر سودىنىڭ جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خانلىقنىڭ سودا باج كىرىمىنىڭ ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن. «شۇ چاغلاردا سودىگەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى خېلى يۇقىرى بولۇپ، يەر ئاستىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىن قارىغاندا سودىگەرلەرنىڭ ئىسمى كۆپىنچە ئايماق بېگى قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قاتارىغا تىزىلغان®».

خەلق سودىسىنى ئاساس قىلىشتىن ھۆكۈمەت سودىسىنى ئاساس قىلىشقا ئۆتكەن. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە گەرچە ئۇدۇن خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت ياكى بۆلۈنمە ھۆكۈمەتلەر بىلەن ئولپان تاپشۇرۇش، ئىنئام ئېلىش خاراكتېرىدىكى سودا پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، سودا مىقدارى ئانچە كۆپ بولمىغان. سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى خەلق ئىلكىدە بولۇپ، خانلىق ھۆكۈمىتى سودىنى باشقۇرۇش، باج ئېلىش، كەلدى- كەتتى كارۋانلارنى قۇرۇل- چاقىسلاردا تىزىملاپ كارۋان بېجى، يول بېجى، سودا بېجى ئېلىشنى ئاساس قىلغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە ھۆكۈمەت سودىسى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۇلۇق ئاغلىق ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. «چيەندېنىڭ 3 - يىلى (يەنى مىلادىيە 965 - يىلى) ئېلىپ بېرىلغان ئولپان سودىسى ھەقىقىي چوڭ كۆلەملىك ئولپان سودىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانى، ئۇدۇن خانى قاتارلىقلار ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئوردىغا مىڭ تۇياق ئات، 500 تۆگە، 500 كاللەك قاشتېشى، 50 مىڭ جىڭ كەھرىۋا ئولپان قىلغان. بۇ قېتىمقى ئولپان مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى تارىختا ئاز كۆرۈلگەن. ئولپان ئەۋەتكەنلەر ئىچىدە ئۇدۇن خانىدىن باشقا، گەنجۇ ئۇيغۇر خاقانى، يەنە بەلكىم شاجۇ خانى قاتارلىقلار بولسىمۇ، 500 كاللەك قاشتېشىنىڭ ئۇدۇندىن ئەۋەتىلگەنلىكى تەھقىق، 500 كاللەك قاشتېشى ئېھتىمال 10 مىڭ جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇ كىشىنى چۆچۈتىدىغان سان ھېسابلىنىدۇ®». قانداقلا بولمىسۇن، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ سودىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇش سىياسەتلىرى خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاۋار

| | | | |
|---|---|---|---|
| مېۋە - چېۋە | چىلان | شىڭ | 6 يارماق |
| | قورۇق ئۈزۈم | كۈرە | 50 يارماق |
| | چىلان | كۈرە | 40 يارماق |
| | ئۈرۈك مېغىزى | شىڭ | 20 يارماق |
| | بېيە | 30 دانە | 25 يارماق |
| | بېيە | 20 دانە | 20 يارماق |
| | ئانار | دانە | 15 يارماق |
| | قورۇق ئۈزۈم | شىڭ | 10 يارماق |
| يېمەكلىكلەر | هاراق | كۈرە | 40 يارماق |
| | هاراق | دەن | 370 يارماق |
| | مايلىق كەندىر | كۈرە | 90 يارماق |
| | قىيام | كۈپ | 1000 يارماق |
| | ئاچچىقسۇ | كۈرە | 50 يارماق |
| قول هۈنەر مەھسۇلاتلىرى | يىلىم | جىڭ | 150 يارماق |
| | يەرلىك سىپتا ئاق شايى | توپ (بىر جاڭ) | 520 يارماق |
| | رەڭلىك بۆز رەخت | توپ | 170 يارماق |
| | كىگىز پەردە | | 550 يارماق |
| | مىس ئەينەك | دانە | 300 يارماق |
| | يىڭى تاسما | دانە | 30 يارماق |
| | قەغەز | تاختا | 45، 50، 60 يارماق |
| | قەلەم | دانە | 15 يارماق |
| | چالغۇ | دانە | 15 يارماق |
| | هارۋا | دانە | 15 يارماق |

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن ئۇدۇننىڭ سودا بازىرىدىكى مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

(1) بازار ئاۋات، تاۋار تۈرى كۆپ بولغان. تاۋارلار ئىچىدە مىس ئەينەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. قالغان مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋارلار يەرلىك مەھسۇلات بولۇپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان. ئاشلىقنىڭ باھاسى

باشقۇرۇش، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، سودا ئارقىلىق ئىگىلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلەش، سودىنى ۋاستە قىلىپ دوستلۇق ئورنىتىش — مانا بۇلار ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن سودا ـ تىجارەت مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇدۇن بازىرىدىكى نەرخ ـ ناۋادىن ئۇدۇن ئىقتىسادىغا نەزەر

بىز يۇقىرىدا ئۇدۇننىڭ مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى، پۇل ئوبوروتى، مالغا مال ئالماشتۇرۇش ئەھۋالى، شۇنداقلا ئادەم سودىسى، يەر سودىسى، چارۋا مال سودىسىغا دائىر قىسمەن نەرخ ـ ناۋا ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشقانىدۇق. ئۇدۇننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى IV ئەسىرلەردىن باشلاپ تېخىمۇ گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. بۇ خىل گۈللىنىش گەرچە بىر مەھەل غەربىي تۈركلەرنىڭ مۇداخىلىسى ۋە تۇبۇتلەر ئىشغالىيىتى سەۋەبىدىن مەلۇم زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغان. ئارخېئولوگ لى يىنپىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ رەتلەپ چىققان ئۇدۇننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى مال باھا ئەھۋالى توغرىسىدىكى جەدۋەل بىزنىڭ شۇ دەۋر ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە سودا ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

تاڭ سۇلالىسى كەييۈەن 9 ـ يىلى (مىلادىيە 721 ـ يىلى) ئۇدۇننىڭ مەلۇم بىر جايىدىكى قىسمەن تاۋارلارنىڭ باھا جەدۋىلى

| | تاۋار نامى | ئۆلچەم بىرلىكى | باھاسى |
|---|---|---|---|
| ئاشلىق | بۇغداي | كۈرە | 30 يارماق |
| | تېرىق | شو | 15 يارماق |
| | پۇرچاق ئۇنى | شىڭ | 10 يارماق |
| | ئېچىتىلغان پۇرچاق بوتقىسى | شىڭ | 10 يارماق |
| | ئەپمەك ئۇن | كۈرە | 15 يارماق |
| | سېرىق پۇرچاق | شىڭ | 15 يارماق |
| | قىزىل ماش | شىڭ | 10 يارماق |
| | شال چېچىكى | شىڭ | 30 يارماق |

ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا جەمئىي 50 جاڭ ئۈچ چى شايى ئولپان تاپشۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئەينى چاغدا پىلە بېقىش، يىپەك تارتىش ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ كىنتايىن ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە شۇ مەزگىلگە تەۋە ۋەسىقىلەردە ئۇدۇندا بىر توپ رەڭدار يىپەك رەختىنىڭ باھاسى 170 يارماق ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇ باھا شۇ مەزگىلدىكى تورپان بازىرىدىكى ئوخشاش يىپەك رەخت باھاسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىكەن. بۇنىڭدىنمۇ ئەينى چاغدا خوتەندە پىلە - يىپەكچىلىكنىڭ ھەقىقەتەن گۈللەنگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدىكى بۇ خىل گۈللىنىش تاكى ئۇلۇق ئاغىلىق ئۇدۇن خانلىقى 1006 - يىلى مۇنقەرز بولغانغا قەدەر داۋاملاشقان. مىلادىيە 961 - يىلى ۋىسا تەڭرىخان ئەلچى ئەۋەتىپ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىغا قاشتېشى قۇتا، قاشتېشى ياستۇق قاتارلىق قىممەت باھالىق قاشتېشى بۇيۇملىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلات بولغان غۇز كىمخابى تەقدىم قىلغان. دېمەك، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئىگىلىك داۋاملىق گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرغان بولۇپ، قاشتېشى ئويمىچىلىقىنىڭ سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. كىمخاپ توقۇش بارلىققا كەلگەن.

## 7) ئېتىقاد مەدەنىيىتى

ئىپتىدائىي ئېتىقادلاردىن سارقىندىلار: بۇددىزىم ئېتىقادى دەۋرىدە، خوتەننىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددىزىم بىردىنبىر ئېتىقاد ئوبيېكتى بولغان ئەمەس. ئەكسىچە، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. يۇقىرىدا، خوتەننىڭ تارىختىن بۇرۇنقى دەۋردىكى ئاھالىلىرىنىڭ روھ ئېتىقادچىلىقى، ئەجدادلار ئېتىقادچىلىقى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، مۇقەددەس نەرسىلەر ئېتىقادچىلىقى قاتارلىق ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى بولغانلىقى، شۇنداقلا شۇ دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا شامان دىنى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. بۇددا دىنى خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، كۆپ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئانچە - مۇنچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، يېڭى شارائىتتا ماس ھالدا داۋاملاشقان. شامان دىنىمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەرگەن. «كېيىنكى خەننامە، بەنچاۋ تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇن خانىنىڭ پىرغا ئىشىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا پىرنىڭ ئۇدۇن خانىنىڭ بەنچاۋغا يېقىنلىشىشىغا توسقۇنلۇق

مىۋە. چىۋە ۋە قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىن زور دەرىجىدە ئەرزان بولۇپ، بۇ ئەينى دەۋردە ئۇدۇننىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە ئاساسىي ئورۇند تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(2) باھا مۇقىم بولغان. شۇ يىلى 10 - ئايدىن كېيىنكى يىلى 1 - ئايغىچە ئوخشاش خىلدىكى تاۋارنىڭ باھاسىدا ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىغان.

(3) بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسى، سۈپىتى، قىس ياكى كۆپلۈكىگە ئاساسەن پەرقلىق بولغان. مەسىلەن، قەغەزنىڭ سۈپىتىگە ئاساسەن ئۈچ خىل باھا قويۇلغان.

(4) توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش باھاسى ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن، چىلان، بېيە، ھاراق قاتارلىقلارنىڭ توپ ۋە پارچە باھاسى پەرقلىق بولغان. بۇ ئەينى دەۋردە توپ تارقىتىش سودىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدۇ®.

(5) بۇ جەدۋەلدىكى تاۋارلارنىڭ باھاسى بىردەك «يارماق» دېگەن پۇل بىرلىكى بىلەن خاتىرىلەنگەن بولۇپ، تۆگە، گىلەم قاتارلىق بىرلىكلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن باھا ئۇچرىمايدۇ. بۇ، ئەينى دەۋردە مېتال پۇلنى ئوبوروت قىلىش ئومۇملاشقانلىقى، مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىن قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ جەدۋەلدە يىپەك رەخت بىلەن بۆز رەختنىڭ باھاسى كۆرسىتىلىپ، چەكمەن، جىت، قىۇر قاتارلىق يۇڭ رەختلەرنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ باھاسى كۆرسىتىلمىگەنلىكى دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش نەتىجىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ 80% تىن ئارتۇقراقى يۇڭ كىيىملەردىن ئىبارەت بولغان. ئەمما تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ماتېرىيال قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولۇپ، يىپەك ۋە پاختا رەختلەر ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن. تاڭ شۈەنزاڭنىڭ ئۇدۇنلۇقلارنىڭ «كۆپىنچىسى يىپەك ۋە بۆز رەختتىن كىيىم كىيىدۇ» دېگەن بايانلىرى، قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەردىكى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان مومونا رايونىنىڭ مىلادىيە 713 ~ 742-يىللار ئارىلىقىدىكى مەلۇم بىر يىلى 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12-

پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى III ئەسىردىن بۇرۇنلا ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم ئېفتالىتلارنىڭ ئۇدۇنغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «كونا تاڭنامە»، «كونا بەش دەۋر تارىخى، يات ئەللەر تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخ ئەسەرلىرىدە «ئۇدۇنلۇقلاردا ئوت ئىلاھىغا چوقۇنىدىغان ئادەت بار» دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان⑨. ئەينى ۋاقىتتا ئاتەش دىنىنىڭ خوتەندە قانچىلىك داۋىرىدە تارقالغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىيرەك مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، ئاتەش دىنىغا خاس بەزى ئادەتلەرنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئەينى چاغدا خوتەنگە تارقالغانلىقى ۋە بىر قىسىم ئاھالىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىغا گۇمان كەتمەيدۇ.

مانى دىنى: مىلادىيە III ئەسىردە ئىرانلىق مانى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان دىن بولۇپ، مانىنىڭ نامى بىلەن «مانى دىنى» دەپ ئاتالغان. شۇ چاغدىكى ھەر خىل دىنلارنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، ئاتەش دىنىنىڭ ئىككى مەنبەچىلىك قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مانى تەرىپىدىن يېزىلغان يەتتە پارچە دەستۇرى بولغان بولسىمۇ، كېيىن ھەممىسى يوقىلىپ كەتكەن. مانى دىنى «ئىككى تەرەپ، ئۈچ ماكان» قارىشىنى ئاساسي ئېتىقاد قىلىدۇ. «ئىككى تەرەپ» دېگىنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت؛ «ئۈچ ماكان» دېگىنى ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەندىن ئىبارەت. يوقىرىقى ئىككى تەرەپ ئۈچ ماكان ئىچىدە باشتىن - ئاخىر كۆرەش قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە رېئال زاماندىكى كۆرىشى ئەڭ كەسكىن بولىدۇ. بۈيۈك نۇر ئىلاھى ئەڭ ئالىي ئىلاھتۇر. قۇياش بىلەن ئاي ئۇنىڭ نۇرىدىن پۈتكەن دەپ قارايدۇ. مانى دىنىدا چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىنىدىغان مەبۇد يوق بولۇپ، نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش بىلەن ئايغىلا ئىبادەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ تاملىرىغا قۇياش، ئاي سۈرەتلىرى سىزىلغان.

مانى دىنىدا «ئۈچ چەك، ئون پەرھىز» ئەھكامى بولۇپ، «ئۈچ چەك» دېگىنى ئېغىزنى، قولنى، قەلبنى چەكلەش، يەنى يالغان ئېيتماسلىق، يامان ئىش قىلماسلىق، شەھۋەتكە بېرىلمەسلىك؛ ئون پەرھىز دېگىنى مەبۇدقا چوقۇنماسلىق، يالغان ئېيتماسلىق، ئاچ كۆزلۈك قىلماسلىق، جانغا زامىن بولماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ساختىپەزلىك قىلماسلىق، بىدئەتچىلىك قىلماسلىق، ئالا كۆڭۈل بولماسلىق، ھورۇنلۇق قىلماسلىق دېگەندىن

قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئەينى چاغدا ئۇدۇن خانىدىن پۇقراغىچە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، شامان پىرلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالايدىغان ئىمتىيازى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاتەش دىنى: بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە پېرسىيىنىڭ شەرقىدىكى توخار ئېلىدە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەلىخ شەھىرىدە) زورۇئاستېر تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن دىن بولۇپ، «زورۇئاستېر دىنى» دەپ ئاتالغان ۋە پېرسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. زورۇئاستېر دىنى ئىككى مەنبەچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. ئوت، يورۇقلۇق، پاكىزلىق، ئىجادچانلىق ۋە ھاياتلىق، ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى؛ قاراڭغۇلۇق، ۋەھشىلىك، ناپاكلىق، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئۆلۇم يامانلىقنىڭ مەنبەسىدۇر. ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى ئاخرومازدا، يەنى ئەقىل ياكى تەقدىر ئىلاھىدۇر. ئەھرەمەن بولسا يامانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى، يەنى ئەجەل ئىلاھىدۇر. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى داۋامىدا كىشىلەردە ئەركىن تاللاش ئىرادىسى ۋە ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۆلار ئۆلگەندىن كېيىن ئاخرومازدا ئۇلارنىڭ پانىي ئالەمدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن ئاخىرەتلىك سوراق ئېلىپ بېرىپ جەننەتكە سالىدۇ ياكى دوزاخقا تاشلايدۇ، دەپ قارايدۇ. كىشىلەردىن ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىقنى، زۇلمەتتىن قېچىپ، يورۇقلۇققا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ياخشى ئوي، ياخشى سۆز، ياخشى ئىش قىلىش»نى ئەخلاق ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئوت — يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ ۋەكىلى، ئاخرومازدانىڭ سىمۋولى دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئېتىقادچىلاردىن مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ماگىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتقا چوقۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

زورۇئاستېر دىنى ئوتقا چوقۇنۇشنى ئاساسىي پائالىيەت شەكلى قىلغانلىقتىن «ئاتەش دىنى»، «ئاتەشپەرەسلىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. زورۇئاستېر دىنى مىلادىيە III ، VII ئەسىرلەردە ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان. ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ دىن ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ كەڭ تارقالغان. VI ئەسىردە قارا شەھەر، كانجۇت، قەشقەر، خوتەنلەرگە تارقىلىپ كىرگەن[8]. ئۇدۇن ساك تىلىدىكى بەزى سۆزلەر، ئۇدۇندا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزم ئەسەرلىرىدە بەزى ئاتالغۇلارنىڭ «ئاۋستا» دىكى ئاتالغۇلاردىن

ئەسىردە ماھايانا (چوڭ يول) مەزھىپى شەكىللەنگەندىن كېيىن، بۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتىمۇ تارقىلىپ كىرگەن ۋە ئۇلار تەرىپىدىن ھىنايانا (كىچىك يول) دەپ ئاتالغان ئەنئەنىۋى مەزھەپ بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولغان ھەمدە پەيدىنپەي ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇدۇندا بۇددا دىنى گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن. «ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى، «ئۇدۇندا بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىدىكەن ... خان بۇدداغا بەك ئىخلاس قىلىدىكەن. ئۇ ھەر پەرھىز كۈنىدە ئۆزى سۇ سېپىپ ۋە سۇپۇرۇپ، پەرھىز تائامى ئىنئام قىلىدىكەن» دېگەن خاتىرىلەر ۋە مىلادىيە 401 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن نوم ئالغىلى كەلگەن راھىب فاشيەننىڭ ئۇدۇندا كۆرگەن بۇت سەيلىسى توغرىسىدىكى خاتىرىسىدە بۇت ھارۋىسى شەھەر دەرۋازىسىغا يۈز قەدەم قالغاندا، خان تاجىنى ئېلىپ، يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، بۇتنى قارشى ئالىدىكەن دېگەن بايانلارغا قارىغاندا، ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ بۇددا دىنى ئۇدۇندا دۆلەت دىنى ئىمتىيازىغا ئېرىشكەن ۋە ئاھالىلەر ئارىسىدا تېز ئومۇملىشىپ، گۈللەنگەن بۇددا مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.

فاشيەننىڭ خاتىرىلىرىدىكى ئۇدۇندا «ناھايىتى مولچىلىق ۋە شادلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن. خەلقى باياشات ئىكەن، ھەممىسى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇددا نەغمىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزىدىكەن. راھىبلىرى بىر نەچچە ئونمىڭ بار ئىكەن ... ئۇ ئەلدە ئاھالىلەر زىچ ئىكەن. ھەممە ئائىلىلەر ئىشىك ئالدىغا كىچىك مۇنار سالغان بولۇپ، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭمۇ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ ئەتراپىدا كېلىدىكەن. مېھمان بولۇپ كەلگەن راھىبلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن تۆت چاسىلىق راھىب ھۇجرىسى سېلىنغانىكەن» دېگەن بايانلار بۇ خىل گۈللىنىشنىڭ جانلىق سۈرەتلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.

بۇلاردىن باشقا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ئەسىرلىرىدە ئىسلام دىنىمۇ خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەن دېگەن قاراشلار بار.

## 8) تىل - يېزىق مەدەنىيىتى

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەرگە قەدەر ساك، چان، سوغدى، ھون، توخرى، تۇيغۇن، روران، ئېفتالىت، تۈرك،

ئىبارەت بولۇپ، مانى دىنىدىكى ئېتىقادچىلار بەش تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر تەبىقىگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر كۈنى تۆت ۋاخ ئىبادەت قىلىش، روزا تۇتۇش، توۋا - ئىستىغپار قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە بۇ پائالىيەتلەرنى غەزەل ئوقۇش شەكلىدە ئېلىپ بارىدۇ.

مانى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. مىلادىيە VI ئەسىرلەردە ئېفتالىتلار ۋە توخرىلار ئارقىلىق ئۇدۇن، ئېدىقۇت قاتارلىق جايلارغا تارقالغان دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. مىلادىيە 961 - يىلى ئۇدۇن خانى مۇقەددەس تەڭرىخان سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتكەن ئۇلپان تاپشۇرغۇچى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە مانى دىنى پىر - ئۇستازلىرىمۇ بولغان ۋە ئۇلار سۇڭ پادىشاھىغا سىرلىق لوڭقا، غۇز كىمخاپى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغان. بۇنىڭدىن، ئۇدۇن خانلىقىدا مانى دىنىنىڭمۇ مەلۇم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

**نېستورىيان دىنى:** بۇ خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سۇرىيىلىك باش ئېپىسكوپ نېستورى تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان. مىلادىيە VI ئەسىردە شىنجاڭغا، VII ئەسىردە چاڭئەنگە تارقالغان. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا «جىڭجياۋ دىنى» دەپ ئاتالغان. «ماركو پولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە، قەشقەردە نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىيان مۇرىتلىرى ئاز ئەمەسكەن. چېركاۋىسىمۇ باركەن، يەكەندە پۇقرالار ئىسلام دىنىغا رىئايە قىلىدىكەن. نېستورى مەزھىپىدىكى خرىستىيانلارمۇ بار ئىكەن دەپ خاتىرىلەنگەن. 1896 - يىلى سۋېن ھېدىن خوتەندىكى يوتقان شەھىرى خارابىسىدىن بىر دانە مىستا ئىشلەنگەن كرېستنى تاپقان. تۇرپان رايونىدىن نېستورىيان دىنىغا ئائىت تۆت خىل يېزىقتا يېزىلغان خېلى كۆپ يازما ۋەسىقىلەر بايقالغان.

**بۇددا دىنى:** يۇقىرىدا بۇددا دىنىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئۇدۇندا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى دەسلەپتە ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان. 11 - ئەۋلاد ئۇدۇن خانى ۋىسا ۋىريا قوماتتىكى چوڭ ئىبادەتخانىنى سالدۇرغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى پەيدىنپەي ئومۇملىشىشقا باشلىغان. ئۇدۇنغا دەسلەپتە ئەنئەنىۋى بۇددا تەلىماتى تارقالغان بولۇپ، مىلادىيە I

تەۋە خوتەن ساك تىلىنى قوللانغانلىقىنى دەلىللىگەن. تىلشۇناسلار خوتەن ساك تىلىنى دەسلەپكى خوتەن ساك تىلى، كېيىنكى خوتەن ساك تىلى، مۇرتۇق ساك تىلى، تۇمشۇق ساك تىلى، ھىندى ساك تىلى، قەشقەر ساك تىلى قاتارلىق يەتتە تارماققا بۆلگەن. مىلادىيىنىڭ باشلىرىدىن مىلادىيە 330 - يىللارغا قەدەر غەربىي شىمالىي ھىندىستاندىكى قەندەھار رايونىدا ئىشلىتىلگەن سانسكرىت تىلى بىلەن سانسكرىت يېزىقى خوتەننىڭ بۇددا دىنى ساھەسىدىكى ئاساسلىق تىل-يېزىق بولغان. III ئەسىردىن كېيىن، ھىندىستاندىكى گۇپتا خانلىقىنىڭ يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان پراكرىت يېزىقى، يەنى خوتەن ساك يېزىقى قوللىنىلغان. بۇ يېزىق III ئەسىردىن X ئەسىرگىچە قوللىنىلغان بولۇپ، III ، VI ئەسىرگىچە بولغان دەۋرى دەسلەپكى دەۋرى، VII ، X ئەسىرگىچە بولغان دەۋر كېيىنكى دەۋر ھېسابلىنىدۇ.

چانلار: چان — يىن، شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ھازىرغىچە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمىي مىللەت نامى بولۇپ، «چانرۇڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چان دېگەن نام ئەڭ ئاۋۋال يىن - شاڭ دەۋرىدىكى سۆڭەك پۈتۈكلەردە خاتىرىلەنگەن. شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە سىچۈەننىڭ غەربى قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان. بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ ئولتۇراقلاشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە بىر قىسىم چانلار تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشتىن بۇرۇنلا چانلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى ھەر قايسى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە خېلى كۆپ چان قەبىلىلىرى چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن بىر - بىرلەپ غەربكە كۆچكەن. چارقىلىققا كەلگەن چانلار شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن چانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار شەرقتە لوپنۇر كۆلىدىن غەربتە خوتەننىڭ تاغلىق رايونلىرىغا قەدەر بولغان جايلاردا پائالىيەت قىلغان.

چانلارنىڭ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى زاڭزۇ - بىرما تىل ئائىلىسىنىڭ چان تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. بەزىلەر زاڭزۇ تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ. دۆلىتىمىزدىكى چياڭزۇ مىللىتىنىڭ ئۆز تىلى بار، مىللىي يېزىقى يوق. ئۇزۇندىن بۇيان خەنزۇ يېزىقىنى

تۈبۈت، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەت ياكى قەبىلىلەر ئاجايىپ سېھىرىي تۈسكە تولغان خوتەن زېمىنىدا ياشاپ ئاۋۇپ، خوتەننىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

## خوتەندە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقلىرى:

ساكلار: قەدىمكى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغان ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىلى ئائىلىسىگە تەۋە تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ، «سىكىفلار»، «سارماتلار»، «ساكائىلار»، «ساكالار» دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان. ئىراندىكى نەقىشى رۇستەم خارابىسىدا ساقلانغان دار I ھەققىدىكى مىخ يېزىق مەڭگۈ تېشىدا ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھقا بۆلۈنىدىغانلىقى يېزىلغان: (1) خايمارى ساكلىرى — «خايما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئۆزىگە سىمۋول قىلىۋالغان ساكلار بولۇپ، پەرغانە، كۆكئارت ئەتراپىدا ياشىغان؛ (2) تىگراخايدا ساكلىرى — ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار بولۇپ، يەتتىسۇ ۋە شۇ ئەتراپتىكى يايلاقلاردا ياشىغان؛ (3) تەيتارا دارىيە ساكلىرى — دېڭىز- دەريا بويلىرىدا ياشىغۇچى ساكلار بولۇپ، ياشىغان ئورنى ئېنىق ئەمەس.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ن. بېرنىشتامنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V، VI ئەسىرلەردە كۆكئارت ئەتراپىدا ياشىغان ساكلارنىڭ بىر قىسمى توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن جەنۇبقا — تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى (ئاساسەن خوتەندىن قەشقەرغىچە بولغان جايلار)، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايلاردا كەشمىرا، كوشتانا (خوتەن تەۋەسىدە)، ساكارا ئول (يەكەن تەۋەسىدە)، درانگىئانا (ھازىرقى ئىراننىڭ سىستان رايونىدا) قاتارلىق خانلىق - بەگلىكلەرنى بەرپا قىلغان. بەزى ئالىملار ساكلارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XX ئەسىردىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاۋرېل ستەين جەنۇبقا كۆچكەن بۇ ساكلارنى «خوتەن ساكلىرى» دەپ ئاتىغان. تىل جەھەتتە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى شەرقىي ئىران (پارس) تىللىرى گۇرۇپپىسى شەرقىي جەنۇب تىل تارمىقىغا

ئافراسياپ (هازىرقى سەمەرقەند) شەھىرىنى پايتەخت قىلغان. ئىلگىرى - كېيىن تۇخارلار، توخرىلار، كۇشانلار، ساسانىلار، ئېفتالىتلار، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپمۇ قالغان. مىلادىيە 1220 - يىلى چىڭگىزخانىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى داۋامىدا سۇغدىيانا دۆلىتى مۇنقەرز بولغان.

سوغدى تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەينى دەۋردە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان. بەزىلەر سوغدى تىلىنى پارس تىلى ۋە قەدىمكى خوتەن تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ.

سوغدى تىلى سوغدى ھەرپى، مانى ھەرپى، سۇرىيە ھەرپىنىڭ ئىنجىل شەكلى قاتارلىق ئۈچ خىل ھەرپ ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن. ئەينى دەۋردە سوغدى تىلى ۋە يېزىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا كەڭ تارقالغان.

ھونلار: ھون قەدىمكى مىللەت نامى بولۇپ «غۇز» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدىكى خىتاۋ رايونى ۋە يىگشەن تاغلىرى ئەتراپىدىكى جايلاردا بارلىققا كېلىپ قۇدرەت تاپقان. تۇمەن شەھىرى (هازىرقى ۋۇيۈەن ناھىيىسى ئەتراپلىرى) ھونلارنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان. مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر قانچە يۈز يىلدا، ھونلار شىنجاڭ رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. «تارىخنامە»، «خەننامە» قاتارلىق خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ھونلارنىڭ 2- ئەۋلاد تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر تەڭرىقۇت) دەۋرىدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىن كېيىن ھونلار غەربىي يۇرتتىكى ئۇدۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 36 بەگلىك، خانلىقنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئىدارە قىلغان. جۈملىدىن بىر قىسىم ھون قەبىلىلىرى خوتەن بوستانلىقىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

تارىخىي يازما ماتېرىياللاردا ساقلىنىپ قالغان ھون تىلىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ھون تىلى تۈركىي تىللارغا يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى بىر خىل تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىكەن.

ھونلارنىڭ يېزىقى بولمىسىمۇ، لېكىن ھون تىلى لېكسىكىغا باي، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان خېلى كۆپ ھون سۆزلۈكلىرى ساقلاپ قېلىنغان.

ئورتاق ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى تاڭغىت يېزىقى تاڭغىت تەۋەسىدىكى داڭشاڭ چانلىرى ئىشلەتكەن يېزىق ئىدى.

خەنزۇلار: خەنزۇ مىللىتى قەدىمكى دەۋرلەردە «خۇاشيا»، «جۇڭخۇا»، «شيا»، «شيالار»، «خۇا»، «چىنلار»، «تاڭلىقلار» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى ئەمىنىيە - يېغىلىق دەۋرىدىن بۇرۇنقى خۇا - شيا قەبىلىلىرى بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن خەنزۇ دېگەن نام قوللىنىلىشقا باشلىغان. يەنى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە دۆلەت بىرلىككە كەلگەن شارائىت ئاستىدا بىر پۈتۈن خەنزۇ مىللىتى شەكىللەنگەن.

خەنزۇلار قەدىمكى شىنجاڭ ۋە ئۇدۇنغا خېلى بۇرۇن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI، VII ئەسىرلەردە خۇاشيا قەبىلىسىنىڭ سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كېلىشكە باشلىغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭ چيەن ۋە بەنچاۋنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشى، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، يەنە بىر قىسىم خەنزۇلار شىنجاڭ، شۇنىڭدەك خوتەن بوستانلىقىغا كەلگەن.

خەنزۇ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى خەنزۇ تىلى ئائىلىسىنىڭ خەنزۇ تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە تىللارنىڭ بىرى بولۇپ، شىمال دىئالېكتى، خۇنەن دىئالېكتى، جياڭشى دىئالېكتى، كېجيا دىئالېكتى، فۇجيەن دىئالېكتى، گۇاڭدۇڭ دىئالېكتى قاتارلىق كۆپلىگەن دىئالېكتلىرى بار.

خەنزۇ يېزىقى يىراق قەدىمكى دەۋردە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئورتاق قوللىنىۋاتقان چاسا شەكىللىك خەنزۇچە خەتلەر تەسۋىرىي يېزىقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، يىن، شاڭ دەۋرلىرىدىكى سۆڭەك پۈتۈك ۋە شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى داڭقان يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگىرىپ شەكىللەنگەن. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بىرى.

سوغدىلار: سوغدىلار «كانجۇت» دەپمۇ ئاتىلىدىغان قەدىمكى مىللەت نامى، قەدىمكى دەۋردە ئۇلار قۇرغان دۆلەت «سۇغدىيانا» «كانكىيە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئامۇر ۋە سىر دەريالىرى ئارىلىقىدىكى زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان. سۇغدىيانا دۆلىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىلا مەۋجۇت بولۇپ

مىللەت نامى بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە لياۋدۇڭدىكى سىيانپىلارنىڭ مۇرۇن ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقىلى شى گۈيىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىدى. IV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇيغۇن ئۆز قەۋمىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ گەنسۇدىكى باۋشەن دېگەن جاينى ماكان تۇتۇپ، چانلار بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىركىشىپ يۇرۇپ ئۆزىنى كۈچەيتكەن. ئۇنىڭ نەۋرىسى يې يەن ئاقساقال بولغاندىن كېيىن، چىڭخەيدىكى شاجۇدا ھاكىمىيەت قۇرغان ھەمدە ئۆز قەۋمىگە بوۋىسىنىڭ تۇيغۇن دېگەن ئىسمىنى مىللەت نامى قىلغان.

مىلادىيە 445 - يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تۇيغۇنلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، تۇيغۇنلارنىڭ ئاقساقىلى مولىيان ئۇدۇنغا قېچىپ بېرىشقا مەجبۇر بولغان ھەمدە ئۇدۇن خانىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ياندۇرقى يىلى ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەتكەن.

تۇيغۇنلارنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئاساسەن خەنزۇلارغا ئوخشاش كىيىنىپ، خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇۋچىلىقنى ياقتۇرىدۇ، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. سودىگەرلىرى كارۋانچىلىققا ماھىر بولۇپ، چاڭجاڭ، خۇاڭخې دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىدىن غەربتە پېرسىيەگە قەدەر بولغان جايلاردا سودا بىلەن شۇغۇللانغان. يېقىنقى يىللاردا بەزى تەتقىقاتچىلار چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى ھازىرقى تۇزۇ مىللىتى تۇيغۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دەپ قاراۋاتقان بولسىمۇ، بۇ قاراش تېخى تىكلەنمىگەن بولۇپ، يەنىمۇ تەتقىق قىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

روورانلار: بۇ قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتنىڭ نامى. روورانلار شەرقىي غۇزلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، سىيانپىلار بىلەن مەنبەداش. لېكىن يازما مەنبەلەردە روورانلار «ھونلارنىڭ ئەۋلادى»، «ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى»، «ياقا - يۇشقاقتىكى ئارىلاش غۇزلار» دېگەندەك خاتىرىلەرمۇ بار. IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىنى «روران» دەپ ئاتىغان. كېيىنكى ھەر خىل تارىخىي كىتابلاردا «ئاۋارلار»، «جورجانلار» دەپمۇ ئاتىغان. يېقىنقى يىللاردا كۆپ سانلىق ئالىملار ۋىزانتىيە تارىخىدىكى ئاۋارلار دەل تۈركلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن غەربكە كۆچكەن روورانلاردۇر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى خوتەن بوستانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

روورانلار موڭغۇلوئىد ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، تىلى ئالتاي تىل

**توخرىلار**: توخرىلار باكتېرىيە، توخار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ غەربىي يۇرتتىكى قەدىمىي دۆلەت بولۇپ، «سۇينامە»، «تاڭنامە» قاتارلىق تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن. ھىندىقۇش تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالى) ئارىلىقىغا جايلاشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادىيە II ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە توخرىلار تازا قۇدرەت تېپىپ، شىمالدا ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن جەنۇبتا ھىندى دەرياسى ۋادىلىرىغا قەدەر بولغان كەڭ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىيە II ئەسىردىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر توخارلار، ئېفتالىتلار ۋە تۈركىي مىللەتلەرگە ئىتائەت قىلغان. مىلادىيە VII ئەسىردە ئەرەبلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

توخرىلار شەرقىي ئىران تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىم ۋادىسىدىمۇ ئولتۇراقلاشقان. ئارخېئولوگىيىلىك بايقالمىلار ۋە ئالاقىدار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى بىردەك، يىراق قەدىمكى دەۋردىن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرگە قەدەر تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى «شەھەر - قەلئە دۆلەتلىرى» دە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر ئاساسلىقى ھىندى، ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىللاردا سۆزلىشىدىغان توخرىلار بىلەن ساكلاردىن ئىبارەت، دەپ ھېسابلىماقتا. توخرىلار ھىندى براخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىيپاش (يازما) شەكلىنى قوللانغان. سۇلى (قەشقەر)، يەركەن ئەتراپلىرىغا جايلاشقانلىرى براخما يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىك شەكىللىك (باسما) نۇسخىسىنى قوللانغان.

مىلادىيە II، IV ئەسىرلەردە نىيە، ئۇدۇندىن تارتىپ لوپنۇر بويلىرىغىچە (چەرچەن، چارقىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بولغان جايلاردا ئاساسلىق قوللىنىلغان تىل قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي-شىمال دىئالېكتىدىكى تىل بولۇپ، ئادەتتە نىيە ئاۋام تىلى ياكى پىشامشان ئاۋام تىلى دېيىلىدۇ. ئۇ ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىلى ئائىلىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ. بۇ جايلاردا ئاساسلىق قوللىنىلغان يېزىق قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى ئارامى يېزىقى سىستېمىسىدىكى بىر خىل يېزىقنى مەنبە قىلغان قارۇشتى يېزىقى بولۇپ، كېيىن براخما يېزىقى قوللىنىلغان.

**تۈيغۇنلار**: بۇ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمكى

كېڭەيمىچىلىق قىلىغان. 791 - يىلىدىن 866 - يىللارغا قەدەر ئۇدۇننى ئۆز ئىدارىسىگە ئالغان. مۇشۇ ۋاقىتلاردا تىبەت تىلى هۆكۈمران تەبىقىنىڭ تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇدۇندا مەلۇم دائىرىدە قوللىنىلغان ۋە تىبەت يېزىقىدا ئۇدۇنغا دائىر خېلى مول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار: بۇ قەدىمىي مىللەت نامى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە ئورخۇن ۋە سىلىنگا دەريا ۋادىلىرىدا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن تۇغلار دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن. مىلادىيە 744 - يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، ئورخۇن ۋادىسىدا ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنى قۇرغان. شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە ئالتاي تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا خېتاۋ رايونىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆزىگە قاراتقان. مىلادىيە 840 - يىلى قىرغىزلار ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆچۈپ تارقىلىپ كەتكەن. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى خوتەن تەۋەسىگە كېلىپ ماكانلاشقان.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىل بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. تارىختا يەنە تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقلىرىنىمۇ قوللانغان.

موڭغۇللار: موڭغۇللار ئەسلىدە ئارغۇن دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان بىر قەبىلە بولۇپ، دەسلەپ «كونا تاڭنامە»دە تىلغا ئېلىنغان. XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخان موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 1206 - يىلى موڭغۇل خانلىقىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئەسلىدە قەبىلە نامى بولغان «موڭغۇل» دېگەن سۆز مىللەت نامىغا ئايلانغان.

موڭغۇل تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى موڭغۇل تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ. موڭغۇل يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان.

**قەدىمكى خوتەندە ئىشلىتىلگەن يېزىقلار ۋە بۇ يېزىقلاردىكى ۋەسىقىلەر:**

**قارۇشتى يېزىقى:** بىر خىل ئېلىپبەلىك يېزىق. مىلادىيىدىن

سىستېمىسىنىڭ مانجۇ - تونگغۇس تىل ئائىلىسىگە كىرىدۇ. يېزىقى يوق.

ئېفتالىتلار: ئېفتالىت دېگەن بۇ نام ئەڭ دەسلەپ «ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن. ۋىزانتىيە تارىخچىلىرى بىلەن قەدىمكى ھىندستان يازما مەنبەلىرىدە ئۇلارنى ئاق ھونلار دەپ ئاتىغان. ئېفتالىتلار بىر مەھەل ئاگىنى، سۇلى، قۇم، كۇسەن، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ئىستېلا قىلىپ، ھازىرقى بەلخىنى مەركەز قىلغان ئېفتالىتلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت VI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى تۈركلەر بىلەن ساسانىيلارنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا گۇمران بولۇپ، ئاھالىسى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. بىر قىسمى خوتەن بوستانلىقىغا كەلگەن بولۇپ، كېيىن يەرلىك ئاھالىگە سىڭىشىپ كەتكەن.

ئېفتالىتلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىل تارمىقىدىكى شەرقىي جەنۇب تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان ئېفتالىت تىلىنى قوللانغان.

تۈركلەر: بۇ قەدىمىي مىللەت نامى، شۇنداقلا خاقانلىق نامى.

تۈركلەر ئەسلىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە ماكانلىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىر زامان رورانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان. كېيىن، ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان داڭلىق يولباشچى تۇمەنىنىڭ رەھبەرلىكىدە موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تۈركلەرگە زۇلۇم سالغان رورانلارغا قارشى قوزغىلىپ، رورانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

مىلادىيە 583 - يىلى تۈرك خاقانلىقى شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا پارچىلىنىپ كەتكەن. مىلادىيە 744 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يولباشچىسى كۆل بىلگە تۈرك خاقانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزى خاقان بولغان.

تۈركلەر تۈرك تىلى ۋە تۈرك يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئەينى دەۋردىكى تۈرك يېزىقى ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى، رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۈركلەر سوغدى يېزىقىنى ھۆكۈمەت يېزىقى قىلغان.

تۇبۇتلەر: تۇبۇت VII ، IX ئەسىرلەردە چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكىدە قۇرۇلغان قەدىمكى تىبەت ھاكىمىيىتىنىڭ نامى، شۇنداقلا زاڭزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمكى نامى.

تۇبۇتلەرنىڭ تىلى تىبەت تىلى بولۇپ، قەدىمكى زاڭزۇ (تىبەت) يېزىقىنى قوللانغان.

مىلادىيە VII ، VIII ئەسىرلەردە تىبەت خانلىقى قۇدرەت تېپىپ،

نۇسخىسى بارلىقتا كەلگەن.

براخما يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر:

بۇ يېزىق خوتەندە II ئەسىردىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، بايقالغان ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى VII ، X ئەسىرلەرگە خاس ۋەسىقىلەردۇر. بۇ ۋەسىقىلەر تەرجىمە قىلىنغان ھىندىستان ھېكايىلىرى، تېبابەتكە دائىر يازمىلار، دىنىي غەزەللەر، ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەنزۇ يېزىقى: خوتەن تەۋەسىدىن بىر قىسىم قەدىمكى دەۋرگە خاس خەنزۇچە ۋەسىقىلەر بايقالدى.

ئاساسلىقى؛ خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك مىس پۇل (خوتەن ئات پۇلى)، خەنزۇچە تارىشا پۈتۈك، خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق مىس يارمىقى، خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن تامغا، «خەنزۇچە - ئۇدۇنچە سۆزلۈكلەر» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

خوتەن ساك يېزىقى: بۇ مىلادىيە V ، XI ئەسىرلەردە خوتەن ساكلىرى ئىشلەتكەن بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى خوتەن رايونىدىن بۇ يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر بايقالغاندىن كېيىن «خوتەن ساك يېزىقى» دەپ ئاتالغان. خوتەن ساك تىلىدا 9 سوزۇق تاۋۇش، 22 ئۈزۈك تاۋۇش بولۇپ، يېزىقتا سوزۇق تاۋۇشلار قوشۇمچە بەلگىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

خوتەن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر: بۇ خىل ۋەسىقىلەر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى «Stahl Holstein توپلىمى» بولۇپ، بىر يۈزى خوتەن ساك يېزىقىدا، بىر يۈزى قەدىمكى تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان. خوتەن ساك يېزىقىدىكى قىسمى 71 قۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن 1 - قۇردىن 51 - قۇرغىچە ئۇدۇن خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭ ساجۇ (دۇنخۇاڭ) غا قىلغان ئەلچىلىك خاتىرىسىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ، سەپەر ئۈستىدە ئۆتكەن شەھەر - كەنتلەر، ساجۇنىڭ بۇددا مۇنارلىرى، ئالتۇن ھەللىك بۇتخانىلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. تېكىستنىڭ ئۈچ يېرىدە ۋىسا سامبىھاۋانىڭ 14 - يىلى تىلغا ئېلىنغان. ئىككى يېرىدە ۋىسا سامبىھاۋانىڭ 14 - يىلى توخۇ يىلى، خاقانىنىڭ نامى ئارسلانخاندۇرلەر دەپ ئېنىق يېزىلغان. ئالىملار بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئارسلانخان دەل ئۇدۇن خانى ۋىسا تەڭرىخاندىن ئىبارەت دەپ ھۆكۈم قىلدى. بۇ ۋەسىقىنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ۋىسا تەڭرىخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردىمۇ خوتەندە قوللىنىۋاتقان

بۇرۇنقى V ئەسىردە پېرسىيىدىن ھىندىستانغا تارقىلىپ كىرگەن ئەرەمى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. شىمالىي ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئىشلىتىلگەن. مىلادىيە II ئەسىردە كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە، II ئەسىردە پىشامشانغا تارقىلىپ ھۆكۈمەت يېزىقى قىلىنغان. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلگەن.

قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىيقىلەر:

1) قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشىا پۈتۈك 1000 دانىدىن ئارتۇق.

2) خەنزۇچە - قارۇشتىچە خەتلىك مىس پۇل 356 دانە.

3) قارۇشتىچە يىپەك پۈتۈك 5 پارچە.

4) قارۇشتىچە بېغىشلىما 2 پارچە.

5) قارۇشتىچە مەڭگۈ تاش پۈتۈك 1 دانە.

6) قارۇشتىچە قەغەز پۈتۈك 1 قاپ.

7) قارۇشتىچە نوم - سۇترا 1 جىلد.

قارۇشتىچە ۋەسىيقىلەر بايقالغان رايونلار:

1) نىيە دەريا ۋادىسى (نىيە خارابىسى) — قەدىمكى پىشامشان رايونى.

2) خوتەن شەھىرى ئەتراپى — قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقى رايونى.

3) كىروران قەدىمكى شەھىرى خارابىسى — قەدىمكى پىشامشان رايونى.

4) كۇچار رايونى — قەدىمكى كۇسەن خانلىقى رايونى.

بۇ ۋەسىيقىلەر 1870 - يىللاردىن باشلاپ بايقالغان. نىيە خارابىسىدىن بايقالغىنى ئەڭ كۆپ. ھازىر ئەنگلىيە، رۇسىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، شۇنداقلا دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ ۋە تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ. 1920 ~ 1929 - يىللاردا ياۋروپادا «جۇڭگو تۈركىستانىدىن ستەين بايقىغان قارۇشتىچە ۋەسىيقىلەر» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنغان. جەمئىي 764 پارچە قارۇشتىچە ۋەسىقە لاتىن يېزىقىدا ئېلان قىلىنغان.

**براخما يېزىقى:** مۇرەككەپ ئېلىپبەلىك يېزىق. قەدىمكى ھىندىستاندا ئەرەمى يېزىقىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىن باشلاپ ئىشلىتىلگەن. مىلادىيە II ، II ئەسىرلەردە براخما يېزىقىنىڭ گۇپتا نۇسخىسى شىنجاڭغا تارقىلىپ، تىك شەكىللىك ۋە قىيپاش شەكىللىك ئىككى خىل يازما

ئىسلاھ قىلىنغان.

مىلادىيە VII ئەسىرلەردە تۇبۇتلەر كۆچىيىپ، شەرقتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىركىشىپ، شىمالدا خېشى كارىدورى، تارىم ئويمانلىقى، پامىر ئەتراپلىرىغا قەدەر بولغان جايلارنى بىر مەھەل ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئالغان. مىلادىيە 791 - يىلىدىن 866 - يىلىغا قەدەر ئۇدۇن خانلىقىنى ئۆزىگە قارام قىلىۋالغان. شۇ دەۋرلەردە تىبەت يېزىقى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ يېزىقى سۈپىتىدە خوتەندە قوللىنىلغان بولۇپ، بىر بۆلۈك تىبەتچە ۋەسىقىلەر زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر: شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە ئاز بولمىغان تىبەتچە ۋەسىقىلەر بايقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا VIII، IX ئەسىرلەردە يېزىلىپ ساقلانغان «ئۇدۇن بۇددىزىم تارىخى»، «ئۇدۇننىڭ راھىبلارغا نام - ئەمەل بېرىش خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار خوتەننىڭ بۇددىزىم دەۋرى تارىخى ۋە بۇددىزىم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

تۈرك يېزىقى: تۈرك يېزىقى 38 ~ 40 ھەرپ - بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان، ئېلىپبەلىك يېزىق بىلەن بوغۇملۇق يېزىقنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تۈزۈلگەن يېزىق بولۇپ، تۈرك خاقانلىقى (744~552-يىللار)، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى (840 ~ 744 - يىللار) دەۋرلىرىدە قوللىنىلغان. خاككاسلار، ئېدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىمۇ بۇ يېزىقنى قوللانغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئاساسەن تاۋۇشلۇق (ئېلىپبەلىك) يېزىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىقتا بەش ھەرپ ئارقىلىق سەككىز سوزۇق تاۋۇش، 18 ھەرپ ئارقىلىق 22 ئۈزۈك تاۋۇش ئىپادە قىلىنىدۇ. بۇ يېزىق ئەسلىدە ئوڭدىن - سولغا توغرا قۇر بويىچە يېزىلاتتى. كېيىن ئۈستىدىن - ئاستىغا تىك قۇر قىلىپ يېزىلىدىغان بولغان. بۇ خىل شەكىلدە قۇر تىزىلىش كۆپىنچە سولدىن - ئوڭغا بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر مەڭگۈ تاش پۈتۈكلىرى ۋە باشقا يازما پۈتۈكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلاردىن «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۈ تېشى» نىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن. بۇ يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىئان دىنى قاتارلىق دىنىي ئابىدىلەر، تېبابەت ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھۆكۈمەت

تىل - يېزىقىنىڭ ئۇدۇن ساك تىلى، ئۇدۇن ساك يېزىقى ئىكەنلىكىنى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى خوتەن ساكلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

خوتەن ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر پارىژ، لوندون، لېنىنگراد، ستوكھولم، كيوتو، كالكوتتا، يېڭى دېھلى، بېرلىن قاتارلىق جايلاردا ساقلانغان.

«خوتەن تېكىستلىرى» ئەنگلىيىلىك سانسكرىت تىلى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور خ. ۋ. بايلىي تەرىپىدىن توپلىنىپ رەتلەنگەن بەش توملۇق ئەسەر بولۇپ، 1946 -، 1954 -، 1956 -، 1961 -، 1978 - يىللاردا نەشردىن چىققان. پروفېسسور بايلىي 1978 - يىلى يەنە «خوتەن ساك تىلى لۇغىتى»نى نەشر قىلدۇرغان. «خوتەن تېكىستلىرى» دىكى ۋەسىقىلەر خوتەننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى، تارىخى، ئەينى دەۋر خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى چۈشىنىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 4 - تومى باشقا توملاردىكى بۇددا تېكىستلىرىدىن پەرقلىق ھالدا مىلادىيە VII ئەسىرگە تەئەللۇق ئەدەبىي پارچىلار، سودا-سېتىق ھۆججەتلىرى ۋە ھەربىي پەرمانلاردىن تەركىب تاپقان.

**سوغدى يېزىقى:**

سوغدى يېزىقى ئەرەمى يېزىقى ئاساسىدا كېلىپ چىققان ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، دۆلىتىمىزدە ئۇنىڭ ئۆلچەملىك (يەنى نوم-سۇترا) نۇسخىسى، شام (قەدىمكى سۈرىيە) نۇسخىسى، مانى نۇسخىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل يېزىق نۇسخىلىرىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر بايقالدى. بۇ يېزىقتا 11 سوزۇق تاۋۇش، 19 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بولۇپ، خەت شەكلى يۇقىرىقى ئۈچ خىل نۇسخىغا بۆلۈنىدۇ. ئوڭدىن سولغا توغرا يېزىش ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يېزىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىق ئۇسۇلى بار.

سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن، شۇنداقلا تاجىكىستاندىن بايقالغان. مەزمۇنى ھۆججەت، خەت - چەك، بۇددا، خرىستىئان، مانى دىنىغا ئائىت پۈتۈكلەردىن ئىبارەت.

**تىبەت يېزىقى:**

تىبەت يېزىقى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سانسكرىت يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان. 30 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى، تۆت سوزۇق تاۋۇش بەلگىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈچ قېتىم

جۈپتەك پۈتۈكنىڭ ئىچ يۈزى جۈپلەشتۈرۈلۈپ، ئۈستىدىن ئۈچ قاتار كەندىر يىپ بىلەن باغلانغان. يىپ تۈگۈنچىسى ئۈستى تاختاي ئويمانچىسىغا كەلتۈرۈلۈپ، يۇڭ ئارىلاش سىغىز لاي بىلەن چاپلاپ، ئۈستىگە تامغا بېسىلغان. تەگلىك تاختاينىڭ ئارقىسىغىمۇ يىپ ئۈستىگە لاي چاپلاپ تامغا بېسىلغان. ئۈستى تاختاي پېچەت يۈزىگە ياغاچ قەلەم بىلەن قارا سىياھدا قارۇشتى يېزىقىدىكى: «مەزكۇر پۈتۈكنى رىجگا ۋە يوسۇ پۈتكەن. پوسۇ ئاتى ناسا توغرىلىق، رامسۇ ساقلايدۇ. مەزكۇر پۈتۈك موگيانىڭ ئىگىدارلىقىدا» دېگەن خەتلەر، جۈپتەكنىڭ ئارقا يۈزىگە: «مەزكۇر پۈتۈكنى باجگىر لىپپاسا پېچەتلىگەن» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. بۇلاردىن مەزكۇر جۈپتەك پۈتۈكنى كىمنىڭ، نېمە مەزمۇندا يازغانلىقى، كىم ساقلايدىغانلىقى، كىمنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىكەنلىكى ئايان بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا خەت - چەك باشقۇرىدىغان قانۇنلۇق ئورگان بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. تارىشا پۈتۈكلەر ئاشكارا مەزمۇندىكى ھۆججەتلەرنى، جۈپتەك پۈتۈكلەر مەخپىي ھۆججەت، پەرمانلارنى پۈتۈشكە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## 9) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت

ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە تىل - يېزىق، تەرجىمە، ئەدەبىيات، گۈزەل - سەنئەت، ئورۇنلاش سەنئىتى جەھەتتە گۈللىنىش بارلىققا كەلگەن.

**تەرجىمە ئىشلىرى:** ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە بۇددا نوم - سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىش، شەرھلەش مەركەز قىلىنغان تەرجىمە ئىشلىرى مىسلىسىز تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئەينى دەۋردىكى تەرجىمە ئىشلىرىنى دىنىي ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكى، ئەدەبىي تەرجىمە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تەرجىمىچىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن دېيىشكە بولىدۇ.

**دىنىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى:** بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇندا ئۇدۇن ساك تىلى، سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، تۈبۈت تىلى، توخرى تىلى قاتارلىق تىللارنى ۋە يېزىقلارنى پىششىق بىلىدىغان، بۇددىزم تەلىماتىنى چوڭقۇر ئىگىلىگەن، ئەدەبىي يېزىقچىلىق ۋە تىلشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان. يېقىنقى يىللارغىچە بايقالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە سانسكرىت تىلى

ئالاقىلىرى، كېلىشىمنامىلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**يېزىق قورال ـ ۋاستىلىرى:** ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە ياغاچ قەلەم ۋە قومۇش قەلەم يېزىق قورالى قىلىنغان. «ۋېينامە» دە ئۇدۇنلۇقلار ياغاچ قەلەمدە خەت يازىدۇ. قاشتېشى مۆھۈر ئىشلىتىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ نىيە خارابىسىدىن بىر بېشى ئۇچلانغان، بىر بېشىغا يۇملاق سۆڭەك سىلىقدىغۇچ ئورنىتىلغان يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان قەلەم تېپىلدى. ياغاچ قەلەم ھۆسنخەت يېزىشقا، قومۇش قەلەم كۆپ مىقداردىكى يازما ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەن. موي قەلەمنى خەنزۇچە خەت يېزىشقا ئىشلەتكەندىن سىرت، بۇددىزم تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرىگە سىر ـ بوياق بېرىشكە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. تۆمۈر قويما سىياھدان مۇڭگۇز دەۋەت سىياھ قاچىلاشقا ئىشلىتىلگەن. قەغەز، رەخت، ياغاچ، قوۋزاق، كۆن ـ خۇرۇم قاتارلىقلار يېزىق ۋاستىسى قىلىنغان. بۇلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن يېزىق ۋاستىلىرى قەغەز بىلەن ياغاچتىن ئىبارەت. ياغاچ پۈتۈكلەر تارىشا پۈتۈك ۋە جۈپتەك پۈتۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**تارىشا پۈتۈك:** كەڭلىكى 2cm ~ 5، ئۇزۇنلۇقى 20cm ~ 50، قېلىنلىقى 0.5cm ئۆلچەمدىكى سىلىق رەندىلەپ ياسالغان ياغاچ تاختاي بولۇپ، ئومۇمەن قىرى ۋە بۇرجەكلىرى پۈكۈلىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، نەيزىسىمان شەكىلدە ياسىلىدۇ. بىر يۈزى ياكى ھەر ئىككى يۈزىگە خەت يېزىلىدۇ.

**جۈپتەك پۈتۈك:** بۇ ئىچ يۈزىگە خەت يېزىلىپ، بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ باغلىنىدىغان لىپاپ پۈتۈك ماتېرىيالى بولۇپ، ئىككى پارچە ياغاچ تاختايدىن ياسىلىدۇ. 1959 ـ يىلى 10 ـ ئايدا نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان جۈپتەك پۈتۈك پېچەتلەنگەن پېتى ئەينەن ساقلانغان بولۇپ، تەگلىك تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 16.1cm، قېلىنلىقى 0.4cm؛ ياپقۇچ (ئۈستى) تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى 11.5cm، ئوتتۇرىسىنىڭ قېلىنلىقى 1.4cm، كەڭلىكى ئوخشاشلا 5.7cm ئۆلچەمدە ياسالغان. تەگلىك تاختاينىڭ ئىككى بېشىدا توسۇقچە بولۇپ، ئىككى پارچىسى بىر ـ بىرىگە جۈپلەنگەندە، قېلىنلىقى باشتىن ـ ئاخىر بىردەكلىكتە ئىگە بولىدۇ. ياپقۇچ تاختاينىڭ سىرت يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن 3.5×3.1 cm لىق قىسمى 0.8cm چوڭقۇرلۇقتا ئويۇۋېتىلگەن.

ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىمۇ تىلماچ بەگلەر قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ھەر خىل سىياسىي كۈچلەر ئارا، ھەر خىل دىن، مەزھەپلەر ئارا، ھەر خىل مىللەتلەر ئارا بولغان مۇناسىۋەتنىڭ نورماللىقىنى ساقلاش، دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىنىڭ توغرا، ئادىل ھەل قىلىنىشىنى تەمىن ئېتىشتە زور مىقداردىكى ئالاقە تەرجىمانلىقىدىن ئايرىلىش مۇمكىن ئەمەس. خوتەندىن بايقالغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە قوش تىللىق تېرمىنلار، خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان ھۆكۈمەت پەرمانلىرى، تىبەتچە ياغاچ پۈتۈك، خەت - ئالاقىلەر بار. بۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇندا گەرچە ئۇدۇن ساك تىلى ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئاساسىي ئاھالە تىلى بولسىمۇ، باشقا تىللاردىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھۆكۈمەت پەرمان - ئالاقىلىرىنى شۇلارنىڭ ئۆز تىلىدا يۈرگۈزۈلۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئەدەبىيات: خوتەننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى دىندىن خالىي ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بەكلا كەمچىل بولسىمۇ، ئەينى دەۋردە دىندىن خالىي يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەن دىيەلەيمىز ھەمدە بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئەنگلىيە ئايال پادشاھ ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي ئەزاسى، كامبىرج ئۇنىۋېرسىتېتى سانسكرىت تىلى تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور خ. ۋ. بايلېينىڭ «خوتەن تېكىستلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىكى بىر ئابزاسنى نەقىل ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز: «خوتەن بۇددىستلىرى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتىدا تەرجىمە بىلەن ھەپىلەشكەن بولۇپ، ئىجادىي ئەسەرلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئاجراتقانلىقى مەلۇم. بىز مۇشۇ ناھايىتى يېتەرسىز ماتېرىياللىرىمىز ئىچىدە يەنە بەزى چوڭ كىتابلارنىڭ پەقەت بىر نەچچە بېتى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، دىندىن خالىي يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئاز - تولا ئىزلىرىنى بايقايمىز. تۆۋەندىكىسى باھار كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن شېئىر: (تەرجىمىسى)

*باھار كەلدى، جاھان ئىسسىدى،*
*دەل - دەرەخلەر رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە تولدى.*
*يۆگمەچلەر ئۆسۈشكە باشلىدى، گۈللار مەيىن شامالدا يەلپۈنمەكتە،*

*ئورمانلىقتىن كەلگەن شامال شۇنچە ئىللىق،*
*نىلۇپەر گۈللىرى، بۇلاقلار، كۆلچەكلەر، تۆپىلىكلەر گۈللەپ ياشنىدى.*
*قۇشلار ئەڭ يېقىملىق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى.*

قاتارلىق تىللاردىن خوتەن ساك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوم-سۇترىلىرى 24 تومغا يېتىدۇ*. ئۇنىڭدىن باشقا بۇددا نوملىرىغ دائىر ئىسمى نامەلۇم نۇرغۇن ۋەسىقىلەرمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

بۇددا نوم - كالاملىرىنى سانسكرىت تىلىدىن بىۋاسىتە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ساھەسىدىمۇ ئۇدۇن راھىبلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر بولغان نەچچە يۈز يىل ئىچىدە نۇرغۇنلىغان بۇددا نوم-بىتىكلىرى ئۇدۇندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئۈزۈلمەي تارقىلىپ كىرگەن. ئۇدۇنلۇق تەرجىمىشۇناس راھىبلار بۇ نوملارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى راھىبلار بىلەن ھەمكارلىشىپ تەرجىمە قىلغان. ياپونىيە ئالىمى يۇشى لياۋتى ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ئۇدۇندىن تەرجىمە ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان بۇددا نوم سۇترىلىرى 62 تۈرلۈك، 269 جىلدقا يېتىدىكەن*. ئەينى دەۋردىكى نوم تەرجىمانلىرىدىن ۋىسايۇ، دىۋاپرايىنا، سىكساناندا، گىتامىترا، موكشالا قاتارلىقلار بۇددا نوملىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەھەتتىكى كاتتا مېھنەت تۆھپىلىرى ۋەجىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈكسەك شۆھرەت قازانغان، ھەتتا يەرلىك ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە مۇنار تىكلەپ ياد ئەتكەن.

**ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى:** بايقالغان ئۇدۇن ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدە بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدە راما ھەققىدە ھېكايىلار، پادىشاھ ئاسوكا ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، كانىشكا ھەققىدە رىۋايەتلەر ۋە بىر قىسىم لىرىكىلىق شېئىرلار بار. تىبەتچە ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە گۇسامدا ناملىق تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان سامانىيانا ئىبادەتخانىسىدا يېزىلغان «Jataka — stava» ناملىق شېئىر شۇ يەردە خوتەنچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

**ئىجتىمائىي ئالاقە، تەرجىمە ئىشلىرى:** قەدىمكى ئۇدۇندا ھەر خىل تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللاردا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن قەدىمكى مىللەت، قەبىلىلەر ئارىلاش ياشىغان، ھەر خىل دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. يىپەك يولىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى ۋە خەلقئارا سودا - سېتىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن-مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىجتىمائىي ئالاقە تەرجىمە ئىشلىرىغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىغان. خانلىقتا تىلماچ بەگلەر قويۇلغان. ئاساسىي قاتلا

بۇددىزمنىڭ خوتەندە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ گۈللەندى. بۇددىزم گۈزەل - سەنئەت ئۇسلۇبى «قەندىھار بۇددىزم سەنئىتى» ياكى «قەندىھار ئۇسلۇبى» دېيىلىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ئالېكساندىر ماكىدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ھازىرقى پاكىستان، ئافغانىستان ۋە شىمالىي ھىندىستاننى بىر مەزگىل ئىستېلا قىلغان. شۇ دەۋردە يۇنان مەدەنىيەت - سەنئىتى بۇ جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشكەن. بىر ئەسىردىن كېيىن بۇ رايونلارغا بۇددا دىنى تارقالغان. مىلادىيىدىن كېيىنكى I ئەسىردە توخرىلار قەندىھار رايونى، ئوتتۇرا ھىندىستان، كەشمىر قاتارلىق جايلارغا كىرىپ كۇشان خانلىقىنى قۇرغان. كۇشان خانى كانىشكانىڭ بۇددىزمنى تەرغىب قىلىشى ئارقىسىدا، قەندىھار سەنئەتكارلىرى يۇنان ۋە رىمنىڭ ھەيكەلتاراشلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق ساكيامۇنىنىڭ ھەر خىل قىياپەتتىكى ئوبرازىنى ئىپادىلەپ يېڭى بىر ئۇسلۇبنى ياراتقان. يۇناننىڭ ھەيكەلتاراشلىقى ئارقىلىق بۇددا دىنى مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق ھەيكەلتاراشلىق ئۇسلۇبى قەندىھار ئۇسلۇبى دېيىلىدۇ.

خوتەندە بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بۇددىزم گۈزەل - سەنئەت بۇيۇملىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇلار ئومۇمىي جەھەتتىن ھەيكەل بۇيۇملار ۋە سىزما سۈرەتلەردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھەيكەل بۇيۇملار ھەر خىل قىياپەتتىكى بۇدساتىۋالار، مەبۇدلار، ساپال قورچاق، ساپال نەقىشلىرى، ياغاچ ئويما ھەيكەل ياكى ئويما رەسىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىزما رەسىملەر تام رەسىملىرى ۋە ياغاچ سىزما رەسىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە يۇقىرىقى بۇددىزم ئەسەرلىرىدە قەندىھار بۇددىزم ئۇسلۇبى ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇ قەندىھار ئۇسلۇبىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ ئىپادىلەنمىگەن. ھەيكەللەردىكى رەتلىك، نەپىس قاپارتما سىزىق، ئويما سىزىقلار، كىچىك گىجەك شەكىللىك چاچ تەسۋىرلىرى روشەن گۇپتا ئۇسلۇبىنى، ئېتەك پۈرمىسىنى كۆپۈنكى سىزىق بىلەن ئىپادىلەش بولسا مۇنتىزىم يۇنان ھەيكەلتاراشلىق ئۇسلۇبىنى، كەسمە قىلىپ كىرگۈزۈلگەن ئويما سىزىق رىم ھەيكەلتاراشلىق ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. زەنجىرسىمان سىزىق، ئارغامچىسىمان سىزىق قاتارلىقلار، شۇنداقلا ئاق كەندىر رەخت تەگلىك قىلىنغان ھەيكەلتاراشلىق ئۇسۇلى ئوتتۇرا

*سۇ فونتانلار ئەتراپىدىكى يېشىل قىرغاقلارغا تېشىپ چىقىشقا باشلىدى.*

*كۆنلەر ئۇتتۇلۇشقا باشلىدى، جان - جانىۋارلار ناھايىتى ئىسسىپ كەتتى.*

شاندانىڭ قىزى شاجۇدا تۇرغۇچى بۈيۈك مەلىكە ئۆز شېئىرىدا خوتەندىكى دادىسى ۋە تۇغقانلىرىغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك بەزى لىرىك شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: (تەرجىمىسى)

*سۆيگۈنى نامايىش قىلىدىغان چاغدا گۈللەر ئۆسىدۇ،*
*مەن بۇ كۆركەم ۋە خۇش پۇراق ئەتىرگۈلگە موھتاجمەن.*
*ئەگەر بۇ ئەتىرگۈل قوللىرىمدا سولىسا،*
*مەندە يەنە سىنى ئەسلىتىپ تۇرغۇچى ئەتىرگۈل قالمايدۇ*[•]» .

ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يەنە بىر تارمىقى دىنىي ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇدۇنلۇق بۇددىستشۇناسلار ۋە تەرجىمانلار بۇددا نوم - سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىش، تونۇشتۇرۇش، تەپسىر - ئىزاھ يېزىش بىلەنلا چەكلەنمەي، دىنىي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بۇددا نوم - بىتىكلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان. مەسىلەن، «بۈيۈك توپلام» ناملىق بۇددا نومىدىكى «سۇرياۋىرۇ چانا ئاتلىغ سۇدۇر» ۋە چاندىراۋىرۇ چانا ئاتلىغ سۇدۇر» دا ئۇدۇن ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا ئەللەرگە دائىر رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. ئۇدۇن خانى ۋىسا تەڭرىخانىنىڭ ئوغلى ۋىسا سۇرانىڭ ماددىي ياردىمى ئارقىلىق «چاتاكا سىتاۋا» ناملىق ئۇدۇن تىلىدىكى ئەسەر يېزىلىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ئۇدۇن تىلىدىكى قاپىيىلىك، ئۇزۇن جىلدلىق «ئۇ تارابادرا پاتتانىڭ سەۋەبى» («سۇراقچى زامباستانىڭ ئادەم تەكلىپ قىلىپ كۆچۈرۈلگەن جىلدى» ياكى «زامباستانامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق ئەسەرمۇ ئۇدۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىي بۇددا دىنىي كىتابى ھېسابلىنىدۇ[•].

بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىدە سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

**تەسۋىرىي سەنئەت:** بۇددا دىنى خوتەنگە تارقىلىپ كىرىش بىلەن بىللە رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق ئاساس قىلىنغان بۇددىزم گۈزەل- سەنئەت مەدەنىيىتىمۇ بىللىلا تارقىلىپ كىردى ۋە

بۇساگرى خوتەن رەسىمچىلىكىگە: «ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرلا ئېقىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى، يەنى نەپىس تام رەسىملىرى بىلەن ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن ئىپتىخارلىنالايدۇ. بۇ ئەسەرلەر جۇڭگو سەنئەتكارلىرى ۋە تەنقىدچىلەرنى قايىل قىلغان. بۇ بولسىمۇ خوتەن رەسساملىق ئېقىمىدۇر ... بۇ ئەسەرلەردە مەيلى تېپى، كېلىش مەنبەسى، دەۋرى ۋە تېما جەھەتتىن بولسۇن ھەممىسىدە پەرق بار. لېكىن ھەممىسى خوتەن ئېقىمىنىڭ ھىندىستان، ساسانىيلار پېرسىيىسى، جۇڭگو، سوغدى ھەتتا جۇراسلارنىڭ ئامىللىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[1]، دەپ باھا بەرگەن بولسا، گېرمانىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ ئا. ۋ. گابائىن خانىم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل - سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار يېڭى يۇرتىدا توخرىلارنىڭ تەييار ئۈلگىسىنى دورىغان ئەمەس. خەنزۇلار رايونىدىكى كىشىنى زوقمەن قىلىدىغان يۈكسەك رەسىمچىلىك سەنئىتىنىمۇ شۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئەكەلگەنمۇ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بىر خىل مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىختىرا قىلىش يولى بار ئىكەن. كەڭ تەبىئەتكە قەدىمكى ئۇيغۇرلار خەنزۇلارغا ئوخشاش ئۇنداق ئېتىبار بىلەن قارىغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئېسىل تالانتى ئادەم قەلبىنى چۈشىنىش جەھەتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇلار دەل مۇشۇ جەھەتتە شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەن[2]» دەپ باھار بەرگەنىدى.

**ئورۇنلاش سەنئىتى:** قەدىمكى خوتەننىڭ مۇزىكا سەنئىتى توغرىسىدا «خەننامە» قاتارلىق قەدىمكى تارىخنامىلەردە ھۇماي ئانىنىڭ كېنىزەكلىرىگە قوۋۇز چېلىشنى بۇيرۇغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. «مۇ ھەزرەتنىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ «بورىياغا قوۋۇز تەڭكەش قىلغانلىق» توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن 4 ~ 5 مىڭ يىل ئىلگىرى قۇرۇم (كوئېنلۇن) تېغىنىڭ ئېتىكىدە (خوتەن رايونىدا) ياشايدىغان ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىدىن ھۇماي ئانا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارغاندا ئۈچ دانە قاشتېشى نەيىنى سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ بارغانىكەن[3].

قەدىمكى ئۇدۇننىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ناخشا قاتارلىق ئورۇنلاش سەنئىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە نەغمە بولۇپ شەكىللەنگەن. «كۆنىپېتىش ئاستانە خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چى خېنىم بەيزى كۆلى

تۈزلەڭلىكنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەيدۇ. سىزما رەسىملەردە ھىندىستان ئۇسلۇبىدا ئوبرازلار ئومۇمەن پۈتۈنلەي يالىڭاچ ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن خوتەندە سىزىلغان يالىڭاچ ئوبرازلار قولى بىلەن كۆكسى ۋە ئەۋرىتىنى دالدا قىلغان ھالەتتە سىزىلىپ، ئەۋرەت ئەزالارنى ئاشكارا ئىپادىلەشنى يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت مىللىي پسىخىك قاراش گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا رەسىم سىزىشتا بىرى، ئوبرازلارنىڭ بۈرۈتىنى سىزىشتىكى ئالاھىدە سىزىش ئۇسۇلى؛ يەنە بىرى، بىر سىزىق ئارقىلىق ئوبرازنىڭ بۇرۇن گەۋدىسى، بۇرۇن ئوقۇرى ۋە يۇقىرىقى كالپۇكىنىڭ شەكلىنى بىر يولىلا تاماملاش ئۇسۇلى ئۇدۇن بۇددىزم گۈزەل - سەنئىتىگە خاس ئۇسۇل بولۇپ، بۇنداق سىزىش ئۇسۇلى ھىندىستان رەسىمچىلىكىدىمۇ، جۇڭگونىڭ دەسلەپكى بۇددىزم رەسىمچىلىكىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ. بۇدساتىۋا ھەيكەللىرىنى ياساش ماتېرىيالى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئالدىنقى مەزگىلدىكى قەندىھار ئۇسلۇبىدا ئاساسەن تاش ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەن بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى قەندىھار ئۇسلۇبىدا گەج، ھاك، سېغىز لاي قاتارلىقلارنى ماتېرىيال قىلغان. ياساش ئۇسۇلى جەھەتتىن، ئالدىنقى ئۇسلۇبتا تاش ئويمىچىلىق ئاساس قىلىنغان. كېيىنكى ئۇسلۇبتا لاي، سېغىز ھەيكەللەرنى ياساش ماھارىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، مەخسۇس قېلىپلاردىن پايدىلىنىپ بۇدساتىۋا ھەيكەللىرىنى، ئىمارەت نەقىشلىرىنى قويۇش ياكى قۇيما ھەيكەللەرنى ساپال خۇمداندا پىشۇرۇش ئۇسۇللىرى بارلىققا كەلگەن. خوتەندە بايقالغان بۇدساتىۋا ھەيكىلى قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدە كېيىنكى قەندىھار ئۇسلۇبى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك «خوتەندە بايقالغان گۈزەل - سەنئەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار شەرق ۋە غەرب گۈزەل - سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەپ چىقارغان بولۇپ، ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەستىن بەلكى قايتا ئىجاد قىلغان سەنئەت ئەسىرىدۇر[1].»

قەدىمكى خوتەننىڭ گۈزەل - سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە بۇ كىتابتا باشقا مەخسۇس ماقالىلەر بولغاچقا، بۇ ھەقتىكى بايانىنى مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئۇدۇن گۈزەل - سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇب خاراكتېرى ۋە ئىدىيىۋى قىممىتى توغرىسىدىكى يەكۈنلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق تامام قىلىمىز. ئىتالىيە رىم ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مارىئو

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، خوتەن، قەشقەر، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا بېشىغا ۋە ئىككى قولىغا يېنىۋاتقان چىراغ ئېلىپ ئوينىلىدىغان «چىراغ ئۇسسۇلى»، يېنىۋاتقان گۇلخاننى دەۋر قىلىپ ئويناىدىغان ياكى ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ ئويناىدىغان ھەر خىل شەكىللەردىكى «ئوت ئۇسسۇلى» قاتارلىق خەلق ئۇسسۇللىرى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئاتەش دىنى ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بۇ خىل ئۇسسۇللارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۇرۇشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شامان دىنى ئېتىقادىغا باغلانغان پىر ئۇسسۇلىمۇ بۇددىزم دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى قاتتىق تەقىپلەنگەن دەۋرلەردە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خوتەننىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى كامالەتكە يېتىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە شۆھرەت قازانغان ھەمدە شۇ جايلارنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا پايدىلىق تەسىر كۆرسەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇدۇن مۇزىكا - نەغمىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋىسا كىلتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغاندىن كېيىن شۇ جاينىڭ كلاسسىك چىڭشياڭ نەغمىسىنى ئورۇنلاشتا كامالەتكە يەتكەن ھەمدە ۋەزىر دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. VIII ئەسىردە ياشىغان ئۇدۇنلۇق سازەندە ۋىساچىن كامالەتكە يەتكەن بالىمان ماھىرى بولۇپ، چاڭئەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئاق يىغىن قوڭغۇرىقى» قاتارلىق بالىمان مۇزىكىلىرى ئوردا مۇزىكىسىغا تاللانغان. كىشىلەر ئۇنىڭ مۇزىكا ماھارىتىگە «قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئۈتە ئۇستا يوق» دەپ باھا بېرىشكەن. ئۇ، چاڭئەنلىكلەر چوقۇنىدىغان بالىمان پېشۋاسىغا ئايلىنىپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ تاڭ سۇلالىسى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. مىلادىيە IX ئەسىردە ياشىغان ۋىسا كان ناخشا ئېيتىش ۋە غوڭقا چېلىشقا ماھىرلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان بولۇپ، تەيچاڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ شيەنشاۋ مەھكىمىسىدە مۇزىكا ئەمەلدارى بولغان. ئۇ قەدىمكى مۇزىكىلاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ، غوڭقا، نەي، قالۇن، چاڭ قاتارلىق سازلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇستا ئىكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانى ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قارا دىۋاندىكىلەر ۋە مەھكىمىدىكى 3 - دەرىجىدىن يۇقىرى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئەمەل تونلىرىنى كىيىپ تولۇق ئاڭلىسۇن

بويىدا ئۇدۇن نەغمىسى چېلىپ، گاۋدى خاننى كۈتتى» دېيىلگەن. بۇ، خەن گاۋزۇ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ~ 195 - يىللار) دەۋرىدىلا ئۇدۇن مۇزىكىسى چاڭئەندىكى ئوردىغا تارقىلىپ، ئوردا نەغمىچىلىرى ئورۇندايدىغان نەغمىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خاتىرە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەنلىكىگە دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن كۇسەن نەغمىسى، ئىدىقۇت نەغمىسى قاتارلىق غەربىي يۇرت نەغمە - مۇزىكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەن ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە نام چىقىرىپ، ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىسىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

مىلادىيە 401 - يىلى ئۇدۇنغا كەلگەن راھىب فاشيەن ئۇدۇن «خەلقى باياشات ئىكەن. ھەممىسى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، بۇددا نەغمىلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئۆتكۈزىدىكەن» دەپ يازغان. VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاڭ شۈەنزاڭ ئەنەتكەكتىن بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ قايتىشىدا ئۇدۇنغا كەلگەن. بۇ چاغدا ئۇدۇن خانى «ئەمەلدار، راھىب ۋە پۇقرالىرىنى باشلاپ داقا - دۇمباق چېلىپ ۋە نەغمە - ناۋا قىلىپ» تاڭ شۈەنزاڭنى قارشى ئالغان. «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، ئۇدۇندا «دۆلەت نەغمە - ناۋاغا ئەھمىيەت بېرىدىكەن. خەلقى ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق ھەم ماھىر ئىكەن» دېگەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. خوتەندە يەر ئاستىدىن بايقالغان ساپال قورچاقلار ئىچىدە ساز چېلىۋاتقان بىر مۇنچە سازەندىلەرنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن بۇيۇملار بار. بۇ ئوبرازلارنىڭ قولىدا بورىيا (بىر نەچچە تال قومۇشتىن جۈپلەپ ياسىلىپ، تۈز تۇتۇپ پۈۋلەپ چېلىنىدىغان يەللىك چالغۇ)، نەي، چار تار، غوڭقا، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلار بار. نىيە خارابىسىدىن تۆت تارلىق سازنىڭ ئەۋرىشكىسى بايقالغان بولۇپ، شەكلى ھازىرقى قويچى راۋابىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەنگلىيە ئالىمى خ. ۋ. بايلېينىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇددىزم دەۋرىدە خوتەندە سەھنە ئويۇنلىرى ئوينالغان. سەھنىدە ئوينالغان بۇ درامىلار خوتەن تىلىدا nalai دەپ ئاتالغان. بۇ سۆز تىبەت تىلىدا nole دەپ ئېلىنغان. سانسكرىتچە ۋە قەدىمكى پراكىرتچە بۇددا درامىلىرىنىڭ پارچىلىرى ۋە ئەڭ دەسلەپكى ھىندىستان درامىلىرى شىنجاڭدىن (خوتەندىن) تېپىلغان[①].

تۆت قېتىم كېلىپ قېزىش ئېلىپ بارغان. باشقا نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلار بىلەن بىللە 700 پارچىدىن ئارتۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈك ـ ۋەسىقىلەرنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە خېلى كۆپ چەتئەللىك ئارخېئولوگلار ۋە دۆلىتىمىز ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردىن يەنە بىر قىسىم تارىشا پۈتۈكلەرنى يىغىۋالغان. دېمەك، كۆپ قېتىم قېزىش، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن ئادەتتىكى 10 ئائىلىلىك دېھقان ئۆي خارابىسىنىڭ توققۇزىدىن يەنىلا تارىشا پۈتۈكلەرنىڭ بايقالغانلىقى مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە، ئۇدۇن تەۋەسىدە ھېچبولمىغاندىمۇ نىيە قەدىمكى شەھىرىدە قارۇشتى يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گەرچە ئاشۇ 10 ئائىلىنىڭ توققۇزىدا مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار بار دېگىلى بولمىسىمۇ، خەت تونۇش، يېزىش ئاساسىي نىشان قىلىنغان ئىپتىدائىي مىللىي مائارىپ شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئەمدى بۇ خىل مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىگە يېتىپ، تاۋار سودىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، ئىلىم ـ بىلىم ھۆججەتلىرى، سودا ـ سېتىق توختاملىرى قاتارلىق جەھەتلەردە يېزىق قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانلىقى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددا دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئىپتىدائىي مائارىپنى سىياسەت سۈپىتىدە يولغا قويغانلىقىدىن بولغان دەپ چۈشىنىش مۇمكىن.

**خوتەن ساك تىل ـ يېزىقى بۇددىزم مائارىپى:** يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە تارقىلىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى تازا ئوڭۇشلۇق بولمىغان. ۋېي سۇلالىسى (مىلادىيە 220 ~ 264 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇپ «ۋېيپنام» دە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇدۇندا «بۇددىزم ئەقىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇتخانا، مۇنار، راھىب، راھىبەلەر كۆپ» بولغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. چۈنكى، ئۇدۇن خانى «بۇددىغا بەك ئىخلاس قىلىدىكەن» . ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران جەمەتىنىڭ بۇددىزمغا ئىخلاس قىلىشى ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، مىلادىيە 400 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇدۇن بۇددىزمى گۈللەنگەن دەۋرگە كىرگەن. خۇددى 401 ـ يىلى ئۇدۇنغا كەلگەن راھىب فاشيەن، ئۇدۇندا «ھەممىسى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىكەن،

دەپ، يارلىق چۈشۈرگەن. شۇ چاغدا ۋُساكان ئەنئەنىسۇى ناخشا «رەڭگارەڭ بەي كىيىملىرى» نى ئىيتقان بولۇپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان «يىڭجۇ كۈيى» نىمۇ ئورۇنلىغان. ۋۇنزۇڭ خان ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى 5 - دەرىجىلىك مەنسەپكە تەيىنلەپ، 100 توپتىن ئارتۇق شايى ھەدىيە قىلغان.

### 10) ئۇدۇن بۇددىزم دەۋرى مائارىپى

ھازىر بار بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ، تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتى توغرىسىدا ئېنىقراق بىرەر خۇلاسىگە كېلىش قىيىن، شۇنداقتىمۇ بۇ مەلۇماتلار ئاساسىدا غۇۋاراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن.

قارۇشتى مائارىپى: 1959 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى لى يۈچۈن، ئابدۇكېرىم سابىت، ئەخمەت رىشىت، ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىق 11 كىشى نىيە خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان توققۇز كۈنلۈك ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا نەچچە يۈز پارچە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋالغان. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە جەمئىي 10 ئائىلىلىك خارابە ئۆينى ئادەتتىكىچە قېزىپ تەكشۈرگەن. نەتىجىدە، تەكشۈرۈلگەن 10 ئائىلىنىڭ خارابىسىدىن توققۇزىدا تارىشا پۈتۈك، جۈپتەك پۈتۈك قاتارلىق قارۇشتى يېزىقىدىكى 38 پارچە يادىكارلىقنى يىغىۋالغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ خۇلاسىسىدە: «شامالدا ئېچىلىپ قالغان يىپەك توقۇلما، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى ئۇچۇشۇپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋال كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇراتتى. لېكىن بىز 20 نەچچىلا ئادەم بولغىنىمىز ئۈچۈن بۇ خارابىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك قوغداش تەدبىرى قوللىنىشقا ئاجىزلىق قىلاتتۇق. شۇڭا بىز بىر نەچچە جايدىن كونا ئۆي خارابىلىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتۇق ®» دېيىلگەن. تەكشۈرۈلگەن شۇ 10 ئائىلىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قوتان، ھايۋان قىغى بايقالغان. يەنە سامان، بۇغداي، قىلتىرىقلىق بۇغداي باشقى، سۆڭەك، ئوقيا، كىيىم پارچىلىرى، شور تونۇر، چاشقان تۆتىدىغان باسماق قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلغان. ئېنىقكى، تەكشۈرۈلگەن بۇ ئۆيلەر بۇتخانا ياكى ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ خارابىسى بولماستىن، ئادەتتىكى ئائىلىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي خارابىسى. ئاۋرېل ستەين 1901 -، 1906 -، 1913 -، 1931 - يىللاردا مۇشۇ نىيە خارابىسىگە

ئۇلار بۇددا دىنىغا ھەر قانچە قىزىققان تەقدىردىمۇ، تىل - يېزىق جەھەتتە زور قىيىنچىلىققا دۇچ كېلەتتى. بولۇپمۇ بۇددا دىنىدىكى مەۋھۇم، سىرلىق دىنىي ئەھكاملارنى چۈشىنىشى گىنتايىن قىيىن بولاتتى. بۇ، بۇددا دىنىنىڭ تېز تارقىلىشىغا توسقۇن بولىدىغان ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئىدى.

شۇنداق قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، مۇشۇنداق رېئال ئەھۋال ئاستىدا ئۇدۇن خان جەمەتى خانلىقنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش ۋە بۇ دۇنيادىكى جەۋرى - جاپالارنى بەدەل قىلىش ئارقىلىق، باقىدىكى مەڭگۈلۈك سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدىغان بۇددا دىنىنى تېزراق ئومۇملاشتۇرۇپ، خانلىق پۇقرالىرىنى ئىدارە قىلىشنى تېخىمۇ قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىل - يېزىق مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللانغان. بۇ تەدبىرلەر ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولسا كېرەك:

خانلىق ئوردىسىدا تىلماچ بەگ مەنسىپى تەسىس قىلىش (بەلكى تىلماچ مەھكىمىسىمۇ بولۇشى مۇمكىن). تىل - تەرجىمىگە دائىر ئىشلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، خوتەن ساك تىلىنى خاتىرىلەشكە تېخىمۇ قولاي بولغان يېزىقنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى پەيدىنپەي پۈتۈن خانلىق دائىرىسىدە ئومۇملاشتۇرۇش، سانسكرىت يېزىقىدىكى بۇددا نوم - سۇترالىرىنى خوتەن ساك تىلى، نىيە ئاۋام تىلى، خەنزۇ تىلى، سوغدى تىلى قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىش.

بۇ تەدبىرلەر يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە دىنىي ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىشنىڭ قىيىنلىقى، كامالەتكە يەتكەن تەرجىمانلارنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئىلگىرىلەش ئاستا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىر - ئىككى ئەسىرلىك تىرىشچانلىقتىن كېيىن، قىيىن ئاتالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، پارس، سوغدى، توخرى، خەنزۇ قاتارلىق تىللار، شۇنداقلا شامان دىنى، ئاتەش دىنى ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىدىكى مۇۋاپىق سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق تەرجىمىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، خانلىقتىكى تىل - يېزىقلارنىڭ كۆپلۈكى، تەرجىمە مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، كۆپ خىل تىلدا بۇددىزمنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى بۇددا دىنى نوم - سۇترالىرىنى بىر قەدەر ئومۇمىيلىق ۋە ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تىلغا تەرجىمە قىلىشنى ۋە تېخىمۇ ئاسانراق بولغان يېزىق بىلەن خاتىرىلەشنى تەقەززالىققا

راھىبلىرى بىر نەچچە ئون مىڭ بار ئىكەن. كۆپىنچىسى ماھايانا مەزھىپىدە ئىكەن. ھەممىسى ئوپچە تاماق يەيدىكەن»، «پەقەت قۇمات ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۆزىدىلا 3 مىڭ دىن ئارتۇق راھىب بار ئىكەن» دەپ تەسۋىرلىگەندەك، بۇددىزمنىڭ گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگۈچە ئالاھازەل 450 يىل ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، مىلادىيە 200 - يىلىنى پاسىل قىلىپ، ئالدىنقى 200 نەچچە يىل ئاستا تارقىلىش دەۋرى، كېيىنكى 200 يىل تېز ئومۇملىشىپ گۈللىنىش دەۋرى بولۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بۇنداق ئاستا تارقىلىشتىن تېز ئومۇملىشىشقا ئۆتۈشكە سەۋەب بولغان ئامىلنى كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ئۇدۇن خانلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە باغلاپ چۈشەندۈردى. دۇرۇس، ھەر قانداق بىر خىل ئىدېئولوگىيىنى، ھەر قانداق بىر دىننى ئومۇملاشتۇرۇش، گۈللەندۈرۈشتە ھۆكۈمرانلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇدۇنغا ئوخشاش كۆپ خىل مىللەت، كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد، كۆپ خىل تىل - يېزىق تەڭ مەۋجۇت بولغان رايوندا بۇددا دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە گۈللىنىشىدە ئوينىغان رولى غايەت زور بولغان.

لېكىن، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا مايىل پوزىتسىيە تۇتقانلىقى بۇددىزمنىڭ تېز ئومۇملىشىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب بولماسلىقى مۇمكىن. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە خوتەن رايونىدا ساك، چان، خەنزۇ، سوغدى، ھون، توخرى، روران قاتارلىق مىللەتلەر ئارىلاش ياشىغان. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ پەرقلىق بولغان تىللىرىدا سۆزلەشكەن. بەزىلىرىنىڭ يېزىقى يوق. يېزىقى بارلىرىنىڭ يېزىقىمۇ زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. مىللەتلەر ئارا تىل ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇش، خانلىقنىڭ يېزىقچە پەرمانلىرىنى خانلىق پۇقرالىرىنى تەشكىل قىلغۇچى بارلىق مىللەتلەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇش — ئۇدۇن خانلىقى ھۆكۈمرانلىرى دۇچ كەلگەن، ھەل قىلمىسا زادى بولمايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇددا دىنى سانسكرىت تىلىدا بايان قىلىنغان ۋە سانسكرىت يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن دىن بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئۇدۇن مىللەتلىرىدىن ساكلارلا سانسكرىت تىل - يېزىقى ياكى شۇنىڭغا تۇغقان تىل - يېزىق قوللانغاندىن باشقا، كۆپلىگەن مىللەتلەر باشقا تىل - يېزىقلارنى قوللىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن،

بۇددا مائارىپىنى يولغا قويۇشقىچە بولغان تەدبىرلىرى ئۇدۇن بۇددىزمىنىڭ تېز ئومۇملىشىشى ۋە گۈللىنىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاساسىي سەۋەب بولۇپلا قالماي، مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە ئۇدۇندا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ، سىڭىشىپ، تېخىمۇ چوڭراق بولغان «ئۇدۇن ساكلىرى» گەۋدىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگىمۇ تۈرتكە بولغان ئاساسىي ئامىلدۇر. شۇنداقلا يەنە ئۇزۇنتات، نىيە، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا كەڭ تارقالغان. كېيىنكىلەرگە نۇرغۇن ۋەسىقىلەرنى قالدۇرغان قارۇشتى يېزىقىنىڭ مىلادىيە III ئەسىرلەردىن كېيىن، يوقسىز «غايىپ» بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەبتۇر.

خەنزۇ تىل - يېزىق مائارىپى: «دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن تېپىلغان ... مىلادىيە VIII ئەسىرگە تەۋە ئىككى دانە ماتېرىيال پارچىسى ئەسلىي مەكتەپ بالىلىرىنىڭ مەشىق دەپتىرىنىڭ پارچىسى بولۇپ، بىر پارچىسىدا كۆچۈرۈپ يېزىلغان ئىككى خەت ساقلىنىپ قالغان. يەنە بىر پارچىسىدا ئىككى قۇرغا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، يان تەرىپىدە ئوقۇغۇچىنىڭ يازغان ماۋزۇسىدا ‹پۇرىن لىزۇنىڭ تۇتۇن - سىلىق مەھكىمىسىنىڭ دەپتەردارى لى جۇڭياغا سۇنغان 40 قۇرلۇق مەلۇماتنى سۇندۇم، دېيىلگەن. بۇ، ئەينى دەۋردە شۇ رايوندا تۇتۇن تەسىس قىلىنىپلا قالماستىن، ئىچكىرىدىكىگە ئوخشاش مائارىپ تۈزۈمى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[6]». بۇ ۋەسىقىدە ئەكس ئەتكەن خەنزۇچە مائارىپنىڭ يەرلىكلەشكەن خەنزۇ ئاھالىلىرىغا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي گازارما ياكى مەمۇرىي ئورگانلىرىدىكى ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا مەنسۇپلۇقى ياكى دىپلوماتىيە، نوم - سۇترا تەرجىمىچىلىكى، سودا، ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا زۆرۈر خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە يەرلىك مەمۇرىي ئورگانلار ياكى بۇتخانىلار تەرىپىدىن غەيرىي خەنزۇ مىللەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان خەنزۇچە مائارىپ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش تەس بولسىمۇ، بۇ خىل مائارىپ ھېچبولمىغاندا ئايرىم دائىرىدە يولغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇندا تۇرغۇزغان ۋىسا تۇتۇق مەھكىمىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇبۇتلار ئۇدۇننى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە تىبەت تىل - يېزىقىمۇ ئۇدۇن بۇددا مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. «VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تىبەت زور تۈركۈمدىكى ياشلارنى ئۇدۇنغا بۇددا نوملىرىنى مۇتالىئە

ئايلاندۇرغان ۋە مۇشۇ تەقەززالىق سەۋەبىدىن، ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرى سانسكرىت يېزىقى قوللىنىشنى ھىندىستان گۇپتا يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن خوتەن ساك يېزىقىنى قوللىنىشقا ئۆزگەرتىشنى ۋە بۇ يېزىقنى خانلىق ئىشلىرىدا، دىنىي تەرجىمە، دىن تارقىتىش ئىشلىرىدا قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۇددىزم ئەقىدىلىرى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان خوتەن ساك تىلى ماتېرىيالىنى يولغا قويۇشنى تاللىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق قىلىپ، بىر قەدەر چۈشىنىشلىك بولغان خوتەن ساك تىلىدىكى بۇددا نوملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە خوتەن ساك تىلى بۇددىزم ماتېرىيالىنىڭ يولغا قويۇلۇشى مىلادىيە Ⅲ ئەسىردىن باشلاپ ئۇدۇندا بۇددىزمنىڭ تېز ئومۇملىشىشى ۋە گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خەنزۇچە يازما مەنبەلەردىكى بەزى ئۇچۇرلار ئارقىلىق بۇ قاراشنى ئاساسلىغىلى بولىدۇ: مىلادىيە 401 - يىلى ئۇدۇنغا كەلگەن فاشيەن «ئۇدۇندا نەچچە ئون مىڭ راھىب بار ئىكەن. ئوپچە تاماق يەيدىكەن. خاس قۇمات ئىبادەتخانىسىدىلا 3 مىڭ راھىب بار ئىكەن» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇدۇندا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 19 مىڭ 300 نوپۇس، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە 83 مىڭ نوپۇس بولغان. مىلادىيە 401 - يىلىغا كەلگەندە ئۇدۇننىڭ نوپۇسى كۆپ بولغاندىمۇ 200 مىڭدىن ئارتۇقراق بولسا كېرەك. بۇنىڭدىن باللار، قېرىلار، لەشكەرلەر ھەمدە ھېلىقى نەچچە ئون مىڭ راھىبنى چىقىرىۋەتكەندە، دېھقان - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھېچقانچە ئادەم قالمىغان بولىدۇ. دېمەك، فاشيەن خاتىرىلىگەن «ئوپچە تاماق يەيدىغان نەچچە ئونمىڭ راھىب» نىڭ ھەممىسى ئائىلىسىدىن تەركىدۇنيا بولغان، ئۆمۈربويى بۇتخانىلاردا ئىستىقامەت قىلىدىغان راھىبلار ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئائىلىسىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، بۇتخانا - ساڭراملاردا بۇددا دىنى، خوتەن ساك تىل - يېزىقى (دەسلەپكى مەزگىلدە يەنە قارۇشتى يېزىقى) بويىچە تەربىيىلىنىۋاتقان، ئائىلىسىدىن ئايرىلغان مەزگىلدە خانلىق ياكى بۇتخانىلار تەمىنلىگەن شارائىتلار بويىچە «ئوپچە تاماق يەپ» ئوقۇۋاتقان، خەت ساۋادى چىققان ۋە باشلانغۇچ بۇددىزم ئەھكاملىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ، مۆمىنلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغان بۇتخانا تالىپلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇدۇن خانلىقىنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن باشلىنىپ، خوتەن ساك يېزىقىنى قوللىنىش ۋە بۇ يېزىق ئاساسىدىكى

بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇدۇن تېبابىتىگە دائىر مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ھەر ھالدا بەزى يىپ ئۇچلىرى تېپىلىدۇ: «شەرقىي ئەنەتكەكلىك نوم سىرامانى داراما جانېز مىلادىيە 741 - يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن دۆلىتىگە قايتىشىدا يول ئۈستىدە كېسەل بولۇپ، قەشقەردىن ئۇدۇنغا كېلىپ جىنلۇن ئىبادەتخانىسىدا دەم ئېلىپ داۋالانغان. 743 - يىلى مۇشۇ ئىبادەتخانىدا ۋاپات بولۇپ، ئۇدۇندا دەپنە قىلىنغان ®.» بۇ خاتىرىدە بايان قىلىنغان راھىب داراما جانېزنىڭ ئۇدۇندا داۋالانغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەشقەرگە كېلىدىغان يول ئۈستىدە كېسەل بولغان تۇرۇقلۇق، قەشقەردىن ئۇدۇنغا كېلىپ داۋالانغانلىقى تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇدۇن تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرسە كېرەك.

بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇندا بىر قىسىم تېبابەت ئالىملىرى يېتىشىپ چىققان. Ⅶ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئاتاقلىق تېببىي تەرجىمانى ۋە مەشھۇر تېۋىپى گەنجۇ قاغىن شۇلارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ.

مىلادىيە 710 - يىلى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىدىن چۆەن چىڭ مەلىكە تۈبۈتلەر سۇلالىسىنىڭ 4 - ئەۋلاد پادشاھى چىدى زۇزەن (704 ~ 754 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) گە ياتلىق قىلىنغان. چۆەن چىڭ مەلىكە بىللە ئېلىپ بارغان زور تۈركۈم تېببىي ئەسەرلەر گەنجۇ قاغىننىڭ يېتەكچىلىكىدە خەنزۇ راھىب ۋە تېۋىپ شيەن رۇ، زاڭزۇ تەرجىمانلاردىن جىڭبۇزىسى، جىڭبۇ دۇنجۇ، جۇلامىنبا قاتارلىقلار تەرىپىدىن تىبەتچىگە تەرجىمە قىلىنغان. گەنجۇ قاغىن يەنە خەنزۇ راھىب ۋە تېۋىپ ۋۇجىڭ ۋە زاڭزۇ تەرجىمان ۋې لۇزانا قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇرغۇن تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، تىبەت خەلقى ئارىسىدىكى تېببىي تەجرىبىلەر ۋە ئۆز يۇرتىدىكى، شۇنداقلا چەتئەللەردىكى تېببىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، تىبەتلىكلەرگە «يۈجى ياۋجىن» (ئاي كەبى دورىلار بىلەن كېسەللىك داۋالاش) دېگەن داڭلىق تېببىي ئەسەرنى تۈزۈپ بەرگەن®.

**مال دوختۇرلۇق:** ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە چارۋا مال كېسەللىكلىرىنى داۋالاش كەسپىمۇ مۇئەييەن تەرەققىياتقا ئېرىشكەن.

قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇدۇن يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ قايتقان»، «خېشىدىكى تىبەتچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلغۇچى ۋە كۆچۈرگۈچىلەر ئىچىدە ئىسمىنىڭ ئالدىغا ‹لى›، فامىلىسىنى قوشۇۋالغان ئۇدۇنلۇقلار بار ئىدى». VIII ئەسىردە ئۇدۇنلۇق مەشھۇر تېۋىپ، تېبىبىي تەرجىمان گەنجۇ قاغىن بىر قىسىم خەنزۇ تېۋىپلار ۋە زاڭزۇ تەرجىمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇرغۇن خەنزۇچە تېبىبىي كىتابلارنى تىبەتچىگە تەرجىمە قىلغان». بۇلارغا ئاساسەن، ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇن بۇددىزم مائارىپىدا تىبەت تىل - يېزىقى دەرسلىرى بولغانلىقى، تىبەت تىلىدا دەرس بېرىدىغان ئۇستاز راھىبلار، قوش تىللىق مەمۇرىي ئەمەلدارلار، تېبىبىي ئۆلىمالار، ئارخىتېكتورلار ۋە قابىل تەرجىمانلارنىڭ يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

## 11) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن تېبابىتى

تېبابەت: مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ، V ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان غازىبايدىن باشلانغان ئۇدۇن تېبابىتى ئۇدۇن بۇددىزىمى دەۋرىدە داۋاملىق راۋاجلانغان. لوپ سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىن چىققان ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە ئىپار قاپچۇقى، يالپۇز يوپۇرمىقى ۋە دورا ئۇسۇملۇكلىرى بار. بولۇپمۇ بۇ يەردىكى M01 نومۇرلۇق ۋە M10 نومۇرلۇق قەبرىلەردىن كۆمىلاچ مەجۇن دورا، شايى پارچىسىغا ئورالغان كۆمۈش رەڭلىك توقىچاق دورا ھەمدە قىزىل رەڭلىك تالقان دورا تېپىلدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قوش ئېغىزلىق قاتلىما قاپچۇقتا ۋە يەككە ئېغىزلىق قاپچۇقتا قاچىلانغان. ئاز قىسمى يۇڭ رەختلەر بىلەن ئورالغان. «كېيىنكى خەننامە» دە، «ئۇزۇنتات خانى خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇدۇن خانى غوز تېۋىپلىرىغا جاراھەتكە ئوغا سالغۇزۇپ، غەربىي يۇرت دورغايى جاۋپىڭنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن بايانلار خاتىرىلەنگەن. ئىنتايىن چەكلىك بولغان يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە يازما خاتىرىلەر خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئۇدۇن تېبابىتى تەبىئىي يەككە دورىلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى بىلىپ ۋە ئىشلىتىپلا قالماي، مەجۇن، تابلېت، سوفۇف (تالقان) قاتارلىق مۇرەككەپ خورۇچلۇق دورىلارنى ياساش، ئىشلىتىشنى يولغا قويغانلىقىنى، دورىلارنىڭ ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن كۆمىلاچ، توقىچاق، تالقان شەكىللىرىدە ياسالغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆتكۈر زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلىتىشنى

جەھەتتىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ئۆزئارا زىچ باغلانغان ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى، مەزمۇن بىلەن شەكىل مۇناسىۋىتى بولىدۇ. شۇنداقلا بىر - بىرىنى چەكلەيدىغان، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان لوگىكىلىق ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولۇپ، كوللېكتىپنىڭ پسىخىك ھالىتى، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر شەكلى ۋە ئېستېتىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەدىمكى خوتەننىڭ ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى ھەققىدىكى يازما مەلۇماتلار كەمچىل، ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارمۇ مول ئەمەس. شۇڭا بۇ تېمىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش قىيىن. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە خوتەننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى مۇمكىن بولغان دائىرىدە بايان قىلىنىدۇ.

(1) ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى

ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك ئادىتى: قەدىمكى ئۇدۇن ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغان كۆپ ساندىكى مىللەتلەر ئەسلىدە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىگە كەلگەندە دېھقانچىلىق ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدىن قالغان مال بېقىشقا ھېرىسمەنلىك قارىشى ۋە كىيىم - كېچەك، ئۆي - بىساتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك كۆپ قىسىم تەبىئىي تالالار (يۇڭ، تېرە) چارۋا ماللاردىن ئېلىنىدىغانلىقى سەۋەبلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇدۇن بۇددىزم دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قېلىۋەرگەن. ئۇدۇن زېمىنىدىكى پارچە - پارچە بوستانلىقلار گىياھسىز چۆللەر ۋە چەكسىز قۇملۇقلار تەرىپىدىن قورشىلىپ تۇرغانلىقى، بوستانلىق ھەر ۋاقىت قۇم - بوراننىڭ تەھدىتى ئاستىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بوستانلىقنى قوغداش، شۇنداقلا قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، مېۋە - چېۋە، يېقىلغۇغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئورمان ئەھيا قىلىش، باغ يېتىشتۈرۈش ئۇدۇن ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇدۇندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك فورمىسى بىر خىل ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. بۇ ئادەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، خوتەننىڭ ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى بولۇپ تۇرماقتا.

دېھقانچىلىق ئادەتلىرى: ئۇدۇندا سۇغىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىكى

1906 - يىلى ئاۋرېل ستەيىن مازار تاغدىكى «تاڭ سۇلالىسى (تەخمىنەن كەيىۇەن 9 - يىلى، يەنى مىلادىيە 721 - يىلى) خاتىرىلەنگەن ئۇدۇندىكى مەلۇم بۇتخانىنىڭ چىقىم دەپتىرى» نى تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «210 يارماق پۇل چىقىم قىلىنىپ، مال دوختۇرىغا تۆلەپ بېرىلدى. دورا خانىلىقىنىڭ تېز چاپار ئاتلىرىغا ئىچكۈزۈپ داۋالاندى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇدۇندا ئات - كالا كېسەللىكلىرىنى داۋالايدىغان مال دوختۇرلۇقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئايرىم جايلاردىكى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. باشقا جايلاردىمۇ مال داۋالاشنى كەسىپ قىلغان كەسپىي مال دوختۇرلۇق قىلىدىغانلار بارلىقىدا كەلگەنلىكى چوقۇم. بۇ چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا جەزمەن بارلىققا كېلىدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھادىسىسىدىن ئىبارەت[⊕]».

12) بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى

ئۆرپ - ئادەت — ئېتىقاد ياكى غايىنى يادرو قىلىپ شەكىللەنگەن، مىللەتنىڭ ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا قارىتا مەلۇم رىغبەتلەندۈرۈش ياكى چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان، ئورتاق پىسخىك قاراش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ئۇ بارلىق مىللەتلەردە مەۋجۇت بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆرپ - ئادەت مىللىي خاسلىققا، دەۋر خاسلىقىغا، ئېتىقاد خاسلىقىغا ئىگە. مۇئەييەن دەۋر ۋە مۇئەييەن جەمئىيەتتە يەنە مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە ئادەتلەرمۇ شەكىللىنىدۇ. ئۆرپ - ئادەت مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئىگىلىك تەرەققىياتى، بىلىش تەرەققىياتى ۋە ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. لېكىن، بۇنداق ئۆزگىرىش كۆپىنچە ناھايىتى ئاستا بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تۇرغۇن قىسمى ئۇستۇنلۇكتە تۇرىدۇ. ئۆرپ - ئادەت ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىگە قاراپ، تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئادەتلەر ۋە چەكلىنىدىغان ئادەتلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆرپ - ئادەتلەر مەزمۇنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبلىك ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئادەتلەر، مەنىۋى ئادەتلەر، تىل ئادەتلىرى قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ تۆت

ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمىي زامانلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئادەت ھېلىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ.

ئورمانچىلىق ئادەتلىرى: ئۇدۇن دەۋرىدە ئۆرۈك، ياڭاق، نەشپۈت، چىلان، ئانار، ئۈزۈم، قارىئۆرۈك، بىيە، شاپتۇل، جىگدە، تېرەك، ئۈجمە قاتارلىق دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. يول، ئۆستەڭ، ئېرىق بويلىرى، يەر پاسىللىرىغا تېرەك، ئۈجمە تىكىش، ھويلا ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخ تىكىش، ھويلا ئىچى ياكى يېنىدا شاخ بىلەن چىتلانغان مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ئانار نۇسخا گىلەم ۋە ئۈزۈم گۈللۈك يۇڭ جىت قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەۋردىكى ئورمانچىلىق ئادەتلىرىنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ئەكس ئېتىشى ھېسابلىنىدۇ.

(2) ئىجتىمائىي ئادەتلەر

ئىسىم قويۇش ۋە فامىلە ئىشلىتىش ئادىتى:

ئۇدۇن دەۋرىدىن قالغان ۋەسىقىلەرنىڭ جەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم ۋەسىقىلەر خەنزۇ تىلىغا، ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر قىسىملىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. مۇشۇ ئىنتايىن چەكلىك ماتېرىياللاردا تۆۋەندىكىچە ئادەم ئىسىملىرى ئۇچرايدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| كېناي | شىكشانانىدا | كۇرىدوكا |
| سىشو لومشوس | گىتامىترا | ساگاموۋ |
| ۋاگتى ۋاد خاگا | موكشالا | چامكاي |
| خاندىم | شانىدا | كومبورا |
| سوتخامگا لومسوس | زامباستا | سۇچىيى |
| پوسۇ ئاتى ناسا | رازان | بۇداشىنا |
| سىندىر جام | كېراتونا | ماسىدىيا |
| مولاك | سىرپۇكى | بۇۋىي |
| سۇندار جۇم | ماداسا | بانا |
| رىجگا | ماچابولىيا | پۇلەي |
| يوسۇ | ئابۇنىيە | موسىسزى |
| رامسو | راماسوسىر | ۋىساۋازېكنا |
| موگىنيا | ئاگېتاكۇنا | ۋىساۋچىر |
| لىپپياسا | كايتو | ۋىساكىلتى |
| ۋىسايۈ | رامواداكا | ۋىساكان |
| دېۋاپراينا | رابوداكا | |

يولغا قويۇلغان. بۇ تەبىئىي مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ئېرىق - ئۆستەڭلەر ئەگرى - بۈگرى سوزۇلغان. ئۇلار ئارىسىدىكى تېرىلغۇ يەرلەردە شال، بۇغداي، چۈجگۈن، تېرىق، ئارپا، ماش - پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە كېۋەز ئۆستۈرۈلگەن. تارىشا پۈتۈكلەردە «يەر ھەيدەش» ، «تېرىش» دېگەندەك ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ، شۇ دەۋرلەردىن باشلاپ بوقۇسا ئارقىلىق يەر ھەيدەش، تېرىشنىڭ تەدرىجىي ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ چاغدىن باشلاپ پىچىۋېتىلگەن ئۆكۈز، ئۇنىڭدىن باشقا ئات، خېچىر، ئېشەك، دېھقانچىلىق ئۇلاغلىرىغا ئايلانغان.

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا كەلكۈن نۇسخا گىلەم خوتەن گىلىمىنىڭ ئەڭ بالدۇر بارلىققا كەلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆركەشلەۋاتقان كەلكۈن سۇ نەقىش سەنئىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. كەلكۈن نۇسخا گىلەمنىڭ ئەڭ بالدۇر بارلىققا كېلىشى ۋە ھازىرغىچە توقۇلۇپ كېلىشى ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلارنىڭ سۇنى بوستانلىقنىڭ جېنى، ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى دەپ ئۇلۇغلاش ئېڭىنىڭ سەنئەتلىك ئىنكاسىدۇر. پاختا نۇسخا گىلەمدە كېۋەزنىڭ غول، شاخ، چېچەك، يوپۇرماق ۋە ئېچىلغان پاختا شەكىللىرى نەقىشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، باشقا گۈل ئېلېمېنتلىرى يوق دېيەرلىك. بۇ ئەھۋال مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۇدۇندا كېۋەز تېرىش ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئەجدادلارنىڭ ئۇنى ناھايىتى قەدىرلىگەنلىكى ۋە پاختا ئوبرازىنى گىلەم نەقىشىگە ئايلاندۇرغانلىقىنىڭ پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

چارۋىچىلىق ئادەتلىرى: ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك مەلۇم ساندا چارۋا بېقىلغان. ئېغىل - قوتانلار ئولتۇراق ئۆي قورۇلۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان. چارۋا ماللارنى ئوخشاش بولمىغان پەسىللەردە سولاپ بېقىش، يايلىتىپ بېقىش، قەرەللىك ھالدا يايلاق كۆچۈرۈش، بوغاز ماللار، ئېمىتىۋاتقان ماللار، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، مىنىك ئۇلاغلىرى، كارۋان ئۇلاغلىرىنى ئايرىپ بېقىش، يەم - بوغۇز بېرىش قاتارلىقلار ئادەتكە ئايلانغان. نەسىللەندۈرۈشكە ئىشلىتىلمەيدىغان ئات، تۆپاق، قوچقىراق قاتارلىق ماللارنى پىچىش، تۆگە، ئات قاتارلىقلارغا تۆمۈر تامغا بىلەن ئەن سېلىش يولغا قويۇلغان. قوي، ئۆچكىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە يوقاپ كەتكەندە ئىزدەشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن قۇلاقلىرىغا ھەر خىل ئەن سېلىش ئادەتلىرى بەلگىلىم

ھەر خىل نان، سۈيۈقئاش، ئوماچ، كۆمەچ، تالقان قاتارلىقلار)، گۆش تاماقلىرى (مەسىلەن، شورپا، كاۋاپ، كاللا - پاچاق شورپىسى قاتارلىقلار)، سۈتلۈك يېمەكلىكلەر (مەسىلەن، قېتىق، قايماق، ئايران قۇرت، قايماقلىق قۇرت قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت بولغان.

يېمەكلىككە دائىر مىساللار: «ۋىسا تەگىرخان تاماقتا، يەنى گۈرۈچ تاماقتا ھەسەل، تېرىقتا قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ يېگەن». («بۇددا ئېلى ئۇدۇن» 331 - بەت). سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىن بۇغداي، ئارپا، چۈجگۈن نېنى، قېتىپ كەتكەن چۈجگۈن شويلىسى، ئارپا نېنى قاتارلىقلار بايقالغان.

يېمەكلىك ۋاستىلىرى جەھەتتە مىس قازان، ساپال قازان، تونۇر، ياغاچ قاچا - قۇچا، ساپال قاچا - قۇچا قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. قاچىلار ئىچىدە ياغاچ قاچىلار ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، چوڭ - كىچىك كاسا، لىگەن ئاياق، ياغاچ پەتنۇس، ياغاچ جاۋۇر، چوڭ - كىچىك ئاياق، جام، چۆچەك، كورا، ياغاچ قۇتا، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ نوگاي، ياغاچ قوشۇق قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە چاپما ياغاچ قاچىلار بىلەن قىرما ياغاچ قاچىلار ئارىلاش ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كېيىنچە قىرما قاچىلار ئومۇملاشقان. بۇلاردىن باشقا مۈڭگۈز قوشۇق، سۆڭەك قوشۇق قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلگەن.

ئۇدۇننىڭ قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇدۇندا ساپال قاچا تۈرلىرىنىڭ ئاز، نەقىشلىرىنىڭ ئاددىي بولغانلىقى، رەڭلىك ساپال قاچىلارنىڭ تېپىلىشى تېخىمۇ ئاز بولغانلىقىنى ئەينى دەۋردە بۇ جاينىڭ مەدەنىيەتتە قالاق، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تۆۋەن ئىكەنلىكىنىڭ پاكىتى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچىدۇر. خوتەندە ساپالچىلىققا يارايدىغان سۈپەتلىك سېغىز زاپىسى بەكلا كەمچىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپال قاچىلارنىڭ تەننەرخى يۇقىرى، چىداشلىقى ئاجىز، يۆتكەشكە قولايسىز. ئەكسىچە، بۇ رايوندا ياغاچ قاچا ئىشلەپچىقىرىشقا كېتەرلىك ياغاچ ماتېرىيالى مول، ياغاچ قاچىلارنىڭ تەننەرقى تۆۋەن، چىداملىقلىقى يۇقىرى، يۆتكەشكە قولايلىق. شۇڭا، بۇ جايدا ساپالچىلىقنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتمىگەنلىكى ۋە ساپال قاچىلارنىڭ ئومۇملاشماسلىقىدىكى سەۋەب، ئەجدادلىرىمىز ساپال قاچىلار بىلەن ياغاچ قاچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پەرقلىرىنى بۇرۇنلا بايقىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز جاينىڭ ئەۋزەللىكىگە باپ

خوتەننىڭ ئۇدۇن دەۋرىدىكى بۇ خىل كىشى ئىسىملىرى توغرىسىدا ئەنگلىيە ئالىمى خ. ۋ. بايلېي «خوتەن تېكىستلىرى» دېگەن ئەسىرىگە بەرگەن ئىزاھاتلىرىدا، «ھۆججەتلەردىن ھەر خىل كىشى ئىسىملىرى نامايان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ datta بىلەن ئاياغلاشقانلىرى ھىندىچە ئىسىملار، باشقىلىرى يەرلىك ۋە ئىرانچە بولمىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، شانىدا، سىرپۇكى، ماداسا، Hyrrividt ۋەھاكازالار» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن.

لېكىن، بۇ ئىسىملاردىن قايسىلىرى ئەرلەرگە، قايسىلىرى ئاياللارغا خاس ئىسىملار ئىكەنلىكى، بۇ ئىسىملارنىڭ ساكلارغىلا خاس ئىكەنلىكى ياكى توخرى، سوغدى قاتارلىق باشقا مىللەتلەرگە خاس ئىسىملارنىڭمۇ بارلىقى، بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسى، ئىسىم قويۇشتا قانداق مۇراسىم، تەرتىپلەر بارلىقى ئايدىڭ ئەمەس. بىراق ئەينى زاماندىكى ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمىدا ھېچ بولمىغاندا ئايرىم بىر قىسىم جەمەتلەردە فامىلە قوللىنىش ئادىتى بولغان. ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى بولغان ۋىسا جەمەتى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە «ۋىسا» دېگەن فامىلىنى ئىشلەتكەن. خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى بەزى خانلار «لى» دېگەن فامىلىنىمۇ ئىشلەتكەن.

**يېمەك - ئىچمەك ئادىتى:** ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار، يازما مەلۇماتلار ۋە ئەينى دەۋردىكى ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئاشلىق، گۆش، كۆكتات، سۈت-قېتىق، قۇرۇت قاتارلىقلار ئىستېمال قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئۇ دەۋردە گەرچە كەندىر، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىق ياغلىق دان زىرائەتلىرى ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، جۇۋازنىڭ بارلىقىقا كەلگەن - كەلمىگەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، سۈت مەھسۇلاتى بولغان سېرىقماي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇدۇن دەۋرىدىن ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. يېمەكلىكلەر ئىچىدە ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلاردىن قايسىلىرىنىڭ ھالال، قايسىلىرىنىڭ ھارام ھېسابلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار يوق.

يېمەكلىك تۈرى يىرىك ئاشلىق تاماقلىرى (مەسىلەن، شويلا، كۆجە، ياما ئاش، چۈرۈچ قاتارلىقلار)، ئۇن تاماقلىرى (مەسىلەن،

2.5 cm ، كىيزەك ئېگىزلىكى 25.2cm ، قالپاق ئېغىزىنىڭ كەڭلىكى 26.5cm كېلىدۇ.

تۆز كىيزەكلىك ئۈچلۈق قالپاق: تېپىلغىنى ئىككى دانە، توق قىزىل رەڭلىك كىگىزدىن پىچىلىپ، قارا يىپ بىلەن تىكىلگەن. ئىككى پارچە كىگىز گىرۋىكىنى جۈپلەپ تىكىپ، كەينى تەرىپىدە چاك قالدۇرۇلغان. بوغقۇچى يوقالغان. ئېگىزلىكى 25.2cm ، ئېغىز كەڭلىكى 27cm كېلىدۇ.

تۇخۇمسىمان يۇمىلاق كىيزەكلىك قالپاق: تېپىلغىنى بىر دانە، ئەسلىي رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن. قالپاق سايىۋەنلىكى توق يېشىل رەڭلىك يۇڭ چەكمەندىن تىكىلگەن بولۇپ، كەڭلىكى 1.7cm كېلىدۇ. قالپاقنىڭ ئالدى يۈزى بىر قەدەر تىك، كەينى تەرىپى يانتۇ شەكىللىك، ئېغىز كەڭلىكى 25cm ، ئېگىزلىكى 20.3 cm كېلىدۇ.

چەكمەن قالپاق: تېپىلغىنى ئۈچ دانە، ئىسكەتى ئۈچ خىل:

(1) بوغما كىيزەكلىك چەكمەن قالپاق. بىر دانە. كىيزەك ئېگىزلىكى 17.5cm ، ئېغىز كەڭلىكى 24cm ، ياندىن قارىغاندا قالپاق كىيزىكىنىڭ ئۈستى يېرىمى كۆمتۈرمە ۋاراۋنكا شەكلىدە، ئاستى يېرىمى پاراللېل تۆت تەرەپلىك شەكلىدە كۆرۈنىدۇ. چوققا كۆرۈنۈشى سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلىدە بولۇپ، كەينىدە چېكى بار.

(2) تۇخۇمسىمان كىيزەكلىك چەكمەن قالپاق: بىر دانە. يان كۆرۈنۈشى تۇخۇمسىمان يۇمىلاق كىيزەكلىك كىگىز قالپاققا ئوخشايدۇ. كىيزەك ئىچى ئالدى تەرىپى ئەستەرلەنگەن. كەڭلىكى 24.5 cm ، ئېگىزلىكى 20.5cm كېلىدۇ.

(3) تىك كىيزەك، بېلىق سىرتى چوققىلىق چەكمەن قالپاق: بىر دانە. كىيزىكى تىك، ياندىن قارىغاندا چوققىسى سەل - پەل ئويمان كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئالدى تەرەپتىن قارىغاندا بېلىق سىرتى شەكىللىك بولۇپ، كەڭلىكى 19.2cm ، ئېگىزلىكى 22.1cm كېلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، نىيە خارابىسىدا 1959 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 59MNM001 نومۇرلۇق قەبرىدىكى لەھەت ساندۇقىدىن تېپىلغان ئەر جەسەتكە سېرىق شايى شاپاق دوپپا ۋە تۆز چوققىلىق يۇمىلاق دوپپا كىيگۈزۈلگەن. ئايال جەسەتكە تىك كىيزەك، تۆز چوققىلىق ئاق شايى سىڭارقات دوپپا كىيگۈزۈلگەن. پېشانىسىگە ئۆي كۆزى گۈللۈك كىمخاپ بىزەك لېنتا چىقىرىلغان. دوپپا گىرۋىكىگە قىزىل شايى جىيەك تۇتۇلغان.

كىلىدىغان، ئەڭ تىجەشلىك بولغان تۈرنى تاللاپ راۋاجلاندۇرغان ھەمدە باشقا جايلاردىكى ساپال قاچا مەدەنىيىتى ئەندىزىسىنى دورىماي، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ياغاچ قاچا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىچىملىك جەھەتتە، خوتەندىن ۋۇيى، جىن سۇلالىرى دەۋرىگە خاس مىس چەينەك تېپىلدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا چاي دەملەپ ئىچىش ئادىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ چاغدا قارا چاينىڭ ئىستېمال مىقدارى (باھا ئامىلى سەۋەبىدىن) ناھايىتى ئاز بولۇشى، كۆپىنچە دورا چاي، سۈت چاي، مېغىز چاي، گۈل چاي قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بەزى جايلاردا سوغۇق سۇ ياكى قايناقسۇ ئىچىش ئادەتلىرىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇدۇندا مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈزۈم شارابى ئىشلەپ چىقىرىلغان. ئاشلىقتىن بوزا ئىشلەپچىقىرىشمۇ بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنىڭ قانچىلىك ئومۇملاشقانلىقى ۋە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە قانداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى يورۇتۇپ بېرەلىگۈدەك ماتېرىياللاردىن خەۋەردار ئەمەسمىز.

كىيىنىش ئادىتى: 1984 - يىلى لوپ ناھىيە سامپۇل قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە خاس كىيىم - كېچەك تۈرىدىكى يادىكارلىقلاردىن 127 سى قېزىۋېلىنغان. ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى كىيىنىش ئادەتلىرىنى شۇ قېتىمقى قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاساس قىلىپ، باشقا ئورۇنلاردىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا بايان قىلىمىز.

باش كىيىملىرى: بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە بېجىرىم ساقلانغان ياكى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان قالپاقتىن يەتتىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلار ماتېرىيال پەرقى ۋە شەكىل پەرقىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

كىگىز قالپاق: تېپىلغىنى تۆت دانە، ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

يۇمىلاق كېزەكلىك كىگىز قالپاق: بىر دانە، ئەسلىي رەڭ كىگىزدىن پىچىلىپ يىپ بىلەن تىكىلگەن. يان كۆرۈنۈشى يېرىم يۇمىلاق، قالپاق چوققىسى تۇخۇمسىمان كىگىز پارچىسىنى كېزەككە تىكىش ئارقىلىق پۈتتۈرۈلگەن. قالپاقنىڭ كەينى تەرىپىدە چېكى بار. چاك بوغقۇچى يوقىلىپ كەتكەن. قالپاق سايىۋەنلىكىنىڭ كەڭلىكى

پەۋازلانغان. يەنە بىر قىسمىنىڭ يان تەرىپىگە چەك قويۇلماي، يوپۇرماق شەكىللىك پەۋازلانغان.

قىسقا شايى كۆڭلەك: بىر دانە، بالا كىيىمى، سېرىق شايىدىن تىكىلگەن، ئۇزۇنلۇقى يوتىسىغا باراۋەر كېلىدۇ.

قىسقا شايى جىلىتكە: بىر دانە. ئەستەر - تېشى بىردەك كۆك شايىدىن تىكىلىپ، ئارىسىغا نېپىز ساىناخ (مەشوت) ئېلىنغان. ئۇزۇن يەڭلىك، يەڭ ئۇچى 8cm كەڭلىكتە كۆك شايىدىن پەۋازلانغان. تۇخۇمسىمان ئويما ياقلىق تىكىلگەن. يەنە بىر كۆك رەڭلىك ئالدى ئوچۇق ئەستەرلىك جىلىتكە قالدۇرقىمۇ بار.

ئىشتان: جەمئىي 12 دانە. شايى، چەكمەن، كەسمە قۇر، تېرە قاتارلىق تۆت خىل ماتېرىيالدىن تىكىلگەن.

تېرە ئىشتان: بىر دانە. تېرىنىڭ چەم يۈزى كۆك بويالغان. چەم يۈزى سىرتىغا، يۇڭ يۈزى ئىچىگە قىلىپ تىكىلگەن.

چەكمەن ئىشتان: توققۇز دانە. بىرسى توق قىزىل، بىرسى توق يېشىل، قالغانلىرى سېرىق يۇڭ چەكمەندىن تىكىلگەن. ئىشتان پۇچقىقى چىۋاغ تىكىش ياكى قورۇپ تىكىش ئۇسۇلىدا تارايتىپ تىكىلگەن. شەكلى جەھەتتە كەڭ بەل، كەڭ ئاغلىق شەكىلگە كىرىدۇ.

كەسمە قۇر ئىشتان: بىر دانە. بۇ ئىشتان ئىككى خىل رەختتىن تىكىلگەن، يەنى ئۇنىڭ بەل ۋە ئازراق پاچاق قىسمى سېرىق رەڭلىك چەكمەندىن، پاچاق ئاستى كەسمە قۇردىن تىكىلگەن. ئىشتان پۇچقىقى قاتلاق تىكىش ئۇسۇلىدا قورۇپ تىكىلىپ، يېشىل چەكمەندىن پەۋازلانغان. ئىشتان پاچىقى پانۇس شەكىللىك بولۇپ، سول پاچىقى ئەلەمۋاز پالۋاننىڭ سۈرىتى توقۇپ چىقىرىلغان كەسمە قۇردىن پىچىلغان بولۇپ، پالۋان بېشى پەسكە قارىتىلغان. پالۋاننىڭ يېنىغا ئۈچ پارچە كەسمە قۇردىن ئۇلاپ تىكىلگەن نەيزە سۈرىتى چىقىرىلغان. ئوڭ پاچىقى ئادەم باشلىق ئات تەنلىك توقۇلما سۈرىتى بولغان ئىككى پارچە كەسمە قۇردىن تىكىلگەن. ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى 102cm كېلىدۇ.

شايى ئىشتان: بىر دانە. سېرىق شايىدىن تىكىلگەن.

ئاياغ كىيىملىرى: جەمئىي 12 جۈپ.

باچكىنا كالتە ساخ (كالتە قونجلىق باللار بەتىنكىسى): بىر جۈپ، كۆن چەملىك.

ئۆتۈك: 11 جۈپ. ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ ئۈچ خىل:

كىگىز كىيىملەر: سامپۇل خارابىسىدىن 1984 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە ئۈچ دانە كىگىز چاپان تېپىلغان. ئىسكەتى ئىككى خىل:

(1) كىچىك بالىلار كىگىز چاپىنى: قەبرىدىن كىچىك بالىنىڭ جەسىتىگە يېپىلغان ھالەتتە تېپىلغان. كۆل رەڭ ۋە ئاق رەڭلىك ئارىلاش يۇڭ كىگىزدىن پىچىلىپ ئالدى - ئارقا بويىنى تىكىپ پۈتكۈزۈلگەن. ساپما ياقىلىق (يەنى ئالدى چېكى يوق، بېشىدىن سېپىپ كىيىدىغان كىيىم، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، ياقا سېلىنمىغان. بوي ئۇزۇنلۇقى 50cm، كالتە يەڭ، يەڭ ئۇزۇنلۇقى 9cm، ياقا ئويمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20.5cm، كەڭلىكى 4.5cm، چاپان پېشىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە 13cm ئېگىزلىكتە يان چەك قويۇلغان.

(2) چوڭلار كىگىز چاپىنى: ئىككى دانە، ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن. پەقەت بىر يېڭى ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئۇزۇنلۇقى 60cm، يەڭ ئۇچى كەڭلىكى 36cm بولۇپ، كەڭ يەڭلىك چاپان تۈرىگە كىرىدۇ. بۇ چاپانلارنىڭ تىتىلىپ كەتكەن پارچىلىرىغا گۈل كەشتىلەنگەن توق قىزىل رەڭلىك يۇڭ چەكمەن تىكمە كەشتە قىلىنغان.

ساپما ياقىلىق ئۇزۇن كىيىملەر: جەمئىي تېپىلغىنى 40 دانە، بېجىرىم ساقلانغانلىرى ئازراق، بىردەك يۇڭ چەكمەن، كەسمە قۇر قاتارلىق يۇڭ رەختلەردىن پىچىپ تىكىلگەن. بويى ئۇزۇن بولۇپ، ئوشۇق ئاستىغا چۈشىدۇ. بۇ كىيىملەر ئىسكەتى جەھەتتىن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى تۈرى 12 دانە، كۆپ قىسمى چوڭلار كىيىمى، ئۇزۇن يەڭ ۋە كالتە يەڭلىك ئىككى خىل. ئالدى - ئارقا پەشىنىڭ يان چېكى تۇتاشقان قىسمىغا ئۇزۇن تۇمارچە شەكىللىك ئۇلاغ سېلىنىپ كىيىمنىڭ ئاستى تەرىپى كاناي ئېغىزى شەكلىدە تىكىلگەن. پەش گىرۋەكلىرىگە نېپىز يەككە رەڭلىك يۇڭ چەكمەندىن يوپۇرماق شەكىللىك پەۋاز تۇتۇلغان.

ئىككىنچى تۈرى 28 دانە. چوڭلار كىيىمىمۇ، بالىلار كىيىمىمۇ بار. بىرىنچى تۈردىكى كىيىملەردىن روشەن پەرقى شۇكى، ئالدى-ئارقا پەش ئارىسىغا ئۇلاغ ئېلىنمىغان. شۇڭا كىيىمنىڭ ئۈستى كەڭلىكى بىلەن ئاستى كەڭلىكى ئاساسەن ئوخشاش تىكىلگەن ياكى ئاستى تەرىپى سەل - پەل كەڭرەك تىكىلگەن.

بۇ خىل كىيىملەرنىڭ بەزىسىنىڭ ئاستى پەش گىرۋەكلىرىدىن بىر نەچچە يەردە چەك قويۇلۇپ، يەككە رەڭلىك چەكمەن بىلەن

كىمخاپ ماسكا، كىمخاپ پەلەي قاتارلىقلارمۇ تىپىلغان (ئۇنىڭ تەپسىلاتى دەپنە ئادەتلىرى قىسمىدا تونۇشتۇرۇلىدۇ).

ئولتۇراق ئۆي ئادەتلىرى: ئۇدۇندىكى قەدىمكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرى شەھەر كوچىلىرىنى بويلاپ زىچ جايلاشقان. شەھەر سىرتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى ئاساسەن توپلىشىپ مەھەللە شەكلىدە، ئاز قىسمى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. هويلا - ئارامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئولتۇراق ئۆي، ئېغىل - قوتان، هويلا، مېۋىلىك باغ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. بىر قىسىم ئائىلىلەردە كۆلچەك كولانغان. ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىدا ۋادىك - ياغاچ قۇرۇلما بىلەن توپا تام - ياغاچ قۇرۇلما ئاساس، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلما قوشۇمچە بولغان. تورۇسى بالا - ۋاسلىق (ۋاسا جۈپ، ۋاسا دەميان ئەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ) بولۇپ، تورۇستىن تۈڭلۈك چىقىرىلغان، تامدا دېرىزە يوق. ئۆيلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتە مېھمانخانا، ساراي، مەھرەمخانا، هۇجرا، قازناق، ئاشخانا، كارىدور (ياكى دەھلىز، ئاراچ) قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. ئۆي ئىچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئاراچ بىلەن سۇپا ئايرىلغان. تامغا مورا ئوچاق، تەكچە، ئويۇقچىلار چىقىرىلغان. ياغاچ ئۆيلۈك قەدىمكى شەھىرى تەۋەسىدىكى سېپىللىق شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەرنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ تېگىگە پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان.

ئۆي - بىساتلىرى ئادىتى: كىگىز ياكى جاۋا گىلەم ئاساسىي چۈشەك بولغان، زىلچا گىلەم قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ (يوتقان - كۆرپە ئەۋرىشكىلىرى تېخى بايقالمىدى). ھەر خىل قازان، ھەر خىل ياغاچ قاچا، ساپال قاچا، سۇ قاپىقى، ئاچا شەكىللىك، هاسا شەكىللىك كىيىم ئىلغۇ، ياغاچ كۆتەك ئورۇندۇق، پىستە پاچاق (خەنزۇ تىلىدا ئۆي سايمانلىرىنىڭ بۇ خىل پاچاق شەكلى يولۋاس پاچاق دېيىلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە پىستە پاچاق دېيىلىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ئىككىسى بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ) يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، پاكار پۇتلۇق چاي شىرەسى (ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىدا شۇنداق يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بېرىقى ئەنئەنىۋى ئادىتىدە پاكار پۇتلۇق شىرە ھەم يېزىق شىرەسى، ھەم تاماق - چاي شىرەسى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ)، ساندۇق، سۇغا، تېرە قاپ (تاغار)، چەكمەن قاپ، جاۋا تاغار، قۇمۇش بورا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چاچ قويۇش ئادەتلىرى:

ساپ خۇرۇم ئۆتۈك: ئۈچ جۈپ. خۇرۇمدىن تىكىلىپ، كىگىزدىن ئەستەرلەنگەن. چەمى يوقالغان. تاپان ئۇزۇنلۇقى 17.5 cm، ساغ ئېگىزلىكى 8cm، ساغ ئالدىغا چەك چىقىرىلغان، بوغۇچ ئۆتكۈزۈلگەن.

خۇرۇم تاش، كىگىز ئەستەرلىك ئۆتۈك: ئۈچ جۈپ. ھەممىسى ھايۋان پەيلىرىدىن تىلىنغان يىپ بىلەن تىكىلگەن. لېكىن تىكىلىشى ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ باشلىقى تۆت پارچە خۇرۇمدىن تىكىلگەن، تاپان ئۇچى ئۈچ بۇرجەك، ئۈستىگە قايرىلغان. يەنە بىرسىنىڭ باشلىق قىسمى ئىككى پارچە خۇرۇمدىن كېسىلىپ، باشلىق ئوتتۇرىسىدىن تىكىلگەن. تاپان ئۇچى يۇملاق شەكىللىك، ئاخىرقى بىرسىنىڭ باشلىق تىكىلىشى يۇقىرىقىغا ئوخشاش. ئەمما، باشلىق ئۇچى ئۈچ بۇرجەك، يۇقىرىغا ئېگىلگەن.

چەكمەن تاشلىق، كىگىز ئەستەرلىك ئۆتۈك: ئىككى جۈپ. توق قىزىل چەكمەندىن تىكىلگەن. بىرسىنىڭ باشلىقىغا ئەگرى سىزىقلىق كەشتە تىكىلگەن. ساغ ئۇچى ئاق چەكمەندىن پەۋازلانغان، چەم گىرۋەكلىرى تېرە بىلەن قاپلانغان، كىگىزدىن ئەستەرلەنگەن.

كىگىز ئۆتۈك: ئۈچ جۈپ. كۆندىن چەم سېلىنىپ، قالغان قىسمى كىگىزدىن تىكىلگەن.

كىگىز پايپاق: سەككىز جۈپ. بۇ پايپاقلار كىگىزدىن پىچىلىپ، تاپان ئۇچىدىن ئۈستىگە قارىتىپ يىپ بىلەن تىكىلگەن. بېجىرىم ساقلانغان. بىرسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40cm، تاپان ئۇزۇنلۇقى 23cm كېلىدۇ.

بۇ قەبرىلەردىن يەنە ئىككى خىل پايتىما (گۇجەي) تېپىلغان بولۇپ، بىرسى كىگىزدىن، بىرسى يۇڭلۇق تېرىدىن ئىشلەنگەن.

پەلەي: سامپۇل قەبرىستانلىقىدا ئىككى مېيىتنىڭ قولىغا سېرىق شايى پەلەي كىيگۈزۈپ دەپنە قىلىنغان.

نىيە خارابىسىدىكى بىر قەبرىگە ئەر - ئايال ئىككى كىشى بىر تاۋۇتقا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان. ئۇلار قۇرۇق جەسەتكە ئايلانغان مۇمىيا بولۇپ، كىيىملىرى ئاساسەن بېجىرىم ساقلانغان. ئۇلارنىڭ كىيىم ماتېرىيالى، شەكلى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققان جەسەتلەرنىڭكىگە تازا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. يەنى نىيە خارابىسىدىكى جەسەتلەرنىڭ كىيىمىنىڭ كۆپ قىسمى يىپەك رەختتىن، ئاز قىسمى پاختا رەختتىن تىكىلگەن. كىگىز كىيىملەر يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭدىن باشقا شۇ تاۋۇتتىن يىپەك كىمخاپ پايپاق،

باھالاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يوقىرىقى چاچ پاسوْنلىرى ئىچىدە تۇرمەل چاچ بىلەن سىگار ئۆرۈملۈك چاچ پاسونى ئەرلەرگە، كۆپ ئۆرۈملۈك چاچ پاسونلىرى ئاياللارغا خاس ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

ياسىنىش - بېزىنىش ئادەتلىرى:

بەدەنگە گۈل چېكىش. سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى $M_{01}$ نومۇرلۇق قەبرىدىن بەدەندىن ئاجراپ كەتكەن، قۇرۇق مومىياغا ئايلانغان بىر دانە باش بارماق بايقالغان بولۇپ، بارماق دۈمبىسىگە كۆك رەڭلىك گۈل چېكىلگەن. گۈل شەكلى سەل - پەل ئادەم كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بارماق تەندىن ئاجراپ كەتكەن بولغاچقا، جىنس ئايرىمىسىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ.

مارجان سېلىش: 1959 - يىلى نىيە خارابىسىدىن بايقالغان ئايال مومىيانىڭ بوينىغا بىر دانە قىسقا تىزىق مارجان، بىر دانە ئۇزۇن تىزىق مارجان سېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن تىزىق مارجان جەمئىي 637 دانە يۇمىلاق كىچىك مارجاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قارا تاش مارجان، كۆك، يېشىل، ئالتۇن رەڭ، كۈمۈش رەڭ ئەينەك مارجان، يېشىل تاش مارجان قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. چوڭلىرى سېرىق پۇرچاقتەك، كىچىكلىرى چۈجگۈن قوناق دانىسىدەك بولۇپ، چوڭ - كىچىك مارجانلار ئارىلاشتۇرۇپ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن 1984 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە جەمئىي 177 دانە مارجان تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭراق بولغان بىر تىزىق مارجان 67 دانە مارجاندىن، يەنە بىرسى 43 دانە مارجاندىن تەركىب تاپقان. بۇ مارجانلار ئاساسەن شارسىمان شەكىلدە بولۇپ، ماتېرىيالى جەھەتتىن تاش مارجان (ھېقىق مارجان، سېرىق قاشتېشى مارجان، ئاق رەڭلىك تاش مارجان، ئاق تەگ كۆك چېكىتلىك مارجان)، ئەينەك ۋەششە مارجان (توق سېرىق، يېشىل، قارا، سۇس سېرىق، سۇس قىزىل، سۇس يېشىل قاتارلىق ھەر خىل رەڭلىك، تۇتۇق ۋە يېرىم سۈزۈك ھەر خىل ئەينەك مارجان)، ئۇرۇق مارجان (لاكرىما ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن)، قۇلۇلە قېپى مارجان، قارا كۆمۈر مارجان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۈزۈك سېلىش: ئاق قوچقىراق قەدىمىي شەھىرى خارابىسىدىن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك تېپىلغان. نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ئايال مومىيانىڭ ئوڭ قولى كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا بەش پەرە چېچەك گۈللۈك مىس ئۈزۈك سېلىنغان.

سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان چاچ ئەۋرىشكىلىرى خېلى كۆپ بولغاچقا، چاچ قويۇش ئادەتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا چاچ شەكلى ئۆرۈمە چاچ ۋە تۇرمەل چاچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى كىچىك بالىلارنىڭ چاچ شەكلى كالتە چاچ ھېسابلىنىدۇ. چاچ پاسونلىرى مۇنداق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

كۆپ ئۆرۈملۈك چاچ: بىر نەچچە تالغا بۆلۈپ ئۆرۈلگەن چاچ بولۇپ، بۇ خىل چاچلار توم، شۇنداقلا ئۇزۇن، بىردەك ئۈچ نەخ چاچنى بىر قىلىپ ئۆرۈش ئۇسۇلىدا ئۆرۈلگەن. ھەر بىر ئۆرۈمنىڭ كەڭلىكى 2.5cm، توملۇقى 1cm، ئۇزۇنلۇقى 60cm دىن ئارتۇق كېلىدۇ. بۇ خىل پاسوندىكى چاچلار كۆپ بولغاندا تۆت ئۆرۈم ئۆرۈلگەن.

سىگارتال ئۆرۈم چاچ: باشتىكى بارلىق چاچ ئۈچ نەخكە بۆلۈپ بىر ئۆرۈم ئۆرۈلۈپ، ئاندىن قاتلاپ كىگىز قالپاق ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇلغان.

كۆپ ئۆرۈملۈك ئەشمە چاچ: بۇ ھەر ئىككى نەخ چاچنى بىر ئۆرۈم قىلىپ ئىشلىگەن چاچ پاسونى بولۇپ، بۇ خىل چاچلار بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە قىسقا، توملۇقى 0.5cm، ئۇزۇنلۇقى 5cm ئەتراپىدا. بۇ خىل پاسونلۇق چاچ قويغانلارنىڭ چاچ ئۆرۈمى ئەڭ كۆپ بولغانلىرىنىڭ 16 تالغا يېتىدۇ.

تۇرمەل چاچ: چاچنى قاتلاپ يۆگەپ باشنىڭ كەينى تەرىپىگە تۇرمەللەنگەن.

بېزەك (يالغان) چاچ: بايقالغان بېزەك چاچلار ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، توققۇز نەخ ئۈچ ئۆرۈملۈك بېزەك چاچ. بۇ خىل چاچ ئۈچ نەخ چاچنى بىر ئۆرۈم ئۆرۈپ، ئاندىن ئۈچ ئۆرۈم چاچنى يانداش تىزىپ تىكىش ئۇسۇلىدا ياسالغان. ھەر بىر ئۆرۈمنىڭ كەڭلىكى 0.7cm، جەمئىي كەڭلىكى 2.3cm، ئۇزۇنلۇقى 27cm كېلىدۇ. بۇ خىل يانداش تىزما بېزەك چاچنىڭ چاچ يىلتىزى بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈلگەن، ئوتتۇرا قىسمى يانداش تىزىلىپ كەڭ چىقىرىلغان، چاچ ئۇچى يەنە بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن؛ يەنە بىرى، 18 نەخ ئۈچ ئۆرۈملۈك بېزەك چاچ: بۇنىڭدا ھەر ئالتە نەخ چاچ بىر ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈلۈپ، ئاندىن ئۈچ ئۆرۈم چاچ يانداش تىزىلىپ تىكىلگەن. بۇ خىل چاچنىڭ كەڭلىكى 3cm، ئۇزۇنلۇقى 27cm ~ 26 كېلىدۇ.

قۇر، كىگىز، ئۆرۈمە قۇر قاتارلىق ماتېرىياللاردىن تىكىلگەن. بەزىلىرىنىڭ ئىچىگە دورا سېلىنغان. شەكلى جەھەتتىن سوقىچاق قاپ ۋە ئۇزۇنچاق شەكىلدە تىكىلگەن.

پەرداز قۇتىسى: 1984 - يىلى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى تەكشۈرۈشتە ئۈچ دانە پەرداز قۇتىسى تېپىلغان. سىرتى قىرىپ، ئىچى يونۇپ، ياپقۇلۇق ياسالغان (ياپقۇسى يوقالغان). ئۇلاردىن بىرسىنىڭ يۈرەكچە شەكىللىك سىرتقى يۈزىگە قاپارتما سىزىق نەقىش چىقىرىلغان. ئۆلچىمى 10.5×7.8cm كېلىدۇ. قالغان ئىككىسىنىڭ سىرتقى يۈزى كۆپۈنكى ھالەتتە بولۇپ، ئوخشاشلا قاپارتما سىزىق نەقىش چىقىرىلغان.

قاش قەلىمى: قاش قەلىمى «سۈرمە تاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «نىيە، كېرىيە قاتارلىق جايلاردىكى ... نىيە قەبرىستانلىقى، يۇمىلاق قۇم ۋە قارا دۆڭ قەلئەلىرىدىن زور مىقداردىكى قاش قەلەم ۋە قارا تاشلار بايقالغان بولۇپ، بۇلاردىن ھازىرمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. 1990 - يىللاردىن ئاۋۋال رايونىمىز ئارخېئولوگلىرى يۇقىرىقى بۇيۇملارنى ‹بېگىز، بىلەي تاش› دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مۇزېيلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا بۇ خىل بۇيۇمنىڭ ئەسلىي رەڭدار تاش ۋە قاش قەلەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، شۇ يەرلىك ئارخېئولوگلارنىڭ ئاتىغىنى بويىچە (سۈرمە تاش) دەپ ئاتايدىغان بولدى⑩.

ئۇپا - ئەڭلىك: «نىيە خارابىسىدىكى شەرقىي خەن دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن ... ئۇپا خالتىسى، ئەڭلىك خالتىسى قاتارلىق قىممەتلىك يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى ... يەنە كالا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، ئايرىم - ئايرىم ھالدا قارا ۋە قىزىل رەڭلىك بوياق قاچىلانغان گىرىم قاپچۇقىمۇ تېپىلغان»، «ئۇپا خالتىسى قوغۇشۇن ئۇپىسىنى قاچىلايدىغان خالتا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7cm، كەڭلىكى 4cm كېلىدۇ. خالتىنىڭ سىرتىغا قىزىل، يېشىل رەڭلەردە ئۆسۈملۈك ۋە گۈل - چېچەكلەر كەشتىلەنگەن. خالتىنىڭ ئېغىزى چىگىلگەن. ئىچىگە نۇرغۇن گىرىم تاشلىرى قاچىلانغان. قوغۇشۇن ئۇپىسىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكتىن ھازىر تاش پارچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەڭلىك خالتىسى سېرىق يىپەكتىن تىكىلگەن. ئىچىدە ئازراق ئۇچۇق قىزىل رەڭلىك ئەڭلىك قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خالتىنىڭ ئېغىزى ئاق رەڭلىك يىپەك

**هالقا سېلىش:** ئاق قوچقىراق قەدىمىي شەھىرىدىن ئالتۇن هالقا ۋە مىس هالقا تېپىلغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئەينى زاماندىكى ئاياللاردا قۇلاق تېشىش، هالقا ئېسىش ئادەتلىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

تارىنىش: ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە ئەر - ئاياللارنىڭ بىردەك ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى بولغان. شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا ۋاقتىدا تارىنىپ - ياسىنىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەن. قەدىمكى خارابە - قەبرىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىن تارىنىش - ياسىنىش بۇيۇملىرى تېپىلغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

**ياسىنىش - تارىنىش بۇيۇملىرى**

تارغاق: 1984 - يىلى سامپۇل قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈشتە 17 دانە ياغاچ تاغاق تېپىلغان. تاغاقنىڭ دەستە بېشى ۋە چىشى ئارىسىدا ئېنىق ھەرە ئىزى بولۇپ، ھەرە ۋە پىچاق ئارقىلىق ياسالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ تارغاقلار شەكىل جەھەتتىن يېرىم يۇمىلاق تۇتقۇچلۇق تارغاق، ئىككى يۈزى قىيپاچ تارغاق، بىر يۈزى قىيپاچ تارغاق، ئۇزۇنچاق تارغاق، چاسا تارغاق قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ قەبرىلەردىن يەنە بىر دانە دەستىلىك مۈڭگۈز تارغاقمۇ تېپىلغان.

سىرغا (سۆزگۆچ): شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە يەتتە دانە ياغاچ سىرغا تېپىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى نەپىس ئىشلەنگەن. بەزىلىرىنىڭ تۇتقۇسى قارا سىردا سىرلىنىپ، ئۈستىگە قىزىل سىر بىلەن يۇمىلاق ۋە سىزىقچە نەقىش - گۈللەر چېقىرىلغان. بۇ سىرغىلارنىڭ كەڭلىكى 6cm - 5 بولسىمۇ، چىش ئارىلىقى ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 47 دانە چىش چىقىرىلغان.

مىس كۆرگۈ (ئەينەك): 1984 - يىلى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن ئالتە دانە مىس كۆرگۈ تېپىلغان. شەكىل جەھەتتىن قالپاقلىق مىخ تۇتقۇچلۇق كۆرگۈ، خەت نەقىشلىق كۆرگۈ، سىدام يۈزلۈك كۆرگۈدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھەممىسى ئېغىر دەرىجىدە داتلىشىپ كەتكەن. خەت نەقىشلىق كۆرگۈگە «ئەبەدىي زەردار بولغايسىز» دېگەن مەزمۇندىكى تۆت دانە خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن.

پەرداز قاپ: بۇ سىرغا، تارغاق، مىس كۆرگۈ قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرىنى قاچىلايدىغان قاپچۇق بولۇپ، 1984 - يىلى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى تەكشۈرۈشتە سەككىز دانە پەرداز قېپى بايقالغان. ھەممىسى قوش يانچۇقلۇق قاتلىما قاپ بولۇپ، يۇڭ چەكمەن، كەسمە

تەرىپى ياكى ئۈچ تەرىپىدە رىشاتكىسىمان توسۇق بار. كارىۋات سۇرۇقى يەردىن $30cm \sim 20$ ئېگىزلىكتە بولۇپ، كېسەل كارىۋىتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، تاۋۇتقا سالماي، كىگىزگە ياكى جاۋا گىلەمگە ۋەياكى بورىغا ئوراپ دەپنە قىلىنغان ياكى ئاخىرەتلىك كىيىمى بىلەنلا دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرمۇ بار.

دەپنە تۈرلىرى: قېزىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا مېيىتلەرنى دەپنە قىلىشتا يالغۇز دەپنە، قوش دەپنە، كۆپ دەپنە، توپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بولغان.

(1) يالغۇز دەپنە شەكلى: بىر مېيىتنى بىر تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىش بولۇپ، ئىمامى مۇسىكازىم قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان، ئۇدۇن خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ تاۋۇتى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىۋاتقان يالغۇز جەسەتلىك تاۋۇتلاردا بۇ خىل دەپنە ئۇسۇلى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

(2) قوش دەپنە شەكلى: ئىككى مېيىتنى بىر تاۋۇتقا سېلىپ دەپنە قىلىش بولۇپ، نىيە خارابىسىدىكى 59MNM001 نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان ئەر ـ ئايال ئىككى جەسەت سېلىپ دەپنە قىلىنغان. ساندۇق تاۋۇتتا بۇ خىل دەپنە ئۇسۇلى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

كۆپ دەپنە شەكلى: بۇ، بىر لەھەتكە بىر قانچە تاۋۇتقا سېلىنغان ياكى كىگىز قاتارلىقلارغا ئورالغان بىر قانچە مېيىتنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ شەكىلدە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

(3) توپ دەپنە شەكلى: بۇ تاۋۇتقا سېلىنغان ياكى باشقا نەرسىگە ئورالغان بىر قانچە ئون، ھەتتا يۈز نەچچە مېيىتنى بىر لەھەتكە دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ خىل قەبرىلەر 1984 ـ يىلى سامپۇل قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان. بۇ يەردىكى M01 نومۇرلۇق لەھەتكە 133 مېيىت، M02 نومۇرلۇق لەھەتكە 146 مېيىت دەپنە قىلىنغان. ھەر ئىككى قەبرىدىن ياشانغانلار، قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار شۇنىڭدەك بىر قىسىم بالىلارنىڭ مېيىتلىرى تېپىلغان. جىنس ئايرىمىسى جەھەتتە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار. بۇ لەھەتلەرنىڭ ئۈستى ياغاچ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلىپ، گەمە شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن قوغاچ (ئويما يانتۇ يول) چىقىرىلغان. ئارخېئولوگلار، بۇ خىل گەمە لەھەتلەردىكى مېيىتلار بىرلا قېتىمدا دەپنە قىلىنغان

بىلەن باغلانغان. خالتا ئىغىزىنىڭ يان تەرىپىگە پاختا قالدۇقى قويۇلغان بولۇپ، رەڭگى جىگەررەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. بەلكىم بۇ، ئايال جەسەتنىڭ هايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن ئەگلىك سۇرتكۇچى بولۇشى مۇمكىن⊛».

دەپنە ئادەتلىرى: خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش تەكشۈرۈش ئەهۋاللىرىغا ئاساسەن، بۇددىزم دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى دەپنە ئادەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

لەهەت شەكلى: ئاچ (ئەگمە) بولۇڭلۇق چاسا شەكىللىك لەهەت، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك لەهەت كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ بىر تەرىپىدىن قوغاچ ئىغىز چىقىرىلغان. لەهەت ئەتراپىغا تۇۋرۇك، قوزۇقلار قويۇلۇپ، ئۇستى ياغاچ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە گەمە لەهەت هېسابلىنىدۇ. يەنە غەيرىي مۇنتىزىم شەكىللىك، لەهەتخانا چىقىرىلماي، تاۋۇتنى قويۇپلا كۆمۈلگەن لەهەتلەرمۇ بولۇپ، كۆممە لەهەت هېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسىدە هازىرقىدەك ئىچ يەرلىك يوق.

تاۋۇت: تاۋۇتنىڭ شەكلى، ئۆلچىمى هەر خىل بولغان.

(1) ساندۇق تاۋۇت: تاختايلارنى ياغاچ مىخ بىلەن مىخلاپ ۋە پانا بىلەن تارغاقلاپ، ساندۇق شەكلىدە ياسالغان. بۇ خىل تاۋۇتتىن ئىمامى مۇسكازىم قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان تاۋۇتلار ئەڭ گەۋدىلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك تەلپەك شەكىللىك ياغاچ قىرما بېزەك بۇيۇم مىخلانغان. تۆت تەرىپىگە ئەجدىها، سۇمۇرغ، يولۋاس قاتارلىق تۆت خىل هايۋان سۈرىتى نەقىشلەنگەن.

(2) نۇر تاۋۇت: توغراق ياكى تېرەك ياغاچلىرىنىڭ غول ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ ياسالغان نۇر شەكىللىك تاۋۇت، مېيىت قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئىككى بېشى تۇۋاق بىلەن ئېتىلگەن.

ئۆلاق تاۋۇت: توغراق، تېرەك ياغاچلىرىنىڭ بىر يان يۈزىدىن ياغاچ غولىنى يونۇپ ئېلىۋېتىپ ياسالغان تەڭنە شەكىللىك تاۋۇت، مېيىت قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈستى تاختاي بىلەن يېپىلغان.

(3) كارىۋات تاۋۇت: پاچاق، سۇرۇق، چېتىق قاتارلىقلاردىن قوراشتۇرۇپ ياسالغان، شادا كارىۋات شەكىللىك تاۋۇت. ئىككى بېشىدا بوي سۇرۇقتىن چىقىرىلغان تۇتقا بار. كارىۋاتنىڭ هەممە

سىنىپىي زۇلۇم ۋە ئېزىشنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.
بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ كىيىنىش - ياسىنىش، دەپنە ئادەتلىرىدىن بىر مىسال:
تەكشۈرۈلگەن ئورۇن: نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنىڭ غەربىي شىمال چېتىدىن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردىكى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىرغىقىدىكى قەبرىستانلىق.
مىسال قىلىنىدىغان قەبرىنىڭ نومۇرى: 59MNM001 (بۇ قەبرىدىن 80 مېتىر يىراقلىقتا يەنە بىر قەبرە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ساندۇق تاۋۇتقا ئىككى ئايال، بىر ئەر دەپنە قىلىنغان).
قەبرىنىڭ بايقىلىش سەۋەبى: ساندۇق تاۋۇتنىڭ بىر بۇرجىكى شامالدا ئېچىلىپ قالغانلىقتىن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەرىپىدىن بايقالغان.
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگۈچى ئورۇن: ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى.
تەكشۈرۈلگەن ۋاقىت: 1959 - يىلى 10 - ئاي.
نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىسالنىڭ كېلىش مەنبەسى: «نىيە خارابىسىدىكى غايەت زور بايقاش» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى بايقاشلار» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان، (413 ~ 420 - بەتلەر). تۆۋەندىكىسى دوكلاتنىڭ ساندۇق تاۋۇتقا دائىر قىسمى: (ئازراق قىسقارتىلدى)
«بۇ يەردە بايقالغان 59MNM001 نومۇرلۇق قەبرە قۇم تۈپراقتىن كولانغان. ئىچ يەرلىك يوق. ساندۇق تاۋۇت قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە ئۈچ تال ياغاچ توغرا قويۇلۇپ، ياغاچ ئۈستىگە ئاق ۋە قوڭۇر رەڭلىك يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىگىز يېپىلغان. كىگىز ئۈستىگە 10cm ~ 6 لىق قىسقا ياغاچ كالتەكلەر رەتلىك تىزىلغان. ساندۇق تاۋۇت توغراق شاللىرىدىن مېتال ئەسۋاب بىلەن ياسالغان. ياپسالىنىدىغان ۋە تۇرۇملىنىدىغان جايلىرى ياغاچ مىخ بىلەن مۇستەھكەملەنگەن. ئىككى بېشىنىڭ كەڭ - تارلىقى ئوخشاش. ئاستىنقى تۆت بۇرجىكىدە 18cm ئېگىزلىكتىكى پاچىقى بولۇپ، يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۆلچىمى 56cm × 80 × 210 بولۇپ، ئۇزۇن ساندۇققا ئوخشايدۇ.
بۇ تاۋۇتقا بىر ئەر، بىر ئايال مېيىت دەپنە قىلىنغان بولۇپ،

ئەمەس. دەسلەپكى مېيىتلار قويۇلغاندىن كېيىن، قوغاچ ئېغىزى ئېتىپ قويۇلغان. كېيىن باشقا مېيىتلارنى دەپنە قىلىشقا توغرا كەلگەندە قوغاچ ئېچىلىپ، مېيىتلار لەھەتخانىغا قويۇلغان. شۇڭا بۇ لەھەتلەر كۆپ قېتىم تەكرار دەپنە قىلىش ئىپىدىكى لەھەت بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت تەكرار ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل توپ دەپنە شەكلى كېلىپ چىققان. شۇنداقلا بۇ قەبرىلەردىكى مېيىتلەر خوجايىنىغا قوشۇپ تىرىك دەپنە قىلىنغان بولماستىن، قانداشلىق مۇناسىۋەتى بويىچە دەپنە قىلىنغان جەمەت قەبرىسى، دەپ قارايدۇ.

مېيىتلارنىڭ دەپنە يۆنىلىشى: بۇددىزم دەۋرىدىكى قەبرىستانلىقلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، يەرلىككە قويۇلغان مېيىتلارنىڭ بېشىنى ۋە يۈزىنى قايسى تەرەپكە قارىتىپ قويۇش توغرىسىدا مۇقىم ئادەت - يوسۇن بولمىغان. مېيىتلار ئىچىدە بېشى ۋە يۈزى شىمال، غەرب، جەنۇب، شەرق قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپكە قارىتىپ قويۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ يېتىش شەكلىمۇ ھەر خىل، گەۋدىسى تۈز، پۇتى يىغىپ قويۇلغان، پۇتى تۈز، گەۋدىسى تۈگۈلگەن، بىر پۇتى تۈز، بىر پۇتى يىغىپ قويۇلغان، ئوڭدا ياتقۇزۇلغان، يېنى ياتقۇزۇلغان، ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ، يۈزى يانغا قارىتىلغان قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردە دەپنە قىلىنغان.

ھەمدەپنە ئادىتى: ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرىنى بىللە قوشۇپ دەپنە قىلىدىغان ھەمدەپنە ئادىتى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان. ھەمدەپنە بۇيۇملار ئاشلىق، يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، قاچا - قۇچا، ئۆي - بىساتلىرى، قورال- سايمانلار، جەڭ، ئوۋ قوراللىرى، ياسىنىش بۇيۇملىرى، بېزەك بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار قەدىمكى دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى، مىللەت، دىن، ئۆرپ - ئادەت ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ھەمدەپنە بۇيۇملار ھەممىلا قەبرىلەردىن دېگۈدەك تېپىلىسىمۇ، لېكىن لەھەت، تاۋۇت تۈزۈلۈشى، ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ سانى، تۈرى، سۈپىتى جەھەتتە ناھايىتى زور پەرقلەر بار. بۇلار ئەينى دەۋردە سىنىپىي بۆلۈنۈش ۋە سىنىپىي پەرقنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى،

سىرىق شايىدىن پەۋازلانغان بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئىنتايىن گۈزەل. چاپان ئۇزۇنلۇقى 1m، ئاستى پەش كەڭلىكى 1.20m كېلىدۇ. چاپاننىڭ سول يېنىغا تەرەپ ئۇزۇنلۇق 26cm كېلىدىغان بىر دانە بۆز قولياغلىق تىكىپ قويۇلغان. ئۇزۇن پاختىلىق چاپاننىڭ بەل قىسمىنىڭ ئىككى تەرىپىگىمۇ تۆت تالدىن يېشىل يىپەك لېنتا چىقىرىلىپ، ئىككى دانىسى كۆكرەك ئۈستىگە كەلتۈرۈپ چىگىلگەن. ئەڭ ئىچىگە سۈس قىزىل يىپەك كۆڭلەك كىيگۈزۈلگەن. بەدىنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا يۇقىرىقى چاپان كەشتىسىگە ئوخشاش كەشتە تىكىلگەن ئۇزۇن ئىشتان كىيگۈزۈلگەن. بىراق ئىشتانغا بۇغا، ئەجدىھا، سۇمۇرغ، يولۋاس، ئۆردەك، يىلپىز قاتارلىقلار ئوبرازى كەشتىلەنگەن. ئىشتان ئۇزۇنلۇقى 70cm، پۇچقاق كەڭلىكى 24cm كېلىدۇ. ئىشتان سىرتىغا رومبا گۈللۈك سېرىق دارايى يوپكا كىيگۈزۈلگەن. يوپكىنىڭ ئالدى تەرىپىدە چېكى بار. ئۇنىڭدىمۇ 10 cm كەڭلىكتە يۇقىرىقى چاپان كەشتىسىگە ئوخشاش كەشتە تىكىلگەن. ئۇزۇنلۇقى 0.92m، بەل ئايلانمىسى 1.14m، ئېتەك كەڭلىكى 1.30m كېلىدۇ. قېزىپ چىقىرىلغاندا كىيىملەرنىڭ قىسمەن جايلىرى قان دېغى بولۇپ قالغان ۋە چىرىپ كەتكەندىن ئۆزگە بەدەنگە تېگىپ تۇرمىغان قىسىملىرىنىڭ كەشتە نۇسخىلىرى، رەڭلىرى يېپيېڭى تۇرغان. پۇتىغا كىيگۈزۈلگەن گۈللۈك كىمخاپ پايپاق ئىشتاننىڭ ئايغىغا تىكىۋېتىلگەن ھەممە ھەر خىل رەڭلىك كەشتە ئىشلەنگەن بىر جۈپ كۆك رەڭلىك يىپەك پۇت چاتقۇچ لېنتا بىلەن پۇتى چېتىلغان. ئايال جەسەتنىڭ يۈزىگە سېپتا ئاق شايى يوپۇق يېپىلغان. ئۆلچىمى 50×56cm بولۇپ، چۆرىسىگە رومبا گۈللۈك كىمخاپ جىيەك تۇتۇلغان. بېشىغا تۆز چوققىلىق سىگارقات ئاق شايى دوپپا كىيگۈزۈلگەن. بويىنىغا 637 دانە ھەر خىل مارجاندىن تەشكىل تاپقان ئىككى تىزىق مارجان سېلىنغان. ئوڭ قولىغا مىس ئۈزۈك سېلىنغان. ئىككى مېيىتنىڭ بېشىغا بىردىن گۈللۈك كىمخاپ ياستۇق، ئايال مېيىتنىڭ سول يېنىغا چىۋىق توقۇلما بېزەك سىۋەتتى قويۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىگە مىس كۆرگۈ، كۆرگۈ قېپى، سىرغا، تارغاق قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرى قاچىلانغان.

ئەر جەسەتنىڭ بېشىغا يەنە تۆز چوققىلىق يۇمىلاق كىمخاپ بۆك كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچى كەندىر تالالىق رەخت بىلەن ئەستەرلەنگەن. قېتىغا سايناخ يىپەك ئېلىنغان. دوپپىغا تاسما يىپقا

ئۆلۈك، سولغا بىردىن ئوڭدا ياتقۇزۇپ، قول - پۇتلىرى شىمال
قارىتىلغان. ئەر جەسەتنىڭ بەدەن ئېگىزلىكى 1.7m، قاڭشىر
ئېگىز، مەڭزى كەڭ، 50 ياش ئەتراپىدا، ئۈستىگە «مۇرادىڭىز
يەتكەيسىز» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ تو
كىيگۈزۈلگەن. تونىنىڭ يېڭى تار، بېلى تار، ئەمما ئۇزۇن، تو
ئۇزۇنلۇقى 2.22m، ئاستى پەش كەڭلىكى 1.42m كېلىدۇ.
كىمخاپ تونىنىڭ ئاستى پېشىنىڭ ئۈستىگە «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن
بوغۇنلىرىڭىز ئاۋۇن بولغاي» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن گۈللۈك
كىمخاپ پارچىسى تىكىلگەن. بۆز رەختتىن تىكىلگەن ئىشتان
كىيگۈزۈلگەن. يېشىل رەڭلىك گۈل - گىياھ، هايۋان سۈرىتى
كەشتىلەنگەن يۇقىرىقىدەك خەنزۇچە خەتلەر چىقىرىلغان كىمخاپ
پايپاق كىيگۈزۈلگەن. بېشىغا سېرىق شايى شاپاق دوپپا كىيگۈزۈلۈپ،
كىمخاپ ماسكا قويۇلغان، قولىغا كىمخاپ پەلەي كىيگۈزۈلگەن.
ئۈستىگە شايىدىن ئىشلەنگەن يۈز يوپۇقى ۋە يەنە بىر پارچە بەدەن
يوپۇقى يېپىلغان. يوپۇق ئۈستىگە بىر دانە يا، تۆت تال يا ئوقى
قاچىلانغان ئوقدان قويۇلغان. ئوق بېشى ياغاچتىن ياسىلىپ قار
بويالغان. ئۇزۇنلۇقى 81cm كېلىدۇ. يا دەستىسى هايۋان سۆڭىكىدىن
ياسىلىپ، سىرتىغا پەي يۆگەلگەن. هايۋان پېيىدىن ئىشلەنگەن زەي
كىرىچ سېلىنغان، كىرىچ ئۇزۇنلۇقى 1.23m كېلىدۇ.

ئايال جەسەتنىڭ بويى 1.66m، 40 ياش ئەتراپىدا. ئىككى
ئۆرۈم چېچى تۇرمەللىنىپ، بېشىنىڭ كەينىگە ياستۇق ئۈستىگە
قويۇلغان. ئۈستىگە قىسقا يەڭلىك ئۇزۇن يىپەك ئاخىرەتلىك تون
كىيگۈزۈلگەن. ئاخىرەت تونىنىڭ بېلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۆت
دانىدىن كەڭ تاۋار لېنتا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى
كۆكرەك ئۈستىگە كەلتۈرۈپ چىگىلگەن. ئۇنىڭ ئىچىگە تار يەڭلىك،
تاۋار يوللۇق ئۇزۇن پاختىلىق چاپان كىيگۈزۈلگەن. چاپاننىڭ
ياقىسى، يەڭ ئۇچى ۋە ئىككى دولىسىغا ئۈزۈم، شاخ چېچەك، ئادەم،
كەپتەر، تۆگە، ئەركەك شىر، بۇغا (ياكى كالا) قاتارلىق ئادەم،
هايۋان، قۇش، گۈل شەكىللىرى كەشتىلەنگەن گۈللۈك شايى لەپلىمە
تۇتۇلغان. لەپلىمە كەشتىسىدە 20cm ~ 10 كەڭلىكتىكى شوخ كۆك
رەڭ شايى تەگلىك قىلىنىپ، قىزىل، يېشىل، توق سېرىق،
مايسىرەڭ ۋە قايماق رەڭلىك يىپەك يىپتىن تور كەشتە ئۇسۇلىدا
يۇقىرىقىدەك هەر خىل ئوبرازلار كەشتىلەنگەن. لەپلىمە چۆرىسى

تەۋەسىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ماتېرىيال قۇرۇلمىسىدا خېلى زور پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققان كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدە يۇڭ بۇيۇملار مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. يىپەك، بۆز توقۇلمىلار ئاز راق ئۇچرايدۇ. نىيە خارابىسىدا ئۇنىڭ ئەكسىچە يىپەك كىيىملەر مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. پاختا كىيىملەر ئازراق، يۇڭ كىيىملەر تېخىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ قەبرىدىن چىققان خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن توقۇلما بۇيۇملار ئەينى دەۋردە ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت داۋام قىلغانلىقىنى، خېلى كۆپ ساندىكى يىپەك توقۇلمىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەنۇۋى ئادەتلەر: تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىلەر ۋە ئېتىقادقا باغلانغان ئۇدۇم - يوسۇنلار مەنىۋى ئادەتلەرنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ مەنۇۋى ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يازما ۋە ماددىي ۋەسىقىلەر (ياكى بۇلاردىن خەۋەردار بولغانلىرىمىز) بەكلا ئاز. شۇڭا بۇ يەردە ھازىرچە قەيت قىلىش مۇمكىن بولغان بەزىبىر ئادەتلەر بايان قىلىنىدۇ.

بۇت سەيلىسى: بۇ بۇددا دىنى مۇراسىم پائالىيىتى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربكە نوم ئىزدەپ سەپەرگە چىققان فاشيەن، خۇي جىڭ، داۋ جىڭ، خۇيىيىڭ، خۇۋېي قاتارلىق راھىبلار مىلادىيە 401 ـ يىلى ئۇدۇنغا يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ يەردە داغدۇغىلىق بۇت سەيلىسى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئالايىتەن ئۈچ ئاي توختاپ بۇت سەيلىسىنى كۆرگەن ھەمدە مۇنداق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان:

«4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ سۇ چاچىدىكەن، كوچا ـ كويلار ھەيۋەتلىك بېزىلىدىكەن. شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىگە دەرپەردىلەر ئېسىلىدىكەن. ھەممە نەرسىلەر پۇختا زىننەتلىنىدىكەن. خان، خانىكە، كېنىزەكلەر شۇنىڭ ئىچىدە تۇرىدىكەن. راھىب گۇماتى ماھايانا تەرەپدارى بولۇپ، خان ئۇنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن. ئۇ ئاۋۋال بۇددىنى ماڭغۇزىدىكەن. شەھەردىن 3 ـ 4 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە تۆت چاقلىق بۇت ھارۋىسى ياسىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ غۇلاچ بولۇپ، بەئەينى بىر

ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل رەڭلىك مارجاندىن تەركىب تاپقان بىزەك قادالغان بولسىمۇ ئاجراپ كەتكەن. قوشۇمىسىغا ئىككى قېشى ئۇدۇلىغا بىردىن ئالتۇن ياپراقچە ۋە بىردىن قارا تاش مارجان چاپلانغان. كىمخاپ تونىنىڭ ئىچىگە (جەسەتنىڭ مەيدىسىگە) بىر دانە شايى تارغاق قېپى قويۇلغان بولۇپ، قاپنىڭ ئىككى يانچۇقىنىڭ بىرسىگە تارغاق، بىرسىگە سىرغا سېلىنغان ھەمدە قارا رەڭلىك قەغەز پارچىسى، ئاق يىپ بىلەن ئورالغان كىچىك شايى بولاق سېلىنغان. شايى بولاقنىڭ ئىچىگە ئازراق قىزىل رەڭلىك ئۇيا سېلىنغان. تاۋۇتتىن يەنە چوكا (Y) شەكىللىك كىيىم ئىلغۇچتىن بىرسى، ھاسا شەكىللىك كىيىم ئىلغۇچتىن بىرسى چىققان. ھاسا شەكىللىك ئىلغۇچقا بىر دانە كۆك رەڭلىك، ئالدى ئوچۇق سىدام ئايالچە يېلىك كىيىم ئىلىپ قويۇلغان.

بۇ تاۋۇتقا يەنە ئۈستى - ئۈستىگە يېپىلغان ئىككى پارچە كۆك تەگ، ئاق گۈللۈك ھەمزەك يوپۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئاياق، ئاياق ئىچىدە قوي سۆڭىكى، داتلاپ كەتكەن سۆڭەك دەستىلىك تۆمۈر پىچاق سېلىنغان. ھەمزەكنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 88×47cm بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇددىزم مەزمۇنىدىكى گۈللەر چىقىرىلغان. يەنى بۇددىنىڭ بىر پۇتى، ھايۋاننىڭ بىر پاچىقى، بىر ھايۋاننىڭ قۇيرۇقى، ئەجدىھا ۋە ئۇچار قۇش، سول تەرەپتە بىر نەپەر مۇلازىم ئوبرازلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ھېلىقى مۇلازىم يالىڭاچ ھالەتتە قولىدا ئۇزۇم شارابى قاچىلانغان ئۇچلۇق قاچىنى تۇتۇپ ئوڭغا قىيسىيىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. يەنە بىر پارچە ھەمزەك 77×46 cm بولۇپ، پۈتۈنلەي تىزما تۇمارچە گۈللەر چىقىرىلغان. بۇ تاۋۇتتىن يەنە بىر دانە سوغا، بىر دانە ئاياق، بىر دانە كاسا، ئىككى دانە چۆچەك، ئىككى دانە كۆتەك ئورۇندۇق، بىر دانە ئورچۇق، بىر دانە ئورچۇق دەستىسى، ئۇزۇم نەقىشلىك بىر دانە قارا ساپال لوڭقا قوش قۇلاقلىق بىر دانە قىزىل ساپال كومزەك چىقتى. ساندۇق تاۋۇتنىڭ ئەڭ ئاستىغا (جەسەتنىڭ تېگىگە) بىر پارچە زىلچا گىلەم سېلىنغان».

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قەبرىدىن چىققان بۇيۇملار ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ دەپنە ئادىتى، كىيىنىش ئادىتى، ياسىنىش - بېزىنىش ئادىتى، شۇنداقلا تۇرمۇش سەۋىيىسى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا خوتەن

بولالمىساقمۇ، خەلق ئىچىدە يېقىنغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى كېسەللەرنى زاۋال ۋاقتىدا كوچا دوقمۇشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئوت بىلەن ئۇچۇغداپ داۋالاش، چىراغچىلىق (يەنى چىراغتا كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىغا قاراپ ياخشىلىق - يامانلىقتىن، يېتكەن نەرسىلەرنىڭ ئىز - دېرىكىدىن بېشارەت بېرىش)، بەزى جايلاردىكى يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەرنى ئوتتىن ئاتلىتىش، بەزى كېسەللەرنى تۆت كوچىدىن تەمەچ تېرىپ ئىسرىقداش، بالىلارغا كۆز تەگمىسۇن دەپ ئىسرىقداپ قويۇش، سودىنىڭ ئەن بولۇشى ئۇچۇن سېتىشقا تەييارلانغان ماللارنى چېڭگىلىك غوللىرىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىقداش قاتارلىق ئادەتلەر ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىغا مەنسۇپ بولغان مەنىۋى ئادەتلەر دەپ قەيت قىلالايمىز. ئەلۋەتتە، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئادەتلەردە ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە سېغىنىدىغان ئوبيېكت پۈتۈنلەي يېڭىلانغان.

پىر ئۇسسۇلى ئويناپ كېسەل داۋالاش، كىشىلەرنى «ئوت يۇلتۇزلۇق، شامال يۇلتۇزلۇق» دەپ ئايرىش ۋە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ كېيىنكى ئىشلاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىش، خۇش پۇراق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ بۇي (ئىسرىق) سېلىش قاتارلىقلار شامان دىنى ئېتىقادىغا، كۈن ياكى ئايغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، يۈزنى يۇماي تۇرۇپ كۈنگە قاراشنى يامان ئېلىش، يېڭى چىققان ھىلال ئايغا قاراپ دۇئا ئوقۇپ سۈگەل كۆچۈرۈش، ھىلال ئاينىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ قايسى تەرەپكە قارىغانلىقىغا قاراپ كەلگۈسى ئىشلارغا ھۆكۈم چىقىرىش، ھىلال ئايغا دۇئا قىلىپ مەدەت تىلەش قاتارلىقلار مانى دىنى ئېتىقادىغا باغلانغان مەنىۋى ئادەتلەر بولۇپ، بۇ خىل مەنىۋى ئادەت سارقىندىلىرىنىڭ مەزمۇنى يېڭىلانغان ھالدا ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ بۇددىزم دەۋرىدە باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلالايمىز.

## 13) بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەلۇمكى، بۇددىزم دەۋرى، بولۇپمۇ گۈللەنگەن بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن ۋە كۇسەننى سەركە قىلغان پۈتكۈل تارىم مەدەنىيىتى ئۆزىگە خاس بىر يول بىلەن راۋاجلىنىپ، دېھقانچىلىق-

سارايىنى كۆچۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپ
يەتتە گۆھەر بىلەن ناھايىتى ھەشەمەتلىك بېزىلىدىكەن. شايى تۇغ
ئەلەم ۋە كۇنلۇك ئېسىلىدىكەن. بۇت ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىسـ
تۇرىدىكەن. ئىككى بودساتىۋا ئۇنى قوغداپ تۇرىدىكەن. ئالتۇن
كۇمۇشتىن ياسالغان قورچاق پەرىشتىلەر، ھەيكەل خىزمەتچىلە
ئېسىقلىق تۇرىدىكەن. بۇت شەھەر دەرۋازىسىغا 100 قەدەم قالغاندا
خان تاجىنى ئېلىپ، يېڭى كىيىم كىيىپ، گۈل ۋە كۆجە كۆيدۈرۈ
يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، شەھەرنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ بۇتنى قارش
ئالىدىكەن. بېشىنى بۇددىنىڭ پۇتىغا قويۇپ، كۆجە كۆيدۈرۈپ گۈل
چاچىدىكەن. بۇت شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە دەرۋازا راۋىقىد
تۇرغان خانىكە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى گۈللەر چېچىپ ئارقا
ئارقىدىن تۆۋەنگە چۈشىدىكەن. شۇنداق گۈزەل، ھەيۋەتلىك ئىكەنكى،
ھارۋىلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. بىر ساڭرام بىر كۈن بۇت
سەيلىسى قىلىدىكەن. بۇ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلانسا، 14.
كۈنى ئاياغلىشىدىكەن. بۇت سەيلىسى پائالىيىتى ئاياغلاشقاندىن
كېيىنلا خان ۋە خانىشلار خان سارىيىغا قايتىشىدىكەن[9]».

فاشيەنىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا شۇ چاغلاردا بۇدد
دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. بۇت سەيلىسى پائالىيىتى دىنىي ئادەت
دائىرىسىدىن ھالقىپ، خاندىن پۇقراغىچە ھەممە كىشى قاتنىشىدىغان
ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇت سەيلىس
مەۋجۇتلۇقتىن قالغان بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە ھازىرغىچ
ساقلىنىۋاتقان مەشھۇر ئالىم - ئۆلىما، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ۋ
مەشھۇر تارىخىي ۋەقەلەر نامىغا باغلانغان مازار - قەبرىگاھلارنى سەيلە
تاۋاپ قىلىش ئەنئەنىسى ئەينى چاغدا شەكىللەنگەن سەيلە - ساياھە
ئۇدۇمى بىلەن مەنبەداش بولۇپ، مەزمۇنى تۈپتىن يېڭىلانغان، دۇئا
تىلاۋەت قىلىش، ئەجدادلارنى ياد ئېتىش، سەيلە - زىيارەت قىلىش
كۆڭۈل ئېچىش، سودا - سېتىق قىلىش، قىسسە - داستان ئاڭلاش
چېلىش قىزىتىپ ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىقلار بى
گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ئادەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي
ئادەتنىڭ يىلتىزى ئېتىقادنى مەنبە قىلغان مەنىۋى ئادەتتۇر.

ئوتقا باغلانغان ئادەتلەر: بۇددىزم دەۋرىدە، بۇددا دىنى بىلەن تە
مەۋجۇت بولغان ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئىبادەت مەزمۇنى، شەكلى
مەنىۋى ئادەتلىرى ھەققىدە تارىخىي يازما پاكىتلارغا ئى

مارجانلار ئۇلارنىڭ مەيلىنى تارتتى. يۇنان ۋە ئىراننىڭ گەينەك بۇيۇملىرى ئۇلارنى ھەيرەتكە سالدى. ھىندىستاننىڭ خۇشبۇي دورا - دەرمەكلىرى ئۇلارغا ئاجايىپ تۇيۇلدى. ئۇدۇنلۇقلار مۇشۇنداق نەرسىلەرگە ئىگە بولۇشى، ئۇستۇۋىشىنى يېڭىلىشى، ياسىداق ھوجرىلاردا راھەت سۈرۈشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن، مىڭ چاقىرىملاپ يىراق جايلاردىن تۆگە، خېچىرلارغا يۈكلەپ، نەچچە يىل، نەچچە ئايدا يۆتكەپ كېلىنگەن بۇ ماللار ئادەمنى مەھلىيا قىلغان بىلەن قىممەت ئىدى. ئۇدۇننىڭ ئۆزىدىن چىققان قاشتېشىدىن ئۆزگە، تېرە - يۇڭ، ئارپا - بۇغدايلارنى ئۇ كارۋانلار ئېلىپ كېتەلمەيتتى، ئۇلارغا لازىملىقى ئاقچا، جۇغى كىچىك، ۋەزنى يېنىك، سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بولغان ماللار ئىدى. لېكىن، ئۇدۇنلۇقلاردا قاشتېشىدىن ئۆزگە كارۋانلارغا يارايدىغان نەرسە ئاز ئىدى. كارۋان ماللىرىغا ئوتتەك قىزغىنلىق ئىپادىلىگەن ئۇدۇنلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ھالى بۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ لەسسىدە بولدى، ئويالدى، ئۆكۈندى، چوڭقۇر خىياللارغا پاتتى. ئاخىرى ئۇلار ئۆزلىرىدە كەم نەرسىنىڭ بىلىم، تېخنىكا، سەنئەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەردە قامانلار، ئاتەشپەرەسلەر، بۇددا راھىبلىرى، مانى روھانىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى، تەرىقەتلىرىنى، تەلىماتلىرىنى تەرغىب قىلىشقا، تارقىتىشقا كىرىشكەنىدى. ئۇلار ئوخشىمىغان يەرلەردىن كەلگەن، ئوخشىمىغان ئېتىقادلارنى تەرغىب قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ھەممىسى قاراڭغۇلۇق ۋە جاھالەتنى سۆكۈپ، يورۇقلۇق ۋە ئادالەتنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى ئىنسانلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ سائادەتكە يېتەكلەيدىغان شەپقەتچى دەپ كۆككە كۆتۈرەتتى. ئەسىرلەردىن بىرى قاشقاشلىق، ئېغىر جاپا، قاتتىق زۇلۇم ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇدۇنلۇقلارغا بۇ تەرغىباتلارمۇ سىرلىق ۋە خاسىيەتلىك تۇيۇلدى. ئۇلار بۇ تەرغىباتلارنى بىر چۈشەنگەندەك، بىر چۈشەنمىگەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشكە، ماھىيىتىنى ئىگىلەپ ۋەدە قىلىنغان راھەت ۋە ئاسايىشلىققا يېتىشكە ئىنتىلگەنىدى.

ئەينى دەۋردىكى ئۇدۇنلۇقلار جاھاننىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى كەشپىياتلار دۇۋىسى

چارۋىچىلىقتىن قول ھۈنەر - سەنئىتىگىچە، سودا - تىجارەتتىن ئەدەبىيات - سەنئەتكىچە جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا گۈللىنىش ھاسىل قىلغانىدى. مەدەنىيەتنىڭ مۇشۇنداق بىر پەللىسىگە يەتكەن ئۇدۇن «ئىككىنچى ئەنەتكەك» دەپ تەرىپلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەگرىتاغنىڭ جەنۇب - شىمالى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە تىبەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان، بۇددا ئۆلىمالىرى، راھىبلار، بىكسۇنلار (بۇددا تالىپلىرى) ۋە ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىغان. ئۇدۇندا «بۇتخانا - ساڭرامىلىرى نەچچە مىڭ، راھىبلىرى نەچچە ئون مىڭ بولغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇلار بۇ يەردە دىنىي دەستۇرلەرنى ئۆگەندى، مۇتالىئە قىلدى. شەرھى - تەپسىرلەر بىلەن شۇغۇللاندى. دىنىي تەرجىمە، دىنىي ئەدەبىي ئىجادىيەت، سەنئەت ئىجادىيىتى بويىچە تەربىيە ئالدى. يەنە مۇشۇ يەردە نوم - سۇترالاردىن دەرس - لېكسىيىلەر سۆزلىدى، ئىلاھىيەت، روھىيەت، تىل يېزىق، تەرجىمە - شەرھى، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇھەندىس مىمارچىلىق ئىلىملىرى بويىچە بەس - مۇنازىرىلەر، تالاش - تارتىشلار ئېلىپ باردى. مۇشۇنداق بىر قويۇق مەدەنىيەت مۇھىتىدا يۈزلىگەن مىڭلىغان ئىلاھىيەتچىلەر، روھانىيلار، راھىب - دەرۋىشلەر رەسسام- ھەيكەلتاراشلار، سەنئەتكار ۋە مۇھەندىسلەر تاۋلىنىپ يېتىشتى. يۈزلەپ توم ۋە مىڭلاپ جىلدلار بىلەن ئىدىتلىنىدىغان ھە خىل نوم- سۇترا، دەستۇر - قوللانمىلارنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتلىرى ياكى باشقا ئەل - ئۇلۇسلارغا بېرىپ، مەدەنىيەت تارقاتتى.

ئۇدۇننىڭ بۇ چاغدىكى مەدەنىيىتى چىقىرىش تىپىدىكى تارقىتىش تىپىدىكى مەدەنىيەت ئىدى. شۇنىسى شۈبھىسىزكى، ئۇنى ئالدىدا ئۇدۇندا ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش تىپىدىكى مەدەنىيە باسقۇچمۇ بولغانىدى.

## ئىلىم ئىزدىگەن ئۇدۇن

مىلادىيىنىڭ ئالدىدىكى ئەسىرلەردىلا قىزىپ كەتكەن يىپەك يول سودىسى ئۇدۇنغا ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ نەپىس، رەڭدار شايىلىرى، تاۋار دۇردۇنلىرى ھېلىغىچە قېلىن، ئېغىر يوڭ ۋە كىگىز كىيىملە ئىچىدە يۈرگەن ئۇدۇنلۇقلارنى مەھلىيا قىلدى. مىس كۆزگۇ، رەڭ

ھېسابلانغانلىرىنى رەتلەپ، نوم - سۇترا يېزىپ چىقىش مەقسىتىدە ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم پانچاۋارسكا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

پانچاۋارسكا يىغىلىشى ئەسلىدە ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن ئىدى. ساكيامۇنى ھايات ۋاقتىدا، بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئاغزاكى بايان قىلغان، لېكىن كىتاب - دەستۇر شەكىللەنمىگەنىدى. كېيىن بۇددا تەلىماتلىرىنى توغرا رەتلەپ نوم - سۇترا ھالىتىدە يېزىپ چىقىش ئۈچۈن «سانگىت» يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. «سانگىت» سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، ھەممەيلەن يىغىلىپ بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى بايان قىلىش، ئۇنى رەتلەپ نوم - سۇترا يېزىپ چىقىش دېگەنلىك بولاتتى. ساكيامۇنى ۋاپات بولغان يىلى 1 - قېتىملىق، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن 100 يىل كېيىن 2 - قېتىملىق، ئاسوكاخان دەۋرىدە 3- قېتىملىق سانگىت يىغىلىشى بولغانىدى. قەنىشكاخان زامانىدا كەشمىردە 4 - قېتىملىق يىغىلىش بولغان، ھەر قېتىمدا نەچچە يۈز داڭلىق راھىبلار قاتنىشىپ، نۇرغۇن نوم، سۇترا، شەرھنامىلەر يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل يىغىلىش توختاپ كەتكەنىدى. ئۇدۇندا بۇددىزم گۈللەنگەندىن كېيىن، ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم پانچاۋارسكا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇ يىغىلىشتا ھەر يەرلەردىن كەلگەن داڭلىق ئۇستاز راھىبلار ئۆزلىرىنىڭ بۇددىزمغا دائىر يېڭىچە قاراشلىرى، تەلىماتلىرى، شەرھى - تەپسىرلىرىنى سۆزلەيتتى، مۇنازىرە قىلىشاتتى، ئۆز قاراشلىرىنى ئاساسلاپ ئىسپاتلايتتى. شۇ ئاساستا، يېڭى سۇترا، شەرھنامىلەر بارلىققا كېلەتتى.

مىلادىيە 424 ~ 453 - يىللىرى ئارىلىقىدا خېشى سىرامانى شى تەنشۈ قاتارلىق سەككىز راھىب جاھان كېزىپ نوم ئىزدىگەن. ئۇلار ئۇدۇنغا كەلگەندە دەل پانچاۋارسكا يىغىلىشى بولۇۋاتقانىكەن. ئۇلار ئۇدۇن خان شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىلىشقا قاتنىشىپ، كەمتەرلىك بىلەن ھەر قايسى ئەل بۇددىزىم ئالىملىرىدىن تەلىم ئالغان، تىل ئۆگەنگەن. تەرجىمە ماھارىتى ئالماشتۇرغان، ھەر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ۋەزلىرىنى خاتىرىلىۋالغان. ئۇلار تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن ئۇدۇندا ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ بىر كىتاب يېزىپ چىققان. كېيىن خېشى سىرامانى خۇيلاڭ بۇ كىتابقا «دانىشمەنلىك ۋە ئەخمەقلىق سۇترىسى» دەپ نام قويغان. بۇ كىتابتا نۇرغۇن

ئالدىدا بىر مەھەللىك ئىزتىراپ ۋە ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئامراتلىقىنى، مەنىۋى چاكقاقلىقىنى بىراقلا تونۇ يەتتى. ئۇلاردا ئىلىم، روھىيەت، تېخنىكا، ھۆنەر ـ سەنئە ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋولقانىدەك كۆتۈرۈلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇدۇنلۇقلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، شامان مانى، بۇددا، ئاتەش، نېستورى دىنلىرىنى قوبۇل قىلدى ھىندىستانغا، ئىرانغا ۋە باشقا يەرلەرگە بېرىپ، دىن، پەلسەپە، تىل يېزىق ئۆگەندى. ئالىم ـ ئۆلىمالار يېتىشتى، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ تالىپ، شاگىرتلارنى تەربىيىلىدى. تەرجىمە، تەپسىر، ئىجادىيە بىلەن شۇغۇللاندى. ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، باشقا يېزىقلار ئاساس قارۇشتى يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقىنى ئىجاد قىلدى. قەندەھارنى مىمارچىلىق، ھەيكەلتاراشلىقىنى، بەدەخشاننىڭ سىرچىلىقىنى يۇناننىڭ يۇل ياساش تېخنىكىسىنى، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ بەز رەسساملىق ئۇسلۇبى ۋە ئىلغا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى قوبۇل قىلدى، ئۆگەندى. ئۆز جايىنىڭ كىلىمات، ماتېرىيال ئالاھىدىلىكلىرىگە، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە پىسخىك قىزىقىشلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزلەشتۇردى، يۇغۇرۇپ پىششىقلىدى. شۇنداق قىلىپ ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملىرى بويىچە ئومۇميۈزلۈك گۈللەنگەن ئۇدۇن مەدەنىيىتىنى ياراتتى ۋە ئۇنى پۈتكۈل تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۈلگىلىك ئەسىرىگە ئايلاندۇردى.

## ئۆزگىچە مەدەنىيەت ياراتقان ئۇدۇن

ۋېي، جىن سۇلالىرى دەۋرىدە بۇددىزمىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى كىرگەن ئۇدۇندا بۇددا نوم ـ سوترىلىرى، ھەيكەلتاراشلىق رەسساملىق، ئويمىچىلىق، نەققاشچىلىق، سەنئەت، ھەر خىل تىل يېزىق ۋە مىمار ـ مۇھەندىسلىك قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلغان بۇددىز مائارىپى قانات يايدى. مىڭلىغان ھەشەمەتلىك بۇتخانا ـ ساڭراملار تۈمەنلىگەن مۇنارلار قەد كۆتۈردى. بۇ يەردە دەسلەپ يېتىشكە راھىب ـ بىكسونلار تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ دىن تارقىتىشقا باشلىدى شۇنداق قىلىپ ئۇدۇن ئەتراپقا يېڭى قىياپەت بىلەن تونۇلۇشقا، ئىلىم مەرىپەت ئىزدىگۈچىلەر ھەر تەرەپلەردىن بۇ يەرگە ئېقىشقا باشلىدى مۇتالىئە، تەپسىرچىلىك، شەرھچىلىك ئەۋج ئالدى. ھەر خىل ئېقىم، قاراشلار ئارىسىدا مۇنازىرىلەر قوزغالدى. ھەر خىل قاراش تەلىماتلارنى دەلىللەش، ئاساسلاش، توغرا، مۇۋاپى

يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلدى.

ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلى ئىلىم ئىزدەش، ئۆگىنىش مەدەنىيەت كىرگۈزۈش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولسا، ئوتتۇرا مەزگىلى جۇڭگو، ھىندىستان، يۇنان مەدەنىيىتى قاتارلىق دۇنياۋى كلاسسىك مەدەنىيەتلەر بىلەن تونۇشۇش، دۇنياۋى دىنىي تەلىماتلار، پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بىلەن تونۇشۇش، شەرق ۋە غەربنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىق، قول ھۈنەر - سەنئىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى بىلەن تونۇشۇش، ئۇلاردىن جەۋھەر سۈزۈپ ۋە ئوزۇق ئېلىپ، ئۇنى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالى، ئۆزىنىڭ يەرلىك، مىللىي خاسلىقى، ئېستېتىك قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت يارىتىش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئۇنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى سىرتقا چىقىش، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئۆگىتىش، تارقىتىش بىلەن خاراكتېرلەندى.

قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار ياراتقان بۇ مەدەنىيەت شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئالغان مەدەنىيەت ئىدى. لېكىن ئۇ شەرق، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، تەقلىد قىلىنىشى ئەمەس، «تەسىرلەر يىغىندىسى» مۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆزىگە يارىشا خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىك بار ئىدى. خۇددى ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسور ئابدۇشۇكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆرسەتكەندەك: «لىكوكمۇ خۇددى غەربىي يۇرتنىڭ بىپايان قۇچىقىنى نەچچە قېتىم كېزىپ چىققان ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيندەك دەسلەپتە، ھەدېسىلا تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىنى ‹گرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەقلىدى›، دەپ يۈردى. بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىككە باي، مۆجىزىلىك مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قەسىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىكى تەڭدىشى يوق مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىغا توختىماي تەسەننا ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى».

«شەۋكەتلىك غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تەسىرگە ئىگە بولۇشىدىكى ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئەقلىمىزنى لال قىلىشىدىكى سىر، مېنىڭچە، دەل ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقان مائارىپىدا بولسا كېرەك. بۇ نۇقتىنى بىلمەي تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ پۈتكۈل يىپەك يولىدا تۇتقان ئورنى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ نۇقتىنى بىلمەي تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ پەلسەپە، ئەخلاق، مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىنى ئۆز ۋاقتىدا

مەسەل، ھېكايىلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، جۇڭگو ئەدەبىياتى، ھەت
دۇنيا ئەدەبىياتىغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى●.

دۆلىتىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، «شەرقى
جىن سۇلالىسىدىن سۇن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان
(مىلادى 317 ~ 479 ـ يىللار) ئارىلىقتىكى 103 يىلدا غەربىي يۇرت
بېرىپ نوم ئىزدىگەنلەردىن تارىخقا پۈتۈلگەنلىرى 46 نەپەرگە يەتكەن
ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى لىنىيىسىدىن مېڭى
ئۇدۇندىن ئۆتكەن. ئۇدۇن ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىنىڭ
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدىكى بازىغا ئايلانغان» دېيىلگەن
ھىندىقۇش تاغلىرىدىن تارتىپ، ئىككى دەريا ۋادىسىغىچە، تەڭرىتا
ئەتراپلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان جايلاردىن بۇ يەرگ
ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نام ـ نىشانى
تارىختا خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، فاشيەن خاتىرىلىگەن ئۇدۇندا بىر
نەچچە ئون مىڭ راھىب بار ئىكەن دېگەن رەقەم ئاشۇلارنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى. لېكىن بۇ نەچچە ئونمىڭ راھىب بىر مەزگىل
ئۆگىنىپ يېتىشكەندىن كېيىن كېتىشەتتى، ئورنىغا يېڭىلىرى ئايىغى
ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ مىلادىيە Ⅳ ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى ئۇدۇن نەچچە ئەسىرلەرگىچە غەربى
يۇرتتىكى مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

## مەدەنىيەت تارقاتقان ئۇدۇن

ئۇدۇن بۇددىزم مائارىپى گۈللەنگەندىن كېيىن، ئۇدۇننىڭ ئالى
ئۆلىمالىرى ئۆز جايىدىكى ساڭرامىلاردا راھىب تەربىيىلەش، تەرجىمە
تەپسىر قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىغانىدى. بۇ يەردە يېتىشى
چىققان كۆپلىگەن ئۇستاز راھىبلار، ئالىم، سەنئەتكار، مۇھەندىسلە
ياكى تەكلىپ بويىچە ياكى ساۋاب تېپىش ئارزۇسى بويىچە تەرەپ
تەرەپلەرگە بېرىپ مەدەنىيەت تارقىتىشقا كىرىشتى. ئۇلار ئوتتۇر
تۈزلەڭلىكنىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتى، مۇزىكا مەدەنىيىتى، سەنئىتى
تىبەتنىڭ بۇددىزمى، بۇتخانا ساڭرام قۇرۇلۇشلىرى، تىبەتنىڭ
تېبابەتچىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاجايىپ تۆھپە يارىتىپ يەرلىك
خەلقنىڭ ھۆرمەت ـ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى. ھەر مىللەت خەلق
ئارىسىدىكى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دوستلۇقنى
كۈچەيتىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈ

ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇدۇن روھى مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولدى.

ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە بۇ زېمىندا ئېتنىك مەنبەسى، تىل-يېزىقى، ئېتىقادى، ئادەتلىرى ئوخشىمايدىغان ياكى ئازدۇر-كۆپتۇر پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن مىللەت ۋە قەبىلىلەر ئارىلاش ياشىغان. سىياسىي ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش مەزگىللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تارىخنامىلەر ھەمدە ۋەسىقىلەردىن ئېرقىي، مىللىي قىرغىنچىلىق ۋە كەمسىتىش ھادىسىلىرى يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر خاتىرىلەر ئۇچرىمايدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈش مۇناسىۋىتى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇدۇننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان.

ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە گەرچە بۇددا دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدېئولوگىيە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇددا دىنى ئۇدۇنغا تارقىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇدۇندا مەۋجۇت بولغان شامان دىنى، ئاتەش دىنى، بۇددىزمدىن كېيىن تارقىلىپ كىرگەن نېستورىئان دىنى، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلارغا يول قويۇلغان. ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يازما ياكى ماددىي ۋەسىقىلەردە ئېتىقادنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك تەقىپ قىلىش، قىرغىن قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە دائىر پاكىتلار ئۇچرىمايدۇ. دېمەك، ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە ھەر خىل دىنىي ئېتىقادلارغا يول قويۇلغان، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى تاللاش ئەركىنلىكى بولغان. بۇ، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان بارلىق كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق بولغان.

ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىش، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۆزىگە خاس يېڭىچە مەدەنىيەت يارىتىش، تارقىتىش تىپىدىكى، يەنى ئېچىۋېتىش، ئۆگىنىش، ئىختىرا قىلىش، تارقىتىش تىپىدىكى مەدەنىيەت بولغانلىقى، ھەرگىزمۇ ئۆز ئەنئەنىسىنى ئۇنتۇش، تاشلىۋېتىش ھېسابىغا

قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ماتاربېتىن مۇستەسنا قارالغان غەربىي يۇرت پەقەت يىپەك يولىدىكى بىر ئۆتكۈ - قونالغۇ بولۇپ قالىدۇ». •

دېمەكچىمىزكى، قەدىمكى ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى ئىلغار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تارقىلىش تىپىدىكى مەدەنىيەت ئىدى.

## ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى ھەققىدە قىسقىچە ئويلىنىش

كۆپىنچە تارىخچىلار ئۇدۇن خانلىقى بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئېتىقادنى مەركەز قىلغان دەھشەتلىك ئۇرۇشنىڭ مىلادىيە 963 - يىلى باشلىنىپ، گاھ توختاپ، گاھ داۋاملىشىپ، مىلادى 1006 - يىلى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل مۇنقەرز بولۇشى بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. شۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا 1 مىڭ 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ئۇدۇن خانلىقى ۋە مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق داۋام قىلغان بۇددىزم ئېتىقادى داۋامىدا مول مەزمۇنلۇق ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش مۇددىئا- مەقسەتسىز بولمايدۇ. تارىخنى ئۆگىنىشتە بىز ئالدى بىلەن تارىختىن ساۋاق ۋە تەجرىبە ئېلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، ئۇدۇن مەدەنىيىتى بىزگە نېمىلەرنى قالدۇردى؟

مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋردە ئۇدۇن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ھونلار، ئىفتالىتلار، غەربىي تۈركلەر، تۇيغۇنلار، تۇبۇتلار قاتارلىق مەلۇم دەۋردە كۈچەيگەن سىياسىي كۈچلەر ياكى قەبىلىلەرنىڭ تاجاۋۇزى ياكى مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇدۇن خانلىقى بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر ياكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر بىلەن زىچ ئالاقىسىنى ساقلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتىنىنىڭ چېگرىسىنى قوغدىدى. ئۇدۇن خەلقىنىڭ ھەر قانداق ئىستىبلاچىلىقتا ئاخىرىغىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ۋەتەننى، ئۆز يۇرت، ئۆز ئائىلىسىنى قوغداش ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتى

كوزىر مەھسۇلاتلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ئۇدۇن مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر سالماقلىق تەركىبتۇر. باشقىلارنىڭ ئېسىل مەھسۇلاتلىرى بىلەن ھۆسن تالىشالايدىغان، ئۆزىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇلغان پىلە - يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىق كەسپى ھەم شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن خوتەننىڭ «ئۈچ گۆھىرى» مەدەنىيىتى — مانا شۇ ئالاھىدىلىكنىڭ ئېپتىخارلىق مەھسۇلىدۇر.

تاڭ شۈەنزاڭ قەيت قىلغاندەك، «ئۇدۇننىڭ ئاۋاملىرى قائىدە-يوسۇننى بىلىدۇ، كىشىلىرى مۇلايىم ۋە ئەدەپلىك، سەنئەتكە ۋە ھۈنەرگە ھېرىسمەن، بىلىملىك ۋە ماھارەتلىك،... تەقى - تۇرقى ئەدەپلىك ۋە ئىنتىزامچان» دېگەن سۈپەتلەر ئۇدۇن خەلقىنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولغان ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي پەزىلىتى ۋە كەسىپ ئەخلاقىدۇر.

قىسقىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك (باتۇرلۇق، جان پىدالىق)، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە تېخنىكىنى ئۆگىنىشكە ماھىرلىق، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ماس بولغان ئۇسلۇب يارىتىش، تەبىئەت قانۇنلىرىنى چۈشىنىش، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى بېكىتىش، سودا - تىجارەتكە ماھىرلىق، سەنئەتكە، بىلىم ئېلىش ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشكە ھېرىسمەنلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇش ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدە كامالەتكە يەتكەن مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى ۋە جەۋھىرىدۇر. بۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەر بۈگۈنكى دەرۋىشمۇ ئەينەكلىك، ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇدۇن بۇددىزم مەدەنىيىتى ئۇزاق ئەسىرلىك فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈم ۋە قويۇق دىنىي مۇھىت شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا فېئوداللىزملىق ئەخلەتلىرى ۋە ئىدىئالىستىك «شاكال»لار ئارىلىشىپ قالغان. بۇنىڭغا قارىتا سەگەك تونۇشتا بولۇشىمىز كېرەك. لېكىن بۇلار قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەمەس. شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇدۇن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئەينەك قىلىشىمىزغا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى دوراش يولىغا كىرىپ قالمىغان ئۇ، شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرلىرىنىڭ يىغىندىسى بولماستىن، باشقىلاردىن ئۆگىنىش ۋە پايدىلىق ئىلھام ئېلىشنى ھېچقاچان چەتكە قاقمىغان، ئەمما، كۈچلۈك يەرلىك خاسلىق، مىللىي خاسلىق ۋە دەۋر خاسلىقىغا ئىگە بولغان مەدەنىيەتتۇر. ئىتالىيە ئالىمى مارئىو بۇساگىرى كۆرسەتكەندەك: «ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر ئېقىم ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى يەنى نەپىس تام رەسىملىرى بىلەن ياغاچ ئويما رەسىملىرىدىن ئىپتىخارلىنالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ خوتەن رەسسامچىلىق ئېقىمىدۇر» دېگەن ئالاھىدىلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى چېدىر ئۆيلىرىنىڭ ئۇچلۇق ياكى گۈمبەز شەكىللىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇددا بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ئېلىپ كىرىلگەنلىكى، باشقىلارنىڭ ساپال قاچا ياساش ئەندىزىسىنى دوراش بىلەن چەكلىنىپ قالماي ياغاچ قاچا ياساش ۋە ياغاچ بويۇملار قىرمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى، گىلەم توقۇمىچىلىقىدا سۇ ئوبرازى، پاختا ئوبرازى، ئانار ئوبرازى، ئۆي ئوبرازى، شام چىراغ ئوبرازى، يۇلتۇز ئوبرازى قاتارلىقلارنى يارىتىپ، ماددىي خاسلىقى بىلەن ئېتىقاد خاسلىقىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ گىلەم نەقىشلىرىدە خاتىرە قالدۇرغانلىقى، پۇل، توقۇلما بويۇم قاتارلىقلاردا تۆگە، ئات، بۇغا، ئۈزۈم قاتارلىق ئوبرازلارنى يارىتالىغانلىقى قاتارلىقلار ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇ يەرلىك خاسلىقى، مىللىي خاسلىقى ۋە دەۋر خاسلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلاردۇر.

تەبىئەت رىئاللىقىغا يۈزلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، سۇنى تېجەش ۋە قاتتىق باشقۇرۇش، چارۋا ماللارنى ياش، جىنس پەرقى ۋە ئىشلىتىش پەرقىگە قاراپ بېقىش، نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋا مال كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئورمان ئەھيا قىلىش، ئارقىلىق بوستانلىقنى قوغداش قاتارلىقلار ئۇدۇن بۇددىزمى دەۋرىدىكى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

سودا - كارۋانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، ھۈنەر ئۆگىنىشكە بولغان ھېرىسمەنلىك، ئۇزاق دەۋرلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنىڭ

يەر ئۈستىدىن بىر قىسىم يادىكارلىقلار تېرىۋېلىنغان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى دەۋر مەدەنىيەت قاتلاملىرى تېخى بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىرغىچە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن قەدىمكى شەھەر ياكى خارابىلىقلارنىڭ يىل دەۋرى ئومۇمەن مىلادىيە Ⅱ ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ. مىلادىيە Ⅳ ئەسىردىن X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان دەۋردە ۋاپات بولغان ئۇدۇن ئاھالىلىرى نەگە دەپنە قىلىنغان؟ ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، قول ھۈنەر، سودا ـ تىجارەت، ياسىنىش ـ تارىنىش، دەپنە ئادەتلىرىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغان؟ بۇلار ھەققىدە پايدىلانغۇدەك مەنبەلەر يوقنىڭ ئورنىدا، پۇتكۈل بۇددىزم دەۋرىدە مۇھەببەت، نىكاھ، توي، ئائىلە، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولغان دېگەن مەسىلىلەر توغرىسىدا ھېچبىر يىپ ئۇچى يوق.

ھاۋالىگە ئاساسەن ئالدىراش يېزىلغان بۇ ماقالىدە ئاپتور ئىقتىدار ۋە ماھارەت جەھەتتىكى خاملىق ۋە چولتىلىقتىن ئۆزگە يۇقىرىقى جەھەتلەردىكى ئوبيېكتىپ مەسىلىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى. شۇڭا، يۇقىرىدا يېزىلغانلىرى ئايدىڭدا چۈشكەن سايىغا قاراپ رەڭگا رەڭ كېيىنگەن بىر ساھىبجامالنىڭ سۈرىتىنى سىزغاندەك بىر چولتا ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلمىقى زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىش بىلەن ئاپتور ئۇلارغا ئۆزرىلىكتۇر. ھېلىقى ساھىبجامالنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى ئەينەن سۈرەتلەش ئالىملارنىڭ كېيىنكى تەتقىقاتلىرىدا ئەمەلگە ئاشقۇسى.

2003 ـ يىلى ماي ـ ئىيۇن، خوتەن.

## پايدىلانمىلار:

①⑨⑩⑪⑰⑱㉖ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە. «جۇڭگو قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى» 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 117 ـ، 57 ـ، 1 ـ، 58 ـ، 2 ـ بەتلەر.

②⑤⑧⑫⑬⑭⑯ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى. 1993ـ يىلى 2 ـ سان 106 ـ بەت، 1993 ـ يىلى 3 ـ 4 بىرلەشمە سان 38 ـ بەت، 1995 ـ يىلى 3 ـ سان 65 ـ بەت. 1997 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ بىرلەشمە سان 203 ـ بەت. 1993ـ يىلى 2 ـ سان 25 ـ بەت، 1995 ـ يىلى 3 ـ سان 111 ـ بەت، 1997 ـ يىلى 3 ـ،

# خاتىمە

ئۇدۇن بۇددىزىم مەدەنىيىتى پۈتكۈل تارىم مەدەنىيىتىنىڭ مە
يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بارلىققا كەلگەن، تاۋلانغان
پىشىپ يېتىلىپ كامالىغا يەتكەن مەدەنىيەت بۆلىكى بولۇپ،
ئىنتايىن مول مەزمۇنغا ۋە تاشقى شەكىلگە ئىگە. ھالبۇكى ئۇدۇ
مەدەنىيىتىدىن بىۋاسىتە ئۇچۇر بېرىدىغان يەرلىك تارىخىي مەنبەل
ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە كۆپىنچىسى چەتئەللەر
ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجى
قىلىنغانلىرى تېخىمۇ ئاز. دۆلىتىمىزنىڭ ۋە غەربنىـ
تارىخنامىلىرىدە، سەيياھلارنىڭ ساياھەتنامىلىرىدا قالدۇرۇلغا
خاتىرىلەر بار بولسىمۇ، ئۇلاردا ئىزچىللىق ۋە بىردەكلىك كەم
پەقەت ئاشۇ ئۇزاق تارىخنىڭ قىسمەن بۆلىكىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ
دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى خوتەندە ئىلگىرى
ئاخىر بولۇپ، نىيە خارابىسى، قارا دۆڭ خارابىسى، سامپۇل قەدىمكى
قەبرىستانلىقى، ئىمامى مۇسكازىم قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلار
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى ۋە بىر قىسـ
ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئېلان قىلىندى. لېكى
مۇشۇ جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئۇدۇ
بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ دېيىش
مۇمكىن ئەمەس. سامپۇل قەبرىستانلىقىنىڭ كۆلىمى 25 ~ 30 مى
مو كېلىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن قەبرىلەر 100 گ
يەتمەيدۇ. نىيە خارابىسى ئەسلىي 8×25 كۋادرات كىلومېتىـ
كېلىدۇ دەپ قارىلىپ كەلگەندى. لېكىن يېقىنقى ئون نەچچە يى
ئىچىدە نىيە خارابىسىنىڭ شىمالىغا 40 كىلومېتىر ۋە 60 كىلومېتى
كېلىدىغان قۇم بارخانلىرى ئىچىدە يېڭى خارابە ئىزلىرى بايقالدى
ئۇلارنىڭ دائىرىسى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى تېخى تەكشۈرۈلگىنى يوق
خوتەندە ھازىر قوغدىلىۋاتقان دالادىكى مەدەنىيەت يادىكارلىـ
ئورۇنلىرى 150 تىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددىزىم دەۋرى
ئائىت شەھەر، قەلئە - قورغان، ئۆتەڭ، قەبرىستان، بۇتخانا
ساغرام ئىزلىرى بولۇپ بۇ جايلار پەقەت كۆزىتىپ تەكشۈرۈلگەن

سان 28 ـ بەت. 2000 ـ يىلى 1 ـ سان 40 ـ بەت. 2001 ـ يىلى 4 ـ سان 63 ـ، 64 ـ بەت. 2000 ـ يىلى 1 ـ سان 42 ـ، 43 ـ بەت. 2000 ـ يىلى 3 ـ سان 57 ـ، 59 ـ بەت.

㉚㉛㉞㊲㊴㊸㊺㊻ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 136 ـ بەت، 137 ـ بەت، 131 ـ، 134 ـ بەت. 104 ـ بەت، 143 ـ بەت، 144 ـ بەت، 102 ـ بەت، 147 ـ بەت.

㉜㊿51 56 57 59 «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە. «جۇڭجۇ قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى» 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 59 ـ بەت، 4 ـ بەت، 13 ـ، 14 ـ بەت، 15 ـ بەت، 72 ـ بەت.

㉝79 «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە. 1993 ـ يىلى 4 ـ سان. 77 ـ، 92 ـ بەت، 93 ـ، 94 ـ بەت.

㊵ جاۋ ۋېندىڭ: «ياڭرىدى ھەر ياندا ساز» خەنزۇچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1999 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 266 ـ بەت.

㊼ يىن چىڭ: «قەدىمكى ئۇدۇن بىلەن تىبەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» خەنزۇچە. 1993 ـ يىل 4 ـ سان. 109 ـ بەت.

㊽ ئىسرائىل يۈسۈپ: «خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خەتلىك پۇلنىڭ تېپىلىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» («شىنجاڭ گېزىتى»)

㊾ «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ئۇيغۇرچە. 108 ـ بەتتىكى تەھرىر ئىزاھى.

㊿52 53 54 55 نىزامىدىن ھۈسەيىن: «خوتەن تارىخىدىكى بۈيۈك كارۋان يوللىرى ھەققىدە» ئۇيغۇرچە. «خوتەن سىفەن ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىلى 1 ـ سان 108 ـ، 116 ـ بەتلەر.

نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى» ئۇيغۇرچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2000 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

58 60 62 66 67 69 70 71 لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» خەنزۇچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 273 ـ بەت. 277 ـ بەت، 274، 277 ـ بەت، 224 ـ، 225 ـ بەت، 258 ـ، 263 ـ بەت، 264 ـ بەت. 241 ـ بەت، 228 ـ بەت.

61 «شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى» ئۇيغۇرچە. 1997 ـ يىل 6 ـ سان. 27 ـ بەت.

64 «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە. «جۇڭجۇ قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى» 2002 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 208 ـ بەت.

65 بۇ ماۋزۇ يۇقىرىقى كىتابنىڭ «خوتەننىڭ تىل ـ يېزىق تارىخى» دېگەن بۆلۈمى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىلى 2 ـ سانىدىكى «قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى» دېگەن ماقالە، شۇ ژۇرنالنىڭ 2000 ـ

4- بىرلەشمە سان 208 ـ، 212 ـ بەت.

③④⑲ «گۆھەر زېمىن خوتەن» ئۇيغۇرچە، «شىنجاڭ گۈزەل - سەنئەت، سۈرەت نەشرىياتى» 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 1 ـ بەت. شۇ كىتاب، 1994 ـ يـ... خەنزۇچە، 1 ـ نەشرى 241 ـ، 242 ـ بەت.

⑥⑦㊱㊳(75) «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق ئارخېئولوگىيىسىدىكى يېڭى بايقاش... خەنزۇچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 8 ـ، 5 ـ، 7 ـ به... 474 ـ بەت، 420 ـ بەت، 414 ـ بەت.

⑮㉙ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئۇيغۇرچە. «مىللەتلەر نەشرىياتى» 1991 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 68 ـ، 70 ـ بەت؛ 209 210 ـ بەت.

⑳ خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە قارا قۇرۇم، قۇر... تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ بلغۇرىدىكى زېمىنلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە « 西王母 » دېگەن ... كۆپ ئۇچرايدۇ ھەممە ئۇ مۇشۇ جايلارنىڭ بەخت ئىلاھى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ... ئۇيغۇرچىدا ئۇماي، ئۇماي ئانا، باتىسخان ئانا دېپ بېزىلىۋاتىدۇ ياكى تەرجىمە قىلىنىۋاتىد... بىراق ھازىرغىچە قېلىپلاشمايۋاتىدۇ. خەلق ئارىسىدا «ھۇماي قۇشى» توغرىسىدا بەز... رىۋايەتلەر بار. خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ھۇماي قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنىڭ پادىشا... خان ياكى ۋەزىر بولۇپ، بەخت ـ سەلتەنەتكە ئېرىشىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. دېمەك ھۇماي ـــ بەخت قۇشى، بەخت ئىلاھى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىدۇ، مۇشۇ رىۋايەتلەرگ... ئاساسەن، « 西王母 »نى «ھۇماي خان ئانا» دېپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىقراق دې... قارالدى ۋە ماقالىدە شۇنداق قوللىنىلدى.

㉑ ۋەن توگشۇ: «ئۇيغۇر چالغۇ قوراللىرى» خەنزۇچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 1 ـ، 3 ـ بەت.

㉒(63) «دىن لۇغىتى» خەنزۇچە. «شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى» 1981 ـ يىلى 1 نەشرى. 928 ـ، 930 ـ بەت، 920 ـ بەت.

㉓ «جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى. ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» ئۇيغۇرچ... «شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى» 1988 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 1 ـ جىلد 4 ـ 5 ـ بەت.

㉔(78) سىدىق رەھمەت، مۇختار مامۇت مۇھەممىدى: «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپ... لىرى» ، «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 1 ـ، 2 ـ بەت. 15 بەت.

㉕㉟㊷㊹ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» ئۇيغۇرچە. «مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 1 ـ نەشرى. 442 ـ بەت، 451 ـ، 452 ـ بەت، 453 ـ بەت.

㉗㉘㊶(68)(74)(80)(81)(82) «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى. 1999 ـ يىلى 2

توختىنىياز تۇرسۇن

# خوتەن مائارىپى ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان

ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئەمگەك ئىنتىزامى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. مول ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، ئەۋلادلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللاندۇرۇش ۋە مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى توپلىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپكى ئاددىي مائارىپ پەيدا بولدى.

ھەر قانداق قەبىلە — قەۋم ۋە مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسىلىشى شۇ مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ ئىنسانىيەتنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئالتۇن پەلەمپەي ھېسابلاندى. ۋ. ئى. لېنىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى تەربىيىلەش — ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە».

ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ھەقىقەتنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچلىرىدا تونۇپ يەتكەن. ئىپتىدائىي مائارىپ باسقۇچىدا ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە، تەجرىبىلىك ئۇستىلار شاگىرتلىرىغا، پېشقەدەملەر كىچىكلەرگە مۇئەللىم ئىدى. ئۆگىتىدىغان دەرس تۈرلىرى بولسا قورال - سايمانلارنى ياساش ئۇسۇلى، ئوتياش يىغىش، ئۆي قۇشلىرىنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىش ماھارەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، ئەمگەك ئەمەلىيىتىدە يۇرگۈزۈلەتتى. كەڭ ئورمانلىق ۋە داللار دەرسخانا ئىدى.

خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغۇچى قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆز

يىلى 1 ـ سانىدىكى «خوتەن تېكىستلىرى توغرىسىدىكى» ناملىق ماقالە ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) نىڭ 1993 ـ يىلى 4 ـ سانىدىكى «شىنجاڭ بايقالغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» دېگەن ماقالىلەر ئاساسىدا يېزىلدى.

⑦② «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. 2001 ـ يىلى 1ـ سان. 117 ـ بەت

⑦③ تۇرسۇنجان لىتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى» ئۇيغۇرچە. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى» 1997 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 17 ـ بەت.

⑦⑥⑦⑦⑧③⑧④ لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ئۇيغۇرچە. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

184 ـ، 185 ـ بەت، 253 ـ بەت. 151 ـ، 153 ـ بەت. 159 ـ، 160 ـ بەت

⑧⑤ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت» ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2001 ـ يىلى 1 ـ نەشرى 237 ـ، 239 ـ بەت.



بولدى.

بۇ زېمىندىكى يىراق قەدىمكى ئەجداتلىرىمىز جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرغان چاغلىرىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ۋە بىلىم ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق هادىسىلەرنى تېخى توغرا بىلمەيتتى ۋە چۈشىنەلمەيتتى. تۇرمۇش ئېهتىياجىدىن تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلغاندا قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا ئىقتىدارسىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزلىرى ئەتراپىدىكى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەقەت تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل كۈچلەرنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشىنى ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە باغلايتتى. شۇ ئاساستا قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزدا ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ دەيدىغان ئانىمىزملىق ئېتىقاد پەيدا بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن، سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈش مەزگىلىدە پەيدا بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي دىن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. شامان دىنى ئىپتىدائىي زامانلاردىكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىدا بولغان تەبىئەت توغرىسىدىكى ئەڭ ساددا ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئوتقا، دەل - دەرەخلەرگە، ئۇچار قۇش، ھايۋانلارغا ۋە تۇرمۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان شەيئىلەرگە ئېتىقاد قىلىنغان ئىدى. ھېلىمۇ بۇ دىنىنىڭ دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاپ مازار ۋە قەبرىستانلىقلارغا دەرەخ تىكىش، ياغاچلارنى قاداپ قويۇش، ئوت كۆچۈرۈش، ئىسرىق سېلىش ئادەتلىرى بار.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي «تۆت زات» كۆز قاراشلىرى ئاساسىدا زورۇ ئاسترىزىم (ئاتەش پەرەسلىك) دىنى ۋە مانى، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۇرۇقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ئەخلاق - پەزىلىتى ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرى شەكىللەنگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەر قانداق ئۇرۇق ئەزاسىنىڭ، ئۆز ئۇرۇقىدىن ئايرىلىپ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇرۇق ئەزالىرى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى، ئۇرۇقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەم ئومۇمىي قائىدىلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. ئۇرۇقنىڭ نىكاھقا ئائىت بەلگىلىمىلىرى، تەڭ تەقسىماتقا ئائىت پرىنسىپلىرى، قانداشلىقنى ئاساس قىلغان ئۆچمەنلىك ياكى ئىناقلىق

يېزىقىنى ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇنقى مائارىپ پائالىيەتلىرى ئاغزاكى
ۋە ھەرىكەت نەمۇنىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا
ئىنسانلار تەبىئىي مەھسۇلاتلارنى يىغىش ۋە ئوۋچىلىق قىلىش بىلەن
تۇرمۇشىنى قامدايتتى. بىۋاسىتە چوقۇش ياكى سوقۇش ئۇسۇللىرىنى
قوللىنىپ، پالتا (ئۇچلۇق قورال) ۋە چېپىش قوراللىرىغا ئوخشاش
قوپال قوراللارنى ياسايتتى. ۋاستىلىق چوقۇش ئۇسۇلى ۋە يېسىلاش
تېخنىكىسىنى قوللىنىپ كىچىك ۋە سىپتا قىرىش قوراللىرىنى،
كېسىش قوراللىرى، ئويۇش قوراللىرى، تېشىش قوراللىرى، نەيز
ۋە سۆڭەك ئەسۋابلارنى ياسايتتى. ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋ
دىنىي ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىپتىدائىي سەنئەت شەكلىدىك
رەسىملەر ۋە ئويمىلارنى ئويىتتى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى
ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى
جەريانىدا تېخى ئۆز ئالدىغا بۆلۈنۈپ چىقمىغان ئىدى. مەخسۇس
مائارىپ ئورگىنى ۋە مەخسۇس مائارىپ خادىمى يوق بولۇپ، مائارىپ
ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ۋە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك
تۇرمۇشى داۋامىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. مائارىپنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى
ئاددىي بولۇپ، چوڭلار، كىچىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ مېڭىپ، ئو
ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، ياۋا مېۋىلەرنى يىغىش ۋە قورال ياسا
قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى جەريانىدا ئۇلارغا مۇش
جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارن
باتۇر، زېرەك، ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان ئەخلاقىي - پەزىلەت بىلە
تەربىيىلەيتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى
ئەگىشىپ چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىش
تەقسىماتى بارلىققا كەلدى ھەمدە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شەكىللىنى
قەبىلە ئىتتىپاقى بارلىققا كەلدى. مائارىپنىڭ مەزمۇنىمۇ پەيدىنپە
بېيىپ، ياشانغانلار، ياشلارغا ئۇلاقلارنى بېقىش، زىرائەت تېرىش
ساپال قاچىلارنى ياساش، ئۆي - جاي سېلىش قاتارلى
ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ۋە تېخنىكىلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇلار
يەنە ئەدەب - قائىدە، مۇزىكا - ئۇسۇل، ئۆرۈپ - ئادەت ۋە دى
قاتارلىق جەھەتلەردە تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. ئەينى زامانلار
قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، ھەربىي ئىشلارغا ئائى
تەلىم- تەربىيىنىڭ بىخلىرى پەيدا بولۇپ، ياشلارغا ئېلىشىش، ئوق
ئېتىش ۋە ئات مىنىش قاتارلىق ئۇرۇش تېخنىكىلىرىنى ئۆگىتىدىغ

بەلگىلەردە كۆرۈلىدۇ.

بۇددا دىنى يىراق ئەجداتلىرىمىز ئەڭ ئۇزاق ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغاچقا، خوتەننىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى قويۇق بۇددا تۈسىنى ئالغان ئىدى. خوتەننىڭ يازما مائارىپىنىڭ باشلىنىشى ئەنە شۇ بۇددىزىم مائارىپىدىن باشلانغان ئىدى.

خوتەن رايونىدا بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ، بىناكارلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق قاتارلىق تەرەپلەردە بۇ دىنىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، پەلسەپە ئاساسىي، تەشەببۇسلىرى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، خوتەن بۇددىستلىرى، راھىبلىرى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرىنى ياساتتى. بۇددا تەلىماتلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تەرغىب قىلىش ئۈچۈن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە غارلىرىنى تىزما سۈرەت ئۇسۇلى بىلەن بېزەش بىلەن بىرگە سانسكرىت، توخرى، بىراھما، كونا خەنزۇ تىللىرىدىن بۇددا نوملىرى، دىنىي رىسالە، دىنىي ئەدەبىي ئەسەر ۋە دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلىش ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنى خوتەن جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرىپ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بۇددا دىنىنىڭ «ھەممە كىشى نىرۋاناغا يېتەلەيدۇ» دېگەن تەلىماتى جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغاپ، جاي - جايلاردا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇتخانىلار سېلىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەر تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ مەركىزى قىلىندى. بۇ مەزگىلدە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن پايدىلىنىپ خوتەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بۇددا مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى ئىدى.

مىلادى 1 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت خوتەن، بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن ۋاقتى بولۇپ، خوتەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان بولۇپ، ئەسلى نۇسخىسى ئۆزگەرتىلمىگەن، مەزمۇنى ساپ بۇددا نوملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تونۇلۇپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى «كىچىك ئەرش» دەپ ئاتالدى. بۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچا يېزىسىدىكى يوتقان بۇددا ئىبادەتخانىسى

قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر ئۇرۇق ئەزاسى قەتئىي ئىتائەت قىلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي قائىدە ئىدى. بۇ قائىدە ـ پرىنسىپلار ئۇرۇقلارنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بېرىدىغان ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. چوڭلار ھېكايە ئېيتىش، ئەجداتلىرىنىڭ قەھرىمانلىقلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەخلاقىي سەزگۈسىنى ئويغىتاتتى. بۇلار ئىپتىدائىي مائارىپنىڭ بىرى ئىدى.

# 1. خوتەندە بۇددىزم دەۋرى مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشى

يازما تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خوتەن خانلىقى مىلادىدىن ئىلگىرى 242 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ يېزىقى بار بولغان مەرىپەت تارىخىنى باشلىغان.

خانلىق تەۋەسىدىكى ئاھالىنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خانلىقنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭىلىققا ئىنتىلىش قىزغىنلىقى ئەينى دەۋردىكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ مائارىپقا بولغان تەشنالىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. بۇ ھال مائارىپ، تەلىم ـ تەربىيە، بىلىم، ھۈنەر ـ سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىغان. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەمگەك تەقسىماتى روشەن گەۋدىلىنىپ، كەسىپ تۈرلىرى ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، ئەجداتلىرىمىز مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، مۇئەللىم ۋە مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلىغان.

ئارخېئولوگلار ۋە يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي يېزىق ئىزلىرى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى سانجۇ قىياتاش سۈرەتلىرى، كېيىكتۈز قىياتاش سۈرەتلىرى، كەڭغاز قىياتاش سۈرەتلىرى، ئارش ئۆڭكۈردىكى رەڭلىك رەسىملەرگە ۋە لوپ ناھىيىسىدىكى راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى، ئاقسىپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى كېسەكلەرگە جىجىلاپ يېزىلغان ئىپتىدائىي يېزىق شەكلىدىكى

پەرقىگە قاراپ دەرس سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، باللارنىڭ ئاقارتىش مائارىپى ئالدى بىلەن خەت تونۇشنى مەقسەت قىلاتتى. مەكتەپتە ساۋات چىقىرىش، خەت يېزىش، ئوقۇش ئاساسلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى بولۇپ، خەت يېزىش، ھەر خىل قول يازمىلارنى كۆچۈرۈش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىدى. ھېسابلاش ئىلمى، مۇنەججىملىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملىرى ئىدى. چۈنكى دېھقانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى، ئىبادەتخانىلارنى لايىھىلەش، ياساش، پادىشاھ ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئاستانە قەبرىستانلىقلىرىنى ياساش، جەسەتلەرنى قۇرۇق ساقلاش تېخنىكىلىرىدا بۇ پەنلەر بولمىسا بولمايتتى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزم دەۋرىدە خوتەن نوم- سۇترا پۈتۈكچىلىكى، نوم شەرھىيچىلىكى ۋە ئابستراكىت بۇددا مائارىپىدا غەربىي يۇرت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئەينى چاغدا خوتەندە قارۇشتى يېزىقى ئاساس، سانسكرىت، براھما، كونا خەنزۇ يېزىقى قوشۇمچە قوللىنىلغان. ئەينى چاغدىكى مەشھۇر بۇددا ئۇستازلىرى، ئالىملىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تەرجىمانلىرى خوتەننىڭ يەرلىك تىلىنى، شۇنداقلا بۇ تىللارنى قوشۇپ يازىدىغان قارۇشتى يېزىقى، براھمان يېزىقلىرىنى بىلىپلا قالماستىن يەنە سانسكرىت، خەنزۇ تىللىرىنى ئىگىلىگەن. ئاتاقلىق بۇددىست، ئالىم، تەرجىمانلاردىن گىتامىت، دېۋاپراجنا (devaprajnf)، سىكساناندا (shkshananda)، بۇددىھا باھادرا (budha bahadra)، داراماناتى (dharamanati)، گۇنا باھادرا (gunabhadra) قاتارلىقلار سانسكرىت تىلى، كارۇشتى يېزىقى، خوتەن ساك يېزىقى، خەنزۇ تىل يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقى قاتارلىق تىل يېزىقلار پىششىق بىلىدىغان تىلشۇناسلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مول تىل بىلىملىرى ۋە بۇدداشۇناسلىق جەھەتتىكى كامالەتكە يەتكەن بىلىمى، ئۇدۇننىڭ بۇددا دىنىي مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇدۇن مائارىپىدا مۇنتىزىم ئوقۇتۇشنى مەزمۇن قىلغان ۋە بىرلىككە كەلگەن تۈزۈم شەكىللەنمىگەن بولۇپ، بۇددا نوملىرى بارلىق بىلىمنىڭ مەنبەسى دەپ قارالغاچقا، بۇددا نوملىرى ئاساسلىق دەرسلىك قىلىناتتى. شۇڭا شەيخ، راھىب - كالانلار بۇددا نوملىرىنىڭ پەلسەپىۋى قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا

بىلەن سومىيا بۇددا ئىبادەتخانىسى، چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزىسىدىكى دەندەن ئۆيلۈك بۇددا ئىبادەتخانىسى، لوپ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ئاقسىپىل ۋە راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسى، خوتەن شەھەر لاسكۈيدىكى بۆگەي ئۆيلۈك بۇددا ئىبادەتخانىسى، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى كۆھمارىم بۇددا ئىبادەتخانىسى، خوتەن ناھىيە توساللا يېزىسىدىكى خال ـ خالماچىن بۇددا ئىبادەتخانىسى، گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدىكى ئۇزۇن تات، كۆكچى، دوكۇي ... بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىق يۇزلەرچە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ياسالغان ئىدى. بۇ جايلاردا كۆپلىگەن راھىبلار ۋە پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىكسۇنلار ئوقۇغان، كېيىنچە خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شەرقىي جۇڭگو رايونلىرىغا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بېرىشى بىلەن، بۇ جايلارغىمۇ بۇددا دىنى كەلگ تارقالغان ھەمدە كۆپلىگەن خەنزۇ مۇرتلاردىن جۇ شىشىڭ، ۋېي يىدى، شۈەن جۇاڭ، خۇي جياۋ، فاشيەن، شۇنيۇ قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ بۇددا دىنىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. نەتىجىدە خوتەن جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن كەلگەن بۇددا راھىبلىرىنى، مۇتەپەككۇر، تەرجىمان، تەپسىرچى، دەرسكوي، بىناكار، ئويمىچى ۋە رەسساملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىي مەكتىپىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن جاي ـ جايلاردىن كېلىپ بۇددا دەستۇرلىرىدىن تەلىم ئالىدىغانلار، ئىستىقامەتتە بولىدىغانلار ۋە «ئۆلچەملىك سۈرەت» سىزىشنى ئۆگىنىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلاپ، بۇ مەكتەپتە يېتىشىپ چىققان زور تۈركۈمدىكى مۇتەپەككۇر، تەرجىمان، تەپسىرچى، دەرسكوي، «ئۆلچەملىك سۈرەت» سىزىشنى ئۆگىنىدىغان رەسساملار، ھەيكەلتاراش، ئارخىتېكتور، ئويما ـ قىيمىچىلار خوتەن بۇددا مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقىتىشقا باشلىدى.

خوتەننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا ئەينى زاماندا خوتەنگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان فاشيەن، سۇن يۈەن، شۈەن جياڭ، خۇي جياۋ ۋە رىماكوس قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرغان. بۇددىزم دەۋرىدە خوتەندىكى ئىبادەتخانىلار، بۇددا دىنىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان مەكتەپ رولىنى ئوينىغان. بۇ مەزگىلدىكى ئوقۇتۇش شەكلى تۆۋەن يىللىقتىن يۇقىرى يىللىققا ئۆرلەش، دەرس مەزمۇنىنى ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش

ئالىملىرىنى، يازغۇچى شائىر، تەرجىمانلارنى، دۆلەت ئەربابى ۋە ماھايانا مەزھىبى رەسساملىرى گۇرۇھىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئالغا سۈردى. نەتىجىدە بۇددىزم دەۋرىدىكى خوتەن مائارىپى نۇرغۇن تىلشۇناسلارنى، كۆپ تىللاردىن خەۋەردار تەرجىمانلارنى، ئابرويلۇق ئوقۇتقۇچىلارنى، مەرىپەتلىك ئەدىب - شائىرلارنى، دراماتورگلارنى، بوغالتىر - ھېساباتچىلارنى، تېۋىپ - دوختۇرلارنى يېتىشتۈرگەن ئىدى.

## 2. خوتەننىڭ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى مەدرىسە مائارىپى

خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئۇزاق مەزگىللەر داۋامىدا، ئۆزلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيەتكە ھېرىسمەنلىكى ۋە ئىنتىلىشچانلىقى بىلەن ھەر قايسى يېزا - قىشلاقلاردا نۇرغۇن مەدرىسە خاراكتېرىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدىن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە، خوتەننىڭ ھەر قايسى چوڭراق بوستانلىقلىرىنىڭ مەركىزىدە مەخسۇس مەدرىسە ۋە شۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان مەدرىسلەر، يېزا - قىشلاق، مەھەللىلەردە كىچىك دىنىي مەكتەپ، قارىخانىلار قۇرۇلدى. خانلىق مەدرىسىنىڭ خىراجىتى دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلگەندىن باشقا، مەكتەپ - مەدرىسلەرنىڭ خىراجىتى ۋەخپە قىلىنغان يەر، تۈگمەن، سوقا، ساراي، دۇكان ۋە باشقا كىرىملەر ئارقىلىق ھەل قىلىندى. ئىسلامىيەت مائارىپى تەشكىلى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتلەردە بۇددا مائارىپىغا قارىغاندا پۇختا ۋە مۇكەممەل ئىدى. ئۇ، دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپ، مەدرىسە، قارىخانا قاتارلىق ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى. دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپ 3 - 4 يىللىق بولۇپ، ئەرەب تىلى، قۇرئاندىن ئۈزۈندە ۋە دىنىي قائىدىلەر ئۆگىتىلەتتى. بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ئاساسىي بىلىم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىل مەكتەپلەر تولاراق يېزا ۋە شەھەرلەردە ئومۇملاشقان ئىدى. مەدرىسلەر 7 يىللىقتىن 13 يىللىققىچە بولۇپ، دىنىي ئەھكام - ئەركانلار، شەرئى

ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، لوگىكىلارمۇ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇستازلار تالىپلارغا ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىتىشتە مۇرەككەپ بولغان سانسكرىت تىلىدا سۆزلىمەي، بەلكى ئاددىي يەرلىك تىلدا سۆزلەيتتى. ئوقۇتۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۇستازلار سۆزلەش، تالىپلار يادلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، دەرسنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلاشقاندا مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئوقۇتۇش ئىخچاممۇ جانلاندۇرۇلاتتى. ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بېيىتىش، دەرسلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن بۇددا نوملىرى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىدى.

بۇددىزم مائارىپىنىڭ ئاساسلىق مېتودى قاتتىق يادلاشنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئادەتتىكى راھىبلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەقەت بىر خىل ياكى كۆپ خىل نوملارنى يادلاپ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىش تەلەپ قىلىناتتى. ئادەتتىكى راھىبلاردىن ئىخچاممۇ ياخشى ئۆگەنگەنلىرى بەس - مۇنازىرە ئۇسۇلى ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ چۈشەنگەنلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بىر - بىرىگە ئىلھام بېرەتتى. ئەلا ئوقۇغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ، ھىندىستاننىڭ ئادىتى بويىچە بىر بۇددا نومىنى تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىلەر ئىبادەتخانىدىكى قارا خىزمەتچىلىكتىن خالاس قىلىناتتى. ئىككى بۇددا نومىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىلەرگە يۇقىرى دەرىجىلىك ياتاق ئۆيى بېرىش، ئۈچ بۇددا نومىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىلەرگە خىزمەتچى بېرىش، تۆت بۇددا نومىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىلەرگە مۇلازىم بېرىش، بەش بۇددا نومىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىلەرگە بىرمۇ يەر ھەدىيە قىلىش، ئالتە بۇددا نومىنى تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچىلەرگە بىر مۇھاپىزەتچى قوشۇپ بېرىش قاتارلىق مۇكاپاتلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلغان.

قىسقىسى، خوتەننىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى بۇددا مائارىپىدا ئوقۇتقۇچىلار ئىبادەتخانىنىڭ راھىب ـ كالانلىرى، ئوقۇغۇچىلار بولسا راھىبلار، دەرسلىكى بۇددا نومى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئۇستاز بىلەن شاگىرت مۇناسىۋىتى، ئىبادەتخانىنىڭ تەرتىپ قائىدىسى مەكتەپنىڭ تەرتىپ قائىدىسى بولغان.

بۇددىزم دەۋرىدىكى خوتەن مائارىپ مەرىپەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات تەقەززاسى خوتەندىكى ئابرويلۇق ئىستىقامەت دەرگاھلىرىنى كۆپەيتىشنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ بىر تۈركۈم بۇددا

باشلىدى.

1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت، ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ ناھىيە مەركىزى، يېزا - قىشلاقلاردا، مەھەللىلەردە مەدرىسىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بىراق، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى دېگۈدەك ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى خەت ئوقۇشنى بىلىدىغان، لېكىن خەت يازالمايدىغان چالا ساۋاتلىق ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ياش قورامى ياكى سەۋىيىسىگە قاراپ سىنىپقا ئايرىلماي، ھەممىسى بىر ئۆيدە ئوقۇيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىلىرىنى قاچان ئېلىپ كەلسە، شۇ ۋاقىتتا مەكتەپكە قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بۇ خىل مەكتەپلەردە پارتا - ئورۇندۇق بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلار يەردە ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. مۇدەررىسلەرمۇ يەردە ئولتۇرۇپ ساۋاق بېرەتتى. باشلانغۇچ دىنىي ساۋات ئېلىشتا، ئوقۇغۇچىلار ئەرەبچە ئېلىپبە يېزىقىنى تونۇغاندىن كېيىن «قائىدە»، «ھەپتىيەك»، «قۇرئان» ئوقۇپ زىر - زەۋەرلىك ئەرەب يېزىقىنى ئۆگىنىپ چىقاتتى، لېكىن چاغاتاي يېزىقىنى ئوقۇيالمايتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئىقتىسادىي ئاساسى بارلار پاكىستان، مىسىر، بۇخارا، دېھلى قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتىغا بېرىپ ئوقۇيتتى. بىر قىسمى قەشقەر، يەركەنلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسلەردە ئوقۇيتتى. يەنە بىر قىسمى خوتەن شەھىرىدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالاردا ئوقۇپ «موللام»، «ئاخۇنۇم» دەرىجىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىناتتى.

بۇ دەۋرلەردە ئىلىم - پەن، مەرىپەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىلگەچكە، نەۋبىتى، موللا بىلال ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى، مەھزۇنى، موللا ھەيدەر، موللا سالىھ، موللانىياز، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، موللا قۇربان، موللا ئىسمەتۇللابىننى موللا نىمەتۇللا، دىلبەر دوغا، ئۇشۇراخۇن، مۇھەممەت رۇسۇل شەۋقى، ئىسمايىل ھاجى، ئابدۇجېلىل داموللا، مۇھەممەتتۇردى قاسىم، مۇھەممەتروزى داموللا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ئەدىب، تارىخشۇناس، مۇزىكانت، ئوقۇتقۇچى، بىناكارلىق ئۇستىلىرى يېتىشىپ چىقىپ، ئىلىم - پەن ساھەسىدە مول بايلىقلارنى ياراتتى.

قۇرئان، ھەدىس، ئەرەب گرامماتىكىسى، ئىلمىي مەنتىق، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلامىيەت قانۇنى قاتارلىق دەرسلىكتىن تەلىم بېرىلەتتى. تولۇق پۈتتۈرگەنلەر ئاخۇن، داموللا، تولۇق پۈتتۈرەلمىگەنلەر ئىمام بولاتتى. «قارىخانا» 4 ـ 6 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە بولۇپ ئەرەب تىلى، قۇرئان، ھەدىس ئەھكام تەپسىرلىرى قاتارلىق دەرسلەر ئوقۇلاتتى. قۇرئاننى يادقا پىششىق ئوقۇيالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر قارى بولاتتى. دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈش، دىنىي دەرسلىكلەرنى يادلاش ۋە تەپسىر قىلىش، ئەرەب تىلى، قۇرئان، سوپى ئاللا يار، نەۋائىي، خوجا ھاپىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى، ئەرەب ۋە پارس تىلى گرامماتىكىسى قاتارلىقلار ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىناتتى. ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرسلىك ئىدى. چۈنكى قۇرئان ئەرەب تىلىدا بارلىققا كەلگەن مۇقەددەس كىتاب بولغاچقا، قۇرئاننى غەيرى تىللارغا تەرجىمە قىلىش مەنئىي قىلىناتتى. شۇڭا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈر ئىدى. ئىسلام ھەدىسلىرىنىڭ بىر قىسمى پارس تىلىدا بولغاچقا، پارس تىلىنى ئۆگىنىشمۇ زۆرۈر ئىدى. قاراخانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر، ئىبنى سىنانىڭ تېببىي ئەسەرلىرى ھەمدە بەزى مەشھۇر پەلسەپە، تارىخ، ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ دىنىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم دەرسلىكى ئىدى. ئىسلام دىنى مەدرىسلىرىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى «مۇددەرس» دەپ ئاتىلاتتى.

لېكىن 1678 ـ يىلدىن كېيىن ھىدايىتۇللا ئىشان (ئافاق خوجا) جۇڭغار خانلىقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلقنى خۇراپاتلىققا، تەركىدۇنيالىققا، جاھالەت ۋە نادانلىققا باشلايدىغان دىنىي تەرىقەت ئېقىمى يامرىدى. مەدەنىيەت، سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا ـ ئۇسسۇل، تىياتىر، سېھرىكچىلىك، تېبابەتچىلىك، مەتبەئە، تەرجىمە، خەتتاتلىق قاتارلىقلار قاتتىق چېكىنىپ كەتتى.

شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن سىياسىي كۈرەشلەر، بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇشلىرى، قان تۆكۈلۈش، خەلق ئۈستىگە نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بولۇپ، 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن خوتەن ۋىلايىتىدە مەدرىسە مائارىپى يەنە گۈللىنىشكە

چاغدا ئۇرۇمچىگە ئەڭ يىراق بولغان خوتەندىمۇ، ئەمەلدار تەربىيىلەش مەقسەت قىلىنغان «شۆتاڭ» (بىلىم يۇرتى) مەكتەپلىرى دەسلەپكى قەدەمدە مەيدانغا كەلدى.

تولۇقسىز مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىللەردىكى شۆ تاڭنىڭ يەتتە سىنىپدا 270 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇ-ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىل مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۈچۈن مەمۇرىي ئەمەلدار، تۇڭچى-تىلماچ (تەرجىمان)، كاتىپ، يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەربىيىلەش بولغاچقا، بايلار بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمەي، كەمبەغەل، نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى مەجبۇرىي مەكتەپكە تۇتۇپ بېرەتتى ھەمدە ئائىمىغا پۇل ياكى ئاشلىق سېلىق سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتى قىلىناتتى. بالىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن خەنزۇچە ئىسىم قويۇلاتتى، تاماقنى ھۆكۈمەت بېرەتتى. يىلىغا ئىككى قۇر كىيىم تارقىتىپ بېرەتتى. بۇ مەكتەپلەردە مانجۇچە نىزام (ئەمەلدارلىق نىزامى) مەخسۇس دەرسى ئۆتۈلەتتى، بىلىم يۇرتى (شۆتاڭ) نىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل ئىدى.

1914 - يىلدىن 1921 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە قاتارلىق يەتتە ناھىيىنىڭ 16 ئورنىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇر بالىلىرى خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىلىم يۇرتى (شۆتاڭ) مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ مەكتەپلەردە 27 سىنىپ، 830 نەپەردىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى، 26 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1933 - يىللاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ مەكتەپلەر ئاساسەن تاقىلىپ قالدى.

## يېڭى تىپتىكى مىللىي مائارىپ

دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىسلام مەملىكەتلىرىدە پەننىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا زامانىۋى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى، شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ھەج قىلىش ۋە سودا - سېتىق بىلەن چەتكە چىقىپ قايتقان بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەردە پەن - مەدەنىيەت ئارقىلىق مىللەتنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش كۆز

# 3. يېقىنقى دەۋر مائارىپىنىڭ باشلىنىشى

## يېڭىچە بىلىم يۇرتى — شۆتاڭ

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمە
ئۆز ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلىدىغان مۇلكىي ئەمەلدارلارنى
تەربىيىلەش مەقسىتىدە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا «بىلى
يۇرتى» (شۆتاڭ) قۇرۇپ، ئىچكىرىدىن ئەمەلدارلار
خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتىپ بەرمىگەن ئەھۋالدا، ئۆز ئىچى
تەربىيىلەشنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچكىرى بىل
شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن، قاتناش قولايسىز بولغاچق
ئىچكىرىدىن ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولغان ئەمەلدارلار
خىزمەتچىلەرنىڭمۇ شىنجاڭغا كېلىشى قىيىن ئىدى. ئۇ ۋاقىتلار
شىنجاڭغا كەلگەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرە
كەسكىن ئىدى. شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى كەنكوي، يۇەن داخوا
ياڭ زىڭشىنلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا مائارىپنى يولغا قويۇپ
خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆزلىرى ئۈچۈ
پايدىسىز دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئىچكىرىدىن ئەمەلدار
خىزمەتچىلەرنى يۆتكەپ كېلىشنى توسۇپ، ئۆزلىرىگە سادىق
ئىشەنچلىك كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن شىنجاڭدا مەكتە
قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغانىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، يەنى 1884 - يىلى تېخى ۋىلايە
بولۇپ قۇرۇلمىغان خوتەننىڭ ئىككى ناھىيە بازىرىدا، ئۇيغ
باللىرى خەنزۇ تىل - يېزىقىدا ئوقۇيدىغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىد
ئىككى «شۆتاڭ» مەكتەپ قۇرۇلۇپ، 1912 - يىلىغىچە ھەر ئۈچ يى
بىر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى داۋاملاشتۇردى.

1908 - يىلى شىنجاڭدا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەھكىمى
قۇرۇلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى دوتۇڭنى مائارىپ ئەلچىسى سۈپىتى
شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى.
يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتى
ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىل
ئۆلگە كۆرسىتىش باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ
قايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇش باشلىدى.

دەرىجىلىك دارىلئۇلۇم مەكتىپى ئېچىلدى. مەكتەپكە ئىككى سىنىپ، 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، تۈركىيىدە ئوقۇپ كەلگەن مۇسا ئەپەندى، شائىر مۇھەممەت تۇردى قاسىم، خوتەنلىك تۇرسۇن موللام قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مەكتەپتە دىنىي دەرستىن سىرت، يەنە سەرپ نەۋھى (گراممانىكا)، ئىملا، خۇشخەت، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. مەكتەپنىڭ بارلىق راسخوتىنى ھۆكۈمەت ھەل قىلىپ بەردى. 1938 - يىلى شىڭ شىسەي بىر قىسىم زىيالىيلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغاندا، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن تۈرمىگە تاشلاندى، مەكتەپمۇ ئوقۇشتىن توختاپ تاقالدى.

1933 - يىلىنىڭ بېشىدا، تۈركىيىدە ئوقۇغان ئىدرىس ئەپەندى (ئافغانىستانلىق) خوتەنگە كېلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە پىلە - ئۈجمىچىلىك بىلىملىرىنى ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلغان خۇسۇسىي «زىرائەت مەكتىپى»نى ئاچتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئىگە بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش تەمىناتىنى ھەل قىلدى. مەكتەپكە بىر سىنىپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئاساسلىرى، زىرائەت ئۆستۈرۈش، پىلە - ئۈجمىچىلىككە دائىر نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئوقۇغاندىن سىرت، دەرستىن كېيىن پىلە ئۇرۇقى چىقىرىش، پىلە بېقىش، ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈش، ئىنكۇباتوردا چۈجە چىقىرىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنەتتى. بۇ مەكتەپنىڭ خوتەننىڭ پىلە - ئۈجمىچىلىك تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى زور بولۇپ، خوتەندە پىلە ئۇرۇقىنى چەتتىن كىرگۈزۈشكە خاتىمە بەردى. مەكتەپ 1943 - يىلىغىچە داۋاملىشىپ، 100 نەپەر پىلە - ئۈجمىچىلىك تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى.

1938 - يىلى 3 - ئايلاردا، لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدىكى ئابلاجان قارىينىڭ ئۆيىدە پىلە - ئۈجمىچىلىك، سۇچىلىقنى ئاساس قىلغان يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قۇرۇلدى. مەكتەپكە بىر سىنىپ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەكتەپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ھېسابلىناتتى. مەكتەپنىڭ مۇدىرى لى ×× ۋە تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بۇ مەكتەپ 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاقالدى.

قارىشى تۇغۇلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ ئابدۇقادىر داموللا بىـ ئابدۇۋارىس قەشقىرى جاھالەت تۇمانلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەت بۇرۇقتۇم ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، 1920 ـ يىلى دىن بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەن يېڭى تىپتىكى مەكتەپنى قۇردى ۋە بۇ خىـ مەكتەپلەرنى ھەممە جايدا قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويد

1890 ـ يىلى خوتەنلىك سودىگەر قۇربانھاجى قايماق ھەج قىلـ سەپىرىدە ھىندىستان، ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە، روسـ قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھازىرقى زامان ئوقۇتۇ ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ كۆپ تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ. خوتەنگە قايتقاند كېيىن زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇشنى ئويلايدۇ. شۇ مەزگىللەر روسىيە ـ تۈركىيە ئۇرۇشىدا روسىيىگە ئەسىرگە چۈشكەن، مۇددىن توشقاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقا ئىسمايىل ھەققى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى خوتەندە ئوقۇتقۇچىلە قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1931 ـ يىلى ھازىرقى خوتە شەھىرى ئالتۇنلۇق مەدرىسىدە «جەدىت» مەكتىپىنى ئاچىدۇ سودىگەر ھاجىلارنىڭ ياردىمى، ئىئانە قىلىشى ئارقىلىق مەكتەپ كېتەرلىك راسخوتلارنى ھەل قىلىدۇ. كېيىنچە قاسىم ئەپەندى، خا ئەپەندىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، خوتەن، لوپ، قاراقا قاتارلىق جايلاردىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ باللىرىنى قوبۇ قىلىدۇ. ئىككى سىنىپتا 66 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، سىنىپقا يېڭ پارتا ـ ئورۇندۇق قويۇلۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىـ ياخشىلىنىدۇ. تىل ـ ئەدەبىيات، تەبىئەت، دۇنيا جۇغراپىيىسى تارىخ، تەنتەربىيە، شېئىر، تەجۋىت (قېلىپلاشقان) قىرائەت قاتارلـ دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ، پەننىي دەرس تۆت سائەت، دىنىي دەر ئىككى سائەت ئۆتىلەتتى. لېكىن، ئوقۇتقۇچىلار خوتەننىڭ ئەڭ چو ھۆكۈمرانى سۇلايمان ئەلەم بىلەن «يەر يۇمىلاق، قۇياش ئەتراپ ئايلىنىدۇ» دېگەن تەلىمات ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قېلىپ، سۇلايم ئەلەم ئوقۇتقۇچىلارنى «دىنسىزلار» دەپ ئەيىبلەپ، چىڭ دارىن (خوتەننىڭ ھاكىمى) غا چاققانلىقتىن، مەكتەپكە ئۆچمەنلىك ساقلا كەلگەن چىن دارىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مەكتەپنى دەرھ تاقاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارمۇ چېگرىدىن قوغلا چىقىرىلىدۇ.

1933 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئالتۇنلۇق مەدرىسىدە ئوتتۇ

تەنتەربىيە دەرسىدە يۈگۈرۈش، ئارغامچا تارتىشىش، دارغا چىقىش، رەتلىك تىزىلىپ مېڭىشقا دائىر بىلىملەر ۋە ماھارەت ئۆگىتىلىدۇ. شېئىر دەرسىدە ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئوقۇش ئاساس قىلىنىپ، ياز كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلارنى مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋالىق جايلارغا باشلاپ بېرىپ، سەيلە - ساياھەت قىلدۇرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مەكتەپ سىرتىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارمۇ غوجامكۆل بېشى مەكتىپىگە ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئوقۇيدىغان بولىدۇ.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئەمەت ھاجى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان غوجامكۆل بېشى مەكتىپى ۋە مەكتەپتىكى 200 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قورۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىگە ئۆتكۈزۈلۈپ، خوتەندە يېڭىچە مەكتەپ مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن تۇنجى يول ئاچىدۇ.

1938 - يىلى 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمەت ھاجى ئۇيۇشمىنىڭ ئەۋقاپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئۇيۇشما قۇرۇش، ناھىيىلەردىكى ۋەخپە يەر ۋە ۋەخپە مۈلۈك قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش، ۋىلايەت بويىچە مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە كۆرسىتىش (ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن، چايخانا مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئىشلىگەن) قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور نەتىجە يارىتىدۇ. ئۆز يېزىسىدىكى ئاقتاش مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 10 چارەك بۇغداي، 20 تال ياغاچ، 20 سەر كۈمۈش تەڭگە ياردەم قىلىدۇ.

1941 - يىلى ئەمەت ھاجى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، نوقتىلىق ھالدا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدە ئوقۇغان قاراقاش شاخلىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇللا داموللىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئەلا ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ، خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئالتە ئاي تەربىيىلەپ، ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىدۇ. ئۇ، ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر يېزا-بازاردا بىردىن مەكتەپ بولۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەممە 20% مەبلەغنى ئۇيۇشمىدىن، 80% مەبلەغنى خەلق چىقىرىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

ئۇ 1942 - يىلىدىن 1945 - يىلىغىچە ھەممە ۋىلايەتلىك تىنچلىق

## ئەمەت هاجى ۋە چايخانا مەكتەپ

ئەمەت هاجى خوتەننىڭ مائارىپى تارىخىدىكى مەشھۇر كىش
ئۇنىڭ خوتەننىڭ مەدەنىي - مائارىپ تارىخىدا تۇتقان ئورنى خې
چوڭ.

ئەمەت هاجى 1894 - يىلى خوتەن شەھىرى شورباغ يېزىسى
ئاقتاش كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۈچ يا
كىــــرگەندە دادىســــى زىكرىللا ئاخۇنۇم، ئۆزى مۇددەرسلىــ
(ئوقۇتقۇچىلىق) قىلىۋاتقان ئاقتاش ئاخۇنلۇق مەدرىسىدە ئوقۇتتى
ئەمەت هاجى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، هوشۇرنى
ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىســـــگە ئوقۇشقا كىــــرىپ، دىنىـــــي دەر
بىرلەشتۈرۈپ، پارس، ئەرەب تىللىرىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ،
مەدرىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1915 - يى
قۇربان هاجىم ئاچقان خوتەن شەھىرىدىكى غۇجامكۆل مەدرىس
مۇددەرسلىككە ئورۇنلىشىدۇ. 1929 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستا
بېرىپ ھەج قىلىپ هاجى بولىدۇ. ئۇ ھەجدىن قايتىش سەپىرىد
مىسىر، تۈركىيە، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلىم ئەھلىلىر
بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، بۇ دۆلەتلەردىكـــــى ئوتتۇرا، باشلانغ
مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇشى، ئوقۇتۇشى قاتارلىقلار بويىچە تەكشۈرۈ
ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن تەجرىبە ۋە بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. 1931
يىلى خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەللەرنىڭ مەكتە
باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىن
ئىجادىي هالدا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىد
ئۇ سودىگەر قۇربان هاجى قايىماقنىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي جەھە
ياردەم بېرىشى بىلەن 1932 - يىلى دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگە
غۇجامكۆل بېشى باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئاچىــدۇ. ئۇ 200 نەپ
ئوقۇغۇچىنى ياش - قورامى، بىلىم سەۋىيىسىگە قاراپ تۆت گۇرۇپپ
ئايرىپ دوسكا، دەپتەر، قەلەم ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىد
يېڭى پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەردە ئولتۇر
ئوقۇشىغا خاتىمە بېرىدۇ. تۆۋەن يىللىق گۇرۇپپىدا خەت تونۇ
ئاساسىدىكى «ئېلىپبە»، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنى ئوقۇتۇش
ئاساس قىلىدۇ. يۇقىرى يىللىق گۇرۇپپىدا هېساب، تىل، خۇشخە
ئىملا، شېئىر، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر، دىنىي دەرسلەرد
سوپى ئاللىيار، خوجا هاپىز، نەۋائى، قۇرئان قاتارلىقلار ئۆتۈلىد

مۇشۇنداق پەيتتە، باشقىلار ئۇنىڭغا ئابدۇللا (ئەدەبىي تەخەللۇسى پىراقى) نى ئوقۇتقۇچىلىققا تونۇشتۇرىدۇ.

ئابدۇللا داموللام سادىق ھاجى ئوغلى 1893 - يىلى غولجا شەھىرىدىكى ئوردا مەھەللىدە مۇزدوز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن سوپى ئالىيار، خوجا ھاپىز، ھۇۋەيدالارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئەدەبىياتقا ھەۋىسى قوزغالغان ھەمدە 17 - 18 يېشىدىن تارتىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ دۇكىنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ۋاپۇرۇشلۇق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە قورداشلىرى بىلەن ئالتۇنلۇقتىكى تاللىق قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن بەزمىلەردە ئۆزىنىڭ شائىرلىق تالانتى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئەل - جامائەتكە تونۇلۇپ، خەلقنى ئاقارتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىستىكى بولغان، تۇردى قارىي ئىسىملىك يېقىن بۇرادىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ساقچى دائىرىلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، خوتۇن - بالىسىنى تاشلاپ قاراقاش ناھىيىسىگە پاناھلىق ئىزدەپ، زاۋا رايون شاخلىق كەنتىگە كەلگەن. كونا ساۋاقدىشى ماخسۇر داموللام، ئابدۇللا داموللامغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولىدۇ ھەمدە خوجا ئەبەيدۇللاخان ۋە مۇھەممەتتۇرسۇنخان ھاجىلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئۆلپەتلىشىدۇ.

ئابدۇللا داموللام غولجا ۋە قەشقەردە بىلىم ئېلىش جەريانىدا سوۋېت يېڭى مائارىپىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاچقا، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەۋلادلارنى يېڭىچە پەننىي بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئارزۇسى جۇش ئۇراتتى. خوجا ئەبەيدۇللاخاننىڭ يەر، مال - دۇنياسى ۋە ئىلغار ئىدىيىسى، ئابدۇللا داموللامدىكى يېڭىچە ئىلىم - پەن ئىستىكى شاخلىق كەنتىدە تۇنجى پەننىي يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى نۇر چاچقۇزىدۇ.

خوجا ئەبەيدۇللاخان خېلى بۇرۇنلا ئائىلە ئىمامى تۇرسۇنمۇھەممەت ئاخۇنومغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۆز ھويلىسىدا دىنىي باشلانغۇچ مەكەپ ئېچىپ، يىراق - يېقىندىكى بالىلارنى ئاساس قىلىپ دىنىي ساۋاتتىن دەرس بېرىپ كەلمەكتە ئىدى. خوجا دەرھال ئۆز قورۇسىنىڭ شەرقىدىكى ئىشان خوجا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا پارتا - ئورۇندۇق تەييارلاپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلايدۇ.

1936 - يىلى خوجا ئەبەيدۇللاخان ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى ئايشىخان پاۋ دېگەن ئايالنىڭ ئۆيىگە تۇتاش بىر تاختا تۈز تېرىلغۇ يەرنى

ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىنتىپاقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىچ يەنە ئەۋقاپ مۇدىرى، مالىيە مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1955 - يىلى خوتەن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى پارتىيىنى، ۋەتەننى، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش جەھەتتە تەربىيىلەپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىدۇ. 1958 - يىلى ئەمەت ھاجى ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپكە يۆتكىلىدۇ. سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن، 1963 - يىلى ئائىلىسىگە قايتىپ دەم ئالىدۇ. 1967 - يىلى 9 - ئايدا كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

خوتەن مائارىپىنىڭ بۆشۈكى — چايخانا مەكتەپ ئەينى يىللاردىكى مەرىپەتپەرۋەر ئەمەت ھاجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1937 - يىلى 11- ئايدا روزى بەگ ھاجىنىڭ سارىيىدا (ھازىرقى ئىلچى يېزىلىق دوختۇرخانا ئورنىدا) قۇرۇلغان. مەكتەپ مۇدىرى ئوسمان نىياز ھاجى بولۇپ، ھۈسەيىن ئەپەندى، ئىسھاق نۇرى، سەيدىباقاس نۇرى قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇتقۇچى، 200 نەپەر ئوقۇغۇچى، بەش سىنىپ بار ئىدى. 1939 - يىلى خان سايىب (ئەسلى ئىسمى بەدىردىنخان) نىڭ قورۇسىنى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، 1940 - يىلىنىڭ بېشىدا پۈتكەن. 1940 - يىلى 6 - ئايدا يېڭى بىنا (ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك «تۆمۈريول ئۆمىد باشلانغۇچ مەكتىپى») غا كۆچۈپ كىرگەن. يېڭى بىنا ئىككى دوم كارىدورلۇق، 24 سىنىپ، 13 ئېغىز ئىشخانا ئىدى. مەكتەپ مۇدىرى ئابابەكرى تۇرسۇن (ۋاڭ شىڭزى) ئىدى. 1940 - يىلى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. مەكتەپ قۇرۇلغاندا 1 - مەركىزىي مەكتەپ دەپ ئاتالدى. 1940 - يىلى 11 - ئايدىن كېيىن شىنلى (ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى) 1 - مەركىزىي دۆلەت خەلق مەكتىپى دەپ ئاتالدى.

## ئابدۇللا داموللا ۋە شاخلىق مەكتەپ

1936 - يىلى قاراقاشنىڭ شاخلىق يېزىسىدىكى «ئېگىز ئېرىق خوجىلار» نەسەبىدىكى ئىشان خوجا ئوغلى خوجا ئەبەيدۇللا خان ئىلىم- مەرىپەتنى ياقىلاپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن تۇنجى پەننىي مەكتەپ سېلىپ، ھۆكۈم سۈرگەن نادانلىققا خاتىمە بېرىشكە تىرىشتى-

يىللاردا يورۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ چىققان بۇ مەكتەپنىڭ ئورنى بىر نەچچە قېتىم يۆتكەلگەن بولسىمۇ، «شاخلىق مەكتەپ» دېگەن نامى 55 يىلدىن بۇيان ئۆچمىدى. 200 گە يېقىن ئوقۇغۇچىغا ئىگە بۇ مەكتەپ ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم - پەن مەشئىلى بىلەن يورۇتۇپ كەلمەكتە.

## خوتەن يېڭى مائارىپىدىكى تۇنجى ئايال مەكتەپ مۇدىرى — ھاجى خانىم

ھاجى خانىم (ئەسلى ئىسمى پاتىمە، ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ھاجى قىز) 1907 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى قاسىم ھاجى (خوتەنلىك) ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى ئايشىخان ھاجى بىلەن پاتىمە يېتىمچىلىك ۋە مۇساپىرچىلىق ئىچىدە كۈن كەچۈرىدۇ. پاتىمە ئائىلە تەربىيىسى داۋامىدا ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىدۇ. 1914 - يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئائىلىسى ناۋايچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پاتىمە بولسا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىدۇ. 1918 - يىلى تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخابات شەھىرىگە كېلىپ، تۈركمەن تىلىدىكى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ. مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپىنى، بۇخارادىكى تاجىك مەكتىپىدە تاماملايدۇ. 1922 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، قىزلار گىمنازىيىسى (ئوتتۇرا مەكتەپ) دە ئوقۇيدۇ. 1925 - يىلى ئۆزبېكىستان «ساگو» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ ھەمدە رۇس تىلىنى ئۆگىنىدۇ. 1928 - يىلى ئەنجان قىزلار گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچى، قوشۇمچە «ئاخۇن بابايوف» نامىدىكى تىياتىرخانىدا ئارتىس بولۇپ ئىشلەيدۇ ھەمدە ئىسمىنى ھاجى قىزغا ئۆزگەرتىدۇ. 1934 - يىلى 6 - ئايدا ھاجى قىز ئۆگەي ئاتىسى ۋە ئانىسى بىلەن ئۆز يۇرتىنى خوتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. 1937 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن شەھەر ئىچىدىكى «غوجامكۆل بېشى» مەدرىسىدىكى مۇددەررىس (ئوقۇتقۇچى) ئەمەت ھاجى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دىنىي مەكتەپتىكى 300 دىن ئارتۇق قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى خوتەندە قۇرۇلۇپ دەرس باشلايدۇ. مەكتەپنىڭ نامى

ئاجرىتىپ (سەككىز مو ئەتراپىدا)، كېتەرلىك پۈتۈن ماتېرىياللارنى تەييارلاپ، ھۈنەرۋەنلەرنى (خارەت، سۇۋاغچى) تەشكىللەپ، ئىشقا تۇتۇش قىلىپ، مەكتەپ ئەتراپىنى توپا تام بىلەن قورشاپ، شەرق تەرەپكە ئىككى قاناتلىق چوڭ دەرۋازا قويۇپ، بەش سىنىپلىق دېرىزىلىك ئوچۇق - يورۇقلۇق ياغاچ قۇرۇلمىلىق مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايلاردا مەكتەپ ئالدىدىكى مەيدانغا سۇ باشلاپ، چىڭداپ تەنتەربىيە ۋە گىمناستىكا مەيدانى تەييارلاپ، مەشىق مەيدانلىرىنى تەييارلاپ بېرىدۇ. ئابدۇللا پاۋ دېگەن ياش دېھقان يىگىتنى مەكتەپنىڭ ئىشچىلىقىغا تەيىنلەپ، مۇھاپىزەت ۋە تازىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىدۇ. يېڭى مەكتەپ، يېڭى پارتا - ئورۇندۇق قاتار تىزىلغان سىنىپلارغا ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بالىلار خۇشاللىق ئىچىدە دەرس ئوقۇيدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئىشچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، مائاش، تەمىنات قاتارلىق خىراجىتى خوجا ئەبەيدۇللاخان خەزىنىسىدىن چىقىم قىلىپ بېرىلىپ تۇرغان. ھەتتا ئابدۇللا داموللامنىڭ يىراق - يېقىنغا بېرىشتا ئىشلىتىشكە مەخسۇس بىر يارام ئېشەك پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن خوجىنىڭ ئېغىلىدا بېقىلىپ، قاچان لازىم بولسا شۇ چاغدا تەييارلاپ قويۇلغان. پەننىي دەرسلەردىن ئانا تىل، ھېساب، تەنتەربىيە، شېئىر دەرسلىرى ئۆتۈلۈپ تۇرغان.

1938 - يىلى كۈز پەسلىدە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەمەتئېلى بۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، يامۇل ئەمەلدارى، مائارىپ بۆلۈم كادىرلىرى، قاراقاش ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك باشلىقلار بىلەن، شاخلىق مەكتەپكە چىقىپ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن. ئوقۇغۇچىلار شېئىر ئوقۇپ ئۇلارنى قارشى ئالغان. ھاكىم: خوجا ئەبەيدۇللاخاننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ئۆمۈرلۈك ئۇلۇغ ئىش قىلىپلا، دەپ ئالاھىدە ماختىغان. ئابدۇللا داموللامنى يېڭىغ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، ھال - ئەھۋال سوراپ ئىززەت - ئىكرا بىلدۈرگەن. ھاكىم شۇ مەيداندىلا شاخلىق مەكتەپنى، بۈگۈندىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشم باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئوقۇتقۇچى تولۇقلاپ بېرىلىدۇ چىقىملىرىغا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما مالىيىسى مەسئۇل بولىدۇ، دېگەن ھەمدە ئابدۇللا داموللامنى شەھەر مەركىزى باشلانغۇ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەكلىپ بەرگەن. ئەيني

مۇكۇمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىدۇ.
هاجى خانىم 1964 - يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش، پىپەن قىلىنىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىدۇ.
1987 - يىلى هاجى خانىم ئالەمدىن ئۆتتى. لېكىن ئۇنىڭ خوتەننىڭ مائارىپىغا قوشقان تۆھپىسى خوتەن خەلقى قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## 4. «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىنكى خوتەن مائارىپى

1933 - يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا پەننىي مائارىپنى ئاساس قىلغان يېڭى مەكتەپلەر ئارقا- ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئورنىنى پەننىي مەكتەپلەر ئىگىلىدى. لېكىن خوتەن بىر مەزگىل ماخوسەننىڭ زۇلۇمى ئاستىدا بولغاچقا، پەننىي مائارىپ ئىشلىرى ئەڭ كېيىن باشلاندى. 1938 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خوتەن ئۇيغۇر مەدەنىيتى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، بىر ئۇيۇشمىغا مەرىپەتپەرۋەر ئەمەت هاجى رەئىس بولۇپ سايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، تۇڭگان مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. خوتەننىڭ پەننىي مائارىپ ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، شۇ يىلى 7 - ئايدا قەشقەردىن بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار يۆتكەپ كېلىنىپ، ئالدى بىلەن خوتەندە ئوغۇللار ئىپتىدائىي مەكتىپى، قىزلار ئىپتىدائىي مەكتىپى ۋە دارىلئىيتام (يېتىملار مەكتىپى) قۇرۇلدى. بۇ چاغدا خوتەندە بىرىنچى بولۇپ، ئەمەت هاجى ئۆزى باشقۇرغان «غوجامكۆل بېشى» مەكتىپىنى پەننىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پەننىي مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن قوللايدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن كېرىيە، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق ناهىيىلەرنىڭ شەهەر رايونلىرىدا ئوغۇللارنى ئاساس قىلغان پەننىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا 1939 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدە ئالتە ئايلىق مۇددەت بىلەن 80 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ

«غوجامكۆل بېشى باشلانغۇچ مەكتىپى» بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ھاجى قىز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى ياش قورامى، بىلىم سەۋىيىسىگە ئاساسەن 1 ـ يىللىقتىن 3 ـ يىللىققىچە سەككىز سىنىپقا ئايرىپ چىقىدۇ. مەكتەپتە ياسىن روزى، ھاجى ئوبۇلقاسىم ئابىت، مۇسا تۇردى، مەمتىمىن سادىر، ئابلىز مەخمۇتجان (ئۆزبېك)، توختىخان ئايىم (ئۆزبېك)، ھىدايەت خانىم، ئانار خانىم قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بار بولۇپ، ئانا تىل، ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە، سىياسەت، شېئىر، تەنتەربىيە، رەسىم قاتارلىق سەككىز خىل دەرس ئۆتۈلگەن. يەنە مەكتەپتە سەنئەت كۇرۇژوكى قۇرۇلغان. ئۇيغۇر ئويۇشمىسى ۋە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قوللىشى، مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، ھەر قايسى ناھىيىلەردە قۇرۇلماقچى بولغان پەننىي مەكتەپلەر ئۈچۈن (شۇ چاغدا قاغىلىق ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىگە قارايتتى) 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، يېرىم يىل تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى بولۇپ، «1 ـ دارىلمۇئەللىمىن» دەپ ئاتالغانىدى.

1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «غوجامكۆل بېشى» پەننىي باشلانغۇچ مەكتىپى ئىككى مەكتەپكە ئايرىلىپ، ھاجى خانىم قىزلار مەكتەپ مۇدىرى، ئوسمان نىياز ھاجى چايخانا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولدى، قىزلار مەكتىپى 240 نەپەر ئوقۇغۇچى، سەككىز سىنىپ بىلەن ئەسلىدىكى مەدرىسىدە قالدى.

1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، كومپارتىيىدىن يۈز ئۆرىگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ھاجى خانىم قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. 1945 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن ھاجى خانىم پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلدى. 1950 ـ يىلى ئۇ لوپ ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىنىدۇ. 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ لوپ ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى، 1960 ـ يىلى يۇرۇڭقاش مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكى 14 يىللىق مائارىپ خىزمىتى ھاياتىدا ئالتە قېتىم «ئىلغار مائارىپچى»، «مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرى» بولۇپ باھالىنىپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق

6 يىللىق سىنىپلار ئېچىلدى.
1938 — 1943 - يىلىغا قەدەر بولغان ۋاقىت خوتەندە پەننىي مائارىپى راسا گۈللەنگەن ۋاقىت بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھۆرمىتى ھەممىدىن يۇقىرى ئىدى. 1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يىلدىن يىلغا ئارقىغا چېكىندى. گومىنداڭچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى «سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ قارىلىغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئەڭ خەۋپلىك دۈشمىنى بولۇپ قالغانىدى. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، گومىنداڭغا قارشى دېموكراتىك پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭ دائىرىلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇلار 1947 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىنقىلابىي ياش ئىمىن ئىسلامنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى. شۇ يىلى 7 - ئايدا كەڭ - كۆلەملىك ئاختۇرۇلۇش يۈرگۈزۈپ، خوتەن بويىچە 300 دىن كۆپرەك كىشىنى قولغا ئېلىپ، نەزەربەنت قىلغانىدى، ئاساسىي تىغ ئۇچىنى مەدەنىي - مائارىپ خادىملىرىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا قاراتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار قولغا ئېلىنىپ، خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، خوتەن مائارىپى ۋەيران بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.
دېمەك، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خوتەننىڭ مائارىپ ئاساسى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، خوتەن بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا بىرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ يوق ئىدى. پەقەت بىر تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە 100 دىن كۆپرەك باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. بار مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ھەر يىلى دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار 200 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 40 نەپەرگە يەتمەيتتى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر مەكتەپتە ئاران 180 دىن ئوقۇغۇچى ۋە بىر نەچچە نەپەردىن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلا بار ئىدى.
ئۆلكە ئازاد بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يەنى، 1953 - يىلى خوتەندە تۇنجى

چىققاندىن كېيىن ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئوغۇللار مەكتىپى ۋە دارىلئېبتام مەكتەپلىرى تولۇقلاپ-قۇرۇلدى. خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1939 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىق مۇددەت بىلەن بەش قارار ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى ئېچىپ 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلىدى. مۇشۇ ئاساستا پەننىي مائارىپ شەھەردىن يېزىغا قەدەر پەيدىنپەي راۋاجلىنىپ، كۆلىمى چوڭراق بولغان يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. 1939 ـ يىلىدىن 1945ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلكىلىك دارىلفۇنۇن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرۇپپىسى ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، خوتەنگە تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ۋە خوتەننىڭ ئۆزىدە يېتىشتۈرۈلگەن بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، مائارىپ سېپى زور بىر تۈركۈم تالانتلىق يېڭى كۈچلەر بىلەن تولۇقلاندى. 1940 ـ يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ھەر قايسى ناھىيىلەردە پىرقى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ (شيەنلى مەكتەپ) قۇردى. كېيىنكى يىللاردا ناھىيە، شەھەر ۋە چوڭراق بازارلاردىكى چوڭراق مەكتەپلەرنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1948 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە بار بولغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىچىدە چايخانا مەكتەپ، قىزلار مەكتىپى، خەنزۇ مەكتەپ، 4 ـ مەكتەپ، خانئېرىق ۋە سەيشەنبە بازار قاتارلىق ئالتە ئورۇندىكى مەكتەپ ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە تەخمىنەن 40 تىن ئارتۇق سىنىپ، 1500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدا يېزا ـ قىشلاقلاردا 60 تىن ئارتۇق مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە 200 دىن كۆپرەك سىنىپ ۋە 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. خوتەنگە قاراشلىق يەتتە ناھىيىنىڭ ئالتىسىدە دارىلئېبتام مەكتىپى بار بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، كىيىم ـ كېچەك، ياتاق، ئوقۇش ماتېرىياللىرى خىراجىتى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن بېرىلەتتى. 1944ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئۈچ يىللىق تولۇقسىزدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. يېڭىئېرىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا تەڭ سانائەت مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 300 نەپەردىن كۆپرەك ئىدى. شۇ يىلى يەنە تۆت يىللىق تولۇقسىزغا ئۆزگەرتىلىپ ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 5ـ

ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ئاساس قىلىنغان، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى تۆت خەنزۇ مەكتەپ قايتا قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپتە تەخمىنەن 14 سىنىپ، 540 نەپەرگە يېقىن ئوقۇغۇچى، 16 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل، ئوقۇلىدىغان دەرسلەر: ھېساب، تىل - ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى، تەبىئەت، شېئىر، رەسىم، تەنتەربىيە، دىنىي دەرستىن ئىبارەت. ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچە ئىسىم قويۇلغانىدى. تاماق، كىيىم - كېچەكنى ھۆكۈمەت تەمىنلەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى بولۇپ، ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن مەكتەپكە كىرگەن، يۇرتقا سېلىق سېلىنمىغانىدى.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شىڭ شىسەي ماخۇسەننى مەغلۇپ قىلىپ، خوتەن رايونىدا ھوقۇق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ماخۇسەن دەۋرىدە قۇرۇلغان خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى مىللىي مەكتەپلەرگە ئايرىپ، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە بىر قىسىم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى خەنزۇ مەكتەپكە، ھەر قايسىسى ئۆز تىل - يېزىقىدا ئوقۇشنى يولغا قويدى. 1938 - يىلى ۋىلايەت بويىچە بىرلا (خوتەن ناھىيىسىدە) خەنزۇ مەكتەپ قالغان. بۇ مەكتەپتە ئۈچ سىنىپ، 79 نەپەر ئوقۇغۇچى (خەنزۇ ئوقۇغۇچى 45 نەپەر، خۇيزۇ ئوقۇغۇچى 24 نەپەر، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 10 نەپەر) ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ئالتە نەپەر ئىدى. 1948 - يىلىغا بارغاندا، مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ، تۆت سىنىپ، ئوقۇغۇچى 110 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ئالتە نەپەرگە يەتتى. 1944 - يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 36 ھەپتە ئوقۇش ۋە پائالىيەت ۋاقتى قىلىنغان. 1938 - يىلى تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ داۋامى ھازىرقى شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى.

## دارىلئېتام ۋە كەسپىي مەكتەپلەر

1938 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ خوتەن شەھەر ئىچىدە دارىلئېتام (يېتىملار) مەكتىپى قۇرۇلدى. ئارقىدىن ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ناھىيە مەركىزىدىمۇ دارىلئېتام مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، ياتاق، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى شەھەر ۋە ناھىيىلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش

ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، يەتتە سىنىپقا 350 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ بولماسلىقتەك تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. 1956 - يىلى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىلىپ 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1958 - يىلىدىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئادەتتىكى مائارىپ تورى تەدرىجىي بەرپا قىلىندى.

خوتەننىڭ ئەسلىدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1957 - يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ئارقىدىن ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپى، قاراقاش ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى خوتەندە پەقەت ئادەتتىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرلا بولۇشتەك يەككە تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، خوتەننىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 1979 - يىلى خوتەندە تۇنجى ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى — خوتەن پېداگوگىكا ئالىي دارىلمۇئەللىمىن تېخنىكومى قۇرۇلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە خوتەندە ئىككىنچى ئالىي مەكتەپ — خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى.

ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خوتەننىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ تېز راۋاجلاندى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بالىلار يەسلىسى مائارىپى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپ مائارىپى، چوڭلار مائارىپىدىن تارتىپ ئالىي مائارىپقىچە بولغان مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەندى.

## خەنزۇ مەكتەپلەر

1934 - يىلى 6 - ئايدا ماخوسەن قوشۇنلىرى خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ

تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈپ كېلىنىپ، خوتەن شەھىرىدە قۇرۇلغان ئوغۇللار، قىزلار مەكتىپى ۋە دارىلئىبتام مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، «غوجامكۆل بېشى» مەكتىپىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلار رەتلىك تىزىلىپ، داقا-دۇمباق، كاناي چېلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار مارشىنى ئوقۇپ، ھەر كۈنى بىر قېتىم شەھەر كوچىلىرىنى ئايلانغاندا، تۈركۈم - تۈركۈم باللار سەپكە قېتىلىپ ماڭغان، ئاتا - ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە قىزغىن ھالدا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولغان. بۇ چاغدا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ياش چەكلىمىسى قويۇلمىغان بولۇپ، ئومۇمەن 7 ـ 20 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىناتتى. مەكەپلەر قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەدرىسە ۋە چوڭراق سارايلار مەكتەپ قىلىنغانىدى. ۋىلايەت بويىچە قۇرۇلغان 26 ئورۇندىكى يېڭى پەننىي مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر، دارىلئىبتامدىكى ئوقۇغۇچى سانى 2450 نەپەر ئەتراپىدا ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1938-يىلى 12 ـ ئايدا خوتەن شەھىرىدە دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىپ، ئەمەت ھاجى ۋە قاراقاش شاخلىقتىكى ئابدۇللا داموللامدا ئوقۇغانلار ھەمدە جەمئىيەتتىكى ساۋاتلىق كىشىلەرنى تالالاپ، ئالتە ئايلىق قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، 80 نەپەردىن كۆپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە قۇرۇلغان مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلغان. 1939 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدىن بەش قارار ئېچىپ، 1000 نەپەردىن كۆپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىدى. نەتىجىدە، پەننىي مىللىي مائارىپ شەھەردىن يېزىغا قاراپ راۋاجلىنىپ، چوڭراق يېزىلاردا باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلدى. 1940 - يىلىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت ھەر قايسى ناھىيىلەردە مۇكەممەل باشلانغۇچ (完校) شەرتىگە توشقان مەكتەپلەردىن بىردىن ئۈچكىچە مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شيەنلى (县理) مەكتەپ دەپ ئاتىدى ھەمدە مەكتەپلەرنىڭ راسخوتىنى ھۆكۈمەت مالىيىسى ئۈستىگە ئالدى. مۇكەممەل مەكتەپ شەرتىگە توشمىغانلارنى ھەر قايسى مەللەتنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا قالدۇرۇپ، خۇيلى (会理) مەكتەپ دەپ ئاتىدى. راسخوتىنى

ئۇيۇشمىلىرى ئۇستىگە ئالدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنگەندىن كېيىن 1944 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ دارىلئىبتام مەكتەپلىرى كەسپىي مەكتەپ (سانائەت مەكتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كە ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپنىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەپ، ئۆز كىرىمى ئارقىلىق ئۆزىنى بېقىشى يولغا قويىدى. شۇڭا ھەر قايسى كەسپىي مەكتەپلەر ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە باب كېلىدىغان كەسىپلەرنى تاللاپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا ھۈنەر ئۆگىتىش ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا شارائىت ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. شۇ مەزگىللەردە ۋىلايەت بويىچە ئالتە ئورۇندا كەسپىي مەكتەپ بار بولۇپ (1942 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسى يەركەنت مەھكىمىسىگە قارىغان)، بۇ مەكتەپلەردە ياغاچچىلىق، ئاشپەزچىلىك، ناۋايچىلىق، تىككۈچىلىك، مۇزدوزچىلىق، قەغەزچىلىك، گىلەمچىلىك، كېگىزچىلىك، توقۇمىچىلىق، خالۋاپچىلىق (خورجۇن، تاغار توقۇش) قاتارلىق قول سانائەت، يېمەك ـ ئىچمەك كەسىپلىرى يولغا قويۇلغان. بىر قىسىم مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار تىككەن كىيىم ـ كېچەكلەر دۇكانغا سېلىنىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ خىش شەكلىدە گۈل چىقىرىپ توقۇلغان بۆز ئەدىيال بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، خەلق ئاممىسى تالىشىپ سېتىۋالغان. خوتەن ۋىلايەتلىك كەسپىي مەكتەپ تۆت گىلەم دۇكىنى، ئىككى خالۋاپچىلىق دۇكىنى، تۆت شايى ـ ئەتلەس توقۇش دۇكىنى قۇرۇپ، كۆپ مىقداردا قول سانائەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سېلىندى. بولۇپمۇ شايى ـ ئەتلەس توقۇش دۇكىنىدا توقۇلغان چىپا تىرىكە رەخت ياخشى بازار تاپقان. تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىغاندا، ۋىلايەتلىك كەسپىي مەكتەپتە ئوقۇغۇچى تەرەققىي قىلىپ 120 نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپ 1948 ـ يىلى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاقالغان.

## پەننىي مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر

خوتەندە شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، 1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. ئارقىدىنلا، قەشقەردىن بىر

1942 - يىلى شىڭ شىسەي گېرمانىيە فاشىزمىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان چاقماق تېزلىكىدىكى تاجاۋۇزىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ، سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇ، دەرھال ئىشنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلارنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىشتىن باشلىدى. 1943-يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىسى قۇرۇلدى، جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئارقىغا چېكىندى. 1944 - يىلىدىن كېيىن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، شەھەرلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋاقتى 36 ھەپتە، قىر (تاغلىق رايون)، سەھرا (يېزا - كەنت) لەردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋاقتى 32 ھەپتە قىلىپ بېكىتىلدى. دەرس سىستېمىسىنى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش تۈزۈپ تارقاتتى.

## كەچ كۇرس ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئىجتىمائىي مائارىپنى مەجبۇرىي ئومۇملاشتۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كەچ كۇرسىنى ئېچىپ، پۇقرالارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشنى مەجبۇرىي ۋەزىپە قىلىپ بېكىتكەنىدى. ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى تەشكىللەش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، سىنىپ، ئۇچاستىكا بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەنىدى. شۇڭا شەھەر - يېزىلاردا يىللىق دائىمىي كەچ كۇرس، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى (كەچ كۇرس) ئېچىلىپ، ھەر كۈنى بىر - ئىككى سائەتكىچە دەرس ئۆتەتتى. يېزا - قىشلاقلاردا مەھەللىلەر بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە بىر قانچە كۈن دەرس توختاتقاندىن باشقا، يىل بويى دەرس ئۆتىلەتتى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كەچ كۇرسىغا قاتناشمىغانلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە جەرىمانە قويۇلاتتى. ساۋاتلىق بولالمىغانلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى.

ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1940 - يىلى قىش پەسلىدىن 1941-يىلى ئەتىيازغىچە ۋىلايەت بويىچە 518 ئورۇندا كەچ كۇرس ئېچىلىپ،

ئويۇشما كىرىمىدىن ھەل قىلدى.

تولۇقسىز مەلۇماتتىن قارىغاندا، 1940 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە شيەنلى مەكتەپ ئالتىگە، خۇيلى مەكتەپ 187 گە، بۇ ئىككى خىل مەكتەپلەردىكى ئومۇمىي سىنىپ 495 كە، ئوقۇغۇچى 24081 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 688 نەپەرگە يەتكەن. 1942 ـ يىلىغا كەلگەندە، شيەنلى مەكتەپ يەتتىگە، خۇيلى مەكتەپ 256 گە، ئىككى خىل مەكتەپتىكى ئومۇمىي سىنىپ 696 گە، ئوقۇغۇچى 31654 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 843 نەپەرگە يەتكەن.

1938 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن ۋىلايىتىدە يېڭىچە مىللىي مائارىپ تازا گۈللەنگەن ۋاقىت ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى مەمۇرىي خادىملاردىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى ئىدى. مەكتەپلەر باش مەكتەپ ۋە تارماق مەكتەپلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، باش مەكتەپتە بىر نەپەر مەكتەپ مۇدىرى ۋە بىر نەپەر ئىلمىي مۇدىر، يەنە بىر قانچە نەپەر ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بىر سىنىپقا بىر ئوقۇتقۇچى مەسئۇل بولۇپ، بارلىق دەرسلەرنى ئۆزى ئۆتەتتى.

بۇ مەزگىللەردە ھەر قايسى مەكتەپلەردە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى جانلانغان بولۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىدە ھەربىي قىسىملار ئات ئۈستى مەشىقى كۆرسىتەتتى. 10 مىڭ مېتىر، 5000 مېتىر بويىچە ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، 800 ۋە 400 مېتىر بويىچە كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش، 200 ۋە 100 مېتىر بويىچە قىسقا مۇساپىدە يۈگۈرۈش، توساقتىن ئاتلاپ ئۆتۈش، ئېگىزلىككە سەكرەش، گرانات ۋە چۆيۈن توپ ئېتىش، تورنىك ئويناش، ئارغامچا تارتىشىش، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىپ، مۇسابىقىدە نەتىجىسى يۇقىرى بولغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە كۈمۈش لوڭقا، كۈمۈش مېدال، ۋېلسىپېت، يۇڭ ئەدىيال قاتارلىق مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. 1943-يىلىدىن كېيىن بۇ ئىككى بايرام ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بالىلار بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. (شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكىلەردە 1931 ـ يىلىدىن باشلاپ 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بالىلار بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتىلگەن ھەمدە يولغا قويۇلغانىدى)

جەمئىي 11 نەپەر خادىم بار ئىدى. 8 - ئايدىن كېيىن ئىككى نەپەر مۇپەتتىش، بىر نەپەر تەرجىمان تولۇقلىنىپ، خادىم سانى 14 نەپەرگە يەتتى. 1938 - يىلىدىن كېيىن، ئىككى خىل مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى شەكىللىنىپ، شيەنلى ( 县理 ) مەكتەپلەرنى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇردى. راسخوت ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن ھەل قىلىپ بېرىلدى.

1939 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1942 - يىلى 9 - ئايغىچە ما جياۋسۇڭ (يەنئەندىن خوتەنگە ئەۋەتىلگەن پارتىيىلىك كادىر) خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن.

1944 - يىلى مائارىپ ئىدارىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر (مىللىي، خەنزۇ مەكتەپ) ئالتىگە يەتكەن. 1940 - يىلى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئورنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا بولۇپ، 1942 - يىلى ۋىلايەت بويىچە يەتتە مەكتەپنى باشقۇرغان. 1944 - يىلى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەت بىناسى (ھازىر ئىقتىسادىي كومىتېت بىناسى ئورنىدا ئىدى) پۈتكەندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسى كۆچۈرۈپ كىرىپ، مەمۇرىي مەھكىمە تەركىبىدە مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەزگىلدە باشقارمىدا سەككىز نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇپەتتىش خادىم تۆت نەپەر ئىدى. 1944 - يىلىغا كەلگەندە، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى 19 مەكتەپنى باشقۇرغان، 1946 - يىلى 40 ئورۇندىكى شيەنلى مەكتەپنى باشقۇرغان. 1948 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 47 ئورۇندىكى شيەنلى مەكتەپ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئازادلىق ھارپىسىغىچە تۆۋەندىكى كىشىلەر باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن:

سۇي جاۋتەي ئىدارە باشلىقى (1938 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە)، جاڭ جىڭسۇن ئىدارە باشلىقى (1940 - يىلىدىن 1941- يىلىغىچە)، ليۇ زىفاڭ ئىدارە باشلىقى (1942 - يىلىدىن 1944- يىلىغىچە)، چېن شىلىڭ باشقارما باشلىقى (1945 - يىلىدىن 1948- يىلىغىچە)، ليۇ زىفاڭ باشقارما باشلىقى (1949 - يىلىدىن 1950- يىلىغىچە)، يۈ جىڭيى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى (1938 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە)، شۈي رۇن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى (1940 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە)

980 سىنىپتا 76946 نەپەر كىشى ساۋات چىقىرىشقا قاتناشقان. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە 941 نەپەر ئوقۇتقۇچى قاتناشقان. خوتەن ناھىيىسىدە «ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش چارىسى» نى يولغا قويغاندىن كېيىن، 1940 ـ يىلى كۈزدىن 1942 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە 82 سىنىپتا دائىمىي يىللىق كەچ كۇرس تەشكىل قىلىنىپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ھەۋدىگە بېرىلگەن. 1943 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 38 مەكتەپتە كەچ كۇرس ئېچىلىپ، 150 سىنىپتا 9635 نەپەر كىشى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە قاتناشقان. 1944 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا ۋەزىپە چۈشۈرگەن.

1945 ـ يىلى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان كىشى كېمىيىپ 4149 نەپەرگە چۈشۈپ قالغان.

1946 ـ يىلى گومىنداڭ تەرەپ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەرەپ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى بىر قەدەر ياخشى ئىشلىنىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتى 9411 نەپەرگە يەتكەن. 1947 ـ يىلى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتلىرىنىڭ سانى ئازلاپ 3850 نەپەرگە چۈشۈپ قالغان. 1948ـ يىلى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى چۈشۈرگەن ئۇقتۇرۇشتا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 633664 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار 414082 نەپەر، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسى 12700 نەپەر دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن ئەمەلىي ئوقۇشقا قاتناشقىنى 5102 نەپەر بولغان.

## ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارە (باشقارما) سىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى 3 ـ ئايدا) گوجەن دەرۋازىسىدىكى ساۋۇر ئاخۇن شاگىرتىنىڭ قورۇسىدا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە باشلىقى سۈي جاۋتەي (خەنزۇ) ئىدى. ئىدارىدە بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى نەپەر ئىككىنچى دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى، ئىككى نەپەر خاتىرە يازغۇچى (كاتىپ)، ئۈچ نەپەر قارا خىزمەتچى، بىر نەپەر ئات باققۇچى بولۇپ،

هايۋانات باغچىسى قۇرۇش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، مەكتەپلەردە سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇش، كىتاب - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ۋە تارقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرەتتى.

4. مالىيە بۆلۈمى: كىرىم توپلاش (ئۆشرە - زاكات، كىرىم قىلىش، قۇربانلىق قوي - كالا تېرىسى، ئۈچەيلەرنى كىرىم قىلىش، ۋەخپە ۋە يەر ئىجارە كىرىم، ناھىيە ئۇيۇشمىلىرىدىن ئاجرىتىلغان نىسبەت كىرىم، ئىختىيارىي ياردەم، بانكا ئۆسۈم كىرىمى ۋە باشقا كىرىملەر)، مەكتەپ بىنالىرىنى سېلىش، مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش، ئوقۇتۇش جاھازىلىرىنى ياسىتىش، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، مەكتەپلەرنىڭ ئىش راسخوتى، ئىسسىتىش خىراجىتى، يېتىم بالىلارنىڭ كىيىم - كېچەك، دەپتەر - قەلەم دەرسلىك ماتېرىيال راسخوتى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىراجىتى قاتارلىقلارنى تارقىتىش چىقىم قىلىش، مالىيە كىرىم - چىقىم ھېساباتىنى خۇلاسە قىلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يۇقىرى - تۆۋەن ئورۇنلارغا دوكلات قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرەتتى.

مالىيە بۆلۈم تەركىبىدىكى ئەۋقاپ بۆلۈمى — ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئىجارىسىنى يىغىش، ئۆشرە ئۈچۈن يىغىلغان ئاشلىق، زاكاتقا يىغىلغان چارۋا ماللارنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارنى بېجىرەتتى.

**ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى:** ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قارىمىقىدا بەش چوڭ بۆلۈم تەسىس قىلىندى ھەمدە ئالاقىدار خادىملارنى سەپلىدى. 1938- يىلدىن 1944 - يىلغىچە كېلىپ - كېتىپ تۇرغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، داۋاملىق خىزمەت قىلىدىغانلار 70 — 75 كىشى ئەتراپىدا ئىدى. 1944 - يىلدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە داۋاملىق خىزمەت ئىشلىگەنلەر 40 — 41 نەپەر ئەتراپىدا ئىدى. ئۇيۇشمىنىڭ ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملىرى تولۇقلانغاندىن كېيىن، ئۇيۇشمىغا كېرەكلىك راسخوتنى ھەل قىلدى. ئۇ چاغدا تەقۋادار كىشىلەر يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا، مازايى - ماشايىقلار ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ قالدۇراتتى. ئۇيۇشما قۇرۇلۇپ، بۇ ۋەخپە يەرلەرنى ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بەردى. ئىجارە ھەققىنى ئۇيۇشما يىغىپ كىرىم قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە، دېھقانلار تېرىغان يىللىق مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ئۆشرىگە، سودىگەر، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى زاكاتقا ئايرىپ، كەمبەغەللەرگە

## مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى

شىڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مالىيە ئەھۋالى قىيىن بولۇپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى، پىلانلىشى ئارقىسىدا، مائارىپنى خەلققە تايىنىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلار باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى يولغا قويۇپ، مەدەنىيەت - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالغانىدى.

1938 - يىلى 3 - ئايدا خوتەندە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ۋە دائىمىي ھەيئەت قارمىقىدا كاتىبات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە قاتارلىق بەش چوڭ بۆلۈم تەسىس قىلىندى. ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمەت دائىرىسى ۋە ۋەزىپىسى مۇنداق بولغان:

1. كاتىبات بۆلۈمى: ئۇيۇشما نامىدىن يۇقىرىغا يوللىنىدىغان، تۆۋەنگە تارقىتىلىدىغان ئالاقە - ئۇقتۇرۇشلارنى باش كاتىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆچۈرمە تولدۇرۇش، يىغىن خاتىرىسىنى يېزىش، ۋاقىت خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرەتتى.

2. تەشكىلات بۆلۈمى: ھەر قايسى ناھىيىلىك ئۇيۇشمىلار بىلەن ماسلىشىپ، مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى يازلىق تەتىلدە ۋىلايەت بويىچە يىغىپ، ھەر قايسى پەنلەر بويىچە تەربىيىلەش، مۇدىر، ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېجىرەتتى.

3. تەشۋىقات بۆلۈمى: يۇقىرىدىن ئەۋەتكەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق مەكتەپ ۋە جەمئىيەتكە تەشۋىق قىلىش، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش توغرىسىدا ئاتا - ئانىلارغا تەشۋىق قىلىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئۆشرە - زاكاتنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بېرىش، ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، رەسىم كۆرگەزمىسى، مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىش، ئاسارە - ئەتىقىلەرنى توپلاش،

قايسى ناھىيە بازىرى ۋە چوڭراق يېزىلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ قۇردى.

ئۇيۇشمىغا كىرىم قىلىنغان كىرىمنىڭ 80٪ ى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، 20٪ ى ھەر خىل پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى ئۇيۇشما ئىقتىسادىغا تايىنىپ، ھازىرقى ئىلچى مېھمانخانىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىنا ئورنىغا، ئالدى تەرىپى ئىككى قەۋەت، ئارقا تەرىپى بىر قەۋەت قىلىپ 15 ئېغىزلىق ئىشخانا بىناسى سالغان. ئۇيۇشما 1950 - يىلى 3 - ئايدا ئىتتىپاققا ئۆزگەرتىلدى.

مۇدىر: ئەمەت ھاجى، مالىيە مۇدىرى: تۇرسۇننىياز ھاجى، بوغالتىر: مەمەت ئابدۇللا، كاسسىر: ئەمەر.

مىنگونىڭ 35 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ھوشۇرنىياز مۆپتى رەئىس (1938 — 1941 - يىل)، ياقۇپجان مۇئاۋىن رەئىس (1938 — 1941 - يىل)، ئەمەت ھاجى رەئىس (1941 — 1943 - يىل)، ئابدۇراخمان قادىر مۇئاۋىن رەئىس (1941 — 1943 - يىل)، قۇربانجان ئابدۇۋەلى رەئىس (1943 — 1945 - يىل)، ئابدۇقادىر ھەسەن رەئىس (1945 — 1946 - يىل)، ئەبەيدۇللا ھاجى مۇئاۋىن رەئىس (1945 — 1946- يىل)، تۇرسۇننىياز ھاجى رەئىس (1946 — 1949 - يىل)، مەتنىياز بەگ مۇئاۋىن رەئىس (1946 — 1949 - يىل)

**خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى:** خەنزۇ مەدەنىي ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇتخانا ۋە ئاممۇۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىر تۇتاش باشقۇراتتى. بۇتخانا ۋە ئاممۇۋى تەشكىلاتلاردىكى قىسمەن باشقۇرغۇچى خادىملارنى قوبۇل قىلىپ ئۇيۇشمىغا ئورۇنلاشتۇراتتى. ۋىلايەت مەركىزىدىن باشقا، قىسمەن ناھىيىلەردە چېڭخۇاڭمياۋ، يۈۋاڭمياۋ، خاڭشىمىڭياۋ دېگەندەك بۇتخانىلار بار ئىدى، بۇتخانىلارنىڭ يېنىك سىتاڭ (مازار)، ۋەخپە يەرلەر بولۇپ، مەخسۇس قارايدىغان شەيخلەر بار ئىدى. بۇتخانىلارنىڭ ئۆي - ئىمارەت، مال - مۈلۈك ئىقتىسادى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇيۇشمىغا يەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئاز مىقداردا پۇل ئاجرىتىپ بەرگەندىن باشقا، قالغان قىسمىنى ئۆزلىرى ھەل قىلاتتى.

خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ چاڭچىلە (سەنئەت) ئۆمىكى بار بولۇپ، ھەر يىلى باھار بايرىمى ۋە چوكانتال پەسلىدە تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئويۇن قويۇپ پۇل تاپاتتى.

تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. ئۇيۇشما قورۇلۇپ، يوقىرىقى ئۆشرە - زاكاتلارنى ئۇيۇشما تاپشۇرۇۋېلىپ كىرىم قىلدى. ھەر يىلى قوربان ھېيتتا قوربانلىق قىلىنغان قوي - كالىلارنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنى يىغىپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ جوۋا تىككىپ، دارىلئېتام ۋە دارىلئاجىزدىكىلەرگە تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا، قالغان قىسمىنى سېتىپ ئۇيۇشمىغا كىرىم قىلدى، ئۇيۇشما يەنە ئاشخانا، چايخانا ۋە ھەر خىل دۇكانلارنى ئېچىپ، تىجارەت قىلىپ مەبلەغ توپلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيۇشما قارىمىقىدا خەلق سەنئەتچىلىرى ئۆمىكى قورۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن قاھارجان (ئۆزبېك مۇزىكا ئۇستازى)، سوۋېتتا ئوقۇغان ھاجى خانىم ئۇسسۇل ئۇستازى بولدى. كېيىن ئەمەت ئۆمەردەك ماھىر سەنئەتچىلەر قوشۇلۇپ، سانايىنەپىسە ئىشلىرى تېخىمۇ جانلاندى. سەنئەت ئۆمىكى قورۇلۇپ، «بارات چەللىگور»، «ئاتا بىلەن بالا» قاتارلىق كومېدىيىلەر ئوينالدى. «چىمەنگۈل»، «كورەش قىزى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى، يەنە ناخشا - ئۇسسۇل، ئېيتىشىش قاتارلىقلار ئىجاد قىلىنىپ ئوينالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇيۇشما قارىمىقىدا كىنو قويۇش ئەترىتى قورۇلۇپ، «لېنىن ئۆكتەبىردە»، «چاپايوپ»، «گىرانىشتان»، «چىرايلىق ۋاسلىيسا» قاتارلىق ئىلغار كىنو فىلىملىرى قويۇلدى.

1938- يىلى 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خوتەندە «ياپونغا قارشى ئارقا سەپ ياردەم جەمئىيىتى» قورۇلۇپ، ئۇيۇشما تەشكىللىگەن ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات ئەترەتلىرى كوچىلارغا چىقىپ تەشۋىق قىلدى. ئوتتۇق سۆزلىدى ھەمدە كەڭ ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىئانە توپلاشقا قوزغىدى. ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، 1938 - يىلى 7 - ئايدىن 1939 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە 5 مىليون 770 مىڭ 80 سەر قەشقەر تەڭگىسى، 18 سەر 8 مىسقال ئاق تەڭگە، 15 سەر 2 مىسقال كېپەك ئالتۇن، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە نۇرغۇن كىيىم - كېچەك ياردەم قىلىنغان. 1943 - يىلى 8 - ئايدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، «شىنجاڭ» ماركىلىق بىر دانە ئايروپىلان ئىئانە قىلىنغان. يەنە ئات تەقدىم قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشتە كېرىيە 9000 يۈەن، لوپ 7500 يۈەن، خوتەن ناھىيىسى 8500 يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان.

1940 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيۇشما ئۆز ئىقتىسادىغا تايىنىپ، ھەر

خويزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىسىنىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ماۋېنلۇڭ رەئىس (1938 - يىل)، شى جىڭسەن مۇئاۋىن رەئىس (1938 - يىل)، ۋاڭ سىڭۋىن مۇئاۋىن رەئىس (1940 — 1942 - يىل)، مالياڭجۇن مۇئاۋىن رەئىس (1940 — 1942 - يىل)، مالياڭجۇن رەئىس (1942 — 1944 - يىل)، خوي سەيجىڭ مۇئاۋىن رەئىس (1942 — 1944 - يىل)، مايۈەنچىڭ رەئىس (1944 — 1947 - يىل)، سۈەن ۋەنسەي مۇئاۋىن رەئىس (1944 — 1947 - يىل)، يۈدىڭجاڭ رەئىس (1947 — 1948- يىل)، ماكوي رەئىس (1948 — 1949 - يىل).

## 5. بۈگۈنكى دەۋر خوتەن مائارىپى

### ئاساسىي مائارىپ

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان خوتەننىڭ مائارىپ ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، خوتەننىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «مائارىپ ئىسلاھاتى» توغرىسىدا كۆرسەتمە تارقىتىپ، جايلارنىڭ كونا مائارىپ تۈزۈلمىسىنى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىشنى، «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» ئاچقان مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونا مائارىپ تۈزۈلمىسى، تۈرلۈك ئەمىر - پەرمانلىرى، دەرسلىك، ئوقۇتۇش، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1951 - يىلى 12 - ئايدا ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى «ناھىيىلىك خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى» باشقۇرغان. 182 باشلانغۇچ مەكتەپ، 26961 نەپەر ئوقۇغۇچى، 570 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى مائارىپ تۈزۈمى بەرپا قىلىندى.

ئۆلكە ئازاد بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يەنى، 1953 - يىلى خوتەندە تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، يەتتە سىنىپقا 350 نەپەر ئوقۇغۇچى

ئۇيۇشمىنىڭ ئىلكىدە 725 مو يەر، ئىككى ئورۇندا كۆلۈپ، 37 ئېغىز ئۆيى بار ئىدى. يەرلەرنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. ئۇيۇشما كوللېكتىپ ئۇيۇشۇش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايتتى. كۆچۈپ كەتكەن، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلاتتى، بىر - بىرىگە ياردەم بېرەتتى، ھەر خىل سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ۋىلايەتلىك خەنزۇ ئۇيۇشمىدا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس بولغانلار:

ياڭ جۇنخۇڭ رەئىس (1938 - يىلى 1941 - يىل)، گولىيەنشىن مۇئاۋىن رەئىس (1938 - يىلى 1941 - يىل)، ماۋىنلەي مۇئاۋىن رەئىس (1938 - يىل 1941 - يىل)، ۋاڭ يۇڭچاڭ رەئىس (1941- يىلى 1942 - يىل)، جاۋ يانەن مۇئاۋىن رەئىس (1941- يىل 1942- يىل)، ليۇ زىفاڭ رەئىس (1942 - يىلى 1943 - يىل)، ۋۇ كېرىن مۇئاۋىن رەئىس (1942 - يىلى 1943 - يىل)، ۋاڭ جۇنسەي رەئىس (1943 — 1944 - يىل)، يۇ خۇالۇڭ مۇئاۋىن رەئىس (1943 — 1944 - يىل)، ۋاڭ جۇنلىڭ رەئىس (1944 — 1945 - يىل)، جاڭ گېڭشى رەئىس (1945 — 1946 - يىل)، ۋاڭ خەيشىن رەئىس (1946 — 1947 - يىل)، رېن جۇڭگۇەن رەئىس (1947 — 1948 - يىل)، گوڭ داجى مۇئاۋىن رەئىس (1947 — 1948 - يىل)، چېن شىلىڭ رەئىس (1948 - يىل)، رېن جۇڭشىن مۇئاۋىن رەئىس (1948 - يىل)، ليۇ زىفاڭ رەئىس (1949 - يىل 8 - ئايغىچە)، ۋې زىسەي مۇئاۋىن رەئىس (1949 - يىل 8 - ئايغىچە).

**خۇيزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى:** شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن، قېپقالغان ئاز ساندىكى تۇڭگان (خۇيزۇ) لار يەرلىك كىشىلەرنىڭ زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ قۇرۇلغان تەشكىلات ئىدى.

خۇيزۇلارنىڭ پەرزەنتى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان بولغاچقا، خۇيزۇلار ئۇيۇشمىسى باشقۇرىدىغان بىرەرمۇ مەكتەپ يوق ئىدى. خوتەندە خۇيزۇلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار گازىر، پۇرچاق، لەڭپۇڭ، زۇڭزا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. خۇيزۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر قىيىن بولۇپ، ئۇلاردا ساۋاتسىزلار كۆپ ئىدى. شۇڭا خۇيزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيىتى باشقا ئۇيۇشمىلارنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ 1948 - يىلىدىكى دائىمىي ھەيئىتى 17 نەپەر كىشى ئىدى.

ئاساسىي مائارىپىدا جايلار مەسئۇل بولۇش، دەرىجە بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان يېڭى كەيپىيات شەكىللەندى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋىلايەت بويىچە باللار باغچىسى 10 غا، ئوقۇغۇچى 6806 نەپەرگە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 902 گە، ئوقۇغۇچى 198 مىڭ 88 نەپەرگە؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 116 گە، ئوقۇغۇچى 50 مىڭ 278 نەپەرگە؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوملار ئالتىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 4153 نەپەرگە؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر توققۇزغا، ئوقۇغۇچىلىرى 1955 نەپەرگە؛ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى بىرگە، ئوقۇغۇچىلىرى 77 نەپەرگە؛ چوڭلار ئالىي مەكتىپى ئىككىگە، ئوقۇغۇچىلىرى 853 نەپەرگە يەتتى. مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار سانىمۇ يىلمۇ يىل كۆپەيدى.

1995 - يىل ئاخىرىدا باللار باغچىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار 8286 نەپەرگە؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار 3633 نەپەرگە؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوملاردا ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار 278 نەپەرگە؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار 113 نەپەرگە؛ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار 88 نەپەرگە يەتتى. ئاممىۋى مائارىپنىڭ كەڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن ساۋاتسىزلارنىڭ سانى ئازايدى.

ھازىر خوتەننىڭ ئۆزىدە سەككىز باللار باغچىسى بار بولۇپ، بۇ باغچىلاردا 4638 نەپەر باللار بار. ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل باشلانغۇچ مەكتەپلەر 871 بولۇپ، بۇ مەكتەپلەردە 243210 نەپەر ئوقۇغۇچى، 11879 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار. ھەر خىل ئوتتۇرا مەكتەپلەر 149 بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 93233 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 8277 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 6528 نەپەرگە يېتىدۇ.

**1. باللار مائارىپى:** ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەننىڭ باللار مائارىپى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1965 - يىلى ھەر قايسى ئىدارە - ئورگانلار، كان - كارخانىلار پۈتۈن كۈنلۈك تۇزۇمدىكى باللار باغچىسىنى قۇرۇپ، ئۆزىگە تەۋە باللارغا بولغان ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي تەربىيىنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى

قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن خوتەننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ بولماسلىقتەك تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. 1956 - يىلى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ئېچىلىپ 100 گە يېقىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1958 - يىلىدىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئادەتتىكى مائارىپ تورى تەدرىجىي بەرپا قىلىندى.

خوتەننىڭ ئەسلىدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1957 - يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. ئارقىدىن ۋىلايەتلىك سەھىيە مەكتىپى، قاراقاش ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ۋە ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى قاتارلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىلگىرى خوتەندە پەقەت ئادەتتىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرلا بولۇشتەك يەككە تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، خوتەننىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىلدا قولغا كەلگەن مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، مائارىپنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

1978 - يىلى 11 - ئايدا پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىپ، مائارىپ خىزمىتىدىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، مائارىپنى راۋاجلىنىش ئىزىغا سالدى، مائارىپ ئىسلاھاتى پەيدىنپەي قانات يايدۇرۇلدى.

1992 - يىلى 10 - ئايدا چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا: «مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ پىلانى» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ ئاساسىي مائارىپى پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا يولغا قويۇلۇپ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، كەسىپ - تېخنىكا مائارىپى، چوڭلار مائارىپى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. يېزا

ئاساسەن، 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 283 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇيغۇر، قازاق ئۆسمۈرلىرى ئوقۇيدىغان ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. خوتەندە 9 - ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى.

1962 - يىلى يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، خوتەندە «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. خەلق ئاساسىي كۆچىنى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت چوڭ نىشانغا قاراتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى خېلى كۆپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېزا ئىگىلىكىگە قايتۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1965 - يىلى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا ئۆرلەش بولدى. شۇ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 1353 كە، ئوقۇغۇچى 111415 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3665 نەپەرگە يەتتى. 1966-يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئالدى بىلەن مائارىپ ساھەسىگە ئوت ئاچتى. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ۋەيران قىلىۋېتىلدى. 1972 - يىلى «ئىشىك ئالدىدا مەكتەپ بولۇش» يولغا قويۇلۇپ، يېزىلاردا ئەسلىدە بار بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆي-ئىمارەتلىرىنى يىقىتىپ، ھەر بىر كەنتتە بىردىن باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭراق زاۋۇت، كان-كارخانىلارمۇ ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئاچتى. نەتىجىدە، ھۆكۈمەت باشقۇرغان، خەلق باشقۇرغان، باشقا ئورۇنلار باشقۇرغان (زاۋۇت، كان - كارخانا) مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى.

مەكتەپلەرنى «كەمبەغەل، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقانلار باشقۇرۇش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋەكىللىرى مەكتەپلەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. 1974-يىلىدىن 1977-يىلىغىچە ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كىرگەن ئىشچىلار ۋەكىلى 62 نەپەرگە، دېھقانلار ۋەكىلى 5953 نەپەرگە يەتتى. ئۇلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ھەققى، تەمىنلەش بۆلۈملىرى مەكتەپ

ۋىلايەت بويىچە باللار باغچىسى 12 گە، ئوقۇغۇچى 687 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى 24 نەپەرگە يەتتى. 1974 - يىلى ۋىلايەت بويىچە باللار باغچىسى 15 كە، ئوقۇغۇچى 871 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 56 نەپەرگە يەتتى.

1983 - يىلدىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەر قارىمىقىدا تەييارلىق سىنىپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇش يېشىغا توشمىغانلار قوبۇل قىلىندى. 1985 - يىلى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە مۇنتىزىم باللار باغچىلىرى قۇرۇلدى. ھەر قايسى زاۋۇت، كان - كارخانىلاردىمۇ باللار باغچىلىرى قۇرۇلدى. باغچا، سىنىپ، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى سانى يىلمۇ يىل كۆپەيدى.

**2. باشلانغۇچ مەكتەپ:** 1950 - يىلىدىن باشلاپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۆت يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەكتەپكە كىرىش ياش چەكلىمىسى كەڭ قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1952 - يىلىغا كەلگەندە، مەكتەپ سانى 284 كە، ئوقۇغۇچى 41858 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 828 نەپەرگە يەتتى. 1957 - يىلىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 372 گە، ئوقۇغۇچى 63422 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1645 نەپەرگە يېتىپ، 1949 - يىلىغا قارىغاندا مەكتەپ سانى 2.5 ھەسسە، ئوقۇغۇچى 2.5 ھەسسە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1.93 ھەسسە كۆپەيدى.

1958 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئەگرى - توقايلىق مەزگىلىدە مائارىپ سېپىدە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش فاكچىنى ئىجرا قىلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا تەرەققىيات ئاستا بولدى. 1958 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئۈستىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 1960 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋاقتىنى بەش يىلغا ئۆزگەرتتى.

باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش يېشى يەتتە ياشتىن 11 ياشقىچە قىلىپ بېكىتىلدى. 1959 - يىلى 11 - ئايدا ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى قوللىنىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭى يېزىق (لاتىن يېزىقى) نى سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىش يولغا قويۇلدى ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا

يولغا قويۇلغان بولۇپ، 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن كېيىن «يۈزلۈك نومۇر قويۇش» قا ئۆزگەرتىلدى. يەنە 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇش ياردەم پۇلى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1957 ـ يىلى بىر قىسىم ناھىيىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. مەكتەپ سانى سەككىز (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بىر) گە، ئوقۇغۇچى 3716 نەپەرگە (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3590 نەپەر، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكەپتىكى ئوقۇغۇچى 126 نەپەرگە) يەتتى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 133 نەپەرگە يەتتى. ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى %1 .24 نى ئىگىلىدى. 1958 ـ يىلى «مائارىپنى پرولېتارىيات سىياسىيسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قايسى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ باردى. ئەمگەك دەرسى پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. مەكتەپ سانىمۇ كۆپىيىپ، كۆپ شەكىللىك باشقۇرۇش تۈزۈمى شەكىللەندى. 1962ـ يىلدىن باشلاپ مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى؛ 1967 ـ يىلدىن باشلاپ مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى؛ 1969 ـ يىلدىن باشلاپ ئىنقىلابىي كومىتېت مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يەنە 1974 ـ يىلدىن باشلاپ ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى، ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مائارىپ سېپىدە سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش خىزمىتى ئىشلىنىپ، خاتا، ئۆۋال، يالغان ئەنزىلەر بىر تەرەپ قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيىدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى. 1981 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكەپ 80 (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 64، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 16) گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 26044 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1834 نەپەرگە يەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %3 .39 كە يەتتى. 1995 ـ

تەرىپىدىن تارقىتىلدى. نەتىجىدە، مەكتەپلەر قۇرۇۋېلىنىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى.
پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خوتەننىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.
1979 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ 1346 گە، ئوقۇغۇچى 159376 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 6602 نەپەرگە يەتتى.
1985 - يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىنىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر زور كۆلەمدە مەبلەغ سېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تولۇق شارائىت هازىرلاپ بەردى. 1990 - يىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە تولۇق شارائىت هازىرلاپ بەردى. 1990 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 912 گە، ئوقۇغۇچى 172638 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8082 نەپەرگە يەتتى. 1991 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئالتە يىللىققا، ئوقۇش يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆلچەملىك يېشى يەتتە ياشتىن 12 ياشقا ئۆزگەرتىلدى.
1995 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 902 گە، ئوقۇغۇچى 198088 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 8372 نەپەرگە يەتتى.

**3. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى:** ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەننىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1 - بەش يىللىق پىلاننىڭ دەسلەپكى يىلى ۋىلايەت تۇنجى قېتىم ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچى 350 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 10 نەپەرگە يەتتى. بۇ مەزگىلدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئارانلا 10.7% ئىدى.
1950 - يىلدىن 1956 - يىلىغىچە ئۇيغۇر مەكەپلىرىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى سوۋېتتىن كەلتۈرۈلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە پەن - تېخنىكا مەزمۇن قىلغان ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. «بەش باسقۇچلۇق دەرس ئۆتۈش»، «بەشلىك نومۇر قويۇش» تۈزۈمى

خاراكتېرىدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ماشىنىسازلىق، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرى تەسىس قىلىندى. ئوقۇتقۇچىلارنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىلىرى تاللاپ ئەۋەتكەندىن باشقا، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى كەسىپ ئاچقان تارماقلار ھەل قىلدى. دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپ دەرسلىكى ئۆتۈلۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى نامىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى بېرىلدى. باشقا كەسىپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا تەقسىم قىلدى.

1962 - يىلى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قىسقارتىلىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

1964 - يىلى يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە داۋامىدا كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپ سانى ۋە ئوقۇغۇچى ساندا كۆپىيىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ سانى 40 قا، ئوقۇغۇچى 2328 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 63 نەپەرگە يەتتى.

2 - باسقۇچ: 1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى ئېلان قىلىنىپ، خوتەندە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مائارىپ ئىسلاھاتى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىپ، «مائارىپنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاكچىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ، كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلەر باھار يامغۇرىدىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يەتتە، كەسپىي تېخنىكا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچكە يەتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1955 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 113 نەپەرگە يەتتى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى بەشكە، ئوقۇغۇچى 2665 نەپەرگە، مەخسۇس

يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا مەكتەپ 116 (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 100، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تۆت، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 12) گە، ئوقۇغۇچى 50278 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 3633 نەپەرگە يەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپ كىرىش نىسبىتى 59.58% كە يەتتى.

## كەسپىي تېخنىكا مائارىپى

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئىبارەت بىر نەچچىدىن، ئاق؛ ئىككىنچىدىن، كەمبەغەل دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى. ھەر قايسى كەسپلەر بويىچە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دولقۇنى قوزغالدى. مائارىپ سېپىمۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كەسپلەرنى تاللاپ، كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىنى قۇردى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1 - باسقۇچ: 1958 - يىلىدىن 1965 - يىلىغىچە بولۇپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى.

1958 - يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەر ھەرىكەتكە كېلىپ 2/3 قىسىم كوممۇنىلارنىڭ ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇا مەكتەپلىرىنى قۇردى. بىر قىسىم ناھىيىلەر يەنە ناھىيە باشقۇرغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى قۇردى. شۇ يىلى كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ سانى 50 كە، ئوقۇغۇچى 1955 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 54 نەپەرگە يەتتى.

1958 - يىلىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش داۋامىدا مائارىپ سېپىدىمۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش بولۇپ، خوتەن، گۇما ناھىيىلىرىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلىرى قاتاردىكى قىزىللىشش - مۇتەخەسسىسلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ خاراكتېرى يېرىم ئوقۇپ، يېرىم تېرىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى بېقىش ئىدى. ئاساسلىقى دارىلمۇئەللىمىن

ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

**شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى:** 1989 - يىلى 9 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن قۇرۇلدى. مەكتەپ ئورنى خوتەن شەھەر شورباغ يولى بويىدا بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 100 مو. 1985 - يىلدىن 1995 - يىلىغىچە دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن 8 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېقىن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئارقىلىق 16 مىڭ 600 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش سېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش بىناسى 8207 كۋادرات مېتىر، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش 8408 كۋادرات مېتىر.

مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، ئۆستۈرۈش ئاساس، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئىز باسار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئالىي كەسپىي تېخنىكا مائارىپى بولۇپ شەكىللەندى. 1987 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە، مەكتەپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك داۋالاش كەسپى، دورىگەرلىك كەسپى، چوڭلار مائارىپى بويىچە، ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكوم داۋالاش كەسپى، ئالىي تېخنىكوم سېسترالىق كەسپى قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت، دورىگەرلىك ساھەسىدە ئىشلىمەكتە.

**خوتەن مالىيە - ئىقتىساد مەكتىپى:** 1979 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ (1979) 56 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن قۇرۇلغان، مەكتەپ قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، خوتەننىڭ مالىيە - ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە ساھەسىگە بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەكتەپ ئورنى ۋىلايەتلىك سودا كوپېراتىپى قورۇسى ئىچىدە ئىدى. كېيىن ۋىلايەتلىك پاختا - چىگىت شىركىتى قورۇسى ئىچىگە، ئۇزۇن ئۆتمەي

ئوقۇتقۇچى 296 نەپەرگە يەتتى. سىنىپ 45، كەسىپ 15، ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 18.550 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدىن مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 8637 كۋادرات مېتىر، بىر ئوقۇغۇچىغا توغرا كېلىشى 3.642 كۋادرات مېتىر، مەكتەپلەرنىڭ دېھقانچىلىق پراكتىكا مەيدانى 1265 مو، بىر ئوقۇغۇچىغا توغرا كېلىشى 0.5 مو بولدى.

1985 - يىلىدىن بۇيان، ۋىلايەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 4183 نەپەر، بۇنىڭدىن ئىشقا ئورۇنلاشقىنى 4010 نەپەر، ئادەتتىكى مائارىپقا كەسپىي مائارىپ ئامىللىرىنى كىرگۈزۈپ كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويغان مەكتەپ 34، سىنىپ 56، كەسىپ 20، ئوقۇغۇچى 3610 نەپەر، پراكتىكا بازىسى 512 مو بولدى.

«21 - ئىيۇل»، «7 - ماي»، شۇنىڭدەك «قىزىللىشىش، مۇتەخەسسىسلىشىش» ئۇنىۋېرسىتېتى ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1976 - يىلى خوتەن يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئۈچ ئورۇندا «21 - ئىيۇل ئىشچىلار ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى» قۇرۇلدى. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىدا ئوقۇغانلار 110 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 15 نەپەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ماۋجۇشىنىڭ 1965 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «7 - ماي» يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاتالمىش «چاۋياڭ تەجرىبىسى»نى ئۆرنەك قىلىپ، 1975-يىلى ھەر قايسى ناھىيىلەردە ناھىيە، گۇڭشې، دۆيلەر باشقۇرغان «7 - ماي» ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قۇرۇلدى. قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئىش كۆتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلار بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن «يېزىدىن كېلىپ، يېزىغا قايتىش» پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

ئېچىلغان كەسىپلەر: دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مەشغۇلاتى، يالاڭئاياغ دوختۇرلۇق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق كەسىپلىرى ئىدى.

3 - باسقۇچ: 1976 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان مەزگىلدىكى گۈللىنىش مەزگىلى بولۇپ، يېڭىدىن بىر قىسىم كەسپىي ئالىي

بىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى، ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش دەرسخانىسى قاتارلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، پروكسىيە ئاپپاراتى، پروكسىيىلىك رەسىم، كىنو، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ قاتارلىق زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى بار، يەنە ھەر قايسى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرىدا مودېل، ئەۋرىشكە ۋە چۈشەندۈرۈش رەسىملىرى بار. مەكتەپتە 354 كۋادرات مېتىرلىق كۇتۇپخانا بار، بۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 24 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق.

## خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى:

خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان، خوتەندىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئىچىدە قۇرۇلۇش ۋاقتى ئۇزۇن، تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچى كۆپ، تۆھپىسى زور مەكتەپ. مەكتەپ گەرچە ئۇزۇن جەھەتتە كۆپ قېتىم يۆتكەلگەن، ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن سىياسىي بورانلارغا كۆپ قېتىم ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خوتەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1 ـ باسقۇچ: 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1976 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولۇپ، مەكتەپ قۇرۇلغان يىلى دېھقانچىلىق كەسپى بويىچە ئۈچ سىنىپقا 120 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ئوقۇش باشلىغانىدى. لېكىن مەكتەپ ئورنى مۇقىم بولمىغاچقا 1962 ـ يىلى مەكتەپ بىر يىل تاقىلىپ قالدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەكتەپ ئاساسىي جەھەتتىن تاقىلىپ قالدى.

2 ـ باسقۇچ: 1976 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بولۇپ، 1976ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەكتەپنىڭ نامى «خوتەن ۋىلايەتلىك 7 ـ ماي يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا مەكتەپ نامى «خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلدى.

قۇرۇق ئۆزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى قورۇسىغا يۆتكىلىپ كىردى. 1983 - يىلى ھازىرقى ئورنى (خوتەن شەھەر شورباغ يېزىسىدا) غا قۇرۇلۇش سېلىپ كۆچۈپ كىردى. مەكتەپ قۇرۇلغان 1979 - يىلى 9 - ئايدا مەكتەپ نامى «خوتەن مالىيە - سودا مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. 1985 - يىلى 7-ئايدىن باشلاپ «خوتەن مالىيە - ئىقتىساد مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلدى. 1987 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ مەكتەپنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىككە كۆتۈرۈلدى. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 38.5 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 8500 كۋادرات مېتىر.

خوتەن مالىيە - ئىقتىساد مەكتىپى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مالىيە-ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە سېپىگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىلگىرى- كېيىن مالىيە بوغالتىرلىقى، ستاتىستىكا، كارخانا مالىيىسى، دېھقانچىلىق بېجى، باج ۋە مالىيە بوغالتىرلىقى قاتارلىق 10 كەسىپ ئاچتى. يەنە ئىككى يىللىق تولۇقسىزدىن چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، بوغالتىرلىق كەسپى بويىچە ئالىي تېخنىكومدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىدىغانلارغا يېتەكچىلىك قىلىش سىنىپى، بوغالتىرلىق كەسپى بويىچە كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى ئېلىش ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىدىغانلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش سىنىپى ئېچىلدى.

**خوتەن ۋىلايەتلىك تىببىي مەكتەپ:** 1972 - يىلى ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى قارىمىقىدا 45 ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان سېستىرالىق سىنىپى ئاساسىدا قۇرۇلدى.

1974 - يىلى خوتەن تىببىي مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلدى. 1987-يىلى مەكتەپنىڭ دەرىجىسى ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى مەكتەپ قارىمىقىدا دوختۇرخانا قۇرۇلدى.

مەكتەپ قۇرۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، دوختۇرلۇق، ئاكشىورلۇق، دورىگەرلىك، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرلۇقى، ئاممۋى تازىلىق دوختۇرلۇقى، ئانالىز، رېنتگېن قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنىپ، 1849 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 27 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7448 كۋادرات مېتىر.

مەكتەپتە سىنىپ، تەجرىبىخانا، ئاناتومىيە تەجرىبىخانىسى،

263 كۋادرات مېتىر. مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرىنىڭ جايلىشىشى مۇۋاپىق بولۇپ، ئوقۇتۇش بىناسى، خىزمەت بىناسى، تەجرىبە بىناسى، مودېلخانا، كومپيۇتېر مەشغۇلات ئۆيى، ياتاق رايونى، باغچە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى زامانىۋى ھەم تولۇق، ئۆلچەملىك يېنىك ئاتلېتكا مەيدانى، ھەر خىل توپ ئويناش مەيدانى، مەخسۇس مەشىق ئاپتوموبىلى، ئاشپەزچىلىك پراكتىكا بازىسى، 120 مو دېھقانچىلىق مەيدانى بار. مەكتەپتە باشلانغۇچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ئاساس قىلىنىپ، شوپۇرلۇق، يىپەك توقۇمىچىلىق، ئاشپەزچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر ئاساسىدا پاختا توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق، تاشيول، كۆمۈركان، توكچىلىق، سودا، پار قازان، ئېلېكترونلۇق ئوقۇتۇش، سانتاركا قاتارلىق 24 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان ئىدى.

## چوڭلار مائارىپى

ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىپ، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولغان مائارىپ سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

1. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش: ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خوتەن ئاھالىسىنىڭ 95% ى ساۋاتسىز بولۇپ، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1951 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، خوتەن ۋالىي مەھكىمە ۋىلايەت بويىچە پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي، ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنى قوزغىۋېتىش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك قىلدى.

1952 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى پاختەكلى دېھقانلىرىغا يازغان جاۋاب خېتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم» دېگەن يوليورۇقى خوتەندىكى كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار ئاممىسىغا زور ئىلھام بەردى. 1954 - يىلى ھەمكارلىق كوپىراتىپى

1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «خوتەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى» قۇرۇلدى. ئورنى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن بىر قورۇدا بولۇپ، بىر ئورۇنغا ئىككى ۋۇۋسكا ئېسىپ، ئىككى مەكتەپ، بىر رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 50 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 4550 كۋادرات مېتىر. يەنە مەكتەپ باشقۇرغان پراكتىكا، تەجرىبە مەيدانى بار، كۆلىمى 535 مو، بۇنىڭدىن تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغىنى 312 مو بولۇپ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، مېۋە ـ چېۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، كۆكتاتچىلىق، ئۆسۈملۈك ئاسراش، سۇچىلىق، پىلە ـ ئۈجمىچىلىك، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى.

**خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى:** 1975 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان تېخنىك ئىشچىلار سىنىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، 1976 ـ يىلى «خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» بولۇپ كېڭەيگەن. بۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئورنى ئازادلىق ئارمىيە 774 ـ قىسىم قورۇسى، كېيىن ئازادلىق ئارمىيە 153 ـ دوختۇرخانا قورۇسى ئىچىدە بولغان، 1980 ـ يىلى يورۇڭقاش دەرياسى بويىغا قۇرۇلۇش سېلىپ كۆچۈپ كىردى. مەكتەپنىڭ خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئالتە كىلومېتىر. خوتەن ۋىلايەتلىك ئەمگەك باشقارمىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ.

خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 20 يىلدىن بۇيان، ۋىلايەت ۋە باشقا رايونلار ئۈچۈن 6925 نەپەر باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى، ھەر قايسى كەسىپ، ساھەلەر ئۈچۈن 2772 نەپەر كەسپىي تېخنىك ئىشچى تەربىيىلەپ بەردى. مەكتەپ ئىلگىرى ـ كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «ئىلغار تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى»، ئاپتونوم رايون (ئۆلكە)، مىنىستىر دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1996 ـ يىلى ئەمگەك مىنىستىرلىكى بۇ مەكتەپنى قاتتىق ئۆلچەم بويىچە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، «دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى» دەپ بېكىتتى.

خوتەن تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 86 مىڭ 580 كۋادرات مېتىر (130 مو)، قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 مىڭ

338684 نەپەر، ساۋاتلىق بولغىنى 107463 نەپەر، بۇنى 1956 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 19.4% ئاشتى. 1995 - يىلى ساۋات چىقىرىش ئوبيېكتى 389497 نەپەر، ساۋاتلىق بولغىنى 351326 نەپەر، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 90.2%.

خوتەن خەلقى يېرىم ئەسىر تىرىشىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى. 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۆلچىمى بويىچە خوتەننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ خوتەن خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور خۇشاللىق ئىش.

**2. ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى:** 1956 - يىلى ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن بىلىم ۋە كەسپىي ماھارەتنى ئىگىلىشى ئۈچۈن، ۋىلايەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە تۇراقلىق بولالماسلىقى تۈپەيلىدىن، مەكتەپ ئۇزۇنغا بارماي تاقىلىپ قالدى. 1984 - يىلى ۋىلايەتتە يەنە بىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى قۇرۇلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 919 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ئىككى نەپەرگە، سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغىنى 11 نەپەرگە يەتتى. 1995 - يىلى ۋىلايەتلىك چوڭلار مائارىپ كومىتېتى قۇرغان ۋىلايەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 32 نەپەر، ئوقۇتقۇچىسى ئالتە نەپەرگە يەتتى. نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى ئالتىگە، ئوقۇغۇچى 1503 نەپەرگە يەتتى.

**3. دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى:**

دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ساپاسى يۇقىرى بولغان دېھقان - چارۋىچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خوتەندە 1993 - يىلدىن باشلاپ، يېزا - بازارلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى قۇرۇلدى. نۆۋەتتە، ۋىلايەت بويىچە

قۇرۇشنىڭ دولقۇنى قوزغالغاندا، ۋالىي مەھكىمە شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ قىش پەسلىدىن پايدىلىنىپ، ساۋات چىقىرىش كۇرسەتكۈچىنى ھەر قايسى ناھىيىلەرگە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. بولۇپمۇ مەملىكەتلىك 1 - قېتىملىق دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ساۋات چىقىرىشنى ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

1954 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى 40 مىڭ كىشىنىڭ ساۋاتىنى چىقاردى. 500 نەپەر ساۋات چىقىرىش ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلىدى.

1955 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋىلايىتىمىزگە 70 مىڭ كىشىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ۋەزىپىسىنى بەردى. ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ساۋات چىقىرىش مەكتىپى، كەچ كۇرسلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1956 - يىلىغا كەلگەندە ۋىلايەت بويىچە ساۋاتلىق بولغانلار 90 مىڭ كىشىگە يەتتى. 1960 - يىلى تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى ۋە كەچ كۇرسلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1964 - يىلىغا كەلگەندە، دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن خېمىغا يېنىپ كەتكەنلەر كۆپىيىپ كەتكەچكە، كېيىنكى ساۋات چىقىرىشتا ئاساسىي كۈچ خېمىغا يېنىپ كەتكەنلەرنى تەربىيىلەشكە قارىتىلىپ، ئەسلىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش سۈرئىتى ئاستا بولدى.

1966 - يىلىغا كەلگەندە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، مائارىپ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ زىيان كۆپ بولدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ داۋاملىششى ئۇزۇن، زىيىنى ئېغىر بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، مائارىپنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بۇرىغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ چوڭلار مائارىپىدا زور يۈكسىلىش بولدى.

1979 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ساۋات چىقىرىش ئۇيۇشمىكتى

**5. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى:** ئازادلىقتىن ئىلگىرى، يەنى 1937 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن كونا شەھەردىكى چوڭ ھېيتكاھنىڭ باغ ھويلىسىدا ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قىتىملىق مۇزاكىرە كۇرسى (بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى) ئېچىلغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە ئوقۇتقۇچىلار مۇزاكىرە كۇرسى ئېچىلىپ كەلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن 1949 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە ۋىلايەت، ناھىيەلەرنى بىرلىك قىلغان ھالدا ھەر يىلى يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل مەزگىلىدە، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىنى ئېچىپ، كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش، ئۆزئارا ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش، ئوقۇتۇش مېتودىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە رولى زور بولدى. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىگە قارىتا يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇپ، ھەر خىل شەكىل، يوللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش مائارىپ ئىشلىرىدىكى مۇھىم ھالقا. مۇقىم ۋە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بولمىسا، مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. 1978 - يىلىدىكى ستاتىستىكىدىن قارىغاندا، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بىلەن ئۇنىڭ سۈپىتىنىڭ ماسلىشالمىغاندەك ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە مەخسۇس كەسىپنى پۈتتۈرگەنلەر 71% نى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ياكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئوقۇغانلار 16.2% نى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە دارىلمۇئەللىمىن ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 34.4% نى تەشكىل قىلغان. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايون ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش يىغىنى چاقىرغاندىن كېيىن، خوتەندە ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش، خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش،

مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا - بازارلاردا (ئايرىم چەت، يىراق، تاغلىق، چۆل يېزا - بازارلاردىن باشقا) دېھقان - چارۋىچىلار مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئۆزىنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

**4. ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى:** ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۈي بازىرىغا يېقىن ئاقتاش كەنتىگە جايلاشقان. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1786 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 77425 كۋادرات مېتىر. مەكتەپتە 400 نەپەر ئوقۇغۇچى ياتاقلىشىپ ئوقۇيالايدۇ. مەكتەپ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى، ئاساسلىقى كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. مەكتەپتە ئىشخانا، مەمۇرىي بۆلۈم، تەشكىلات، تەربىيە بۆلۈم، ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسى، ئىلمىي ئاساسىي بىلىم كافېدراسى، مەدەنىيەت دەرسى كافېدراسى تەسىس قىلىنغان. مەكتەپتە يەنە قىرائەتخانا 50 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب - ماتېرىيال ساقلانماقتا.

ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى 1950 - يىلى 3 - ئايدا خوتەندىكى يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئاساسىدا قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مەكتەپ ئورنى ھازىرقى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قورۇسىدا ئىدى. 1955 - يىلى 3 - ئايدا مەكتەپنىڭ نامى ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى كادىرلار مەكتىپىگە ئۆزگەردى (ئورنى ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىدا ئىدى). 1957 - يىلى 1 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى (ئورنى ھازىرقى قوراللىق ساقچى قىسىم قورۇسىدا ئىدى). 1972 - يىلى 2 - ئايدا مەكتەپنىڭ نامى «7 - ماي كادىرلار مەكتىپى» گە ئۆزگەرتىلىپ، كېرىيە يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈپ كەتتى. 1978 - يىلى 7 - ئايدا مەكتەپنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خوتەن شەھەر ئاقتاش رايونىغا كۆچكەن ئىدى. 1989 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ سىرتتىن ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەندە ئوقۇش رايونى تەسىس قىلىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى پارتىيە مەكتىپى ئۈستىگە ئالدى. 1995 - يىلغىچە 12 قارار، 18 سىنىپ، 310 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىدى.

كەسپى بويىچە 20 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ 1133 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيلەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ۋە ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆستۈردى. بىر قارار ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ شىنجاڭ يەرلىك تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيلەش كۇرسى ئېچىپ، 71 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەربىيلىدى. سەككىز قارار ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيلەش كۇرسى ئېچىپ، 371 نەپەر مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىمىنى تەربىيلىدى.

**7. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن تارماق مەكتىپى:** 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، خەنزۇ تىل-ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى، پارتىيە، ھۆكۈمەت كەسپى، ئارخىپ كەسپى، قانۇن كەسپى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپى، مالىيە بوغالتىرلىق كەسپى، كاتىبات، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلەش قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلدى. ھەمدە يۇقىرىقى كەسپلەرگە 2692 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. 1623 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خوتەن تېلېۋىزىيە تارماق مەكتىپى مۇھىم نۇقتىنى دەرسلىك ماتېرىيال خىزمىتىگە قاراتتى. ئۇن ـ سىن دەرسلىك ماتېرىيالىنى تاللاشتا مەزمۇنغا باي، جانلىق بولۇش، ئەمەلىي، قوللىنىشلىق، ئوقۇتۇشنى نەق مەيداندا كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشنى گەۋدىلەندۈردى.

**8. شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن تارماق مەكتىپى:** 1960 ـ يىلى خەنشۇبۇ (سىرتتىن ئوقۇش بۆلۈمى) ئاساسىدا قۇرۇلغان، مەكتەپ ئورنى ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئىچىدە ئىدى. شۇ مەزگىلدە بەش خىل كەسىپ تەسىس قىلىنىپ، 1000 نەپەردىن كۆپ ئوقۇغۇچى ئوقۇغانىدى. لېكىن كۇتۇلمىگەندە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، مەكتەپ تاقىۋېتىلىپ ئوقۇش توختىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1979 ـ يىلى «ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەش بۆلۈمى» قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن شۆبە مەكتىپى قۇرۇلدى.

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىلىم ئاشۇرۇش، رادىئو - تېلېۋىزور ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، بىلىم ئاشۇرۇشقا تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

1981 - يىلىدىن باشلاپ ۋىلايەت ۋە كۆپ قىسىم ناھىيىلەردە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئاشۇرغانلار 406 كىشىگە يەتتى.

1993 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلىپ ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلدى.

**6. خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى:** 1982 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. 1984 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى (1984) 008- نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىپ، بۇ مەكتەپنى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەندى.

خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى — خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەش، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى، مائارىپنى مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرىنى قىسقا مۇددەت بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا «خوتەن ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى»، «شىنجاڭ رادىئو سىنئەن ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن شۆبە مەكتىپى» قاتارلىق ئىككى مەكتەپنى باشقۇرىدۇ. ئۈچ مەكتەپ بىر رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ باشقۇرۇشىدا. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 21 مىڭ 312 كۋادرات مېتىر (32 مو)، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7843 كۋادرات مېتىر، ئىنستىتۇت قارىمىقىدا مەكتەپ ئىشخانىسى، ئىلمىي باشقارما، خوجىلىق باشقارما، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى.

ئىنستىتۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان، خوتەننىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تىل - ئەدەبىيات، تەنتەربىيە، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، سىياسىي مائارىپ ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت يەتتە كەسىپ تەسىس قىلىنىپ، 14 قارارلاردا 1027 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، خىمىيە، فىزىكا، تەنتەربىيە، ئەدەبىيات، خەنزۇ تىلى

بىلەن قوللىشى، ياردەم بېرىشى، مەكتەپنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە بولدى. ھازىر مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2 مىليون 866 مىڭ 380 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە سىنىپ 18 مىڭ 303 كۋادرات مېتىر. ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش 23 مىڭ 212 كۋادرات مېتىر. 1986 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى، پروفېسسورلار ياتىقى، لېكتورلار ياتىقى، يەنە پارخانا، سۇخانا، مۇنچا، ساتىراشخانا قاتارلىقلار سېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، فىزىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە، تىل تەجرىبىخانىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مەركىزى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش مەركىزى قاتارلىق 23 تەجرىبىخانا، 41 مىليون 741 مىڭ يۈەنلىك يۇرۇش تەجرىبە ئۈسكۈنىسى بار بولۇپ، يېڭىدىن كۇتۇپخانا سېلىندى.

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلغان ھالدا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئۈچۈن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ھەر يىلى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەخلاقلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەكتەپ «8 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە، ھەر يىلى بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى چەت ئەلگە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى داڭلىق مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، بىلىم ئاشۇرغان ئوقۇتقۇچى 252 ئادەم - قېتىمغا يەتتى، خىزمەتتە تۇرۇپ بىلىم ئاشۇرۇش چىڭ تۇتۇلدى. يەنە ياپون تىلى، ئېنگلىز تىلى سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ھازىر مەكتەپتە 10 فاكۇلتېت بار، 17 خىل پەن تەسىس قىلىنغان. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتۇش مۇددىتى ئۈچ يىل، ھەر قايسى فاكۇلتېتلاردا 134 خىل كەسپىي دەرس تەسىس قىلىنغان. 3615 نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە چوڭلار مائارىپى بويىچە 120 ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتىدۇ.

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن

خوتەن تېلېۋىزىيە تارماق مەكتىپى بىلەن خوتەن رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن تارماق مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ھالقىلىرى ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىدە زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋە سىنىپتا تەكرار قىلىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرسلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئارقىلىق تارقىتىلغانلىقى ئۈچۈن، سىگنال قوبۇل قىلالايدىغان ناھىيە-شەھەرلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. سىگنالنى قوبۇل قىلالايدىغان يىراق ناھىيە، تاغلىق رايونلاردا دەرسنى ئۈنئالغۇدا ئاڭلاش، تېلېۋىزوردا كۆرۈش ئاساس قىلىنىدۇ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇش قىيىن بولغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى خىزمەت ئورنىدا ئوقۇش تارىخىنى ھازىرلاش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان.

1992 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خوتەن تارماق مەكتىپى قۇرۇلۇپ، خوتەن مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ باردى. ھازىر ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، تەنتەربىيە، بىئولوگىيە، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، سىياسىي مائارىپ قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنىدى.

## ئادەتتىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى: ئالىي مائارىپ — 70 - يىللاردىن ئىلگىرى، چەت، يىراق، نامرات خوتەن ئۈچۈن بىر شىرىن چۈش ئىدى. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بۇ چۈش رېئاللىققا ئايلىنىپ، خوتەندە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەندى.

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى 1978 - يىلى ئەسلىدىكى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئومۇمىي كۆلىمى 189 مو، باغ - بوستانلىق كۆلىمى سەككىز مو، ئۈزۈم كارىدورى 1350 مېتىر، دەل- دەرەخ 30 مىڭ تۈپتىن كۆپ بولۇپ، «باغ - بوستانلىق مەكتەپ» دېيىشكە بولىدۇ.

مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ

بېرىلدى. مەكتەپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا توقۇلغان سارجى رەختتە تىكىلگەن يازلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەكنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بەردى. 1940 - يىلى 9 - ئايدا قوبۇل قىلىنغان مۇزىكا سىنىپىدىكى 40 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ئىسكىرىپكا، غىجەك، چالڭ، نەي، داپ قاتارلىق ساز ئۆگىتىلىپ، مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى.

مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. كېيىن مەكتەپتە ئوقۇغۇچى كۆپىيىشكە ئەگىشىپ، ئوقۇتقۇچى كۆپىيىپ سەككىز نەپەرگە يەتتى. ئابدۇراخمان ھىدايوپ، ھاشىم ھېلىموپ، ياسىنوپ، مۇسا تۇردى، ھەسەن تۇردى، ئابدۇغوپۇر روزى، ئابدۇراخمان قادىر، ھاجىياقۇپ، ئابدۇللا باقى، سەدرىدىن، ئابدۇقادىر تۇردى ھاجى، گۇلسۇمخان (تاتار)، يولتۇزخان (ئۆزبېك)، ئابابەكرى تۇرسۇن قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلىگەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تاشكەنت ئىنىستىتۇتى، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك دارىلفۇنۇن قاتارلىق مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ، خوتەنگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىدى.

خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئۆتۈلگەن دەرسلەر: شىڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە بۈيۈك سىياسەت، دۇنيا تارىخي، دۇنيا جۇغراپىيىسى، تەبىئەت، بوتانىكا، گراماتىكا، ئارىفمېتىكا (تۆت ئەمەل، ئاددىي كەسىر، ئونلۇق كەسىر، نىسبەت، تاناسىپ، پىرسەنت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پەلسەپە قاتارلىق سەككىز پەندىن ئىبارەت.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىدىن: خوتەن گارنىزونىنىڭ قوماندانى، قوشۇمچە مەمۇري مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى فەن بوتەن (1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۈرمىدە ئاسىيلىق قىلغان، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لەنجۇدا باستۇرۇلغان)، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى ما جاۋسۇڭ (مارۋي) 1939 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈندىن 1941 - يىلى 2 - ئايغىچە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە سىياسەت، پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن دەرسلىرىنى ئۆتكەن. 1940 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ شېئىر، تەنتەربىيە دەرسلىرى قوشۇلدى. 1942 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ دۇنيا تارىخى جۇڭگو تارىخىغا، دۇنيا جۇغراپىيىسى جۇڭگو جۇغراپىيىسى ئۆزگەرتىلدى. پەلسەپە، سىياسەت دەرسلىرىنىڭ ئورنىغا سەنمىنجۇيى

شۇغۇللىنىشقا يېتەكلىدى. مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىلمىي تەتقىقات يۈزلىنىشى ۋە ئۇچۇرلىرىنى ئىگىلەش ئۇچۇن، مەكتەپ تەتقىقات ئاپپاراتى قۇرۇپ، مەكتەپ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن تۈرى بويىچە 60 سان مەكتەپ ژۇرنىلى چىقاردى، 872 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 400 سان مەكتەپ گېزىتى چىقىرىپ، 2750 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. مەملىكەت بويىچە ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومىلىرىنى باھالاشتا، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ھەمدە ئىلھام بېرىپ 300 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى.

**خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى:** خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى 1938 - يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى يېرىم يىل قىلىپ بېكىتىلگەن، مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئەمەت ھاجى بىلەن قاراقاش شاخلىق مەدرىسىدىكى ئابدۇللا داموللامدا ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغان چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلار ئىدى.

1939 - يىلى 9 - ئايدا ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل قىلىپ بېكىتىلدى. مەكتەپ قۇرۇلۇشى 1939 - يىلى سېلىنىشقا باشلاپ، 1940 - يىلى 6 - ئايدا پۈتۈپ (ھازىرقى خوتەن مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئورنى) كۆچۈپ كىردى.

1938 - يىلى 12 - ئايدىن 1944 - يىلى 6 - ئايغىچە قاغىلىق (1942 - يىلى يەركەنت ۋىلايىتىگە قوشۇۋېتىلدى) گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەردىن دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى (1938 - يىلىدىن 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن كۆپىيىپ، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك پەيدا بولۇپ، يېرىم يىل، بىر يىللىق مۇددەت بىلەن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغانىدى.) غا 920 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. دەسلەپكى ئىككى قاراردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق راسخوتىنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بەرگەندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنى دەرىجىگە ئايرىپ ئالتە يۈەندىن 10 يۈەنگىچە تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ

كۋادرات مېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش بىناسى 3142 كۋادرات مېتىر، تەجرىبىخانا، پراكتىكا بىناسى 2154 كۋادرات مېتىر. 1995- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپتە بار بولغان ئوقۇغۇچى 1504 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 154 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدىن مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 115 نەپەر (ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى ئىككى نەپەر، ئالىي لېكتور يەتتە نەپەر، لېكتور 35 نەپەر) بولۇپ، ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. مەكتەپتە خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، ناخشا - ئۇسسۇل، لابورانت، ئومۇمىي پەن، 2+3 ئالىي مائارىپى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرى، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنىدى.

خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى باسقۇچلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

1 - باسقۇچ: 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1952 - يىلىغىچە بولغان تەرتىپكە سېلىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ئىلگىرىكى مائارىپ تۈزۈلمىسى، گومىنداڭنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى، ئىلگىرىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، ئىلگىرىكى مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى بىكار قىلىنىپ، يېڭى ئوقۇتۇش فاكۇلتېتى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى قايتا تۈرغۇزۇلدى. تەرتىپكە سېلىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش تەڭ تۇتۇلۇپ، ئوقۇغۇچى 561 نەپەرگە يېتىپ، 1949 - يىلىغا قارىغاندا 1.3 ھەسسە ئاشتى.

ئىككىنچى باسقۇچ: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» تىن ئىبارەت مەدەنىيەت - مائارىپ توغرىسىدىكى ئاساسىي فاكۇلتېتنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 1957 - يىلى ئەسلىدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يەرلىكلەشتۈرۈش، ئۆز جايىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئۆز جايىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش» پرىنسىپى، «جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوقۇشقا ئەۋەتىش بىلەن ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش» چارىسى قوللىنىلدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە

(ئۈچ مەسلەك) مەزمۇن قىلىنغان كۆڭزىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئىدېلوگىيىسى مەكتەپ دەرسلىكى قىلىنىپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە سىڭدۈرۈلدى. نەتىجىدە، ئوقۇتۇش سۈپىتى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى.

1944 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئەسلىدىكى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى خوتەن ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ۋاقتى ئۈچ يىل قىلىپ بېكىتىلدى.

1944 - يىلى 8 - ئايدىن 1949 - يىلى 8 - ئايغىچە گۇما، قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيە (نىيە ناھىيىسى 1943- يىلى كېرىيە ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان) ناھىيىلەردىن ئۈچ يىللىق، بىر يىللىق ئوقۇش مۇددىتى ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا 500 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. 1949 - يىلىغا كەلگەندە مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى 41 نەپەرگە يەتتى. بۇ مەزگىلدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئالگېبىرا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق پەنلەر ناھايىتى ئاز ئۆتۈلەتتى. نەتىجىدە، ئۈچ يىللىق تۈزۈمدە ئوقۇغانلارنىڭ سەۋىيىسى ئىلگىرىكى بىر يىللىق كۇرستا ئوقۇغانلارنىڭ سەۋىيىسىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئازادلىق ھارپىسىغىچە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى 1420 نەپەر (بىر يىللىق، ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكىسى 925 نەپەر، يېرىم يىللىق، بىر يىللىق قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا قوبۇل قىلىنغىنى 495 نەپەر) بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر 1255 نەپەر بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، ئەسلىدىكى تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى تولۇق دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئايلاندى. بۇ مەكتەپ خوتەن شەھىرىدىكى جەنۇبىي بوستان يولىغا جايلاشقان. 1978 - يىلىدىن باشلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىشى بىلەن يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشى سېلىنىپ تۆۋەتتە 75 مو كۆلەمگە ئىگە بولغان يېپيېڭى مەكتەپ قورۇسى بارلىققا كەلدى. ھازىر مەكتەپتىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 14 .178

مەكتىپىنىڭ خىزمەتلىرى نورمال ئىزىغا چۈشتى.
بەشىنچى باسقۇچ: 1985 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىدى. 1986 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ ناھىيىلەر باشقۇرغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەكتەپ 1992 - يىلى ھازىرقى ئورۇنغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ 80 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىپ، 3000 تۈپتىن ئارتۇق گۈل ئۆستۈرۈپ، مەكتەپ قورۇسى مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈردى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلەر قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى بۇ مەكتەپتە ئېچىلىپ، ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلغان مەكتەپ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

2003 - يىلى يانۋار — ماي

پايدىلانمىلار


1. «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» (1 ـ 2).
2. ھاجى نۇر ھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
3. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى».
4. لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن».
5. «گۆھەر زېمىن — خوتەن»، «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى».
6. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى».
7. «ئۇيغۇر مەدەنىيىت ـ سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر».
8. ئىسمائىل تۆمۈر: «ئېدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى».
9. «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
10. «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ تارىخى».
11. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
12. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
13. «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
14. «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
15. «شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
16. «شىنجاڭ مائارىپ» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
17. «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
18. «خوتەن جۇمىكىي ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
19. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

دارىلمۇئەللىمىن مائارىپى تېز راۋاجلاندى. 1960 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى 1319 نەپەرگە، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 53 نەپەرگە يېتىپ، 1957 ـ يىلىغا قارىغاندا ئوقۇغۇچى 1.9 ھەسسە، ئوقۇتقۇچى 2.2 ھەسسە ئاشتى. 1966 ـ يىلىدىن 976 ـ يىلىغىچە بولغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دارىلمۇئەللىمىن مائارىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1967 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى. نەتىجىدە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1972 ـ يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر قايسى ناھىيىلەردە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى (سىنىپى) قۇرۇلدى. لېكىن سەۋىيىسى تۆۋەن ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتى كۆپ بولۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە سەل قارالغانلىقتىن، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش سۈپىتى ئۇزۇنغىچە تۆۋەن بولۇپ كەلدى.

تۆتىنچى باسقۇچ: 1978 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەتلىرى، مال ـ مۈلۈكلىرى ئاساسىغا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغانلىقتىن، 1980 ـ يىلىدىن 1984 ـ يىلىغىچە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنمىدى. 1980 ـ يىلى مەملىكەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مائارىپ خىزمەت يىغىنىدا «ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى. قاراردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ناھىيىلەر باشقۇرغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلەرنىڭ تارقاقلىقى، ئادەم، مالىيە كۈچى مەركەزلەشمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشقا مۈمكىن بولمىغانلىقى» قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلەر باشقۇرغان دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختىتىش، مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇددىتىنى ئۈچ يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارارىنى، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇقىم ئورنى بولمىغاچقا، ئىجرا قىلىشقا مۈمكىن بولغان ئىدى. 1982 ـ يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن

ئابدۇقادىر تۇرسۇن

# ئۆتمەس سىياھلار، ئۆچمەس زىيالار

ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادا تېپىلىۋاتقان زور بىر تۈركۈم قىيا تاش سۈرەتلىرى ئالىملارنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا. بۇ قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى بەلگە - تامغىلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى تۈرك يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ شەكىللىرى بىلەن ئەينەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ئالىملار 3 — 5 مىڭ يىل ئاۋۋالقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ دەپ قىياس قىلماقتا. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدىكى «كېيىك تۇز»، «كەڭقىر» قاتارلىق جايلاردىكى قىيا تاش سۈرەتلىرىگىمۇ ئەنە شۇ خىل بەلگە - تامغىلار، شەكىللەر ئويۇلغان. قىيا تاشلاردىكى ھەر خىل رەسىملەرنىمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي تەسۋىرىي يېزىق دەپ قارىساق، خوتەنلىكلەر تارىختا ئەڭ بالدۇر يېزىق ئىشلەتكەن قەۋملەرگە ياندىشىدۇ.

قەغەز ئىختىرا قىلىنىشتىن بۇرۇن، خوتەنلىكلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى قىيا تاش ۋە غارلارغا، تاختىلارغا، كېسەك، ئويۇغان سېغىزلارغا، دەرەخ قوۋزاقلىرىغا، قۇلۇلە قاسراقلىرىغا، كۆن - تېرىلەرگە، رەختلەرگە يېزىپ قالدۇرغان. خوتەندىكى نىيە، ئەندىر خارابىلىرىدىكى تېپىلغان قاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك ھۆججەتلىرى، ئاق سېپىلنىڭ سېپىل تاملىرىدىكى كېسەك يېزىقلىرى، شا يانتاق قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان تەبىئىي ئويۇغان سېغىزلارغا يېزىلغان ھەرپ - بەلگىلەر، 1892 - يىلى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى دېيۇتودىئان خوتەندىن تاپقان قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قاروشتى يېزىقىدىكى كىتاب پارچىسى (مەزكۇر كىتابنىڭ قالغان كۆپرەك قىسمىنى روسىيىلىك شەرقشۇناس ئوردېنبۇرگ تېپىۋالغان) قاتارلىق تارىخىي ھۆججەتلەر، يېزىق ماتېرىياللىرى، نەچچە مىڭ يىللىق بوران - چاپقۇنلاردىن كېيىنمۇ بىز بىلەن قايتا دىدارلاشتى.

20. «خوتەن گېزىتى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.
21. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە («شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى 1983 - يىل 8 - سان)

---



*توختىنىياز تۇرسۇن 1965 - يىلى 20 - ئىيۇن خوتەن لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىسىنىڭ جىيا كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1985 - يىلى خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، 2000 - يىلغىچە ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىدا، 2000 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ خوتەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە.*

*ئۇ 1988 - يىلى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلغان «خوتەننىڭ تارىختىكى ناملىرى» ناملىق ماقالىسى بىلەن تەتقىقات سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «مىراس»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «قاشتېشى» ژۇرنىلى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا: «ئۇدۇن خانلىقى ۋە ۋىيسارا جەمەتىنىڭ خانلىق شەجەرىسى»، «خوتەننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى»، «خوتەن قاشتېشى ۋە ئۇنىڭ قېزىلىش تارىخى» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.*



تەۋەررۇكلىرىمىز — كېلىماتى قۇرغاق بولغان بۇ ۋادىدا بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، بۈيۈك بىر تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ رەت قىلىپ بولماس ھۆججەتلىرىدۇر.

1989 - يىللى لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا جاي مازىرى كەنت باشلىقى ناسىراخۇن بىزگە سامپۇل قەبرىستانلىقى توغرىسىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ مۇنداق دەيدۇ: «7 - 8 يىل بۇرۇن مەن ئەترەت باشلىقى ئىدىم. كېچىدە ئەترەتكە سۇ نۆۋىتى كەلدى. بىزنىڭ ئەترەتنىڭ سۈيى مانا مۇشۇ ئېرىقتىن كېلىدۇ. (ئىزاھات: بۇ ئېرىق سامپۇل قەبرىستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ) تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشقاندا ئېرىقنىڭ سۈيى تۇيۇقسىز ئازلاپ كەتتى. مەن سۇ ياقىلاپ باشقا قاراپ ماڭدىم. كېچە بەك قاراڭغۇ ئىدى. مەن كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز يەر ئاستىغا چۈشۈپ كەتتىم. ناھايىتى قورقتۇم. بىر چاغدا قارىسام يەر ئاستىدىكى بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىمنى بىلدىم. ئۆينىڭ ئىچى لىق كىتاب ئىكەن. مەن قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭسام كىتابقا پۇتلاشتىم. مەن چىقالمىدىم. «ئادەم بارمۇ؟» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇۋىدىم، ئارقامدىن سۇ ياقىلاپ چىققان ئەزالار مېنى يەر ئاستى ئۆيىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدى». بىز ناسىراخۇنغا سوئال بېرىش ئارقىلىق يەنە تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئۇقتۇق. ناسىراخۇن چۈشۈپ كەتكەن ئۆي يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 4 - 5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئىكەن. سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭگە يېقىن بولغاچقا كۆپ قېتىم ئېرىق سۈيى يار تارتىپ كېتىپ، ئېرىق ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىلەر، قەدىمكى ئۆيلەر (يەر ئاستى كۇتۇپخانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سۇدا قاپتۇ. بىز 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە يەر ئاستى كۇتۇپخانا ئورنى دەپ قىياس قىلىنغان جايلاردا بىر قانچە كۈن قېزىش قىلغان بولساقمۇ نەتىجىلىك بولمىدى. ناسىراخۇنمۇ كېچىدە ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن يەرنىڭ ئېنىق ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدى. كاج تەلەي كۇتۇپخانا بولسا، سۇ، لاي - لاتقىلارنىڭ ئىچىدە قېلىپ دۆۋە-دۆۋە كىتابلار بولسا، ئېزىلىپ، بۇزۇلۇپ توپا - تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى مەلۇم پىنھان يەرنىڭ ئاستىدا توپا-چاڭ بېسىپ تۇرغان بولۇشى ھەم ئېھتىمالغا يېقىن.

تەبىئىيكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى يەر ئاستى كۇتۇپخانىسىنىڭ يىل دەۋرى قاچانلارغا توغرا كېلىدۇ؟ ئۇ كىتابلار قانداق قەغەزگە قانداق يېزىق بىلەن قايسى تىلدا خاتىرىلەنگەن؟ قول

يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشىدىكى ئالەمشۇمۇل ۋەقە، ئىنسانىيەت تارىخ دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ جاكاسى. يېزىقنىڭ دۇنياغا كېلىشى — ئىنسانلارنىڭ يېزىق ماتېرىياللىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىنى تەقەززا قىلدى. قەغەز كەشىپ قىلىندى. قەغەز — توم - توم كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بىز ئۆزىمىز ئېرىشكەن تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسلىنىپ تىل چاينىماي شۇنداق دېيەلەيمىزكى: تارىم ۋادىسى قەدىمىي زاماندا، دۇنيادا كىتاب ئەڭ كۆپ كەشىپ قىلىنغان جايلارنىڭ بىرىدۇر. يىلتىزى ھونلاردىن بولغان ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ئاۋرېل ستەين تەكشۈرۈش ئەترىتى 1900 - 1901 - يىللىرى خوتەندە سىستېمىلىق قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مول نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇ 1902 - يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھىرىدە ئېچىلغان شەرقشۇناسلىق يىغىنىدا، خوتەندىن قېزىۋالغان بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ئۇ تېخىمۇ پۇختا تەييارلىق ۋە ئىرادە بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق تارىم سەپىرىنى باشلاپ 1906 - 1908 - يىللىرى تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىم لوندونغا 24 ساندۇق يېزىق ماتېرىياللىرى. بەش ساندۇق كەشتە سۈرەتلەرنى ئېلىپ كەتكەن. چەت ئەللىك باشقا ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرىنىڭ سانى ھەم كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ يازما ۋەسىقىلىرىمىز — براھما، قارۇشتى، سوغدى، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى، فانى، خەنزۇ، سۈرىيە، ئەرەب، باكتېرىيانا، باسىباچ قاتارلىق خىل يېزىقلاردا يېزىلغان. تىل جەھەتە سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، قەدىمكى خوتەن ساك تىلى، ئېپتالىتلار تىلى، قەدىمكى كۇچا تىلى، قەدىمكى قارا شەھەر، ئىدىقۇت تىلى، سوغدى تىلى، قەدىمكى سۈرىيە تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى، پارپىيانا تىلى، ئەرەب تىلى، موڭغۇل تىلى، باكتېرىيانا تىلى، تىبەت تىلى، نىيە قارا تىلى قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى ئىلاھىيەت، ھاكىمىيەت، جەمئىيەت، قانۇن، خەلق ئىشلىرى، تېبابەت، ئەدەبىيات قاتارلىق كەڭ ساھەلەرگە مەنسۇپ. 1908 - يىلى گېرمانىيە بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىنىڭ باشلىقى ئا. ۋۇن. لېكوك كوپېنھاگېندا ئېچىلغان شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تارىم ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان يازما نۇسخىلارنىڭ 17 خىل تىل، 24 خىل يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكىنى قەيت قىلغان. بىزنىڭ بۇ

بۇ قەبرىستانلىقتا غايەت زور كىتاب ئامبىرىنىڭ بايقىلىشى — بىزنىڭ تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىر تالاي قىيىن سوئاللارنى قويىدۇ. 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان بىر ساپال كومزەكنىڭ سىرتقى يۈزىدە قېنىق قارا سىياھ بىلەن خۇددى تۇنۇگۇنلا يېزىلغاندەك نامەلۇم يېزىقلارنى ئۇچراتتىم. كومزەكتىكى يېزىقلارنى خاتىرەمگە ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىپ ئەكىلىپ ئۇنى لۇغەتكە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ توخرى يېزىقى دەپ قىياس قىلدىم.

ئەگەر ناسىراخۇن (بۇ كىشى ھازىر پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى) نىڭ سۆزى راست بولسا، ئەگەر سامپۇلدا راستىنلا يەر ئاستى كۇتۇپخانا ياكى كىتاب ئامبىرى بولسا، ئۇ راستلا سۇ ۋە لاي - لاتقىلارنىڭ ئاستىدا قالغان بولسا، بۇ بىز ھەممىمىز ئۈچۈن ئېچىنىشلىق بىر پاجىئە. خوتەندەك مۇشۇنداق چوڭ زېمىندا، سامپۇل قەبرىستانلىقىدەك مۇشۇنداق كاتتا يەر ئاستى مۇزېيىدا ئارانلا بىر كۇتۇپخانا ياكى كىتاب ئامبىرى بارمىدۇ؟

تارىخىي ئۇچۇرلاردىن مەلۇمكى، خوتەن — ناھايىتى زور يېزىق ماتېرىياللىرى بارلىققا كەلگەن زېمىن. جىلد ـ جىلد بۇددا نوملىرى، ئىسلام مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ سان ـ ساناقسىز كىتاب ـ تەزكىرىلەر، ئىلمىي نۇجۇم، تېبابەت، پەلسەپە قاتارلىق تۈرلۈك پەن ساھەلىرىگە تەئەللۇق كىتابلار خوتەندە يېزىلغان ياكى ساقلانغان.

خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ سابىق باشلىقى كامال ھاشىمنىڭ ئېيتىشىچە، 1956 ـ يىللىرى خوتەن ناھىيە بۇزاق يېزا تەۋەسىدىكى ئىمام مۇساكازىم قەبرىستانلىقى (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى گورنى) دىن ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 69 سانتىمېتىر (قېلىنلىقى ئۆلچەنمىگەن ياكى ئېسىدە يوق) بىر كىتاب ئۇچرىغان. ئۇلار ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان. «يۇقىرى» دىن ئادەم كېلىپ ئېلىپ كەتكەن، ئىككىنچى ئىز ـ ئۇچۇرى بولماي، شۇنچە چوڭ كىتاب خۇددى كۆلگە چۈشكەن كىچىككىنە تاشتەك جىم ـ جىملا يوقاپ كەتكەن. بۇ كىتابمۇ بىرگە قانداق يېزىقتا، قايسى خىل تىلدا، قاچان، قەيەردە يېزىلغان ياكى بېسىلغان؟ ئۇنىڭ ئىچىگە نېمىلەر يېزىلغان؟ مۇئەللىپ كىم؟ بۇ مۆھتەرەم مۇئەللىپ ئۆز كىتابىنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق چوڭ ھەجىملىك قىلىپ تۈزگەن؟ دېگەندەك سوئاللارنى قالدۇرۇپ قويۇپ يوقالدى. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز خىزمەت ۋەزىپەم بويىچە كىتابنى ئېلىپ كەتكەن «يۇقىرى» نى خېلى ئىزدەشتۇردۇم. مەن ئىزدىگەن ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ گەپنى

بىلەن يېزىلغانمۇ ياكى ئىلغار مەتبەئەدە نۇرغۇن تىراژدا بېسىلغانمۇ؟... دېگەندەك بىر تالاي سوئاللار تۇغۇلىدۇ.

سامپۇل قەبرىستانلىقى — پۈتۈن شىنجاڭغا نىسبەتەنمۇ بىردىنبىر غايەت زور قەبرىستانلىق. ھازىر مەلۇم بولغان كۆلىمى 38 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قەبرىستانلىق مەركىزىدىكى قەبرىلەرگە تۆت قەۋەت جەسەت قويۇلغان. جەسەتلەرنىڭ زىچلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مۇشۇنچە چوڭ قەبرىستانلىق، شۇنچىۋالا كۆپ جەسەت. بىز ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمكى زاماندا يۇرۇتقاش دەرياسىنىڭ بويىدا مىليون - مىليون ئاھالە ياشايدىغان ئاجايىپ كاتتا، بەكمۇ گۈللەنگەن شەھەرلەر بولغانمىدۇ؟ دېگەن تەسىراتقا كېلىمىز. ئۇ كاتتا شەھەر قېنى؟ ئۇنىڭ ۋەيرانە خارابىسى نەدە؟ ئەگەر ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېسەك، مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم جەسىتى نەدىن كەپقالدى؟ 1995- يىلى بىز 20m² مېتىرچە كېلىدىغان بىر قەبرىنى تازىلىغاندا 189 ئادەم كاللىسى چىقتى. تەخمىنەن 2m² مېتىرغا 9.45 دىن جەسەت توغرا كەلگەن.

بىز ئەسلى سۆزىمىزدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن سامپۇل قەبرىستانلىقىدىن چىققان قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئۇنىڭ تارىخىي، ئىلمىي، بەدىئىي قىممىتى، ئۇنى ياراتقان ئىنسانلار تۈپى، بۇ ئىنسانلار تۈپىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىرقى تىپلىرى ۋە باشقىلار توغرىسىدا توختالمايمىز. پەقەت يەر ئاستى كۆتۈپخانىسىنىڭ قاچانقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ «كاربون 14» تەجرىبىخانىسى 1990 - يىلى ئېلان قىلغان «سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ ‹كاربون 14› ئارقىلىق ئۆلچەنگەن يىل دەۋرى دوكلاتى» دا «يەر يۈزىدىن تەخمىنەن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى 02 - نومۇرلۇق قەبرە تېمىدىن يىغىۋېلىنغان قومۇش ئەۋرىشكىسىنىڭ «كاربون 14» بىلەن ئۆلچەنگەن مۇتلەق يىل دەۋرى 90±2865» ، ياغاچ قاتلىمى ئارقىلىق ئۆلچەپ سېلىشتۇرۇلغان يىل دەۋرى 120±2990، 6 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئېلىنغان قومۇش ئەۋرىشكىسىنىڭ ‹كاربون 14› بىلەن ئۆلچەنگەن مۇتلەق دەۋرى 95±1770 يىل، ياغاچ قاتلىمى ئارقىلىق ئۆلچەپ سېلىشتۇرۇلغان يىل دەۋرى 100±1715» دەپ بېكىتىلدى. دېمەككى، ئەڭ بۇرۇنقى يىل دەۋرى 3000 يىللارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەڭ كېيىنكى يىل دەۋرى 1700 — 1800 يىللارغا بارىدىغان

مىلادىيىنىڭ 1966 - يىللىرىدىكى مىسلىسىز كەڭ - كۆلەملىك كىتاب كۆيدۈرۈش پاجىئەلىرىنىڭ ھەممىسى تارىخىمىز سەھىپىلىرىگە يېزىلدى. ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك تارىخىدا چىڭ شىخۇاڭدىن باشلانغان «تالىپلارنى تىرىك كۆمۈپ، كىتابلارنى كۆيدۈرۈش» دىن ئىبارەت ۋەھشىي قاباھەت 2000 يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. دۆۋە - دۆۋە كىتابلارغا ئوت ياققۇچىلار مەيلى قايسى مىللەت، قايسى ئىرق ياكى قايسى دىن - ئېتىقادتا بولسۇن، بىر ئورتاقلىقى شۇكى ھەممىسى ئاۋۋال ئالىم - ئۆلىمالارنى نەزەربەنت ۋە قەتلىئام قىلىپ، ئاندىن كىتابلارغا ئوت قويغان. كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى بىلەنلا پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىر ئەشەددىي تىررورىستلىق يامراپ كەتكەن. دۆلەت سىياسىي جاھالەت - قاباھەتلىكنى، پۇقرالار نادانلىق - نامراتلىقنى قوبۇل كۆرۈشكە مەجبۇر بولغان.

دىيارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن تارىخچى موللا نىياز 1921 - يىلى يېزىپ قالدۇرغان «كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار» ناملىق خاتىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «مۇندىن يەتتە يىل مۇقەددەم خوتەن شەھىرىنىڭ گۇلاغ مەھەللىسىدە ئىستىقامەت قىلىپ كىتاب سېتىش، خەتتاتلىق قىلىش بىلەن روزىغارىمنى تەۋرىتەتتىم. كۆپرەك مەشھۇر تۈرك ئەدىبلىرىنىڭ داڭلىق داستانلىرى، قىسسە ۋە ھېكايىلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ، خېرىدارلارغا ساتاتتىم. ئەرەب، پارس تىلىدىكى داڭلىق داستانلاردىن، قىسسە ۋە ھېكايىلاردىن تېپىپ، ھاجەتمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقاتتىم. ئۇنىڭدىن سىرت مېنىڭ كىتاب دۇكىنىمدا خوجا ھاپىز، ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئىدى ئەسەرلىرى بىلەن بىرگە «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «مىڭ بىر كېچە»، گە ئوخشاش نادىر ئەسەرلەرنىڭ تۈركچە نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى. مەزكۇر جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسىنى، ئۆز ئارىمىزدىن چىققان مۇتەئەسسىپ، مۇناپىق ۋە بەدبەخلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن مانجۇ، شىۋېت، ئېنگلىز، پەرەڭ ۋە باشقا قارانىيەتلەرنىڭ يولىيورۇقىدا قۇتىرىغان خوجا - ئىشان، موللىلار يىغىۋېلىپ ئوتتا كۆيدۈردى. بۇ ھال خوتەندىلا بولۇپ قالماي، يەركەن، قەشقەر، كۇچارلاردىمۇ يۈز بەرگەن ئىدى...» (ر. قادىرى: «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ئۆز س. س ر «پەن نەشرىياتى» 1971 - يىل نەشرى، تاشكەنت).

تارىم ۋادىسى — ھەر بىر قانچە يۈز يىلدا بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك، دەھشەتلىك كىتاب كۆيدۈرۈش قىسمىتىگە گىرىپتار بولدى. لېكىن بۇ مۇبارەك زېمىن خۇددى تەبىئىي كىتاب بۇلىقىدەك، كىتاب چىقىرىش ۋە كىتاب كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ رەھىمسىز

ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى. بەزىلىرى «ھوي، ئاشۇ خوتەندىن شۇنداق چوڭ كىتاب تېپىلىپتىكەنمۇ؟» دەپ قويدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ قەدىمىي كىتاب يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان «زەپەرنامە» ناملىق بىر تېببىي رىسالىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «... ئانداغ رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ زامانلىرىدا ھېچ نەرسە ئىلمىي ھېكمەتتىن شېرىنراق ئەمەس ئىدى. ھېچ قەۋم ئۆلىمالاردىن بۇزرۇكراق ئەمەس ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى نۇشىرۋان ئادىل خۋاجە ئەبۇز جەمھۇر ھاكىمغا ئېيتتىكى،

— مېنىڭ ئۈچۈن بىر كىتاب تەسنىپ قىلىڭلاركى سۆزلىرى ئاز بولسۇن، مەنىسى زىيادە بولسۇن، ئوقۇماق، ياد ئالماق ئاسان بولسۇن، كىشىلەرنىڭ رەنجى - شىپاھلىرىغا دەرمان بولسۇن، بۇ ھەم بىزدىن يادىكار قالغاي، — دېدى.

خۋاجە ئەبۇز جەمھۇر ھاكىم جىمى ئۆلىمالارنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ كىتابنى جەمئىي قىلدى ۋە «زەپەرنامە» دەپ ئات قويدىلەر، نۇشىرۋان ئادىلغا كەلتۈردىلەر. نۇشىرۋان ئادىل كىتابنى كۆرۈپ، خۇجا جەمھۇرغا رەھمەت سۈپىتىدە بىر شەھەرنى بەردىلەر.

بۇ ئىش «بىر كىتابقا بىر شەھەر» دېگەن مەشھۇر ھېكمەتكە ئايلىنىپ دەسلەپ شەرق ھۆكۈمالىرى، خەلقلىرى ئارىسىدا، ئاندىن پۈتۈن دۇنيادا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

خوتەننىڭ يېزىق مەدەنىيىتى تارىخىنى مۇپەسسەل شەرھلەش كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھمىيەتلىك تېمىلارنىڭ بىرى. ئىنسانىيەتنىڭ ھازىر ئېرىشكەن پەن - مەدەنىيەت، تېخنىكا جەھەتتىكى يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يېزىقسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەككى، كىتاب — ھېچقانداق سىياسىي، ئىجتىمائىي، دىنىي كۈچ قارشى تۇرمايدىغان ئىلاھىي مۆجىزە، شۇڭا ئۇ ھېچقانداق بىر ھۆكۈمران بايقۇت قىلمايدىغان، ھېچقانداق بىر دەۋر رەت قىلمايدىغان خۇددى ئاسماندىكى پىلانېتلارغا ئوخشاش دەخلىسىز شەيئى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، يۇرتىمىز تارىخىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەڭ ۋەھشىيانە ئالامەتلەرنىڭ بىرى كىتاب كۆيدۈرۈش بولدى. مۇشۇ 1000 يىلدىن بۇيان نايمانلاردىن كۈچلۈك خاننىڭ خوتەندە ئۆلىما - تالىبلارنى چاھارى مىخ (كرېست شەكىللىك مىخلاش) قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، كىتابلارنى كۆيدۈرۈش ھەرىكىتى؛ سەئىدىلەرنىڭ قارا قورساق خانى مىرزا ئابابەكرىنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈش ۋەقەلىرى؛ جاھالەتچى ئاپاق خوجىنىڭ كىتابلارنى ئوت - يانغىنغا ئايلاندۇرۇشى؛

مەدەنىيەتكە، مەرىپەتكە قارشى كەچۈرگىسىز تارىخىي جىنايەتلەرنى كىشىلەر ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى دەپ خىيال قىلىدىغان كىشىلەر خاتالىقنى توختىماي تەكرارلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى خەلقنى «نادان» چاغلاشتا. تېررورلۇق قاپلىغان ئاشۇ زامانلاردىمۇ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن كىتابلارنى يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغان، ئۇنى ساق - سالامەت كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن كىشىلەر نۇرغۇن. شۇڭا بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بۇلدۇقلاپ توختىماس بۇلاق دەپ تەرىپلەندى. مىڭلارچە يىللارنى بېشىدىن كۆچۈرگەن نۇرغۇن قىممەتلىك مەنۋى تەۋەررۈكلىرىمىز قايتا نەشر قىلىنىپ، بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تارىختا مەرىپىتىمىزگە قىلىنغان كۆپ قېتىملىق مەنۋى قەتلىئاملار گەرچە تولدۇرغۇسىز ئېغىر تالاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتتە نۇرلانغان سەمەرىلىرىمىزنى تامامەن يوقاپ كەتمىدى.

بىزنىڭ تارىخىي يېزىق - ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ رەڭ - سىياھلىرى ئۆڭگىنى يوق، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا جۇلالاتقان نۇر - زىيالار ئۆچكىنى يوق.

(«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىل 5 - سانىدىن ئېلىندى)

---



*ئابدۇقادىر تۇرسۇن 1943 - يىلى 16 - نويابىر كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاراقىر بېزا مازار ئۆستەڭ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلىغىچە كېرىيە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1989 - يىلىغىچە كېرىيە ناھىيىسىدە مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە خىزمەت قىلغان. 2002 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولغان. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى، خوتەن مۇزېيىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىمەكتە.*

*1957 - يىلى ئۇنىڭ «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىدە «ئانا ۋەتىنىم» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان شۇنىڭدىن تارتىپ مەتبۇئاتلاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1980 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ «يەر ناملىرى*

تەكرارلىنىش ئۈزۈلۈپ قالمىدى. پەقەت مۇشۇ يۈز نەچچە يىلدا بۇ ۋادىغا ئاياغ باسقان چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىمۇ ئاساسىي دىققەت- ئېتىبارىنى يېزىق ۋەسىقىلىرىمىزنى يىغىشقا قاراتقاندەك قىلىدۇ. پەقەت گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان خوتەن ھۆججەتلىرىنى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى يۈز بەچچە يىلدىن بۇيان جاپالىق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇئەييەن ئىلمىي نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ھۆججەت، كىتاب - ماتېرىياللارنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇنى مەڭگۇ تەتقىق قىلىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، دېيىشتى. «مەڭگۇ تەتقىق قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان» بۇ يېزىق ماتېرىياللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ پۇتۇنسۇرۇك كىتابلار ئىكەنلىكى ئېنىق. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى بومباردىماندا بىر مۇنچىلىرى نابۇت بولدى. ئامان قالغان يېزىقچە ۋەسىقىلىرىمىز گېرمانىيە، ئۇلۇغ بېرىتانىيە، روسىيە، شېۋېتسىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، فرانسىيە، ھىندىستان ۋە باشقا جايلاردىكى مۇزېي، كۇتۇپخانىلار، پەن- تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا. دۆلىتىمىز ئىچىدىكى باشقا مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان، تۇرلۇك بالا - قازا، تالاپەتلەردىن ساقلىنىپ قالغان يېزىقچە ماتېرىياللار، كىتابلار يەنە قانچىلىك؟ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى بومباردىمانچىلىقىدىكى تالاپەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزنىڭ تارىخىي ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەرھالدا ئۇنىڭ ھەقىقىي قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. مىڭلارچە ئالىملار ئۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە جاپالىق تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇردى. ئۇلار بىزگە ئۆز يۇرتىمىزنىڭ يىراق قەدىمىي تارىخىي توغرىسىدا بىز بىلمەيدىغان ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار ئەنە شۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا ھەتتا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «ئاچقۇچى» نىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنىمۇ ئېنىقلاپ چىقتى. ئەگەر بۇ ماتېرىياللار ئۆز يۇرتىمىزدا بولغان بولسا 1966 - يىلدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن كىتاب كۆيدۈرۈشتىن ئامان قالمىغان بولاتتى. مەن 1966 - يىلىدىكى كېرىيە ناھىيە بازىرى ۋە بەزى يېزىلاردىكى كىتاب كۆيدۈرۈشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. «قوزغىتىلغان ئىنقىلابىي ئامما ۋە كىچىك باتۇرلار» ئۆيمۇ ئۆي دوقۇراپ، دېڭىزدىن يىڭنە ئاختۇرغاندەك ئاختۇرۇپ، يىغىلغان دۆۋە - دۆۋە كىتابلارغا خەلقئالەم ئالدىدىلا ئوت ياققان. كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان كىتابلار ئېگىز لەيلەپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بولغان. ئېسىمدە قېلىشىچە كىتاب كۆيدۈرۈش ئىككى ئايچە داۋاملاشقان.

يىللار ئارقا - ئارقىدىن ئۆتتى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى

ئىمىن تۇرسۇن

# «خاقانىيە تىلى» ۋە خوتەن شېۋىسى

خوتەن — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەتتە ناھىيىدىن تەركىب تاپقان بىر ۋىلايەت. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئۈزىدە ھازىر بىر مىليون 200 مىڭ ئاھالە ياشايدۇ. بۇ ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى بىر خىل شېۋىدە سۆزلەيدۇ. دىئالېكتشۇناسلىق پرىنسىپلىرى بويىچە، بۇ ئاھالىنىڭ جانلىق تىلىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە بىر شېۋىسى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

دۇنيا تىلشۇناسلىرى «قەدىمكى خوتەن تىلى» نى «ئۆلگەن تىل» دەپ ھېسابلايدۇ. راست شۇنداقمۇ؟ ئىسمى بىلەن جىسمى قوشۇلۇپ پۈتۈنلەي «ئۆلگەن» ۋە ئۇ تىلدىن ھېچقانداق ئەسەر-سارقىت قالمىغانمىدۇ؟ قەدىمكى خوتەن ئاھالىسىنىڭ مىللىي خاسلىقى ۋە تىل جەھەتتىكى خاسلىقى مەسىلىسىنى بۇ رايوندا تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان ئاھالىنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك ۋە تىلشۇناسلىق ماتېرىياللىرى بىلەن ئىنچىكە تەكشۈرۈش ۋە بۇ يەردە ئۆزئارا ئۇچراشقان ھەر خىل تىللارنىڭ مەلۇم بولغان لېكسىكىلىرىنى سېلىشتۇرۇش يولى بىلەن، ئاھالىنىڭ ۋە ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ كېلىپ چىققان مەنبەسىگە ئاساس تېپىش مۇمكىن. شۇڭا، بۇ دەسلەپكى ئىزدىنىشىم بۇنداق چوڭ مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە قىلىش يۈكىنى ئۈز ئۈستىگە ئالالمايدۇ، پەقەت ھازىرقى «خوتەن تىلى» بىلەن 11-ئەسىردىكى «خاقانىيە» تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىلا بەزى چۈشەنچىلىرىمنى مۇھاكىمىگىزلارغا سۇنىمەن.

«خاقانىيە تىلى» — قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى (ئىسسىق كۆلدىن كۇچاغىچە قەشقەرنى مەركەز قىلغان رايون) نىڭ تىلى، يەنى 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى.

تىل ئالىملىرى، ئادەتتە، «قەدىمكى خوتەن تىلى» نى ھىندى تىلى دېيىشىدۇ. مەسىلەن، 3-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي شىمالىي ھىندىستاننىڭ قەدىمكى پراكرىت يەرلىك تىلىغا ئوخشاپ

تەزكىرىسى»نى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ 4800 دىن ئارتۇق يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ، قېلىپلاشتۇرۇپ چىققان. 1985 - يىلىدىن كېيىن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى» (ئۈچ توپلام) تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1988 - يىلى كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھاۋالىسى بىلەن «كېرىيە تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - كىتابىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولغان. بۇ يىللاردا ئۇ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا «كېرىيە دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۇنىڭ زىممىسىگە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مۇزېي ئىشلىرىنىڭ ئېغىر يۈكىنى يۈكلىدى. ئۇ يېقىندىن 90 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ياقلاپ، كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ رەتلىدى. بۇ جەرياندا خىنزۇچە، ئۇيغۇرچە ژۇرناللاردا باشقىلار بىلەن بىللە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ئۇ، 1990 -، 1997 - يىللىرى جۇڭگو - ياپونىيە نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەركىبىدە ئۇدا سەككىز يىل ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش خىزمىتىگە قاتناشتى. جۇڭگو - فرانسىيە بىرلىشىپ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى تەكشۈرۈش، جۇڭگو - شىۋىتسىيە بىرلىشىپ يارتوڭغۇز دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق زور خەلقئارا ئىلىم - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇ 6000 دىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى يىغىۋېلىپ، خوتەن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملار سانىنى 10 مىڭدىن ئاشۇرۇپ خوتەن مۇزېيىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇھىم مۇزېيلار قاتارىغا كىرگۈزدى. 1998 - يىلىدىن كېيىن دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق نەشرىيات تۈرى بولغان چوڭ ھەجىملىك «خوتەن تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» رەسىملىك توپلىمىنى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى جيا يىڭيى خانىم بىلەن نەشرگە تەييارلىدى، بۇ كىتاب نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ، خوتەن تارىخىدىكى تۇنجى مۇزېيىنىڭ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى.

ئابدۇقادىر تۇرسۇن خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى، مۇزېي ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خالىس خىزمەتلىرى ئۈچۈن 2000 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى، ياپونىيىلىك دوت ئەرباب ياسۇتاكا كوجىما (شاۋداۋ كاڭيۈ) نامىدىكى «مەدەنىيەت يادىكارلىق مۇكاپاتى»غا سازاۋەر بولدى.



(سىر)، خۇن، يۈچى، ئاق خۇن، تۈرك، تۈبۈت، توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرى ئۆتۈشكە باشلاپ، «خوتەن تىلى» تۈركچىلىشىشكە يۈزلەنگەن (يۇقىرىدىكى ئىسمى ئاتالغان خەلقلەرنىڭ تىللىرى ئالتاي-تەڭرىتاغ تىللىرى ئىدى). بۇ جەريان ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان. ھەتتا 11-ئەسىردىمۇ تۈركچىلىشىش جەريانى تۈگەللىنىپ بولمىغان بولسا كېرەك. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمىدە: «خوتەنلىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى تىلدا سۆزلەيدۇ ۋە تۈركچىنى ياخشى بىلمەيدۇ» دەپ يازىدۇ. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسلەتمىسى تۈركچىلىشىش جەريانىنىڭ تۈگەللەنمىگەنلىكىنى ئەستىقلايدۇ. «دىۋان» بولسا خوتەن 1006-يىلى قاراخانىلار تەۋەسىگە ئۆتۈپ 70 يىلدىن كېيىن يېزىلغانىدى. بۇ چاغلاردا، قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى تەسىرى ساقلانغانىدى. بۇ سۆزدىن خوتەن قاراخانىلار تەۋەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىلى تۈركچىلەشتى دېگەن مەنە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە، چۈنكى خوتەن رايونىنىڭ قوشنا رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت كۈچەيدى. 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان قەشقەر تەرەپلەردىن سودىگەرلەر ۋە ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەر (كۆپرەك زىيالىيلار) كۆچۈپ باردى. 11-ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن، ئاۋۋال قوشۇن، ھاكىمىيەت مەمۇرلىرى، كېيىنچە يەر ئۆزلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر خىل قەبىلىلەر (مەسلەن، ياغما، قارلۇق، غۇز، چىگىل، قارچۇق، چارۇق، چۇمۇل، مەركىت ۋە باشقىلار) خوتەن رايونىغا كۆچۈپ كىردى. ئاپتورى نامەلۇم «ھۇدۇدۇل ئالەم» نىڭ 9-بابىدا يېزىلىشىچە: «ئۇدۇن ئىككى دەريا ئارىلىقىغا جايلاشقان ... ئاھالىسى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يىپەك. ئۇدۇن پادىشاھى ئىنتايىن يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە، ئۆزىنى تۈرك ھەم تۈبۈت پادىشاھى (ئەزىم ئەل تۈرك ۋەل تۈببەت) دەپ ئاتايدۇ ... ئۇدۇن دەريالىرىدىن قاشتاش چىقىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن، خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تۈزۈلۈشى، ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشى، جۈملىدىن تىلىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى تېزلەشتى. «خوتەن تىلى» بارا-بارا شۇ ھالەتكە يەتتىكى، 10-13-ئەسىرلەردە «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىنى ساقلاپ قالغان «تىل» بولۇپ شەكىللەندى. بۇ «تىل» نى بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن

كېيىنكىدىغان تىل خوتەن تەرەپلەردە ئومۇملىشىپ، كۆندىلىك مەمۇرىيەتتە ئىشلىتىلەتتى دېيىشىدۇ. بۇ كۆز قاراشلىرىغا خوتەن رايونىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدا ھىندىستاننىڭ قارا تىلى (پراكرىت) بىلەن، مىلادى 2-ئەسىردىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان نوم («دارماپادا») نى ئاساس قىلىشىدۇ. لېكىن مەشھۇر نومشۇناس، سەييياھ شۋەنزاڭ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: «بۇ ئەلنىڭ يېزىقى ھىندىلارنىڭكىگە ئاساسلانغان ۋە لېكىن ئانچە-مۇنچە ئۆزگەرتىلگەن، ئەمما تىلى بولسا بۇ ئەلدىكى ئاھالىنىڭ مىجەزى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشقا ئەللەرنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ؛ ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، جۇڭگو تىلىنىڭ ئۆزگەرمىسىمۇ ئەمەس» دەپ يازىدۇ.

ئاۋرېل ستەيىننىڭ نىيە خارابىسىدىن تاپقان قارۇشتى يېزىقىدىكى خاتىرىلەرنىڭ تىلى ھەقىقەتەن ھىندى تىلىمۇ ئەمەس، ئىران تىلىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلىمۇ ئەمەس. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردىن ئېتىبارەن، خوتەن رايونىغا بۇددا دىنى كىرگەندىن كېيىن، ھىندى تىلى (پراكرىت) بارا-بارا يەرلىك ئاھالىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىشكە باشلاپ، خوتەن ئاھالىسىنىڭ تىلىدىكى سۆزلەردە سانسكرىتچە ئاملار پەيدا بولغان. كېيىن يۆچىلەر (كۆچچىلەر) يەنى كۇشان ئىمپېرىيىسى يەنە شەرققە قاراپ كېڭىيىپ (بۇلار ئەسلىدە شەرقتىن كۆچۈپ بارغان) قەشقەر ۋە خوتەن تەرەپلەرنى بىرقانچە يۈز يىل كونترول قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۆچى تىلىنىڭ تەسىرىمۇ ئۆتكەن. «خوتەن تىلى» ئەزەلدىنلا نوقۇل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىل ئەمەس. ئەگەر ئىران تىللىرى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بىر خىل مۇرەككەپ تىل دېيىلىدىغان بولسا، بۇ گەپ تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىككى خىل تىل سىستېمىسىدىن ئەبجەش-قېتىش بىر تىل ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، يەنى بىرى ئاساس، يەنە بىرى ياردەمچى بولىدۇ. ئادەتتە، تىللار ئارىلاشقاندا، «غالىپ تىل» لېكسىكا ۋە مورفولوگىيە جەھەتتىن ئۈستۈنلۈك قازىنىدۇ؛ «مەغلۇپ تىل» بولسا مەلۇم دەرىجىدە لېكسىكىلىق ۋە گراماتىك ئىزىنى قالدۇرىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە بولغاندا، بۇددا مەدەنىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن كىرگەن «نوم تىلى» (پراكرىت) مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن لېكسىكا جەھەتتىن بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈك قىلغان، لېكىن «خوتەن تىلى» نى ھەممە جەھەتتىن بويسۇندۇرالمىغان.

دەرۋەقە، مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، دى (تىلغار)، چياڭ

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان» دا: |
|---|---|
| kəlin | kəlin |
| kərək | kərək |
| kəpəz | kəpəz |
| kərilgən | kərilgən |
| xəxük～yəxük | səxük |

(ئەسلەتمە، ئىسىم ھالىتىدە بولسا xəxük، پېئىل ھالىتىدە بولسا e لىشىدۇ: kətti yexülüp)

"Zəynəphanning kəlini" (Ilqi, Langru)
"ķəddimiz kθtərildi" (Keriyə, ķaluķ)
"Ixikni qəgiwiting, ɋoli qəkkili unimaytu
ixikni" (Keriyə, Siyək)
"Yürikəmgə ķol sa (l) sam,
Yürikəm ba (r) jigərim yoķ.
Ya (r) din kθŋləm aolrisa,
Kitəxim ba (r) kilərim yok. (llqi, Popunar)

خوتەن شېۋىسىدىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكىگە ئوخشاش، قاتار كەلگەن بىر خىل تۆۋەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن ئادەتتە ئىككىنچىسى ئاجىزلىشىدۇ؛ ياكى بولمىسا كېيىنكى بوغۇمدىكى ئارا سوزۇق (i) نىڭ ئەكس تەسىرى بىلەن بىرىنچى ئوچۇق بوغۇمدىكى تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلىشىدۇ، مەسىلەن:

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان» دا: |
|---|---|
| kiləp (ئۆسۈملۈك) | kələp |
| eɋil | aɋil |
| eyiɋ | aziɋ |
| elix (ئېلىش ۋېشى) | alix |
| ķeqi(r) | ķatīr |
| qiqək | qəqək |
| beɋi(r)taķ | baɋīrtaķ |
| ķetilix | ķatīlix |
| ķatilix (گۆمىدا) | |
| engiz | aŋīz |
| tizək | təzək |
| kilə(r) | kələr |

شىۋىسى دەپ ئاتايمىز. خوتەن تىلى 12-ئەسىردە «خاقانىيە تىلى» نىڭ، كېيىن 15-16-ئەسىرلەردە «چاغاتاي تىلى» ۋە يېقىنقى ئەسىرلەردە «قەشقەر تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر شىۋىسى ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك تۈركولوگلار ئېتىراپ قىلىدۇ.

11-ئەسىردىكى «خاقانىيە تىلى» نىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، مورفولوگىيە ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ 20-ئەسىردىكى خوتەن شىۋىسىدە تېپىلىشى تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك. بۇ پىكرىمىزنى 1956-يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش داۋامىدا ۋە 1980-يىلدىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش داۋامىدا ھاسىل قىلىنغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار دەسلەپكى قەدەمدە تەستىقلىدى.

فونېتىكا جەھەتتىن:

«خاقانىيە تىلى» نىڭ فونېما سىستېمىسى ھەممە تۈركىي تىللارنىڭ فونېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايتتى. فونېما سىستېمىسى تۈزۈلۈش جەھەتتە ئەڭ مۇستەھكەم بولىدۇ. ئادەتتە فونېما سىستېمىسىدا ئۆزگىرىش (يېڭى فونېمىلار قوشۇلۇش، بەزىلىرى چۈشۈپ قېلىش) ھادىسىسى ناھايىتى ئۇزاق جەرياندا يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق تىل ئىگىسى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتىنى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان تىلغا تەبىئىي يوسۇندا ئېلىپ كىرىدۇ. خوتەن شىۋىسىدىمۇ بۇنداق ھادىسىلەر يوق ئەمەس. لېكىن «خاقانىيە تىلى» دىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش (ئالدى-ئارقا، يۇقىرى-تۆۋەن تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەتتىكى تۇسلىرىنى مۇستەسنا قىلغاندا) خوتەن شىۋىسىدىمۇ ئاساسەن ئوخشاش.

ئالدى سوزۇق تاۋۇشلاردىن «ə» تاۋۇشى قەدىمكى زاماندىلا ئەمەس، 11-ئەسىردىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل بىر فونېما ئىدى. بۇ تاۋۇش بەزى تىل تەتقىقاتچىلىرى ئېيتقاندەك ھېچقاچان «a» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى «e» تاۋۇشىنىڭ تاڭلاي سىنگارمونىزمى سەۋەبى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ تىل ئۇستىدە تەلەپپۇز قىلىنىشىدىنمۇ پەيدا بولغان تاۋۇش ئەمەس. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا«ə» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشى ئالاھىدە بىر مۇستەقىل فونېتىكىلىق ھادىسە بولماستىن، بەلكى سۆز ئۇرغۇلىرى، سوزۇق تاۋۇشلار سىنگارمونىزمى ۋە شۇنىڭدەك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. 11-ئەسىردىكى «خاقانىيە تىلى» دا «ə» تاۋۇشى ئاساسەن ئاجىزلاشمايتتى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىلچى، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى چەترەك يېزىلاردا ئايرىم سۆزلەردىكى «ə» تاۋۇشى ئاجىزلاشماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تەلەپپۇز قىلىنغاندا، يۇمشاق تاڭلاي بەك يۇقىرى كۆتۈرۈلمەي، تىلنىڭ ئىككى يېنى سەل پۈكۈلۈپرەك، «u» غا مايىلراق چىقىدۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «o» تاۋۇشى باشقا تىللاردىكى (بولۇپمۇ ھىندى-ياۋروپا تىللىرىدىكى) «o» نىڭ تەلەپپۇزىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك «θ» تاۋۇشىمۇ خوتەن شېۋىسىدە، كۆپىنچە «ü» گە مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| buqum | ķuolun | uqul |
| sügəl | sügət | tüxük |
| ütək | ügəy | tümü(r) |

خوتەن شېۋىسىدە سىنگارمونىزىم ھالىتى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. بۇ جەھەتتىن «خاقانىيە تىلى» نىڭ خۇسۇسىيىتى ئاساسەن ساقلاپ قېلىنغان. خوتەن شېۋىسىدە يېپىق بوغۇملۇق سۆزلەرگە ئۇلىنىدىغان شەخس، ئىگىلىك ۋە رەۋىشداش قوشۇمچىلىرىنىڭ لەۋلەشكەن تۈرى ياكى ئارا سوزۇق تاۋۇشلۇق تۈرى يوق.

am (ang) əm (əng) خوتەن شېۋىسىدە:
im/um—üm (ing/ung—üng) ئەدەبىي تىلدا:
ķol—ķolam/ķolang
kθz—kθzəm/kθzəng
ütək—ütikəm/ütikəng
oltur—olturaptu
bol—bolaptu,

خوتەن شېۋىسىدە، كىچىك تىل تاۋۇشلىرىدىن «ol» ياكى «k» بىر سۆزدە تەڭلا قاتار كەلمەيدۇ. تەبىئىي يوسۇندا، بىرىنچى بوغۇمدا «k» بولسا، ئىككىنچى بوغۇمدا «ol» ياكى بولمىسا ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ ھادىسە «خاقانىيە تىلى» دىكى ھادىسىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەگەر بىر سۆزدە «k» قاتار كېلىپ قالسا، بىرىنچى بوغۇمدىكى — «h» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ķonaq | taķaq | ķondaq |
| oqaķ | pohaķ | |

بۇنداق سۆزلەرگە سۈپەت قوشۇمچىلىرى (luķ/luq) ئۇلاشتىمۇ ئاشۇ قانۇنىيەت ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. يەنى «q» بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە liķ/luķ ئۇلىنىدۇ؛ «ķ» بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە liq/luq ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ingək　　　　　əŋək

لېكىن خوتەن شېۋىسىدە «ə» تاۋۇشى ئاجىزلاشقاندا، ئەدەبىي تىلىدىكىدەك «e» غا مايىل ئەمەس، كۆپىنچە «i» غا مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قاتار كەلگەن تۆۋەن سوزۇقلارنىڭ «i» لىشىش قانۇنىيىتىدە بىرلىك ساقلانغان.

شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ، مەسىلەن:

PaqaAķ—am(ang)—Paqiķam(ng)

Kulaķ—am(ang)—Kuliķam(ng)

Yürək—am(əng)—Yürikəm(ng)

Kalək—əm(əng)—Kalikəm(ng)

شۇنىڭدەك، ئۈچۈق بوغۇم بولۇپ قاتار كەلگەن بىر خىل ئۈچ سوزۇقتىن ئىككىنچىسى چوقۇم ئاجىزلىشىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ.

bala—lar—balilar—balla (r)

kala—qa—kaliqa

Kadi(r) la (r)—qa—kadi (r)liqa

ھەتتا خوتەن شېۋىسىدە تۆۋەن سوزۇقلۇق بوغۇمدىن كېيىنكى بوغۇمدىلا يۇقىرى سوزۇقنىڭ ئەكس تەسىرى بىلەن ئالدىنقى بوغۇمدىكى (بىرىنچى بوغۇمدىكى) تۆۋەن سوزۇق ئاجىزلىشىپ «i» غا مايىل «e» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ba (r)—idi—be (y)di

ba (r)—ip—idim—beribdim (beriwedim)

كۆپ ھاللاردا، «ə» بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق تۈپ پېئىل «p» بىلەن رەۋىشداشقا ئايلانغاندىن كېيىن، زاماننى بىلدۈرىدىغان شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىمۇ «ə» ئاجىزلاشمايدۇ.

də—p—tim—dəptim (dəpidim—diwidim)

kə (I)—p—ti—kəpti (kelip—idi—keliwidi—kewidi)

لېكىن «a» بىلەن تۈزۈلگەن بۇنداق سۆزلەردە «a» تاۋۇشى «i» غا ئاجىزلاشماي، «ə» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ka (I)—p—tu (ti) —ķəptu (ķəpti)

ķelip—tu—ķeptu, ķelip idi—ķeliwidi

بۇ ھادىسىلەر كېيىنكى تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەردۇر.

خوتەن شېۋىسىدە كەينى سوزۇق تاۋۇشلاردىن «o» تاۋۇشى

پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمىگەن، ئەگەر قەدىمكى تىلغا تارتىپ سۆزلەشكە توغرا كەلسە «q» ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن «خاقانىيە تىلى» دا «j» تاۋۇشى شەكىللەنمىگەن دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى «خاقانىيە تىلى» نىڭ تەركىبىگە كىرگەن باشقا شېۋىلەردە «z» دىن ياكى «q» دىن «j» تاۋۇشى ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان. خوتەن شېۋىسىدە بولسا، كۆپىنچە سۆزلەردە «q» ئەمەس، «j» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | خوتەن شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ⱪanqīⱪ | ⱪanjiⱪ |
| manqu | manju |
| monqaⱪ | monjaⱪ |
| inqiⱪ | injig — injigi |

لېكىن «q» تاۋۇشىمۇ بار، پەقەت تىل ئۇستى تاۋۇشىنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە جاراڭسىز تىل ئۇچى تاۋۇشى ياكى ئارقا سوزۇق تاۋۇشى كەلسە «q» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| qit — qitla, | qitwaq («دىۋان» دىمۇ "qit") |
| qikətkü | («دىۋان» دا "qəkürgə") |
| qiqək | («دىۋان» دا "qəqək") |
| hoqa | koqa |
| gaqa | aqa |

خوتەن شېۋىسىنىڭ ئۆزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئومۇمەن تىلنىڭ ئۇچى تورۇلۇپ ئالدىنقى تاڭلايغا يېقىنلىشىپ سۈركىلىش پەيدا قىلىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان «r» تاۋۇشى خوتەن شېۋىسىدە كۆپىنچە تىل ئۇستى تاۋۇشى «y» بىلەن ئالمىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ تاۋۇشلارنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن، تىل ئۇچىنىڭ ھەرىكىتى، تاۋۇش پەردىسىنىڭ ھالىتى ۋە تىل ئۇستىنىڭ تاڭلايغا يېقىنلىشىش دەرىجىسى خېلى يېقىن بولغاچقا «j»، «u»«a» سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن ئىلگىرى كەلگەن «r» تاۋۇشى «y» غا ئالمىشىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۆز بېشىدا «r» تاۋۇشى كەلمەسلىك ئەنئەنىسىمۇ بار. ئەمما، بۇ ھال ئېتنىكلىق-فونېتىكلىق ئۆزگىرىش جەريانىغىمۇ باغلىق. چۈنكى مىلادىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئالتە ئەسىرلىك جەرياندا شىمالىي ھىندىستاننىڭ پراكرات تىلى ۋە بۇددا دىنى ۋاستىسى بىلەن تەركىبىدە

ķonaɋ—līķ—ķonaɋ līķ— ķonaoɋlīķķa su baɋ liduķ.
a (r) tiɋ—līķ — bexiɋa yaɋlīkīa (r) tīɋlīķ.
yaķa—līɋ—yaķaliɋ—tal yaķalīɋķa ɋīķtī.
issiɋ—līķ—issīɋlīķ
uruɋ—luķ—uruɋluķ—uruɋluķni saķlaytu.

خوتەن شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكىدەك ئاخىرى كىچىك تىل تاۋۇشى بىلەن كېلىدىغان ياسالما سۆز ئومۇمەن جاراڭلىق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، «ɋ» بىلەن، جاراڭسىز تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا «ķ» بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن.

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان» دا: |
|---|---|
| uluɋ — ulɋaydi | uluɋ |
| uluɋ — ulandi | ulaɋ |
| iliɋ (ilman) — ilidi | īlīɋ |
| aɋriɋ — aɋridi | aɋrīɋ |
| ķattiķ — ķatti | ķattīɋ |

توپ سۆزلەردە بۇ هال مەۋجۇت ئەمەس.

| خوتەن شېۋىسىدە: | «دىۋان» دا: |
|---|---|
| ulaķ — at — ulaķ | ulaķ . |
| ahsaķ | ahsaķ |

ئۈزۈك تاۋۇشلار سىستېمىسىدا، «خاقانىيە تىلى» دا قوش كالپۇك تاۋۇشى «p» دىن «b» ئايرىلىپ چىققان. لېكىن «b» پۈتۈنلەي جاراڭلىق تاۋۇش هالىتىگە كۆچۈپ بولمىغان، «خاقانىيە تىلى» دىكىدەك خوتەن شېۋىسىدە «p» تاۋۇشى نەپەسلىك، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، «b» تاۋۇشى نەپەسسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. خوتەن شېۋىسىدە ئومۇمەن بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «p» تاۋۇشى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سوزۇق ياكى جاراڭلىق تاۋۇشنىڭ ئەكس تەسىرى بىلەن جاراڭلىققا مايىل تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ķob bə(r)di | (ķoyup bərdi) |
| unumabdi | (unimiwidi) |
| səbdük | (selip idük) |
| kebdük | (kelip idük) |

«خاقانىيە تىلى» دا تىلى ئۈستى تاۋۇشى «q» بىلەن «j»

ياسالغان تەقدىردىمۇ، ئىسىم ھالىتىدە مۇقىملىشىپ كەتكەنلا بولسا) «k» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. لېكىن ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەت ھالىتىدە كېلىدىغان سۆزلەردە «g» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەسكەرتىشىچە، «تىرىلدى» پېئىلىدىن ياسالغان «تىرىك» سۆزىدە «ئۆلدى» پېئىلىدىن ياسالغان «ئۆلۈك» سۆزىدە «k» يۇمشاق ئوقۇلىدۇ، يەنى «g» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت خوتەن شېۋىسىدە ئۆز پېتىچە ساقلانغان. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | خوتەن شېۋىسىدە: |
|---|---|
| ətək | itək |
| θtük | ütək |
| θtüg | θtəg—iq θtüx |
| θlüg | θləg |

بۇلاردىن باشقا، فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىمۇ بار.

مورفولوگىيىلىك-گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئىسىم كاتېگورىيىسىدە ھازىر خوتەن شېۋىسىدە ئەدەبىي تىلىدىكىگە ئوخشاش ئالتە كېلىش بار دەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن تاغلىق رايونلار (مەسىلەن، پوشا، قاراتىغۇ تاغ) ئاھالىسىنىڭ تىلىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش بىرلا «ni» قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېھتىمال، بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۈچىنچى باسقۇچ-«چاغاتاي تىلى» دىكى ئايرىم شېۋىلەرنىڭ خوتەن شېۋىسىنىڭ ئايرىم يەرلىك لەھجىلىرىدىكى ئىپادىسى بولسا كېرەك. مەسىلەن:

kθŋnək — meni kθŋnikəm (mening kθynigim)
ayaķ— meni ayiķim (mening ayiqim)
doppa — Rozihanni doppis (Rozinanning doppisi)
torus — θyni torisi (θyning torisi)

«خاقانىيە تىلى» دا ئىسىملاردىن ئىسىملار ياساشتا، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «lig» قوشۇمچىسى ئۇلانسا، بەزىدە ئورۇن ئىسمىنى، بەزىدە نەرسە قويۇلغان يەرنى بىلدۈرىدۇ؛ بەزىدە مەستەر بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالدىن بىرەرسىمۇ بولماي، نەرسىنىڭ ئىگىسى دېگەن مەنىدە كەلسە، ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «(lüg) lig» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، «ئەگەتلىك» بولۇپ كەلسە، «كېلىنگە خىزمەت قىلىشقا بېرىلگەن دېدەك» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر «lig» قوشۇلۇپ «əgtlig» بولسا، «دېدەكنىڭ ئىگىسى بولغان

سانسكرىت ئامىللىرى كۆپەيگەن توخار (كۆچچى) تىلى ھەم ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى ھۇن-تۈرك تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن خوتەن شىۋىسىدە «r» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇزىدا خاسلىق پەيدا بولغان. بۇ ھادىسە پۈتۈن خوتەن رايونىدا (ئىنچىكە تەھلىل قىلىنىدىغان بولسا) ئومۇمىيۈزلۈك بىر خىل ھادىسە ئەمەس. قاغىلىقتىن لوپقىچە «r» بىلەن «y»، قاراقاش، ئىلچى ۋە لوپلاردا «y» بىلەن «r» ئارىلاش)، چىرىيىدىن چەرچەن ھەتتا چاقىلىقنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا «r» بىلەن «y» ئارىلاش؛ قاغىلىق تاغلىرىدىن چاقىلىق تاغلىرىغىچە بولغان تاغلىق رايونلاردا «r» تاۋۇشى ئاساسەن «y» بىلەن ئالماشماي، بەلكى تىل ئۇچى قاتتىق يۆگىلىش بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

خوتەن شىۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاشلا، سۆز بېشىدىكى «y» تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| «دىۋان» دا: | خوتەن شىۋىسىدە: |
|---|---|
| yitik | yittig (yittik) |
| yilik | yilik (yilig) |

لېكىن «y» بىلەن باشلانغان بوغۇمنىڭ ئاخىرى جاراڭسىز قوش كالپۇك تاۋۇشى ياكى تىل تۈۋى تاۋۇشى بىلەن كەلسە، «y» تاۋۇشى «x» لىشىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| yik—xik | yip—xip |
| ki(r)—kixip (kirip) | yupk̡a—xupk̡a |

خوتەن شىۋىسىدە، فونېتىكا جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، خۇددى «خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاش «k̡، k، p» تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇشلار ئارىلىقىدا كەلگەندىمۇ جاراڭسىز ھالىتىدە ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| bulak̡—buliki̡ | k̡onak̡—k̡oniki̡ |
| θtək—θtiki | yürək—yüriki |
| ḩələp—ḩəlipi | tələp—təlipi |

ھەرىكەت نامى، ئىسىم، سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان تىل تۈۋى تاۋۇشى «k» ياكى «g» تەلەپپۇز قىلىش مەسىلىسىمۇ «خاقانىيە تىلى» دا تۈپ سۆزلەردە (تولاراق تۈپ ئىسىملاردا، مەيلى ئۇ پېئىلدىن

«ھەمزىلىك پېئىللار بۆلۈمى» دە شۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلگىنكى، ھەر بىر بۆلۈمدە پېئىللارغا توختالغاندا، ئۆتكەن زامان، كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بېرىمەن. لېكىن ئۆتكەن زامان پېئىللىرىنىلا ئىزاھلايمەن، ئەسلىدە كەلگۈسى زامان پېئىللىرىنى ۋە مەستەرلەرنى بەرمىسىمۇ بولاتتى. ئەمما تەلەپپۇز قىلمىغۇنچە، ئۇلارنىڭ قانداق ياسىلىشىنى ۋە ھەرىكەتلىنىشىنى بىلگىلى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنى بېرىشكە توغرا كەلدى». «خاقانىيە تىلى» دا ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «di»، كەلگۈسى زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە «du». پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىدىمۇ خوتەن شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» نىڭ خۇسۇسىيىتى ساقلانغان. خوتەن شېۋىسىدە سۆزلەپ تۇرغانغا قەدەر — ئۆتكەن زامان، سۆزلىگەندىن تارتىپ كېيىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغىنى كەلگۈسى زامان بولىدۇ. ھازىرقى زاماننى بىلدۈرمەكچى بولسا، رەۋىشداشتىن كېيىن، كەلگۈسى زاماننى ئاڭلىتىدىغان ياردەمچى پېئىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەدەبىي تىلدا رەۋىشداشتىن كېيىن «yat» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

kəl—ip—yat—adu—keliwatidu

شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن شېۋىسىدە بولسا، رەۋىشداشتىن كېيىن «tur/tuy» ياردەمچى پېئىلىنى قوشۇش بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ketip tuy (i) tu/kelip tur (i) tu

tirixip okup turtu (tuytu).

خوتەن شېۋىسىدە كەلگۈسى زامان سۈپەتداش شەكلى «tkan» قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ «diqan» دېگەن جاراڭلىق جۈپلۈك شەكلى يوق. بۇ «خاقانىيە تىلى» نىڭ كەلگۈسى زامان سۈپەتداشنى ئاڭلىتىش شەكلىگە ئاساسەن ئوخشاش. مەسىلەن:

dəy—tkan — dəytkan

kil—tkan — kiltkan

barītkan yə(r) gə ba (r) sak,

turītkan yə(r)də tu(r) sak.

پېئىلنىڭ شەخسلىك زامان قوشۇمچىلىرىمۇ «خاقانىيە تىلى» دىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. بىرىنچى شەخسنىڭ بىرلىكى dim/dum (تەكىتلەش ياكى تەئەددى قىلىش شەكلى «dam/dəm»)، كۆپلۈكى dak/ «duk/dük» (تەكىتلەش ياكى تەئەددى قىلىش شەكلى «

كىلىمىن» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئەزەرلىك — əzərlik» بولسا، «ئۈستىگە ئىگەر قويۇلىدىغان ياغاچ» نى، ئەگەر «əzərilig» بولسا «ئىگەر ئىگىسى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ətlik kixi» يەنى «سىمىز كىشى»، ئەگەر «ətlig kixi» دىيىلسە، «گۆشكە ئىگە بولغان كىشى» دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «lik/lig» نىڭ قاتتىق شەكلى «lik/liq» دۇر. «aqīqlīq küp — ئىچىدە ئىچىتقۇ بولغان كۆپ»، «oqakliq θy — ئوچاقلىغ ئۆي» يەنى «ئوچىقى بار ئۆي»، «uruqluk buqday — ئۇرۇغلۇق قىلىنىدىغان بۇغداي» دىگەندەك.

بۇ خۇسۇسىيەتلەر خوتەن شىۋىسىدە ئەينەن ساقلانغان دىسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

ətlig — "bizning sikritar bək ətlig"

"əzalimu ətlig bop kaldi"

بۇ يەردە «ئەتلىنىپ قالدى» دىگەن سۆز «هال-ئوقىتى ياخشى بولۇپ قالدى» دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

ئەدەبىي تىلىدا سۈپەتنىڭ ئوخشىتىش قوشۇمچىسى «dək/tək» شەكلىدە كىلىدۇ، خوتەن شىۋىسىدە «dəy/təy» شەكلىدە كىلىدۇ (سۈپەت ۋە سۈپەتداشلارغا قوشۇلىدۇ).

"kθzingiz tam tüxügidəy".

"məttohtahun say kə (l) gəndəy kibdi".

پىئىل كاتىگورىيىسىدە خوتەن شىۋىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئالاھىدە كۆزگە چىلىقىدۇ.

1. بۇيرۇق پىئىلىنىڭ ئىستەك رايى ئەدەبىي تىلىدىكىدەك تۈپ پىئىلنىڭ ئاخىرى يىپىق بوغۇم بولسا، ئۇنىڭغا قاراتقۇچى بولىدىغان «y» تاۋۇشى ئارتتۇرۇلماستىن، بەلكى «li» ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

bar—a—li—barali—barili (bar—a—y—li)

kəl—ə—li—kələli—kilili (kəl—ə—y—li)

ئەگەر ئوچۇق بوغۇم بولسا، بىۋاسىتە «li» ئۇلانماستىن ئەدەبىي تىلىدىكىدەك بىر «y» تاۋۇشى ئارتتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن:

oku—y—li—okuyli

kara—y—li—karayli

2. «خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاش، خوتەن شىۋىسىدىمۇ پىئىلنىڭ زامان كاتىگورىيىسى ئىككى زامان، يەنى ئۆتكەن زامان ۋە كەلگۈسى زامان بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ، دىمەك، هازىرقى زامان كاتىگورىيىسى ئىنىق ئەمەس. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نىڭ

«birlə» دېگەن سۆز بىلەن كەلسە، «بەسلىشىش» ئۇقۇمىنى، «ماڭا» دېگەن سۆز بىلەن كەلسە، «ياردەملىشىش» ئۇقۇمىنى بېرىدۇ). ئۆتكەن زامان پېئىلغا «l» ھەرپى قوشۇلسا، بۇ پېئىل مەجھۇل پېئىلغا ئايلىنىدۇ. («دىۋان»). مەسىلەن: — «iqildi» (مەجھۇل)، ⱨθplətti — ، ⱨθpləndi — θpüldi ، ⱨθpdi — ⱨθpləxti «iqdi» «yiⱪip» ، «yiⱪti» خوتەن شېۋىسىدە — θpüxdi θpdi ، θpütdi (ئۆزى.)

"üq ixiklik θy, ikki ixiklik eqil—samanliⱪni Dθlita— hun yiⱪip əkixkətkən"

"yiturdi" (مەجبۇرى)

"Naⱨiyidin tüxkən kadi(r) üstidθ ⱪarap turup, yiⱪtu(r) di."

"yiⱪixti" (yiⱪixip) (ئۆملۈك)

"Kθqməkqidük, əzala(r) θyni yiⱪixip bə(r) di."

"yiⱪildi" («يىقىلدى» مەجھۇل)

"Tudahunning θyi ⱪaqan yiⱪilip kəttili?"

خوتەن شېۋىسىدە «خاقانىيە تىلى» دىكىدەك سۆپەتداشنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدىغان بىر تۈرى بار. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» دا مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «خەۋەر قىلىنماقچى بولغان بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتداش بولۇپ، بۇ سۆپەتداش ئىشلىگۈچىنىڭ شۇ ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سۆپەتداش پېئىلنىڭ بۇيرۇق شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ...» تەركىبىدە «k» كەلگەن ياكى قاتتىق ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە «quluⱪ» قوشۇلىدۇ؛ يۇمشاق سۆزلەردە بۇ قوشۇمچىدىكى «q» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «g» ، «ⱪ» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «K» قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «bar» دېگەن پېئىلدىن ئىشلەش ئىشلىگۈچىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولساق، «ol barquluⱪ ərdi — ئۇنىڭ بېرىشى كېرەك ئىدى ياكى ئۇ بارماقچى بولدى» دېگەن بولىدۇ ۋە باشقىلار.

بۇيرۇق پېئىلغا «quluⱪ/ⱪuluⱪ» ياكى «gülük/külük» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىش بىلەن «دىۋان» دا ئېيتىلغاندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتداشلار خوتەن شېۋىسىدە ئىزچىل سۈرەتتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

"Suni qingⱪab ⱪob bəməy, yamritip ⱪob bəgülük."

"ⱪilitⱪan ixni ⱪilquluⱪ".

( «dək

"bu yə(r)gə θy seb olturubdim"

"ya(r) misini esip koydam".

"ixki ketim əkixibdük, bidə a(l) qan hisap boldak".

"sulap, kīl didi, suni baqlap koyap, buyan kiydük".

شۇنىڭدەك ئۆتكەن زامان سوپەتداشنىڭ مۇكەممەل پۈتكەن تۈرى «uqluk/üglük, iqlik/iklig» ) قوشۇمچىلىرى بىلەن «qilik/gilik» بىلدۈرۈلىدۇ.

"θylirimizni yikiwitiqlik"

"maxina buzlup, bək hapa kiliqlik".

"uni karangqu saydin tutup kiliglik".

بۇيرۇق پېئىلغا «qili/kili, gili/kili» قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان مەقسەت پېئىلى خوتەن شىۋىسىدىمۇ خۇددى «خاقانىيە تىلى» دىكىگە ئوخشاش ھەم ئۆتكەن زامانني، ھەم كەلگۈسى زامانني بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

"Mən məslə(hə)xkili kə(l)gən"

"Uning pulisilini birip bo(l)qili üq ay boldi"

"Oqrilini Puxiqa, Metizqa təkkili kopaptu dəbdi, mən: Tax—tohmak əb, aqzini ətkili baytmiz, didim".

"Baldiki zamanda, birənimə az bolap ka(l)sa, doqila(r) u(r)qili turitdi"

"Oyniqil bomaytu."

پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ ئىپەنقلىقى «خاقانىيە تىلى» نىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ خۇسۇسىيەتمۇ خوتەن شىۋىسىدە ئەينەن دىگۈدەك ساقلانغان. ئەدەبىي تىلدا بولسا ئۇزاق زامانلىق تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجبۇرىي دەرىجىنىڭ ئارىلاش كېلىش ئەھۋالى پەيدا بولغان. خوتەن شىۋىسىدە بۇ ئىككى دەرىجە «خاقانىيە تىلى» دىكىدەك ئايرىم قوشۇمچىلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بىر كىشى ئۆزى قىلسا، «ip»، بىر كىشىگە قىلدۇرسا، «tip»، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشى بىللە قىلغان بولسا، «xip»، كىمنىڭ قىلغانلىقى نامەلۇم بولسا، «lip» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، «دىۋان» دا «iqdi» (ئۆزى)، «iqtürdi» (بىر كىمگە) — «ol maŋa su» «iqtürdi»، «iqixdi» شەكىللىرى بار (ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىككى ئىگە ئارىسىدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل ئۆملۈك دەرىجە «maniŋ»

| | |
|---|---|
| | lük) |
| otaqi(tewip) | otiqi(mal dohturi) |
| otaq | otaq(baq—otaqla bək bələn) |
| omay(əx, ḩəmra) | omay(kala—ķoyning omiyi) |
| oluķ | olaķ(mal suqurtķan oķu(r) dəy nə(r)sə) |
| uz:uz kix aḩir kixi) | uz(qiraylik) |
| ulas (üləs)kθz(humar kθz (humar kθz) | üləs kθz (sümə tatilqan kθzdəy, ķizlaning uz kθzi) |
| uq(bir nərsining ahiri) | uq(kəntning a uqi) |
| uķruķ(salma) | oķu (r) qa (ķotazni qaķidiqan qaķķu) |
| ulduķ(taķisiz at) | uldaķ(at uldap *K*aptu) |
| uq | uq(aķ θyning tüngnügini tirəp turitķan ķan ķowuqa yiqaq) |
| θqəx(ol məniŋ birlə θqəxti) | θqəx(mən bilən θqəxməng) |
| θzi(ikki taq arisidiki yol) | θzə |
| üzik(kθyük, ixķ—ḩəwəs) | üdük (üdükləp ķabtu) |
| ügi(ər buqdayni ügidi) | ügü ( ügi ) ( ķonaķnisü ( r ) midəügidük) |
| uruŋ (ak) | (yuruŋ) |
| tuxaq | tuxaq(atni tuxaytķan) |
| tütün | tütün (mora tütün bolap ķθdu) |
| tartīq(tartīqqi) | ta(r) tiq (ḩə(r) yilda biy Niyiz ḩekim bəkkə tatīqapritķan) |
| tavran(tarlanqan yip) | ta—lan(talanqan yip) |
| tum(soquķ | tum—soquķ |
| qumquķ(ķaqa tipidiki bir ķux) | qumquķ (a qumquķniķoriwitinga) |
| soqut(ķetiķ pixliqi) | soqat ( ķetiķni pixip, yeqini süzüwilip, ķa(l) qan ayran—ni ķaynatsa soqat buttu). |
| sibüt(θsümlük) | yumqaķ süpüt |
| xabuķ, xap(tez) | xap |
| ķawuķ | (مالنىڭكىنى قوۋۇق دەيدۇ، |

"Uni yigülük əməsti."

"kiqkaqan din—kin kəgülük" (kəlgülükidi)

"Biring digəndin—kin baqulukٍ."

بۇلاردىن باشقا يەنە دەرىجە سان، ئالماش، رەۋىشلەرمۇ خوتەن شېۋىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى بار، بۇلاردىن بەزىلىرىدە «خاقانىيەت تىلى» نىڭ ئەنئەنىسى ساقلانغان.

ئومۇمەن «خوتەن تىلى» ھەققىدە سۆز بولغاندا، «خوتەن تىلىدا ئىران-ھىندى ئامىللىرى كۆپ» دېيىلىدۇ. بۇ بىر خىل پەرەز بولسا كېرەك. دەرۋەقە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بەزى چوڭراق يەر ناملىرىدا «ما-ما»، «يا» دېگەندەك بوغۇملار بىلەن ئاياغلاشقان ناملار (پىشانما-پىيالما-پىشەن، قۇستانا، كىرانا، نىريانا، چالىمچانا، كىرۇرانا، زامگۇيا، ھامگۇيا ۋ.ب) ناھايىتى قەدىمكى ناملاردۇر. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خوتەندە ھىندى-ئىران ئامىللىرىمۇ بار. لېكىن خوتەن رايونلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىك يەر ناملىرى، بولۇپمۇ يېزا-تاغ رايونلىرىنىڭ ناملىرى خوتەن شېۋىسى بويىچە نوقۇل «تۈركىي تىل» بىلەن ئاتالغان. شۇنداقلا «خاقانىيە تىلى» نىڭ لېكسىكىسى ئەدەبىي تىلدىكىگە قارىغاندا، خوتەن شېۋىسىدە كۆپرەك ئەينەن ياكى ئاساسەن ساقلانغان. بۇنىڭغا بەزى مىساللارنى كەلتۈرەيلى:

| «دىۋان» دا: | خوتەن شېۋىسىدە: |
|---|---|
| aran | aran (ئېغىل) |
| aqmak (aqdi, iqikti: ol taqka aqdi) | aqmak (dawanqa aqduk, bulut aqdi) |
| altin (astin) | alitin (bosuqining alitiniqa-kθmθglik) |
| alaqu (alaquk, kəpə) | alqu |
| ayak (kaqa) | ayak (qinayak, yiqaqayak) |
| aviqqa (keri) | obuxka |
| ərŋək (barmak kol) | ə—nək (bax ənək) |
| ərütti (yaq eritti) | θrütti (yaq θrüp koydi) |
| əvdi | θydi (oqlamdin bək θydəm). |
| əgrim (su yiqilqan yər, azgal) | əgrüm, (su əgüp, yiqilip akkn yər) |
| isrim — isrim kixi (kapiqi-türük kixi) | üxrüm (kini üxrüp turitkan kixi |
| uq (oq) | oj (azqanqa ohxaydiqan θsüm- |

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

# تارىختىكى خوتەن پۇللىرى

ئەجدادلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆز ئارا ئېلىم - بېرىملىرى ئاساسىدا ئىپتىدائىي ھالەتتىكى سودا ئالماشتۇرۇشنى بارلىققا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاۋۋال مالنى - مالغا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق سودا - سېتىق ئېھتىياجىنى قامدىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئېشىشى ۋە تاۋار سودىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر خىل ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى سۈپىتىدە ئېلىپ يۈرۈش ۋە ئىشلىتىشتە تېخىمۇ قولايلىق بولغان پۇلنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئوبوروتتا ئىشلەتكەن.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان قەدىمكى پۇللىرىغا ئائىت يازما ماتېرىياللار ۋە قەدىمكى پۇل تېپىلمىلىرىغا ئاساسەن، ئالىملار، تارىم ۋادىسى ئاھالىلىرى ئىچىدە خوتەنلىكلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇن يەرلىك پۇل ئىشلەپچىقىرىپ ئىشلەتكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە قەدىمكى خوتەنلىكلەر رەسمىي پۇل ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرىمۇ ئۆز يېرىدىن چىقىدىغان ئەتىۋارلىق قاشتېشىنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالماشتۇرۇشنى كۆرۈنەرلىك ئاسانلاشتۇرغان ۋە ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

تۆۋەندە خوتەندە ئەڭ دەسلەپتە يەرلىك پۇل ئىشلەپچىقىرىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن تارتىپ، تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە (خوتەندە يەرلىك پۇل ئىشلىتىشتىن توختىغانغىچە) بولغان ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئوبوروت قىلىنغان يەرلىك پۇللارنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز:

## 1. ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلى

1873 - يىلى ئەنگلىيىلىك دوگراس. فورسەيس تارىم ۋادىسىدىن

| | |
|---|---|
| | ķowuķ (ئادەمنىڭكىنى دوۋسۇن) |
| ķuz(tərskəy) | ķuz (taqning kün qüxməytkan təripi) |
| ķoqux | Koqux(tügmənning su tüxitkan nosi) |
| kθkən(kθgən)(seqix waķtida mozay yaki oqlaķnibaqlaydiqan aqamqa) | kθkən (biy kanqə ķoyķozini biy yə(r) gə baqlaytkan aqamqi). |
| kθsik(yepinqa, pərdə) | küxük (yoxurnitkan jay, "küxükəməs—ya, axkara—ya") |
| küvük(pahal) | küwük (pahalda salqan katək) |
| malqun (yulqun tipidiki θsümlük) | malqun(yulqunqa ohxap ketittu) |

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تىل پاكىتلىرىدىن قارىغاندا، 11-13-ئەسىرلەردىكى «خاقانىيە تىلى» نىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچىلىكلىرى خوتەننىڭ جانلىق تىلىدا ساقلىنىپ كەلگەن. بولۇپمۇ گراماتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتە، ھازىرقى خوتەن شېۋىسى ئارقىلىق «خاقانىيە تىلى» نىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

گراماتىكا — تەگىنىڭ تەسىرى ئەڭ ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان ساھە. ياۋروپا تىلشۇناسلىرىدىن ئا. ھ. سەيىس: «گراماتىكا شەكلى خەلقنىڭ ئەقلىي تۇرمۇشى ۋە تارىخىنىڭ ئىپادىسى، شۇڭا، ئۇ ئاشۇ تارىخنىڭ ھەممە يەكۈنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا خوتەن شېۋىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش تىلشۇناسلىقتا جىددىي ۋەزىپىلەردىن بىرى.

1980-يىل ئۆكتەبىر.

ھىندىستاننىڭ پەنجاپ مۇزېيىدا، 21 دانىسى لېنىنگراتتىكى ئېرمىتاژ مۇزېيىدا، ئۈچ دانىسى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى مۇزېيىدا، تۆت دانىسى پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا، 11 دانىسى لوشۇن مۇزېيىدا، بىر دانىسى جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا، بىر دانىسى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا، ئۈچ دانىسى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

ھازىرغىچە ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلىنى تەتقىق قىلىشتا ئەنگلىيىلىك خوئېملى، ج. كلىببىر، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى دېمار، جۇڭگو ئالىملىرىدىن شياندىي، مايۇگىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىر قەدەر گەۋدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

خوئېملى ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ئات سۈرەتلىك خوتەن پۇلىغا بېسىلغان يۇقىرىدىكى خەتلەرنىڭ ئاخىرىدا «مايا»، «مارا»، «داما» دېگەندەك ئوخشاش بولمىغان خەتلەر ئۇچرايدىكەن. شۇڭا ئۇ «مايا»، «مارا»، «داما» دېگەنلەر خانلارنىڭ ئىسمىنى، «گۇگرا» خان جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى كۆرسەتسە كېرەك، دېگەن تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ج. كلىببىر بۈيۈك بېرتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان كارۇشتىچە، خەنزۇچە خەتلىك پۇللارنى قايتىدىن سېلىشتۇرۇش ۋە پۇلدىكى خەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق بۇ پۇللارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، خەت نۇسخىسى، خەت مەزمۇنى، بەلگىلەر ۋە گۈل نەقىش نۇسخىلىرىغا ئاساسەن ئۇلارنى 13 تىپقا ئايرىغان ھەم بۇ پۇللاردىكى خانلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان «گۇگرا» نىڭ «گۇرگا» دەپ ئوقۇلسا توغرا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ پۇللاردىكى خان ئىسىملىرىنىڭ «گورگادىما، گۇرگا، گۇرگامۇئا، گۇرگا مۇيا، ئىنابا، دوگا، دوسانا» دىن ئىبارەت يەتتە خىل ئىكەنلىكىنى، «گۇرگامۇئا» بىلەن «گۇرگا مويا» نىڭ بىر ئىسىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بۇ پۇللار ۋە ئۇنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى تەھلىللەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭ تارقىلىشىنى ئالتە خان، ئۈچ مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى دېمار 1971 - يىلى بۇ پۇللارنىڭ تارقىلىشىغا ئائىت مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەپ، بۇ پۇللارنىڭ تارقىلىشىدا

ئېلىپ كەتكەن كۆپلىگەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى 1876 - يىلى ئەنگلىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، شۇ يادىكارلىقلار ئارىسىدا مىستىن ياسالغان ئات سۈرەتلىك خوتەن پۇلىدىن ئىككى دانە بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل پۇل دۇنياغا مەلۇم بولغان كېيىنكى 100 نەچچە يىل مابەينىدە، تارىم ۋادىسىغا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق ئارخېئولوگلاردىن: 1892 - يىلى فرانسىيىلىك دوترېئۇئىك، 1901 - يىلى ئەنگلىيىلىك خوئېملى، 1910 - يىللىرى چاررۇسىيىلىك پېتروۋسكىي ۋە ئولدېنبورگ، 1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە (ئۈچ قېتىم) ياپونىيىلىك داگۇ گۇاڭرۇي، 1900- يىلىدىن 1916 - يىلىغىچە (ئۈچ قېتىم) ئەنگلىيىلىك ستەيىن، 1929 - يىلى جۇڭگولۇق خۇاڭ ۋېنبى قاتارلىقلار ئارقا - ئارقىدىن خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل پۇلنى تاپتى.

ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلى دۇنياغا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالىملار بەس - بەستە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. بۇ خىل پۇل يۇمىلاق بولۇپ، ئوڭ يۈزىگە ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. سۈرەت ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ كارۇشتىچە خەت يېزىلغان. كەينى يۈزىگە خەنزۇچە خەت يېزىلغان. ئالىملار قەدىمكى خوتەنلىكلەر تەرىپىدىن مىس تاختا ئۈستىدە پۇل قېلىپىنى قويۇپ، قېلىپ ئۈستىدىن سوقۇپ ئىز چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان بۇ خىل پۇلنىڭ يۈزىدىكى ئات سۈرىتىگە ئاساسەن «ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلى» دەپ ئاتىسا، كارۇشتىچە - خەنزۇچە خەتلەرگە ئاساسەن «كارۇشتىچە، خەنزۇچە خەتلىك پۇل» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل پۇلنىڭ تۆگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنلىرىمۇ بار. چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار «بۇ خىل پۇل قايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن؟ قايسى دەۋرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن؟ قايسى پادىشاھ تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغان؟» دېگەندەك مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، پۇل يۈزىگە بېسىلغان ئات، تۆگە سۈرىتى ھەم كارۇشتىچە «ماھارا جاسارا جاتىرا جاساما ھاتاساگوگرا ماسايا» (ئۇلۇغ خاقان، خانلارنىڭ خانى ئۇلۇغ گوگرامايا) دېگەن خەت مەزمۇنىغا ئاساسلانغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر دۇنيادا بۇ خىل پۇلدىن 356 دانە بولۇپ، بۇنىڭ 256 دانىسى بۈيۈك بېرتانىيە مۇزېيىدا، 55 دانىسى ھىندىستان دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا، بىر دانىسى

خەن سۇلالىسى سۇلى (قەشقەر) نــى ئۇدۇننــى بويسۇندۇرۇشقا بۇيرىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇدۇننىڭ پۇل تارقىتىشى ئاخىرلاشقان. كلىببىرنىڭ تەھلىلى زور مىقداردىكى پۇللارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خېلى قايىــل قىلــش كــۈچــگە ئىگە①.

يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئات سۈرەتلىك خوتەن مىس پۇلىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىــرىكــى دەۋرلەردىن تارتىپ، مىلادى 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە — ئەجدادلىرىمىز كارۋشتى يېزىقىنى ئىشلىتــىشنــى ئەمەلدىن قالدۇرغانغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلــتىــلگەنلىــكىــنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

## 2. ئۇدۇن قوغۇشۇن پۇلى

خوتەندە ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىلگەن يۇقىرىدىكى ئات سۈرەتلىك مىس پۇلدىن كېيىن، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «ئۇدۇن قوغۇشۇن پۇلى» دەپ ئاتالغان يەنە بىر خىل پۇل ئىشلىتىلــىپ ئوبوروت قىلىنغان.

بۇ خىل پۇل XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ھەم XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ۋادىسىدىكى خوتەن ئەتراپلىرىدىن تېپىلــىپ چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن بولۇپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرغىچە بۇ خىل پۇلدىن يەتتە دانىلا تېپىلغان. ئۇنىڭ ئالتە دانىسى ئەنگلىيىدىكى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا، بىر دانىسى ستوكھولىم ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتىكەن. ئۇدۇن قوغۇشۇن پۇلــى قوغۇشۇننى ئېرىتىپ قۇيۇلغان بولۇپ، شەكلى يۇملاق، ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تۆشۈكى بار. پۇلنىڭ بىر يۈزىدە خەتكە ئوخشايدىغان ئىككى بەلگە بار. بەزىلەر ئۇنى «ئۇدۇن پۇلى»، «ئۇدۇن يوەنى» دېگەن مەنىدىكى خەنزۇچە خەت بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە ئېنىق پىكىر بىرلىكى يوق. پۇلنىڭ يەنە بىر يۈزى پارقىراق (ئۇزۇن زامانلار مابەينىدە ئۇپراپ ھېچقانداق خەت ياكى نەقىش ئىــزى قالمىغان) بولۇپ، بىرەر ئىزنا كۆرگىلى بولمايدۇ. دەۋرى جەھەتتە مىلادىنىڭ باشلىرىدا ياسىلىپ ئوبوروت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دېگەندەك پەرەزلەر بار②.

خوتەن رايونىدا قەدىمكى دەۋرلەردە ئىشلــتىــلگەن پۇللار

مۇنداق تۆت شەرت ھازىرلانغان بولۇشى، يەنى — ئىككى ـ ئۈچ يەرلىك ھۆكۈمرانىنىڭ ھاكىمىيىتى داۋاملاشقان بولۇشى؛ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي خانلىقنىڭ ئىدارە قىلىشى بولماسلىقى؛ ئۇدۇن بازىرىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پۇللىرى ئوبوروت قىلىنىۋاتقان بولۇشى؛ شۇ جاينىڭ كۇشان بىلەن زىچ ئالاقىسى بولۇشى كېرەك، دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ تۆت شەرت ئىچىدە 2 ـ شەرتنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ـ قېزىش داۋامىدا (خوتەن رايونىدىن) خەن سۇلالىسىنىڭ بەش جۇلۇق يارمىقىنىڭ خېلى كۆپ تېپىلغانلىقى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەش جۇلۇق يارماقلارنى غەربىي رايوندا كېڭەيتىپ، غەربىي رايوندا پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇدۇندا «ئۇلۇغ خاقان، خانلارنىڭ خاقانى ...» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن پۇللارنىڭ تارقىتىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى كونتروللۇقىنىڭ ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۆت شەرتكە ئاساسلانغاندا بۇ خىل پۇللارنىڭ دەۋرىنىڭ ئالدىنقى چېكى مىلادى 180 ـ يىلىدىن كېيىنكە، ئاخىرقى چېكى III ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى .IV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ كلېببىر: دېمارنىڭ تۆت شەرتى توغرا، بىراق ئۇنىڭ جۇڭگو تارىخىغا بولغان تونۇشى ئەتراپلىق ئەمەس، چۈنكى مىلادى 180 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئۇدۇندا بۇ تۆت شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان دەۋر بولغانىدى، دەپ قارايدۇ. كلېببىر، بۇ خىل پۇللارنىڭ دەۋرى توغرىسىدا مۇنداق ئېنىق كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ئەڭ دەسلەپتە تارقىتىلغان پۇللار تارىخنامىلەردە ئۇچرىمىغان گۇرگادىما، گۇرگا ۋە گۇرگامۇيا ناملىق خانلارنىڭ بولۇپ، دەۋرى مىلادىنىڭ باشلىرىدىن 50 ـ يىللىغىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. مىلادى 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇدۇن، يەكەن تەرىپىدىن كونترول قىلىنغاچقا پۇل تارقىتىلمىغان. مىلادى 60 — 65 ـ يىللىرى ھونلار ئۇدۇنغا بېسىپ كىرگىچىلىك بولغان ئارىلىقتا خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇدۇن خانلىرىدىن شيۇمۇشۇاڭ بىلەن گۇاڭ دې پۇل تارقاتقان. مىلادى 73 ـ يىلى بەنچاۋ ئۇدۇننى كونترول قىلغان. بەنچاۋ چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن كۇشانلار بېسىپ كىرگەن. 127 ـ يىلى بەنچاۋنىڭ ئوغلى بەنيۇڭ ئۇدۇنغا كىرگەن. 129 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇدۇن خانى فاڭچيەن بەنيۇڭغا قارشى توپىلاڭ كۆتەرگەن ۋە پۇل تارقاتقان. 132 ـ يىلى

مۇشۇ خانلىقلارنىڭ ھۆكۈمەت پۇللىرى ئوبوروت قىلىنغان بولۇپ، يەرلىك پۇل ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

## 3. ھەبىبۇللاخاننىڭ كۈمۈش پۇلى

مىلادى 1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تارىم ۋادىسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يەرلىك خەلق، چىرىك ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قاتتىق ئېزىلىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا كەينى-كەينىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇ قاتاردا 1863 - يىلى خوتەندىمۇ ھەبىبۇللا مۇفتىھاجى باشچىلىقىدا يەرلىك بۇلۇنمە «ھاكىمىيەت» قۇرۇلىدۇ. ھەمدە كۈمۈش تەڭگە سوقتۇرۇپ تارقىتىلىدۇ.

بۇ تەڭگىنىڭ شەكلى يۇملاق، دىيامېتىرى 16 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.7 گرام بولۇپ، ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلىللا» (ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن ئەرەبچە خەت چۈشۈرۈلۈپ، خەتنىڭ ئاستىغا ھىجرىيە يىلنامىسى بويىچە 1282 دېگەن رەقەملەر ئەرەبچە چۈشۈرۈلگەن. ئارقا يۈزىگە ئەرەبچە «زەرب خوتەن لەتىف» (گۈزەل خوتەندە ياسالغان) دېگەن خەتلەر ۋە خەت ئارىلىرىغا نەقىش چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل پۇلنىڭ يەنە چوڭ-كىچىكلىكى ۋە خەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش، ئەمما خەتلىرىنىڭ يېزىلىشى ۋە يىلى ئوخشىمايدىغانلىرىمۇ بولۇپ، بۇنداقلىرىنىڭ يىلى 1283 دەپ ئېلىنغان. پۇل يۈزىدىكى 1282 - يىل مىلادى 1865-يىلىغا، 1283 - يىلى مىلادى 1866 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرگە ئاساسلىنىپ، بۇ خىل پۇلنىڭ 1865-يىلىدىن، ھەبىبۇللاخان ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئالداپ ئۆلتۈرۈلگەن 1867 - يىلىغىچە ئىشلىتىلگەنلىكىنى، 1865 - يىلى ۋە 1866 - يىلى ئىككى قېتىم سوقتۇرۇپ تارقىتىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ④.

## 4. بەش پۇڭلۇق گۇاڭ شۈي تەڭگىسى

چىڭ سۇلالىسى 1878 - يىلى ياقۇپ بەگ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى كۆپ قىسىم

ھەققىدىكى مەلۇماتلار يۇقىرىقىدەك بولۇپ، شۇ پۇللاردىكى ئالامەتلەر ۋە باشقا يازما ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن ئالىملار قەدىمكى خوتەن كىشىلىرىنىڭ ئۆزگىچە پۇل بىرلىكلىرىنى قوللانغانلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. تۆۋەندە بۇ پۇل بىرلىكلىرىنىمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) تىتا — قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى پۇل بىرلىكى بولۇپ، بىر تىتا تۆت دىراھما (دەرھەم؟) غا، يەنى بىر سەرگە، بىر پۈتۈن تىتا دىراھما 24 مىسقالغا تەڭ بولغان.

2) دىراھما — دىراكما — كۈمۈش پۇلنىڭ نامى ۋە بىرلىكى بولۇپ، مىلادى 7-، 8- ئەسىرلەردە ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا ئوبوروت قىلىنغان. ئەرەب تىلىدىكى «دەرھەم» نىڭ مۇشۇنامدىن كېلىش ئېھتىمالى بار. ئۇ يەنە ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپمۇ ئىشلىتىلگەن.

3) پانا — خوتەندىن تېپىلغان كارۇشتىچە، خەنزۇچە خەتلىك پۇلنىڭ تەتۈر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن كارۇشتىچە «پانا» (pana) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ پۇل بىرلىكىنى ئالىملار «于元» دېگەن مەنىدە (ئۇدۇن يۈەنى دېمەكچى) دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش توغرا بولسا، «يۈەن» — پۇل بىرلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يادىكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4) ماسا، مول — بۇ ئىككى خىل پۇل بىرلىكى دىيارىمىزدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، «ماسا» نىڭ قىممىتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

مول — كارۇشتى يېزىقىدىكى 592 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە «... قىزىمنى قىممىتى 30 مولغا يارايدىغان بىر تۆگە بىلەن بىر پارچە ئۇدۇن گىلىمىگە ساتتىم» دېيىلگەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھۆججەتلەردىن خېلى بار. مەلۇماتلاردا قەدىمكى نىيە بەگلىكىدە بىر مول پۇلغا 12.5 كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيىسىدىكى ياڭ فۇشۈەننىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ «پۇل» دېگىنى كارۇشتى تىلىدىكى «مول» دىن كەلگەن بولۇپ، بۇ تۈركچە «پۇل» غا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىلىدىكەن ③.

خوتەندە قاراخانىلار دەۋرى، قاراقىتانلار دەۋرى، چاغاتاي دەۋرى، تېمۇرىلەر دەۋرى، سەئىدىيە دەۋرى ۋە خوجىلار دەۋرلىرىدە

باراۋەر قىلىپ چىقىرىلدى. ھەر كىم ئوخشىتىپ راسلىسا ئىتىلىدۇ — 1352 - سىنە» دېگەن خەتلەر يېزىلغان⑥.

B. رەخت پۇل (رەخت تىزا): مەزكۇر پۇلنىڭ فورماتى 75 × 92 مىللىمېتىر بولۇپ، ئوڭ يۈزىگە مۇرەككەپ گۈل نەقىش چىقىرىلىپ، ئاستى تەرەپ نەقىش ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك تامغا بېسىلغان. ئۇنىڭغا «خوتەن ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە جۇمھۇرىيىتى خەزىنىسىدىن چىقارغان تىزە پۇل يۈز داچەن — 1352» دېگەن خەت ۋە يىلنامە بېرىلگەن.

تەتۈر يۈزىگە قارا رەڭدە چۆرىسىگە نەقىش بېرىلىپ، ئوتتۇرىسىغا «ئۇشبۇ تىزىنى ساق يۈز داچەنگە خەجلەيدۇ، مۇبادا يالغان تىزە چىقىرىلسا ئىتىلىدۇ — 1352» دېگەن ئاتالمىش «ھۆكۈمەت» ئېلانى بېرىلگەن. ئېلان ئۈستىگە «ھۆكۈمەت» تامغىسى بېسىلغان. ⑦

يۇقىرىقى ئىككى خىل پۇل 1934 - يىلى بېسىلىپ يەكەن، خوتەنلەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «خوتەن ھۆكۈمىتى» يىقىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالغان.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان خوتەننىڭ تارىختىكى يەرلىك پۇللىرى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار خوتەن كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىقتىسادىي ئېڭىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە خوتەننىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي - ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى، سودا - ئالماشتۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم پاكىتلىق رول ئوينايدۇ.

ئىزاھات:

① ئىسرائىل يۈسۈپ: «مۇزېيىمىزدا ساقلىنىۋاتقان پۇللاردىن شىنجاڭ تارىخىدىكى پۇللارغا نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1992 - يىل 1 - سان، 13-، 15-، 16- بەتلەر.

② ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قىممەتلىك تارىخىي مىراس — بىزنىڭ قەدىمكى پۇللىرىمىز»، «شەھەر، بىزا پۇل - مۇئامىلىسى» 1999 - يىل 1 - سان 47 - بەت.

③ ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پۇل بىرلىكلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2002 - يىل 1 - سان 30-، 57-، 103-، 125 - بەتلەر.

④ ۋاڭ تاۋ: «يىگىدىن تېپىلغان ھېيبۇللا تەڭگىسى»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 1999- يىلى 2 - سان 10 - بەت، خەنزۇچە.

⑤ خۇاڭ جىڭ: «گۇاڭ شۈي تەڭگىلىرى»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 1999 - يىل 2 - سان. 22 - بەت، خەنزۇچە.

جايلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى مەركىزىي شەھەرلەردە پۇل قۇيۇشنى يولغا قويغان. شۇ قاتاردا خوتەندىمۇ 1879۔ يىلى گۇاڭ شۈي خاننىڭ نامىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا كۇمۇش تەڭگە قۇيدۇرغان بولۇپ، بۇ خىل تەڭگىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، دىئامېتىرى 1.3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.8 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىسىغا تۆت چاسا تۆشۈك ئېچىلغان. ئوڭ يۈزىگە توشۇكنى چۆرىدەپ «گۇاڭ شۈي كۇمۇش تەڭگىسى» دېگەن خەنزۇچە تۆت خەت چۈشۈرۈلگەن. ئارقا يۈزىگە تۆشۈكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «بەش»، ئاستى تەرىپىگە «پۇڭ» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن. تۆشۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە «خو ۔ تەن» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

بۇ خىل پۇلنىڭ يەنە بىر خىلىنىڭ ئوڭ يۈزى بىرىنچى خىلىغا ئوخشاش، ئارقا يۈزىگە «زەرب خوتەن (خوتەندە ياسالدى)» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن ⑤.

## 5. ئاتالمىش «خوتەن ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە جۇمھۇرىيىتى» نىڭ پۇللىرى

1933 ۔ يىلى 2 ۔ ئايدا خوتەندە «خوتەن ھۆكۈمىتى ئىسلامىيە جۇمھۇرىيىتى» دېگەن ئاتالمىش نامدا ئۆمرى تولىمۇ قىسقا بولغان بۆلگۈنچى «ھۆكۈمەت» پەيدا بولىدۇ. ھەمدە «ھۆكۈمەت» نامىدا قەغەز ھەم رەختتە پۇل بېسىپ تارقىتىدۇ.

A. قەغەز پۇل: بۇ خىل پۇلنىڭ فورماتى 100 × 150 مىللىمېتىر كېلىدۇ. پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىگە نەقىش بېرىلىپ ئوتتۇرا قىسمىغا «بىر سەر» دېگەن خەت چوڭ قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. خەت ئۈستىگە ئاتالمىش مەزكۇر «ھۆكۈمەت» نىڭ ئەللىپسىمان تامغىسى بېسىلغان. تەتۈر يۈزىنىڭمۇ چۆرىسىگە نەقىش بېرىلىپ، ئوتتۇرىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە جۇمھۇرىيىتى ئىسلامىيە نازارىتى مالىيە خەزىنىسىدىن» دېگەن خەتلەر يېزىلىپ، سول تەرىپىگە «ھۆكۈمەتى ئىسلامىيە جۇمھۇرىيىتى خوتەن نازارىتى مالىيە» دېگەن خېتى بار گۈللۈك ئۇزۇنچاق مالىيە تامغىسى بېسىلغان.

ئاستى قىسمىغا «ئەھكام بۇكى ئۇشبۇ قەغەزنى خاھ ھۆكۈمەت، خاھ ئام سېتىق ئۈچۈن ھەر بىر دانىسىنى بىر سەر كۇمۇش باھاسىغا

جۇمەنىياز تۇرسۇن (ۋارس تېكىن)

# خوتەن قەغەزچىلىكى

يىپەك يولى سودىسىدا يۇقىرى تاۋار قىممىتىگە ئىگە خوتەن قەغىزى، ئۇزاق مۇددەتلىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كەسىپلىشىشكە، كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بىر خىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتى. تارىختا «خوتەن قەغىزى» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ مەھسۇلات يېقى زامان قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلىشتىن توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىزنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قەغەزچىلىك خوتەننى مەركەز قىلغان ھالدا يەكەن، قەشقەر تەرەپلەرگىچە كېڭەيگەن بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. خوتەن شەھىرى ۋە خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر قانچە ناھىيىدە مەخسۇس قەغەز ئىشلەپچىقىرىدىغان «قەغەز مەھەللىسى»، «قەغەزچى»، «قەغەز كوچىسى» دېگەندەك مەھەللە ۋە ھۈنەرۋەنلەر بارلىققا كېلىپ، تا ھازىرغا قەدەر قەغەز ئىشلەش ھۈنىرى بىلەن تونۇلۇپ كەلمەكتە.

1. قەغەزنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى

قەغەزنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئۈجمە ۋە توغراق دەرىخىنىڭ قوۋزىقى. قەغەز ياساشتا ئالدى بىلەن ئۈجمە ياكى توغراق دەرىخىنىڭ قوۋزىقى سويۇۋېلىنىپ، سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ. قوۋزاقلار يۇمشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرتقى قوپال قاتلىمى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ھەمدە ئىچىدىكى نېپىز ئاق قەۋەتنى ئايرىۋېلىنىپ، شاخار ئېرىتمىسى بىلەن قوشۇپ قازانغا سېلىپ قاينىتىلىپ بوتقا ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ قوۋزاق بوتقىسى ياغاچ توقماق (ياغاچ بولقا) بىلەن سوقۇپ ئېزىلگەندىن كېيىن، مەخسۇس ياسالغان ياغاچ تۇڭغا سېلىنىپ، ئۇستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قويۇپ قوچۇپ ئۇماچ قىلىنىدۇ. تەييارلانغان قوۋزاق ئۇمىچى مەخسۇس ياسالغان ياغاچ چۆمۈچتە قەغەز ياساش قېلىپىغا قويۇلۇپ، سۇ كۆلچىكىدە سۈزۈلدۈرۈلىدۇ. قېلىپنىڭ يۈزى تەكشىلەنگەندىن كېيىن، شۇ پېتى

⑥ «شىنجاڭ پۇللىرى» 1999 ـ يىلى 2 ـ سان (خەنزۇچە ژۇرنال) مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدىكى قەغەز پۇل سۈرىتى.
⑦ مەھەممەت يۈسۈپ: «شىنجاڭ تارىختىكى پۇللار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل نەشرى 55 ـ بەت.

---



*مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 1973 ـ يىلى 10 ـ يانۋار قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تىۋەت يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1981 ـ يىلىدىن 1990 ـ يىلىغىچە ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1990 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1992 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن تىۋەت يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىباتلىق خىزمەتلىرىگە ۋاقىتلىق ياردەملىشىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 1993 ـ يىلى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدىكى «مۇبارەك تويۇڭغا گۈلدىيار كۈسەن» ناملىق تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان. ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىش ـ ئىزدىنىش ئارقىلىق بىلىم جۇغلانمىسىنى تولۇقلاپ 1996 ـ يىلى ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالغان.*

*ھازىرغىچە ئۇنىڭ «بۇلاق»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى»، «تۇرمۇچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا 20 پارچىگە يېقىن شېئىر، رۇبائىيلىرى، «مەرىپەت تارىخىمىزدىكى ئىككى ئايال چولپان»، «قەدىمكى خوتەننىڭ قىيا تاش سەنئىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، «ئاراڭلاردا كىم بار؟»، «خوتەن سەنئىتىنى كىم بىلىدۇ؟» قاتارلىق ئەدەبىي خاتىرىلىرى ئېلان قىلىندى. ئەممەدشاھ قاراقاش، فۇرقەت، ھۇۋەيدا، فەرىدىدىن ئەتتار قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ ئېلان قىلدۇردى.*

*مۇھەممەت تۇرسۇن سىدىقنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى كەۋدىلىك نەتىجىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئەممەدشاھ قاراقاشنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، شائىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بىر قىسىم خاتا قاراشلارنى تۈزەتتى، شائىرنىڭ «پۇلنىڭ نەزمىسى»، «شاھ پولۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ يەنە قاراقاشتىكى يەر ناملىرى ھەققىدە، مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ، ماتېرىيال توپلىدى. بۇ ماتېرىياللار «قاراقاشنى چۈشىنەيلى» دېگەن كىتابتا يورۇقلۇققا چىقتى. ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.*

رەڭگى ئاق، سۇپەتلىك بولۇپ، پاتلانغاندىن كېيىن يۈزى سىلىق بولىدۇ، رەڭ يېيىلمايدۇ، قەلەمنىڭ ئۇچىنى ئىلىۋالمايدۇ. ئۇزاق يىللاردىن كېيىنمۇ سارغىيىپ كەتمەيدۇ.

5. خوتەن قەغىزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى

قەغەز ئۇزاقتىن بىرى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا كەڭ قوللىنىلىشتىن سىرت، يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئىشلىتىلگەن. سىپتا ياسالغانلىرى (پاتلانغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قەدىمكى مۇھىم تارىخىي ۋەسىقىلەر، دىنىي ئەسەرلەر، خەت - چەك ئالاقىلىرىنى يېزىش، ھەر خىل گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىق ساھەلەرگە ئىشلىتىلگەن، خام قەغەزلەر بولسا دورا - دەرمەكلەر ئوراش، كىيىم - كېچەكلەرگە قاتۇرما قىلىش، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەمدە ئىشىك - دېرىزە، تاملارنىڭ تۆشۈك ۋە يېرىقچىلىرىغا چاپلاپ شامالدىن، توپىدىن ساقلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ ئىشلىتىلگەن.

6. قەغەزنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋاقتى

قەغەز ياساش ئاساسەن خام ماتېرىيال، پەسىل ۋە كۈن نۇرىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

خوتەندە قەغەزنىڭ خام ئەشياسى بولغان ئۈجمە ۋە توغراق قوۋزىقى ئاساسەن تولۇق. بىراق قەغەزنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ يۇقىرى - تۆۋەن بولىدۇ. 5-، 6-، 7-، 8 - ئايلار كۈن نۇرى كۈچلۈك ۋاقىت بولغاچقا، قەغەز كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 9-، 10-، 11 - ئايلار كۈن نۇرى ئاجىز ۋاقىت بولغاچقا، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قەغەزنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ. قالغان ۋاقىتلاردا ئاساسەن قەغەز ئىشلەپچىقىرىلمايدۇ.

7. قەغەز ۋە قەغەزچىلىك قورال - سايمانلىرىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ئۇچۇرلار

1980 - يىلى خوتەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى نىيە خارابىسىدىن بىر ياغاچ بولقا قېزىۋالغان. بۇ ياغاچ بولقىنىڭ دەستىسى 13 سانتىمېتىر بولۇپ، ھازىرقى قەغەز ياسايدىغان ياغاچ بولقىلارغا ئوخشايدۇ. بۇ ياغاچ بولقا ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ. 1999 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى باشقۇرۇش ئورنى چىرا ناھىيە ئۈزۈنتات شەھەر خارابىسى ئورنىدىن بىر قاشتېشى سۈرگۈچ، بىر قاشتېشى پالغا يىغىۋالغان. بۇ بۇيۇملار ھازىر خوتەن مۇزېيىدا ساقلانماقتا. قاشتېشى سۈرگۈچ ئۈچ قىرلىق بولۇپ، ئاستىنقى سۈرگۈچ يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قالغان ئىككى تەرەپ (تۇتقۇچ قىسمى) يۈزىنىڭ

كونا نورىغا قاقلاپ تىزىپ قويۇلىدۇ. قېلىپتىكى بوتقا تولۇق قۇرۇپ قەغەزگە ئايلانغاندىن كېيىن قېلىپتىن سويۇۋېلىنىدۇ. بۇ دەسلەپكى مەھسۇلات «خام قەغەز» دېيىلىدۇ. قەغەزنىڭ بىر تاختىسى ئادەتتە 42، 46 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەمدە بولىدۇ. قەغەز ياساشتا سۇ كۆپرەك كېتىدۇ.

2. قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار

قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى ۋە رولى بار:

ياغاچ بولقا — قەغەز ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان قوۋزاقلارنى يەنچىش (ئېزىش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قازان — تەييارلانغان قوۋزاقلارنى قاينىتىشقا ئىشلىتىدۇ.

كارسان (ياغاچ داس) — تەييارلانغان قوۋزاق بوتقىسىنى قاچىلاپ سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇماچ ھالىتىگە ئەكىلىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ياغاچ چۆمۈچ (پىچكوك) ياكى ياغاچ قاچا - كەمچىگۈچ — تەييارلانغان قوۋزاق ئۇمىچىنى تەڭ نىسبەتتە ئۇسۇپ، قەغەز قېلىپىغا قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قەغەز قېلىپى ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 45 سانتىمېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىللىك، بىر يۈزىگە تور رەخت تۇتۇلغان رامكا.

قاشتېشى سۈرگۈچ — خوتەن قاشتېشى سىلىق، سۈزۈك، پارقىراق بولغاچقا، خام قەغەزنىڭ يۈزىگە سۈركىسە قەغەزنى سىلىق، پارقىراق ۋە پىششىق ھالەتكە ئەكىلىدۇ.

3. قەغەزنى پىششىقلاپ ئىشلەش

خوتەن قەغىزى ئادەتتە خام قەغەز ۋە پىششىق قەغەز دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. خام قەغەزنىڭ پۇتۇپ چىقىش جەريانى يۇقىرىدا سۆزلەندى. خام قەغەزنى شۇ پېتى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى تېخىمۇ سىپتا ۋە پارقىراق قىلىپ ئىشلەشكە توغرا كەلگەندە، گۇرۇچنى ئېزىلگۈچە قاينىتىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن قەغەز يۈزىگە تەكشى سۈركەپ پاتلاپ، قاشتېشى سۈرگۈچ بىلەن سۈركەپ سىلىقلىنىدۇ. بۇ «پاتلانغان خوتەن قەغىزى» ياكى «پىششىق قەغەز» دەپ ئاتىلىدۇ.

4. خوتەن قەغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكى

خوتەن قەغىزى ئاسانلىقچە يىرتىلمايدۇ، ئەۋرىشىم بولۇپ، قاتلىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قايتا تۈزلەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئاسانلىقچە چىرىمايدۇ، كونا نورى ۋە نەملىكتىن ئۆزگەرمەيدۇ.

ۋەسىقىنىڭ 28 پارچىسى، خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان ئىكەن⑥.

ھازىر شىنجاڭنىڭ جاي - جايلىرىدىن تېپىلغان خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان تۈرلۈك مەزمۇن ۋە تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەرگە تەئەللۇق قولىيازمىلار ئېلىمىز ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

خوتەن قەغەزچىلىكى ھازىر ئۇستىلارنىڭ شاگىرتلارغا ئۆگىتىشى بىلەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى قەغەزنىڭ تاۋارغا ئايلىنالماسلىقى سەۋەبلىك بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بارغانسېرى بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قالماقتا.

ئاخىرىدا مۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك خاتىرىنى ماقالىمنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇپ قويىمەن⑦: 2002 - يىلى 24 - ئىيۇندىن 8 - ئىيۇلغىچە ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 36 - نۆۋەتلىك خەلقئارا مىللىي ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش - سەنئەت فېستىۋالىغا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يۇچاقچى يېزىسى بۇدا كەنتلىك تۆتىنچى ئەۋلاد قەغەز ياساش ئۇستىسى توختىباقى تۇردىباقى ئوغلى تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن خوتەن قەغىزىنىڭ ئەنئەنىۋى ياسىلىش مەشغۇلاتىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىپ، فېستىۋال تەشكىلىي ھەيئىتى ۋە مىڭلىغان كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1927 - يىلى تۇغۇلۇپ، دىنىي مەكتەپلەردە ساۋادىنى چىقارغان بۇ قەغەز ياساش ئۇستىسى 15 ياشقىچە ئاتىسىنىڭ يېنىدا قەغەز قۇيۇش (يەرلىكتە قەغەز ياساش مەشغۇلاتىنى «قەغەز قۇيۇش» دەپ ئاتايدۇ) ھۈنىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆزى مۇستەقىل ھۈنەر ئېيرىپ تا ھازىرغىچە دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ ھۈنەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلمەكتە. توختىباقى ئاخۇن ئۆزىنىڭ بۇ «خاسىيەتلىك ھۈنىرى»نى دۇنيا خەلقىگە قايتىدىن كۆرسىتىشكە ئالاھىدە ياردەم بەرگەن تۈركىيىلىك تىلشۇناس ئوغۇزخان توغرۇل ئەپەندىگە، فېستىۋال تەشكىلىي ھەيئىتى نامىدىن ئۆزىنىڭ ھۈنەر مەشغۇلاتىنى قاراقاشتا ئالدىدىن سۈرەتكە ئالغان جېنىنى فارمىرخانىمغا، خوتەن ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 64 - بەت.

② لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى — ئۇدۇن». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى،

كەڭلىكى بەش سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر كېلىدۇ. سۇرگۇچنىڭ ئاستىنقى يۈزى ناھايىتى سىلىق، پارقىراق بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى كۆپ قەغەزلەرنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

1959 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى نىيە خارابىسىدىن نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 43 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.9 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پارچە قەغەزمۇ بار①. 1999 - يىلى 12- ئايدا لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدىن تۆت پارچە ۋەسىقە تېپىلغان بولۇپ، ھەممىسى ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن قەغەزگە يېزىلغانىكەن. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 8 × 28، 15 × 28 سانتىمېتىر بولۇپ، ۋاقتى مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرگە تەئەللۇق. بۇ قەغەز پۈتۈكلەر ھازىر خوتەن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مازارتاغ خارابىسىدىن بىر پارچە بۇتخانا ھېساباتى دەپتىرى تېپىلغان بولۇپ، دەپتەردە قەغەز سېتىۋېلىشقا دائىر تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات خاتىرىلەنگەن: «60 يارماققا بىر تاختا قەغەز سېتىۋالغىلى بولىدۇ ....، 100 يارماققا ئىككى تاختا، 100 يارماققا ئاق قەغەزدىن ئىككى تاختا ئالغىلى بولىدۇ، بىر تاختا قەغەز 45، 50، 60 يارماقلارغا سېتىلىدۇ ....» ②. لوپنۇر كۆلى ئەتراپىدىن بىر پارچە سودا ھۆججىتى ۋە ئەتراپىدىن بىر نەچچە قەغەز پارچىسى تېپىلغان. بۇ قەغەزلەر مىلادىيە 220 — 420 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە ئائىت بولۇپ، 1910 - يىلى بوتانىكا ئالىمى ۋىسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشى ئارقىلىق بۇ قەغەزلەرنىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان ④.

ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى 1933 - يىلى تارىم ۋادىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىرگە بىر نەچچە پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. جاڭ ۋېنلىڭنىڭ «ئېلىمىز قەغەز پۈتۈكچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، خۇاڭ ۋېنبى تاپقان بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 40 - يىللاردىن بۇرۇنقى دەۋرگە تەئەللۇق بولىدىكەن.⑤

ستەيىن مازارتاغ خارابىسىدىن تاپقان 119 پارچە تىبەتچە

مەتسېلىم مەتقاسىم

# بىر رەسسام ھەققىدە ھېكايە

1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكا بوستون شەھىرىنىڭ ھەشەمەتلىك كۆرگەزمە زالىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى شۇنچە چىن، شۇنچە نەپىس ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماي بوياق رەسىم جاھازىلىرى ئېسىلدى! 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆزلىرى زال ئىچىدىكى جانلىق، ئىنچىكە سىزىلغان ماي بوياق رەسىملەرگە تىكىلگەن ئىدى. بۇ يەرگە جەم بولغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۆز ئالدىدىكى رەسىملەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەدەن قۇرۇلۇشى بەردەم، كىيىم - كېچەك پاسونى ئۆزگىچە، چىراي - شەكلى قاملاشقان، تۇرقىدىن ئەمگەك سۆيەرلىك، چىۋەرلىك، مەردانىلىق، مۇلايىملىق، ئاقكۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ مىللەت كىشىلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. بەزىلەر مۆرىلىرىنى قىقىپ قويۇپ ئۆز ئارا پىچىرلاشسا، بەزىلەر نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك نېمىلەرگىدۇر سىنچىلاپ قارايتتى.

شۇ ئەسنادا ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇقلار جەمئىيىتىدىكى بىر خادىم 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنى باشلاپ زالغا كىرىپ كەلدى - دە، تەنتەنىلىك ھالدا بۇ يىگىتنىڭ كۆرگەزمە زالىغا قويۇلغان مەزكۇر رەسىملەرنىڭ ئاپتورى ۋاڭ يۈڭشىڭ ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. شۇئان كىشىلەر بۇ ياش رەسسامنى ئارىغا ئېلىپ قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى ۋە رەسسامنى سوئاللار دۆۋىسىگە كۆمۈۋەتتى:

— ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ قەيېرىدە ياشايدۇ؟

— ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى قايسى تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ؟

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يېزىقى بارمۇ؟

ئۇيغۇرچە نەشرى، 276 ـ بەت.
③ خانىدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 83 ـ بەت.
⑤④ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىكى توغرىسىدا». ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ 1996 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈندىكى سانى.
⑥ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى». خەنزۇچە 1992 ـ يىللىق 2 ـ سانى.
⑦ بۇ قىستۇرما ـــ مەھەممەتتۇرسۇن سىدىقنىڭ «ئۇيغۇر قەغەزچىلىكىنىڭ خەلقئارالىق شۆھرىتى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

---



*جۇمەنىياز تۇرسۇن (ۋارىس تېكىن) 1972 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇن قاراقاش ناھىيە بازىرىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1991 ـ يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1996 ـ يىلى ئىيۇلدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى مۇزېي بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.*

*جۇمەنىياز تۇرسۇن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى ۋە ھەر قايسى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىلىرى جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان. ئۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـــ مۇزېي كەسپىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، ئېتنوگرافىيىسى، تىل ـ يېزىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنى بورۇتۇشقا تىرىشىپ، «قەدىمكى خوتەننىڭ ئىپتىدائىي ئېتقاتچىلىقى»، «كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى»، «تارىم ۋادىسىدىكى يوملاق شەھەرلەر» قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «كىتاب مۇنبىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ژۇرنال ۋە گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان. «كېرىيىنىڭ قەدىمكى شال تېرىقچىلىق تارىخى»، «دۇنيا نەزەرىدىكى دەريا بويى» قاتارلىق ماقالىلىرى «كېرىيە تارىخىي ماقالىلىرى» (2)، «ئۆزۈلمەس ئېقىن» قاتارلىق كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.*

*ئۇ ھازىر «خوتەن خارابىلىرى ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، «قەدىمكى خوتەن ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر يېزىق مەدەنىيىتى» قاتارلىق كىتابلارنى ئىشلەپ پۈتكۈزۈپ بىر قىسمىنى نەشرگە تاپشۇردى.*

ئۇ يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغ بۇ ماكان كىشىلىرى مەدەنىيەت- سەنئەتتىن يىراقلىشىپ، پەقەت سىنىپىي كۈرەشنىلا تۇتقا قىلىشقا تۇتۇشۇپ كەتكەن چاغلار ئىدى. ئۇ ئەمچەكتىن ئايرىلماي تۇرۇپلا مەتيۇسۇپ ئاخۇن بىلەن ئانارخاننىڭ بېقىپ قاتارغا قوشۇشىغا بېرىلدى. ئاقكۆڭۈل دېھقان ئائىلىسى ئۇنىڭ ئەركىن دەۋر سۈرىدىغان خانىسى بولدى. مەتيۇسۇپ ئاخۇن بىلەن ئانارخان ئۇنى ئۆز باغرىغا تېڭىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى. كىچىك يۇڭشىڭ تولىمۇ زېرەك، چېۋەر چوڭ بولدى. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا يەرگە، تاملارغا رەسىم سىزاتتى. ئۇ بۇ جەرياندا دادىسى مەتيۇسۇپ ئاخۇنغا ئەگىشىپ تاغلارغا، جاڭگاللارغا بېرىپ كەڭ تەبىئەت بىلەن ئۇچراشتى. ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادىتى، ئۇيغۇر ئەنئەنىسى ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋۇجۇدىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەچكە، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن باشلاپلا سىزغان مەشىق رەسىملىرى ئۇيغۇر ئاتا - ئانىسىنى ۋە ئوقۇتقۇچىسى- ئوقۇغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى. قىسقىسى، ئۇ خەنزۇ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ كۆرگىنى - بىلگىنى ئۇيغۇر تۇرمۇشى بولدى. رەسسام ۋاڭ يۇڭشىڭ ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

— بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئائىلە مۇھىتى زور رول ئوينايدىكەن. ئۇ چاغدا خەنزۇ ئاتا - ئانام خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن ئاساسەن تۆۋەندە بولغاچقا، ئۇيغۇر ئاتا - ئانام مېنىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىشىمگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار مېنى تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدىن باشلاپ، بىۋاسىتە چېنىقتۇرۇپ كەلگەچكە، مەندە بارا- بارا ئۇلاردىكى ئىشچانلىق، ئاقكۆڭۈللۈك، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەندى، مەن ھازىر ئۆز كەسپىمدە بىر قاتار نەتىجىلەرنى قازاندىم. سەمىمىي كۆڭلۈم بىلەن ئېيتسام، مېنىڭ بۇ تۆھپىلىرىمگە ئۇيغۇر ئاتا - ئانام ئاساس سالغان. مەن ئاشۇنداق ئاتا - ئانامنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. بۇ خىل ھېسسىيات ھازىر مەندە تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ. ھازىرغا كەلگىچە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. بەلكىم مەڭگۈ

— سىز ئۇيغۇرمۇ؟
— ئۇيغۇرلار قايسى كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ؟
— ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى قانداق؟
— ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى سىز تەسۋىرلىگەندەك شۇنچە چىرايلىقمۇ؟

ياش رەسسام سالماقلىق بىلەن سومكىسىدىن دۇنيا خەرىتىسىنى چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتى — جۇڭگو شىنجاڭنى، كېيىن ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆرسەتتى. كېيىن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولسۇن دەپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى، ناخشا - ئۇسسۇل، مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىنئالغۇ لېنتىسىنى مېھمانلارغا قويۇپ بەردى. ئارقىدىنلا ئۇ ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن:

— ئۇيغۇرلار جۇڭگودىكى مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت. ئۇلار ئەمگەكچان، مېھماندوست، باتۇر خەلق. ئۇلار ئەسىرلەردىن بېرى تەكلىماكاننىڭ جۇد - بورانلىرىغا باش ئەگمەي تەبىئەت بىلەن توختاۋسىز كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ چەكلىمىسى، بولۇپمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى يۈكسىلىشنىڭ ئاستا بولۇشى بۇ مىللەتنى دۇنيادىن يىراقلاشتۇرۇپ قويغان. بىراق ئۇلاردا ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلىدىغان روھ بار. ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتىدۇ — دېدى.

ئۇيغۇرلارنى تونجى قېتىم ئامېرىكا قىتئەسىدە مانا مۇشۇنداق كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇرغان ۋاڭ يۈچىڭ كىم؟

ۋاڭ يۈچىڭ ئەر، خەنزۇ، 1962 - يىلى 4 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1990 - يىلى شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتى ماي بوياق رەسىم كەسپىنى پۈتتۈرگەن. شىنجاڭ رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت سارىيىنىڭ ئىجادىيەتچىسى.

بۇ زۇمرەت ماكاننى، ئىشچان ئۇيغۇر مىللىتىنى كۆرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈشتى. رەسسام ۋاڭ يۇڭشىڭ خەلقئارا سەھنىدە گەنە شۇنداق ئۆز قەرزىنى مول ئىجادىي ئەمگىكى، چوڭقۇر مېھىر - شەپقىتى بىلەن ئادا قىلدى. بۇ خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە ئارال دۆلىتى ياپونىيىگىمۇ يېتىپ باردى. 1995 - يىلى 11 - ئايدا ئۇ ياپونىيە مائارىپ، مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپى بىلەن ياپونىيىگە باردى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يارقىن سىماسىنى ياپونىيە زېمىنىدا چاقناتتى. غەربىي دىيارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىگە ئۇزاقتىن بۇيان قىزىقىپ، بىر قاتار تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ياپونىيىلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىستىداتىغا، ئەسەرلىرىدىكى كامالەتكە ئاپىرىن ئېيتىشتى. بۇ ئالىملارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرىنى خېلى ئىلگىرى گېزىت - ژۇرناللاردىن كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن مۇڭداشقانىدى. بۇ قېتىم رەسسام بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ خاس رەسساملا بولماستىن، ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىق ئەلچىسى ئىكەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئىلگىرى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ غەربىي دىيار سەنئەت تەتقىقات ئورنى، مىللەتلەر مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى، سېۋىن ھېدىن فوندى جەمئىيىتى بىرلىشىپ «ۋاڭ يۇڭشىڭ ماي بوياق رەسىملىرى» كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرغان ۋاقىتتا، ئۇ چەت ئەللىك مېھمانلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈپ سىزىلغان رەسىملەرنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغانىدى. دەرۋەقە، ئۇ بۇ ئەھدىسىنى ئاقلىدى، ئاقلىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە چوڭقۇر شۆھرەت قازاندى. رەسسام ۋاڭ يۇڭشىڭنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە نەتىجىلىرى ھازىرغىچە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، ياپونىيىنىڭ «MBYOH» ژۇرنىلى، NHK تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا، ئامېرىكا «دۇنيا گېزىتى»، «ۋاشىنگتون خەۋەرلىرى گېزىتى»، «لوس - ئانژېلىس خەۋەرلىرى گېزىتى» دە ئارقا -

مۇشۇ تېمىنى يورۇتارمەن.

رەسسام ۋاڭ يۈگشىگىنىڭ بۇ سۆزلىرى، ئۇنىڭ ئۆزى ياشاپ كېلىۋاتقان ئانا دىيارنىڭ ئوتلۇق سۆيگۈسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. جۈملىدىن ئۇ ئېغىزىدا دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مۇئەييەن كەسپىي ئىقتىدارغا، مۇئەييەن تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئارزۇسىدىكى تېمىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ئىشلىدى. دەم ئالىدىغان، كۆڭۈل ئاچىدىغان قانچىلىغان ياخشى پۇرسەتلەر ئەنە شۇ توپا - چاڭغا مىلىنىپ تۇرغان، ئەمما تەبىئىي گۈزەللىك پارلاپ تۇرغان سەھرالاردا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئەجرى ئاخىرى مېۋە بەردى. دۆلىتىمىزدىكى نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان 500 پارچىگە يېقىن ماي بوياق رەسىمى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئاتاغلىق ئالىم، پروفېسسورلار ئۇنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا جان كۆيدۈرۈپ سىزغان مول، مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، مەشھۇر يازغۇچى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ لىئەن ئەپەندى مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىلمىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۇردى.

1995 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا - جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى، ئامېرىكا MIT ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەنئەت زالىدا «ۋاڭ يۈگشىڭ ماي بوياق رەسىملىرى دوكلات يىغىنى» ئاچتى ھەمدە ئۇنىڭ تاللانغان رەسىملىرىنى كۆرگەزمىگە قويدى. بۇ يىغىندا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر رەسسام ۋاڭ يۈگشىگدىن ئۇيغۇر تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سوئال سوراپ قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلى ۋە كەسپىي قىزغىنلىقىدىن تولىمۇ تەسىرلەندى. ئۇ ئادەتتىكى بىر رەسسام سۈپىتىدە ئەمەس، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇردى. بىر نەچچە چەت ئەللىك پۇرسەت تېپىپ

ئىبرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

# خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى

مەرھۇم ئالىم ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «... خوتەننىڭ زېمىنى كەڭ، مۇنبەت دورا مەنبەلىرى مول، ھاۋا كېلىماتى مۆتىدىل، تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ئوچۇق بولۇشى ھەمدە يەرلىك ئاھالىنىڭ تېبابەت ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرىغا ئەزەلدىن قىزىقىپ كېلىشى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭمۇ دورا ئەشيالىرى ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىش، تېرىپ ئۆستۈرۈپ قوشۇمچە كىرىم قىلىش ئادەتلىرى... قاتارلىق شارائىتىنىڭ خوتەندە ياخشىراق بولۇشى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ خوتەندە بۇرۇنراق راۋاجلىنىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ شىنجاڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.» دەپ يازغان ئىدى.

روشەنكى باشقا رايونلارغا ئوخشاش خوتەن رايونىدىمۇ خەلقىمىز تەبىئىي يېمەك - ئىچمەكلەرگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تاماقنىڭ تەمى، تەبىئىتى ۋە مەنپەئەتىنى مەقسەتلىك باھالاپ، ھەركىم مىزاجىغا، ئەھۋالىغا قاراپ رېئال قاراش ئاساسىدا تەييارلايدۇ. خوتەن تۇپرىقى قۇمساڭغۇ ۋە ئورگانىك ماددىلارغا باي تۇپراق بولۇپ، خوتەندە يېتىشتۈرۈلگەن زىرائەت ۋە مېۋە - چېۋىلەردە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، مىكرو ئېلېمېنت ۋە قەنت ماددىسى يۇقىرى، ھەزىم بولۇشى تېز، مەنپەئەتى زور بولىدۇ. يەرلىك كىشىلەر بولسۇن ۋە ياكى باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر بولسۇن، خوتەننىڭ يېمەك - ئىچمەك، مېۋە- چېۋىسىگە ئامراق بولمايدىغىنى يوق. خوتەندە يېتىشتۈرۈلگەن ھەر خىل زىرائەت، مېۋە - چېۋىلەر ۋە بۇ يەردە بېقىلىۋاتقان جانلىقلار دېگۈدەك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە

ئارقىدىن تونۇشتۇرۇلدى. ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا بېغىشلىغان رەسسام ۋاڭ يۇڭشىڭ ھازىر تېخىمۇ زور ئىجتىھات بىلەن، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇش يولىدا جاپالىق ئەجىر قىلماقتا.



*مەتسېلىم مەتقاسىم 1964 - يىلى دېكابىردا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جاي بېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كېرىيە ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ، ئەدەبىيات كەسپى تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغىچە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبنىڭ 1985 - يىلىدىن بۇيان ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ «باھار يەنە كېلىدۇ»، «ئۇنتۇلماس ئىزلار» ناملىق ئىككى كىتابى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بىر بۆلۈك ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى.*



تاقابىل تۇرۇش، ياكى تاغ ئۆڭكۈرلىرى بىلەن داللاردا تۈنەپ قار-يامغۇر، بورانلاردىن، ھايۋان تېرىلىرىنى يېپىنچا قىلىپ سوغۇقتىن پاناھلىنىش، ياۋا مېۋىلەرنى قۇرۇتۇۋېلىپ قىش كۈنلىرى ئىستېمال قىلىش، ئورمانلىقلاردا ياكى تۈزلەڭلىكلەردە گەمە ياكى ئاددىي كەپىلەرنى ياسىۋېلىپ ئۆزلىرىنى ئاسراش، ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ، ياۋا مېۋە... قاتارلىقلارنى تەكرار سىناقلار ئارقىلىق تەرتىپ بويىچە يەپ ئوزۇقلۇق بىلەن زەھەرلىنىشتىن ساقلىنىشقا ئوخشاش كىسەللىكلەردىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىرقىسىم گۈل - گىياھلار، ياۋا مېۋىلەر، ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى بىلەن مايلىرى، قىزىق قۇم، ئارشاڭ سۇلىرى ۋە ئىسسىق پاتقاقلارنىڭ بىرقىسىم كىسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغانلىقى؛ سۇنۇقنى شاخ - شۇمبىلار بىلەن تېڭىپ مۇقىملاشتۇرسا، ئاغرىش يېنىكلەپ ساقىيىش سۈرئىتىنىڭ تېز بولىدىغانلىقى؛ تېرىدىكى يىرىڭ قېپىنى تىكەن بىلەن تېشىپ يىرىڭنى ئېقىتقاندا، ئاغرىش پەسلەپ قىزىتما ياندىغانلىقىنى ۋە قاناۋاتقان جاراھەتنى قول بىلەن بىر مەزگىل باسقاندا ياكى ئۈستىگە يوپۇرماقلارنى ئېلىپ قويۇپ، قوۋزاق ياكى تال چىۋىقلار بىلەن بېسىپ تاڭغاندا قان توختاپ ھاياتلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بايقىدى. مانا بۇلار ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك ئىدى.

مەلۇمكى دۇنياغا تېبابەتچىلىكنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشىمىغان قاراشلار پەيدا بولۇپ كەلمەكتە. بەزى تارىخچىلار «تېبابەتچىلىك دۇنيادا ئادەم پەيدا بولغاندىن تارتىپ بار ئىدى» (ھاجى ئابدۇلھېمىت يۇسۇپ : «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىسى دەرسلىكى» . شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى) دېسە، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار: «ئەڭ قەدىمكى تېبىبىي پائالىيەت باشلانغۇچ ئېتىقاد بىلەن بىللە بۇنىڭدىن 40 — 50 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەڭ كونا تاش قورال دەۋرىدە پەيدا بولغان» . (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى. 191-بەت) دەيدۇ. ئۇلۇغ رۇس فىزىئولوگى ئىۋان پېتىروۋىچ پاۋلوۋ: «ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىلا مېدىتسىنالىق پائالىيەت باشلانغان. مېدىتسىنا تارىخى ئىنسانىيەت يازما خاتىرىلەر يېزىشقا باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلاش خاتا تونۇشتۇر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا

ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئەۋزەللىكلەر سەۋەبلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى خوتەندە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مەخسۇس تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ خوتەندىن كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. يەنە كېلىپ تارىم ۋادىسىدىكى نەچچە ئەۋلاد ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى خوتەندە تۇغۇلۇپ خوتەندە ھايات كەچۈرگەن ۋە ئىز قالدۇرغان.

## 1. خوتەندە ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك

خوتەن ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ئىللىق ئارامگاھى ـ قونالغۇسى بولۇپ كەلمەكتە. تارىختىن بېرى بۇ جايدا ھايات كەچۈرگەن دەسلەپكى ئەجدادلىرىمىز ئورمانلىقلار، تاغ ـ جىلغىلىرىدا ۋە كۆل ـ دەريا بويلىرى بىلەن بۇلاق بويلىرىدا كۈندۈزى ئوزۇقلۇق ئىزدەش، كېچىلىرى ئوچۇقچىلىقتا تۈنەش بىلەن تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزەتتى. تومۇزنىڭ ئىسسىقى، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى بىلەن قار ـ يامغۇر ۋە بوران ـ چاپقۇنلار، شۇنداقلا يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا دائىم ئۇچراپ تۇراتتى ھەمدە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئاپتاپ ئۆتۈش، سوغۇق تېگىش، ئوزۇقلۇق بىلەن زەھەرلىنىش، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەردىن ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولاتتى ۋە زەخىملىنەتتى، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. لېكىن قەدىمىي ئىپتىدائىي كىشىلەردە، بىرىنچىدىن، ھايۋاناتلاردا بولىدىغان ئۆزىنى قوغداش تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنى قوغدايدىغان ھەرىكەت ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقى؛ ئىككىنچىدىن، ئىنسانلار يارىتىلىشتا ئۇنىڭ مېڭە تۈزۈلمىسىدە ھايۋانلاردىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدىغان ئىپتىدائىي تەپەككۇر قۇرۇلمىسى بىلەن ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىدا تەدرىجىي يېتىلىش ئالاھىدىلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىپتىدائىي تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن قوبۇل قىلغان ھېسسىي خۇلاسىغا ئاساسەن تەبىئىي تاش ـ توخماقلار بىلەن ھايۋان ئۇستىخانلىرى ياكى مۈڭگۈز، قوۋۇرغىلارنى قورال سۈپىتىدە ئىشلىتىپ ئوۋ قىلىش ياكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا

مەدەنىيىتى قەبرىلىرىدىن مومىيا قىلىنغان جەسەت تېپىلغان) قىلىش قاتارلىق ماددىي داۋالاش ۋاستىلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، يەنە روھىيەتچىلىك ۋاستىلىرىنى، تۇرلۇك ئەم - ئىرىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان داۋالاش ۋاستىلىرىنىمۇ قوللانغان بولغاچقا، «خەلقىمىز پەيدا بولغان زاماندىن تارتىپ بار بولغان ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» مۇ مۇقەررەر ھالدا دىنىي تۈس بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى سەۋەبلىك شامان دىنىنىڭ پرىخونلۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى.

خەلقىمىز ئۆز تارىخىدا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان ۋە كۆپ خىل ئېتىقاد ئادىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي دىن — شامان دىنىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. «تەرەققىي قىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاشلىرىغا قارىغاندا شامان دىنى 4000 – 6000 يىللار ئىلگىرىكى قوللۇق جەمئىيەتكە ئەمدىلا يۈزلىنىش باسقۇچىدا» ، «ئالدى بىلەن ئالتاي دالىسىدا پەيدا بولغان» ، «ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلالماسلىقى، ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بولۇپمۇ كېسەلگە ئامال تاپالماسلىقى ۋە ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇش پسىخىكىسى تۈپەيلىدىن ئىپتىدائىي ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئىچىدە ئاتېئىزم قاراشلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك رول ئوينىشى نەتىجىسىدە شامان دىنى تەدرىجىي شەكىللىنىپ چىققان» ۋە كېيىنكى دىنلارنى قوبۇل قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

شامان دىنى تېبابەتچىلىكىدە كىشىلەرنىڭ كېسەل بولۇشى ھەر خىل سەۋەبلەردىن، جۈملىدىن «يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن» كېلىپ چىقىدۇ، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولغاچقا، كېسەل ئادەملەرنى داۋالاش قانداقتۇر يېمەكلىك ۋە ياكى دورا يېگۈزۈش ئارقىلىق بولماستىن، بەلكى مۇشۇ خىل دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ دىن ئاساسەن، «ئادەم پەقەت جىن ئالۋاستى ياكى يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن كېسەل بولىدۇ» ، «داخانلار جىن ئەرۋاھلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى قايتۇرالايدۇ» دەپ قارايدىغان بولغاچقا، شامان دىنى ئېتىقادچىلىرىدا ئەپسۇن ئوقۇش، جىنكەشلىك، رەمباللىق، پالچىلىق ئەۋج ئالغان.

بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى: ئىسرىقدانغا چوغ ئېلىپ ئۈستىگە قوينىڭ

قويدى. مېنىڭچە تېبابەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلاش يۇزەكىلىك بولۇپ قېلىش مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش، تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش، قىسقىسى، ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرەلىشى ناتايىن. ئۇلار ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقى، قانداق قىلغاندا ئۆلۈمنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكىچە بولغان ئارىلىقتا كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەينى دەۋر كىشىلىرى ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىنى ئارقا- ئارقىدىن كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇ ھەقتە ئويلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئەڭ دەسلەپكى بىر ئادەمنىڭ «ئۆلۈمنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ئەمەس. روشەنكى، ئۆلۈم ھاياتلىقتىكى ئەڭ زور ۋە ئەڭ يوقىرى دەرىجىلىك سىناق. مانا مۇشۇنداق رەھىمسىز سىناق ئالدىدىلا ئىنسانىيەت ئاندىن ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولغان. «بىر قېتىملىق ئۆلۈمنى كۆرۈش، ھەرقانداق بىر ئادەمدە ئۆز - ئۆزىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئويلىنىشنى، ئۆز ھاياتىدا ئۆزى ئەزەلدىن ھېس قىلىپ باقمىغان بوشلۇقلارغا قايتا نەزەر سېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۆلۈم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئادەمنىڭ قىممىتىنى، ھاياتنىڭ چەكسىز قەدىرلىكلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئادەم مانا مۇشۇنداق ئەڭ زور سىناقنىڭ زەربىسىدە روھىي جەھەتتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ چەكسىز نۇرىنى قېزىپ چىقىرىدۇ.» شۇڭا، تېبابەتچىلىكنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ خېلى يىللاردىن كېيىن ئاندىن «ئىپتىدائىي تېبابەت» ھالىتىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ ئاغرىققا ئامال، ئۆلۈمگە سەۋەب قىلىش ئۈچۈن، ئىختىرا قىلغان ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكتە «يالغۇز دورا گىياھلىرى، تۇز ۋە ئارشاڭ سۇلىرىدىن پايدىلىنىش، پاشا، يىلان، چاياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەدەنگە ياكى پاقالچاققا سېغىز لاي سۇركۈشلەش، يۇزىگە قېتىق سۇرتۇش، مايلاش، قاقلاش، كۆيدۈرۈش، قان چىقىرىش، ئىلمە (ياكى خوخولا)، قىرقىش، قومغا كۆمۈش، گىياھ سۈيىگە چۈشۈرۈش، ھايۋان تېرىسىگە ئېلىش، ئۆتكە تېڭىش، ئۇچۇغداش، تېڭىقچىلىق، ئاددىي ئوپېراتسىيە ۋە موميا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرگە ئائىت قارا سۇق

تىبابەتچىلىك باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن بۇ خىل تىبابەت زامان - زامانلارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئېتىقادنىڭ ئالمىشىشى سەۋەبلىك مەلۇم دەرىجىدە يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەننىڭ چەت، يېزا - قىشلاقلىرىدا ھېلىھەم مەۋجۇت.

## 2. خوتەن ئەل ئەدەبىياتىدا تىبابەتچىلىك

ھەر قانداق بىر ئەلنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى شۇ ئەلنىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن بىۋاسىتە تۇتاشقان بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بىز ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن شۇ ئەلنىڭ مەنىۋىيەت تارىخىغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئېرىشەلەيمىز.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ئەشيالارنىڭ زور كۆپ قىسمى تارىم ۋادىسىدىن چىقىدۇ. بولۇپمۇ خوتەننىڭ كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىن خام دورا ئەشيالىرى كۆپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇ خىل خام دورىلارنىڭ (ئوت - چۆپلەرنىڭ) شىپالىق رولى تونۇپ يېتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەجدادلىرىمىز تارىخنىڭ ئېغىر بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈش، تەبىئەت تەرىپىدىن كەلگەن تۈرلۈك بالايى - ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش جەريانىدا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ كېسەللىكە داۋا بولۇشتىكى رولىنى بايقاپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولىنى ئاغزاكىلىقتا ئايلاندۇرۇپ، ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تۈر - ژانىرلىرىغا سىڭدۈرگەن. نەتىجىدە كېيىنكى ئەۋلادلار ئەل ئەدەبىياتىدىكى رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر، ماقال- تەمسىللەرنى قايتا - قايتا ئوقۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ ھېكايەت لىنىيىسىدىكى ۋەقەلىكلەردە سۆزلەنگەن بايانلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا تەدبىقلاش ئارقىلىق، ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ تىبابەتچىلىكتىكى رولىنى جارى قىلدۇرغان. بۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ سىستېمىلىشىشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئاغزاكىلىقتا ئايلىنىپ

قۇيرۇق يېغى ياكى ئادراسمان، ئارچا ياغىچى قاتارلىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى سېلىپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆينى ئىسلاپ روھ - ئەرۋاھلارنى قوغلاش؛ يۈرۈك تىلەپ ئۇنى كۆيدۈرۈپ بىمارنىڭ بېشىدىن يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇش، ئاق توخۇ ئۆلتۈرۈپ قان قىلىش؛ كىچىك بالىلار ئۇخلاپ قالغاندا قارا بېسىپ، كېسەل بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ بالىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا پىچاق، قايچا، ئەينەك قاتارلىقلارنى قويۇپ قويۇش؛ ئاياللار تۇغۇتتا قىينالسا «جىن دارىدى» دەپ ئوقۇتۇش؛ بالا ئاۋاق بولۇپ قالسا «جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ قاراپ ئەسكى لاتىدا قورچاق ياساپ كىشىلەر كۆرمەستە ياكى كېچىدە چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا قويۇپ قويۇش؛ سەپەرگە چىقىش ۋە ئۆي كۆچۈشتىن بۇرۇن ياغ پۇرىتىپ روھتىن مەدەت تىلەش؛ شۇنداقلا قەبرى - يوغان دەرەخلەرگە «جىن بار» دەپ لاتا چىگىپ قويۇش؛ ھەر خىل قارانچۇقلارنى، ھايۋاناتلارنىڭ باشلىرىنى دەل - دەرەخلەرگە قاداپ قويۇش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شامان دىنى تېبابەتچىلىكىدە باخشى، داخان، پېرىخونلار مەيدانغا چىقىپ، قوتقازغۇچى ئىجادكار سۈپىتىدە كېسەللەرنى ئۇچۇغداپ، ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللانغان بولۇپ، ئوتتىن ئاتلىتىش، پىرە ئوينىتىش، كېسەلنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇچۇغداپ «كۆچ، كۆچ، كۆچ»، «يىراق جاڭگاللارغا كەت»، «ماكانىڭغا ئوت قويىمەن»، «رەسۋا»، «شەرمەندە»، «چىق، يوقال»... دېگەندەك تىللاش، پوپوزا قىلىش ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇغان. مەسىلەن: بىرەر ئادەمنىڭ چىشى ئاغرىپ قالسا، شۇ ئادەمنىڭ ئاغرىق چىشى تەرەپتىكى يۈزىگە لۆڭگە قويۇپ، ئۈستىگە يۇمشاق ئاق پاختا (چىگىتى ئايرىۋېلىن- غان - ئا) قويغاندىن كېيىن ئوت يېقىپ پاختىنى كۆيدۈرۈش بىلەن بىرگە، يۇقىرىقىدەك ئەپسۇنلارنى ئوقۇش ئارقىلىق «يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن» كېلىپ چىققان چىش ئاغرىق كېسىلىنى داۋالاش شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. جىن ئالۋاستىلارنى بىر نەرسە ئوقۇپ بەند قىلىش، كومزەككە سولاپ سۇغا غەرق قىلىش، كۆمۈش، ئېقىتىش، كۆيدۈرۈش، چۆلگە قوغلاش، نەرسە ياكى ھايۋانغا كۆچۈرۈش، مۇداپىئە تىل تۇمارى ئېسىش قاتارلىقلار شامان دىنى ئەم ئىرىمچىلىكى (تېبابەتچىلىكى) دىكى ئاساسلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى بولۇپ، بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى تارىم ۋادىسىدىكى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار قاتارى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولغاچقا، ئەڭ ئىپتىدائىي

ئۇ بالا ئەتراپنى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى كاللەك نەرسە چۈشكەن جايدىكى يالپۇزلارنىڭ ئۈستى قارامتۇل مايلىشىپ قالغان ئىكەن. شۇ چاغدىلا ئۇ نەرسىنىڭ ئېرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. يىگىت مەھەللىگە قايتىپ بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. كىشىلەر بۇلاق بويىدىكى يالپۇزلاردىن ئەكىلىپ مەيدىسى ئاغرىيدىغانلارغا قاينىتىپ ئىچكۈزۈپتۇ. كېسەللەر يالپۇزنى يازدا يېڭى پېتى، قىشلىقى قۇرۇتۇۋېلىپ تاماققا قوشۇپ يەپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مەيدە ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلار سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر يالپۇزنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى بىلگەن ئىكەن».

دەرۋەقە، يالپۇز (سۇزە) دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇ يېڭى ئۆسۈپ چىققاندا جۇۋاۋا ياكى چۆچۈرە تۈگۈپ يېسە مەززىلىك ۋە سىڭىشلىك بولىدۇ ھەمدە مەيدە ئاغرىقىغا شىپاھ قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ، پاكىز تازىلاپ قۇرۇتۇپ شېكەر ياكى ناۋات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، مەيدە - ئاشقازانغا بەكمۇ پايدىلىق.

## 2) بىھى ھەققىدىكى رىۋايەت

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە لوقمان ھېكىم بارلىق مېۋىلەرنى يىغىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ قايسى كېسەلگە شىپاھ بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. مېۋىلەر بىر - بىرلەپ پىكىر بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. بىراق لوقمان ھېكىم تەرىپىدىن ئويۇشتۇرۇلغان بۇ مەرىكىگە ئۆزى سۇلۇق، يۇپيۇمىلاق چىرايلىق كەلگەن بىھى بارغىلى ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆز خاسىيىتىنى سىر تۇتماقچى بوپتۇ، بۇ ئىشتىن لوقمان ھېكىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن بىھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي بىھى، سەن نېمە ۋەجىدىن ئۆز خاسىيىتىڭنى يوشۇرىسەن؟ — دەپتۇ، بىھى مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئى لوقمان، مەن داۋالىيالمايدىغان كېسەل يوق. مەندە ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرگىدەك قۇدرەت تۇرۇقلۇق سېنىڭ بۇنداق سوئالنى سورىشىڭ مەن ئۈچۈن ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ئەگەر سەن بىرەر كېسەل ئۈستىدە ئىلاجسىز قالغۇدەك بولساڭ دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا كەل، — دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ يېرىلغۇدەك بولغان لوقمان ھېكىم بىھىنى قاماللاپ

كىتىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ جەھەتتە خوتەن ئەل ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندە خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان رىۋايەت، ماقال - تەمسىللەردىن سىتاتا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، خوتەن ئەل ئەدەبىياتىدا تىبابەتچىلىكنىڭ تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ چىقىمىز.

## رىۋايەتلەردە تىبابەتچىلىك

تىبابەتچىلىك تەسۋىرلىرى ساقلانغان رىۋايەتلەردە ئاساسەن دىگۇدەك ھەر خىل كىسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بىز رىۋايەتتىكى مەزكۇر بايانلار بىلەن مەخسۇس تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق كىتابچە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن رېتسېپلار توپلاملىرىدىكى بايانلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، رىۋايىتلەردىكى بايانلارنىڭمۇ ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە.

### 1) يالپۇز ھەققىدىكى رىۋايەت

«بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دائىم مەيدىسى ئاغرىپ قىينىلىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ قىلمىغان ئامالى قالماپتۇ، لېكىن ئاغرىقتىن خالاس بولالماپتۇ. ئاخىرى ئۆلەر ۋاقتىدا ئوغلىغا: ‹مەن جان ئۈزگەندىن كېيىن، مېنىڭ مەيدەمنى يېرىپ كۆرۈڭلار، مېنى بىر ئۆمۈر ئازابقا سالغان كېسەلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار›، دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئوغلى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ مەيدىسىنى يېرىپ كۆرۈپتۇ. دەرۋەقە بوۋاينىڭ مەيدىسىدىن چۆچەك (قاچا) شەكلىدىكى كىچىككىنە كاللەك بىر نەرسە چىقىپتۇ. بۇنى بوۋاينىڭ ئوغلى يېنىدىن ئايرىماي ساقلاپ يۈرۈپتۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋاينىڭ ئوغلى بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا قويۇق ئۆسكەن يالپۇزنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى نېنىنى سۇغا چىلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قورسىقى تويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىسىنى قولىغا ئاپتۇ، ئەمما ھېلىقى كاللەك نەرسە كۆرۈنمەپتۇ.

ئۇقۇشۇپ كۆرسە، بۇ خىلدىكى كېسەللەرنى ئۇچراتماپتۇ. ئامالسىز كىشىلەرگىمۇ چاندۇرماي دۈكىنىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆز جايىغا قايتىپ كەپتۇ ھەم ئۇستازىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. مۇستاپا ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئىنتايىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭدىن: سەن ئۇلارنىڭ قانداق نەرسىنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى سوراپ كۆردۈڭمۇ، — دەپ سورىغانىكەن، سايىت: بۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن، — دەپتۇ. مۇستاپا بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق كايىپ، قايتا خوتەنگە بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. سايىت يەنە خوتەنگە كېلىپ تەكشۈرۈپ كۆرسە، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئادەتتە چامغۇرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئۆپكە كېسىلى بار ئادەملەرنىڭ چامغۇر ئۇرۇقىنى ياغ تارتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا قويماق ئېتىپ يەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىرقانچە تال چامغۇرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ، بۇ ئەھۋالنى ئۇستازىغا مەلۇم قىپتۇ ۋە چامغۇرنى بېرىپتۇ. مۇستاپا ئۆپكە كېسىلىگە داۋا بولىدىغان ھەممە ئۆسۈملۈك ۋە جانىۋارلارنى تەھقىقلەپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن چامغۇر دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ چامغۇرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلىگە شىپاھ بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا مەندىنمۇ قابىلىيەتلىكرەك تېۋىپلا ياشاپ ئۆتكەنىكەن، مەن تېخى ئەمچىلىكتە كامالەتكە يەتمىگەنىكەنمەن، دەپ شاگىرتلىرىغا ئالدى بىلەن جاي - جايلاردىكى تېۋىپلاردىن ئۆگىنىپ، ھۈنىرىنى پىششىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ كېسەل كۆرۈپ، داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا مەخسۇس خەت يېزىپ يوللاپتۇ ھەم ئۆزىمۇ ئەمچىلىك ساھەسىدىكى ئىزدىنىشىنى قايتىدىن باشلاپ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كىرىشىپتۇ».

يۇقىرىقى رىۋايەتتىن شۇ نەرسە ئايانكى، خوتەندە ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز چامغۇرنى پەقەت ئىستېمال قىلىدىغان كۆكتات سۈپىتىدىلا ئىشلىتىشتىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى ئالاھىدە رولىدىنمۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ساغلام بەدەن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەردىن باشقا يەنە «چىش يۇلۇش توغرىسىدا»، «لوقمان ھېكىمنىڭ يېڭى بىر رېتسېپ تۈزۈشى»، «لوقمان

تۇرۇپ:

— سەن تېخى مېنى كۆزگە ئىلمىغۇدەك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ — دەپتۇ - دە، ئۇنىڭ بۇرنىنى سىقىۋېتىپتۇ. شۇ ھامان بېھىنىڭ بۇرنىدىن كوكىراپ سۇ ئېقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بۇرنىدا لوقماننىڭ بەش بارمىقىنىڭ ئىزى قاپتۇ. بېھى شۇ ئاغرىپ ياتقانچە ئەسلىگە كېلەلمەي، تاھازىرغىچە رەڭگى سېرىق، سۈيى يوق قاتمال بولۇپ قاپتۇ».

يۇقىرىقى رىۋايەتتە بېھىنىڭ «مەن داۋالىيالمايدىغان كېسەل يوق» دېگەن سۆزى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ بىر جۈملە سۆز ماھىيەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تېبابەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا بېھىنى كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىپ، ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغانلىقىنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈشىدۇر.

## 3) چامغۇر ھەققىدىكى رىۋايەت

«قەدىمكى زاماندا ھەمىدان دېگەن شەھەردە مۇستاپا دېگەن بىر تېۋىپ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ 400 دىن ئارتۇق شاگىرت يېتىشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بىلىملىك تېۋىپ دەپ قاراپ، شاگىرتلىرىم جاي - جايلارغا بارسا ھەرقانداق تېۋىپلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەرلىك تېۋىپلار كارغا يارىمايدۇ، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىكەن. مۇستاپا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شاگىرتلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن داۋالاش كەسپىگە ئاساسەن، مەلۇم بىر خىل كېسەللىك كۆپ كۆرۈلۈشى مۇمكىن دېگەن يەرلەرگە ئەۋەتىپ ۋە شۇ يەردە كېسەل داۋالاپ، نام چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىملىقىنى جېكىلەپتۇ ۋە ئۆپكە كېسەللىكى بويىچە ماھىر تېۋىپ بولۇپ يېتىشكەن سايىت دېگەن شاگىرتىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: ‹ئەھۋالدىن قارىغاندا خوتەن دېگىز - ئوكياندىن بەكمۇ يىراق ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا چوڭ دەريا ياكى كۆللەرمۇ يوق ئىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇ يەردە دائىم توپا - چاڭ ئۆرلەپ تۇرسا كېرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىمۇ بەك كۆپ ئۇچرايدىكەن. سەن شۇ يەردە ئۆپكە كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ جېنىڭنى جان ئەت›، دەپتۇ.

سايىت دورا - سايمانلىرىنى ئېلىپ ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ خوتەنگە كېلىپ، دۇكان ئېچىپ، كېسەل كۆرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ تەرىقىدە 40 كۈن ئولتۇرسا بىرەر كېسەل كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ

ساغلاملىقىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ساغلام تەن بولغاندىلا ئاندىن باشقا غايىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

## 2) كىيىم- كېچەكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر

ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن كىيىم- كېچەكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلار ئەمەلىيەت جەريانىدا يەكۈنلەپ چىققان ھەمدە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان نۇقتىلارنى ماقال- تەمسىللەرگە سىڭدۈرۈپ، ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق تەشۋىق قىلغان. مەسىلەن: «كىيىمەل ئېغىزدىن كىرەر»، «چىۋىن دېگەن مەينەت نەرسە، قونغان نەرسىنى يۇماي يېمە»، «ئىشكىنى ئاچ، تىنجىقتىن قاچ»، «تاماكىغا شەيتان كېپىل» دېيىش ئارقىلىق كېسەللىك قوزغاتقۇچى ماددىلارنىڭ مەينەت نەرسىلەر ئارقىلىق ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقى، چىۋىننىڭ ئۇفۇنەتلىك ماددىلارنى توشۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، تازىلىققا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ھەمدە تاماكا چېكىشنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارىتا مۇنداق ماقال - تەمسىللەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ: «چېچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا قىرىلار»، «چېچەكنىڭ ئېتى يامان، قىزىلنىڭ يىلى (يامان)»، «بىر شاتراق مۇزاي پادىنى بۇلغاپتۇ». بۇ ماقال- تەمسىللەر ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇرۇنلا چېچەك، قىزىل ۋە خولېرا كېسەللىكلىرىنىڭ تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرقى زامان غەرب تېبابەتچىلىكىدە بۇ خىل كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن بوۋاقلارغا ۋە ئۆسمۈرلەرگە ۋاكسىنا ئەملەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئومۇملاشتى. يەنە بىر قىسىم ماقال - تەمسىللەردە بەزى كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن ئالدىنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مەسىلەن: «كۆزۈڭ ئاغرىسا قولۇڭنى تارت، قورسىقىڭ ئاغرىسا نەپسىڭنى (تارت)»، «قوتۇر قولدىن يۇقىدۇ، تاز دوپپىدىن (يۇقىدۇ)». بۇ ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرگە بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ يارقىن

ھېكىمنىڭ كۈيئوغلى ھەققىدىكى رىۋايەت»، «لەغمەن يېگەندە ئۇنىڭ سۇيىنى ئىچىش لازىملىقى ھەققىدىكى رىۋايەت»، «بادام ھەققىدە رىۋايەت»... قاتارلىقلاردىمۇ تېبابەتچىلىك تەسۋىرلىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلاردا كۆپ قېتىم سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق توغرىلىقى ئىسپاتلانغان رېتسېپلار ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. قىسقىسى، چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «بىز ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئارقىلىق هازىرقى زاماننىڭ كۆزى بىلەن ئۆتكەنكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى كۆرەلەيمىز. شۇڭا بىز ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئۇ بىزنىڭ كەم يېرىمىزنى تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭدا بىز خۇددى بىر كىشى جىمجىت تىنچلىقتا قېيىق بىلەن كۆلدە ئۈزۈپ يۈرۈپ سۇنىڭ تەكتىدىكى گۈزەل ئىمارەتلەرنى كۆرگەندەك، ئۆتكەن كۈنلەرنى ھەم ئۆتكەن تارىخنى كۆرەلەيمىز».

## ماقال - تەمسىللەردە تېبابەتچىلىك[1]

ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى ۋە پەندى - نەسىھەتلىرىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان ماقال - تەمسىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئۇنى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل ماقال - تەمسىللەر بىر قەدەر كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ۋە چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، شۇنداقلا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتلەردە كىشىلەرنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينىماقتا.

### 1) سالامەتلىك توغرىسىدىكى ماقال - تەمسىللەر

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بۇرۇنلا سالامەتلىك ھەققىدە «تەننىڭ ساقلىقى — جاننىڭ راھىتى»، «تەن ساقلىق — پادىشاھلىق»، «تەن ساقلىق — زور بايلىق»، «ئاغرىق پادىشاھتىن ساق گاداي ياخشى» دېگەن يەكۈنلەرنى چىقارغان. ئەجدادلىرىمىز بۇ ئارقىلىق تەن

[1] بۇ مەزمۇن پولات زىياداننىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى.

ۈرگەندە ئېغىر كېسەللىك ئاقىۋەتلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدىمۇ مۇنداق ئەھۋاللار از ئەمەس. بولۇپمۇ جىنسىي كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن ياشلاردا بۇ ىل ئەھۋال ئېغىر بولۇپ، يوشۇرغانچە كېسەللىك ئېغىرلىشىپ، ەڭگۈلۈك پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ىتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ۋە توغرا بولغان ئالدىنى ئېلىش ەدبىرلىرىنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ۆۋەندىكىدەك ماقال - تەمسىللەرمۇ بار: «تازدىن دىۋەڭ چىقماس، يوقاقتىن هۇشيار (چىقماس)» . پوقاق كېسەللىكى يود كەملىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. يەنى يود ماددىسى كەمچىل بولسا قاقلقانسىمان بەزدە چوڭىيىش بولىدۇ ھەمدە ئەقلىي ئىقتىدارغا نىسبەتەن توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا ھازىر تۇپراق تەركىبىدە يود ماددىسى كەمچىل بولغان رايونلاردا بوۋاقلارغا ۋە ئۆسمۈرلەرگە يود ئەملەش، يود تابلىتى يېگۈزۈش، يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلدۇرۇش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش چارىلىرى تەشۋىق قىلىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەكتە.

«ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس، ئېرەنلىكتە ئات» ، «سامساق يېسەڭ تىنىڭ ساق» . بۇمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە بولغان تونۇشىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەرمەن تەبىيتى جەھەتتىن ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ ئىشتىھا ئىشىق ياندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش، سۈيدۈك ۋە ھېيزنى راۋانلاشتۇرۇش، بەدەندىكى سوغۇق يەللەرنى تازىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنى ھەر خىل ياسالما شەكىلدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدىكى «ئەمەننىڭ سۈيى بىلەن بەدەننى يۇيۇپ بەرسە، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، بۇ ئارقىلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ساغلاملىقنا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن يەكۈننىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار. يەنە «چىشنىڭ دورىسى ئامبۇر، ئۆپكىنىڭ دورىسى چامغۇر» دېگەن ماقال - تەمسىلدىمۇ چامغۇرنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىنى ئەسكەرتكەن. چامغۇر ھۆل ئىسسىق تەبىئەتلىك كۆكتات بولۇپ، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇش، يۆتەلنى توختىتىش، كۆكرەكنى، تەبىئەتنى، بەلغەمنى بوشىتىش، ئىشتىھانى ئېچىپ سۈيدۈكنى ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدىمۇ گۆش شورپىسىغا چامغۇر سېلىپ، نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغان

ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھازىرقى زامان تېبابەتچىلىكىدە كۆز ئاغرىسا قول بىلەن ئۇۋۇلىماسلىق، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىمۇ كىيىم - كېچەكلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ كېيمەسلىك تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

### 3) ئوزۇقلۇققا ئائىت ماقال تەمسىللەر

كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە ئەجدادلىرىمىز ئوزۇقلۇقلارنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەھمىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى ھەمدە داۋالاشتا مۇھىم داۋالاش تۈرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىگە سىڭدۈرگەن. مەسىلەن: «ئاش بار يەردە ئاغرىق يوق»، «قورساقنىڭ ئاچقىنى، ئەقلىنىڭ قاچقىنى»، «ھەسەلنى جىق يېسەڭ، ئەمەن تېتىيدۇ»، «قاغا جىگدىنى يېمەڭ، مەيدەم ئاغرىدى دېمەڭ» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەردە ئوزۇقلۇقنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئوزۇقلۇق ياخشى بولسا بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، تاماقنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنە مەسىلەن: «چاينىماي يېگەن، كۆشمەي ئۆلەر»، «ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق»، «سېمىزلىك ئىككى پۇتقا يۈك»، «ئاز يېگەن كۆپ يەر». بۇ ئارقىلىق تاماقلىنىش تەرتىپىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ھەمدە زىيادە تويۇنۇپ تاماقلىنىشنىڭ ئوخشاش بولمىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ھازىرقى زامان تېبابەتچىلىكىدىمۇ، تاماقنى ئوبدان چايناپ ئىستېمال قىلغاندا ئوزۇقلۇق ماددىلار شۆلگەي سۈيۈقلۇقلىرى تەسىرىدە ئېرىيدىغانلىقى، يۇتقۇنچاق، قىزىلئۆڭكەچ قاتارلىق ئەزالار زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

### 4) كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئائىت ماقال - تەمسىللەر

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئائىت ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە». بۇ ماقال - تەمسىل بىۋاستە ئېيتىلغان بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز مۇنداق دېيىش ئارقىلىق كېسەلنى ئۆز ۋاقتىدا داۋالىمىغاندا ھەمدە كېسەلگە ئېتىبارسىز قاراپ ياكى يوشۇرۇپ

# 3. خوتەندە دەسلەپكى ئىلمىي تېبابەتچىلىك

خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئەڭ دەسلەپكى بىخ
مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ، ئەل ئەدەبىياتى ئارىسىغا سىڭ
بولغان ئارىلىقتا، مېھنەتكەش خوتەن خەلقىنىڭ ئىزدىنىش
توپلىشى بەدىلىگە نەزەرىيە جەھەتتە ئىلمىيلىشىشقا قاراپ
ئىنسان بەدىنى بىلەن پىششىق تونۇشقان، داۋالاش ئەمەل
بىرقىسىم كىشىلەر ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئە
ئەسەرلىرىدىكى تېببىي ساۋاتلارغا، ئاغزاكى رېتسېپلارغا
كېسەل كۆرۈپ تەجرىبە - سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ
رولى ھەققىدىكى دەسلەپكى مەلۇماتنى يەنىمۇ چوڭقۇ
ئۇچۇن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ مىللىي تېبابەت دورىل
مەنبىئىنىڭ دەسلەپكى ئىزناسىنى رويايقا چىقارغان. ئالاي
2000 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ،
تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى، شۇ
تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاتىسى غازىباي ئەجدادلاردىن قالغا
ئۆرنەكلەرنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئىش قو
ئاساستا يېڭى تەتقىقات - سىناق پائالىيىتىنى قانا
ئارقىلىق ئۇزۇن يىللىق قان - تەر بەدىلىگە قەدىمكى
تەۋەسىدىكى ئۇرغۇنلىغان دورىلار ھەققىدە چۈشەنچە بې
ماددىلىق «غازىباينىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» نا
بىر كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ ھەقتە ھىندىستاندا م
يىللىرى يېزىلغان «ھەدىقەتۇل ئەقالىم» (ھەرقايس
تەزكىرىسى) ناملىق كىتابتا مۇنداق خاتىرلەنگەن:
«تېرىم (تارىم) يايلىقىدىكى غازىباي قەدىمكى
دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى يەكۇنلەپ 312 ماد
قامۇسى يازغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنانلىق ئالىم
شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار مىڭ بە
ئالتە ئاي تاغ - دەريالارنى كېزىپ غازىباينى تاپقان
يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يەرلەرگە تۆكۈلۈ

بىمارلارغا ئىستېمال قىلدۇرغۇزۇپ، داۋالاش ئۇسۇلىمىز داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

**5) مىزاج نەزەرىيىسىگە ئائىت ماقال - تەمسىللەر**

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدىكى مىزاج تەلىماتىغا قارىتا «سوغۇقلۇقتا مەككىدىن دورا ئېلىپ ئۇلگۇرەر، ئىسسىقلىقتا تەكچىدىن دورا ئېلىپ ئۇلگۇرمەس» دېگەن ماقال - تەمسىل بار. بۇ ماقال - تەمسىلدە ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان مىزاج ئۆزگىرىشى توغرىسى قىلىنغان. تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدە كۆپىنچە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئاستا خاراكتېرلىك بولۇپ، پەيدا قىلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئەمەسلىكى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېغىر كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقىرالمايدىغانلىقى، بىراق ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا يۇقىرى قىزىتما ياكى ئۇفۇنەت ھاسىل قىلىپ، ئېغىر ھالدىكى قان زەھەرلىنىش ھەم سۇ يوقىتىش خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالقۇۋەتلىرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ خىل كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن تەسىرى كۈچلۈك، تېز ئۇنۇملۇك دورىلارنى ۋاقتىدا ئىشلەتمىگەندە ھاياتقا خەۋپ يېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنە «كۆزنىڭ ئىسسىقلىقىدىن يۈز توڭماس، چىشنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئېغىز كۆيمەس» دېگەن بۇ ماقال - تەمسىل ئەزالار مىزاجىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەزالار مىزاجى تەلىماتىدا كۆز ھۆل ئىسسىق، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى نىسبەتەن يۇقىرى، قان تومۇرلار بىلەن تورلىشىشى زىچ بولغاچقا، كۆزنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىشنىڭ زۆرۈر ئەمەسلىكىنى، چىش تەبىيىتى جەھەتتىن قۇرۇق سوغۇق بولغاچقا، ئىسسىقلىقنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىنى تۆۋەنلىتەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، بۇ ماقال - تەمسىللەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار ناھايىتى ئىخچام بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدىكى مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىگە ۋە ئەزالار مىزاجىنى تونۇشقا ئومۇمىي جەھەتتىن ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مانا بۇلار ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

ـسىردىن كېيىن خوتەن دېگەن نامغا ئۆزگەرگەن» .
رىۋايەتلىك تۈس ئالغان يۇقىرىقى بايانلار ئىچىدە غازىبايىنىڭ
ـي ناملىق ئوغلى بىلەن ئەپلاتوننىڭ قىزى ئەنفىيەلۇسنىڭ توي
ـلغانلىقى ۋە خوتەندىكى پائالىيىتى توغرىسىدا باشقا مەنبەلەر يوق.
ـمما غازىباي ئەسەرنى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىدىن 350 يىل بۇرۇن
ـرغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك،
ـپلاتون مىلادىدىن بۇرۇنقى 427 - يىلى تۇغۇلۇپ 347 - يىلى ۋاپات
ـولغان دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى يۇنانلىق ئالىم.

شۈبھىسىزكى، ئەينى ۋاقىتتا ئەپلاتون ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى
ـازىبايىنىڭ دورىلار قامۇسىدىن ناھايىتى زور مەنپەئەت ئالغان.
ـەزكۇر «قامۇس» نىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقى بىزگە ھازىرچە
ـامەلۇم. لېكىن خوتەن رايونىدا ئەڭ دەسلەپتە كارۇشتى يېزىقى (بۇ
ـېزىق مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىردىن مىلاردى 3 - ئەسىرگىچە
700 يىلدىن كۆپرەك ئىشلىتىلگەن) ئىشلىتىلگەن ۋە كەڭ
ئومۇملاشقان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك
بۇيۇملارنىڭ قەدىمكى يېزىقلارغا تەۋەلىرى ئىچىدە، كارۇشتى
يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر سان جەھەتتىن ئالدىنقى ئورۇندا بولۇپ، نىيە
خارابىسى قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن كۆپلىگەن
كارۇشتى ۋەسىقىلىرى تېپىلغان. تەتقىق قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان
كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بەزى
كارۇشتى پۈتۈكلىرىدە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ غىزايى داۋالىق
خۇسۇسىيىتى ۋە شاھلىق مېۋە - چېۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ نامى ۋە
ئۇلارنى پەرۋىش قىلىش، سۇغىرىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بەزى
خەت - ئالاقە، مەلۇمات ۋەسىقىلىرىدە تېۋىپ چاقىرتىش ئەھۋالى
بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 -
ئەسىردىن ئىلگىرىلا بىر قەدەر سىستېمىلاشقان ئىلمىي تېبابەتنى
ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى، شۇ ئاساستا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە
ئىگە بولغان تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ھېسابلىنىدىغان «غازىبايىنىڭ
ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى»غا ئوخشاش تۇنجى تېبابەتچىلىك
كىتابلىرىنى يازغانلىقىنى، كارۇشتى يېزىقى خوتەن تېبابەتچىلىكىنىڭ
تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى، خوتەن تېبابىتى

بىنەپشە، ئارپا بەدىيان، سانا، يۇمغاقسۇت، ئۇغرىتىكەن، ئاقلەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز... قاتارلىق نەچچە يۈز خىل ئوت- چۆپ دورىلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن. غازىبابايىنىڭ 312 ماددىلىق دورىلار كىتابىنى كۆرۈپ ئاپىرىنلار ئوقۇغان ھەمدە ئەپلاتوننىڭ ھەر خىل ئىلملەر تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتون بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسىلا، غازىبابايې ۋە تارىم خەلقىگە ھەر جەھەتتىن زور ياردەملەر بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. غازىبابايې كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەر ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، قىممەتلىك ئەسىرىنى قىرىق ياشلىق ئوغلى بارىينىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇپ كەلگەنلەر بىلەن بىللە ئەپلاتوننىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئەپلاتون بارىينى ئالىي ئېھتىرام بىلەن قىزغىن قارشى ئالغان. غازىبابايىنىڭ ئەسىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن كېچە - كۈندۈز ئوقۇپ چىقىپ، غازىبابايىنىڭ تېبىبىي ئىلمىدىكى ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بەرگەن ھەمدە بۇنىڭغا جاۋابەن ئامراق قىزى ئەنفىيەلۇسنى بارىيغا نىكاھلاپ بەرگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بارىي بىلەن ئەنفىيەلۇس تارىمغا قايتماقچى بولغاندا ئەپلاتون غازىبابايىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە جاۋابەن ھازىرقى خوتەن رايونىغا قاراشلىق شەھەرلەرنى تېخىمۇ ھەيۋەت گۈزەل قىلىپ قۇرۇشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھۈنەرۋەنلەرنى قوشۇپ ئەۋەتكەن. بۇ ھۈنەرۋەنلەر بارىينىڭ باشلامچىلىقىدا ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن دىيارى خەلقى بىلەن بىللە ھازىرقى كېرىيە، خوتەن، قاراقاش، گۇما شەھەرلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. بىنالار سالغان، يەرلىك خەلق خاتىرە ئۈچۈن كېرىيىنى سىھراب، خوتەننى زىھراب، قاراقاشنى خاراب، گۇمىنى داۋاب دەپ يۇنانچە ناملار بىلەنمۇ ئاتىغان. خوتەن (زىھراب) خوتەن دىيارىدىكى مەركىزىي شەھەر بولغان. خوتەن خەلقى ۋە ھۈنەرۋەنلەر بارىي ۋە ئەنفىيەلۇس خانىم ئۈچۈن يۈز خانىلىق توققۇز قەۋەتلىك مۇنار ئوردا سالغان. بۇ بىنا بىرمىڭ ئىككى يۈز يىلدەك خاراب بولماي سالامەت تۇرغان. «ئوردا ئالدى بازار» دەپ چوڭ رەستە ياساپ ئاۋاتلاشتۇرۇلغان، خوتەن دىيارى ئاۋاتلىشىپ ئون يىلدىن كېيىن بارىي خان بولغان. خوتەن دىيارىدىكى بۇ شەھەرلەرنىڭ نامى نەچچە يۈز يىللار يۇنانچە ئاتىلىپ كېيىن ئۇدۇن قاتارلىق نەچچە خىل نامغا ئەرەب، پارس مەدەنىيىتى

دېرەك بېرىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 770 — 221 - يىللىرىدا يېزىلغان ئەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى تېببىي كىلاسسىك ئەسىرى «پادىشاھ نامىغا يېزىلغان ئىچكى كېسەللىكلەر دەستۇرى» نىڭ «باشقىلارنىڭ پايدىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە مەنپەئەتلىك رېتسېپلىرى ھەققىدە» دېگەن بابىدا غەربىي رايوننىڭ تەبىئىي مۇھىتى، كېسەللىك ۋە دورىلىرى ھەققىدە بايان قىلىنىپ، «غەربىي رايون ئالتۇن، قاشتېشى ماكانى. ئۇ يەرلەر قۇم - تاشلىق بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، شامال كۆپ، زېمىنى قاتتىق، خەلقلىرى باغلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يۇڭ ۋە رەختلەردىن كىيىم كىيىدۇ. مايلىق، قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يەيدۇ، شۇڭا تاشقى ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ تېنىگە زەھەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كېسەللىرى ئىچكى جەھەتتىن پەيدا بولىدۇ. داۋالاشتا زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىدۇ. شۇڭا زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك دورىلارنى غەربىي رايوندىن كېلىدۇ» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىدىكى پارچىدا يېزىلغان غەربىي زېمىننىڭ بايلىقى ئالتۇن، قاشتېشى، تۇپرىقى، قۇم - تاشلىق، ھاۋا كېلىماتى، شامال كۆپ، ئۆرپ - ئادىتى يۇڭ رەختلەردىن كىيىم كىيىش، مايلىق قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى يېيىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى قەدىمكى خوتەننىڭ تەبىئىي مۇھىتى، خوتەندە ياشىغان ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ. دېمەك، خوتەندە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز «زەھەرمۇ بار ئېسىل مەلھەمدە» دېگەندەك «زەھەر بىلەن زەھەرنى قايتۇرۇش» ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، زەھەرلىك ۋە كۈچلۈك دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كېسەل داۋالىغان. بۇ خىل دورىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگىمۇ كۆپلەپ توشۇلغان. «كېيىنكى خەننامە - غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» نىڭ يولئېرىق بەگلىكى (ھازىرقى گۇما ناھىيە تەۋەسىدە) قىسمىدا: «يېرىدىن بىر خىل زەھەرلىك ئاق ئوت چىقىدۇ. يەرلىك خەلق، ئۇنى قاينىتىپ مەلھەم قىلىپ، يا ئۇچچىغا سۇركەپ ئاتىدۇ. بۇ ئوق تەككەن ئادەم دەرھال ئۆلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كېيىنكى خەننامە - غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مىلادى 151-يىلى «ئۇدۇن بېگى خون ئەمچىسىگە بويرۇق قىلىپ، جاۋپىڭنىڭ جاراھىتىگە زەھەرلىك دورا سالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلگەن.» دەپ خاتىرىلەنگەن①.

---

① جۇمە نىياز تۇرسۇن: «IX ئەسىردىن ئىلگىرىكى خوتەننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش». «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2002-يىل 2-سان

كىتابلىرىنى كارۋشتى يېزىقى ئارقىلىق ئەڭگۈشتەر قاتارىدا ھەر تەرەپكە تارقاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىغا، شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

روشەنكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە خوتەن تېبابەتچىلىكى، ئىلمىي تېبابەتچىلىكنىڭ دەسلەپكى بەلگىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ يۇنان ۋادىسىغىچە نامى پۇر كەتكەن تېببىي قامۇس «غازىبايىنىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» خوتەن تۇپرىقىدا ئۆسىدىغان ئوت - چۆپلەرنى خام ئەشيا قىلىدىغان شىپالىق رېتسېپلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەچكە، غازىباي كەبى تېۋىپلىرىمىزنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچىلىكىنى پۈتكۈل خوتەن دائىرىسىگە كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە كىشىلەردە دېگۈدەك ئۆز ئەتراپىدىكى دورا - دەرمەكلەر ئارقىلىق كېسەل داۋالاش ئۆزگىچىلىكى شەكىللەنگەن. تېبابەتچىلىكتە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن كىشىلەردىن سىرت، ئاۋامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا تىببىي دورا ئەشيالىرىدىن ئىلمىي ۋە كۆپ خىل ئۇسۇلدا پايدىلىنىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلىگەن. بىز خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان تارىخىي ئىزلارنىڭ يالدامىلىرىدىن بولغان لوپ، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيە قەدىمكى شەھىرى خارابىسى … قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن ئىلگىرى - ئاخىرى تېپىلغان ماددىي بۇيۇملار قاتارى تېرىق، سۆك، تەسۋىي قوناق ئۇرۇقى، چۈچۈك بۇيا شېخى يىلتىزى، چۈچۈك بۇيا ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى، قاپاق پارچىسى، جىگدە ئۇرۇقى، شاپتۇل ئۆكچىسى، ئۆرۈك ئۆكچىسى، ئەرمىدۇن دەرىخى ئۇرۇقى، شىپاھلىق، قۇۋۋەتلىك مېۋە. چىۋىلەر، ئىپار خالتىسى، دورا - دەرمەك يۆگەلگەن قەغەز بولاق، دورا خالتىسى قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. بۇ بۇيۇملار ھەممىسى بۇيۇملار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئەينى دەۋردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى دورا ئۇسۇملۇكلىرىنى كىچىك خالتىغا سېلىپ ياكى تېشىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىپ، ئۇنىڭ پۇرىقى ئارقىلىق كېسەللىك باكتېرىيىلىرىگە قارشى تۇرغان بولسا، بەزىلىرىنى سوقۇپ مەلھەم ۋە سوفوف تەييارلاپ دائىم ئۇچرايدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئۆز يېنىدا ساقلىغانلىقىدىن

ئەۋزەللىكى ۋە ئىلىمگە ھېرىسمەنلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇشى بىلەن «ساچىيە مەدرىسى» دە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

بۇ دەۋردە ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىدەك ئوغلانلار يېتىشىپ چىقىپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى مەخسۇس ئۆگەندى ۋە نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. جامالىددىن ئاقسارايي ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىبابەت ئەمەلىيىتىنىڭ خۇلاسىسى بولغان «ئاقسارايي» ناملىق تىببىي دەستۇرىنى يېزىپ، خوتەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ نامايەن قىلدى. تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ دەۋرلەردە تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن كىشىلىرىمىز بۇ ئالاھىدە گۆھەردەك ھۈنەرنى بالا، نەۋرە-چەۋرىلىرىگىچە ئۆگىتىپ، تارىخىي ئۆلىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى خوتەندە تىبابەتچىلىك قىلىۋاتقان تېۋىپلىرىمىزنىڭ % 70 دىن كۆپرەكى ئەينى دەۋر يەنى 10-، 13- ئەسىرلەردە تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن مەشھۇر تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن بىر قىسمى، شۇ دەۋردە (10-، 13- ئەسىرلەردە) ياشىغان ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالغان رېتسېپلارغا تايىنىپ كېسەل داۋالاش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان قىسمەن تارىخىي كىتابلاردا بۇندىن ئازكەم مىڭ يىللار بۇرۇن ئۆتكەن تېۋىپلارنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى مەدھىلەيدىغان بايانلارنىڭ بولۇشى، ئەينى دەۋردە خوتەندە تىبابەتچىلىكنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقى ھالاكەتكە يۈزلىنىپ موڭغۇللار ئىستىلاسى ئەۋج ئالغاندىن كېيىن، خوتەننىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىرقەدەر سۇسلاشتى. مىلادى 1212 - يىلى نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك خوتەنگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئەينى دەۋردىكى ئاتاقلىق تىببىي ئالىم، ئۇستاز ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنى 3000 مەرىپەتسۆيەر دوستلىرى ۋە شاگىرتلىرى بىلەن قەتلى قىلغاندىن كېيىن، خوتەن تىبابەتچىلىكى ئىككى ئەسىر ئەتراپىدا تۇرغۇنلۇقنى بېشىدىن كەچۈردى. 15 - ئەسىرگە كەلگەندە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى - مەدەنىيەتنىڭ جانلىنىشى نەتىجىسىدە خوتەندە تىبابەتچىلىك قايتىدىن جۇلالاندى. 1539 - يىللاردا يەكەن سەئىدىيە خانلىق تەرىپىدىن خوتەندە ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى ئوردا

# 4. خوتەندە ئىلمىي تېبابەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى

تارىخ چاقى توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشنىڭ قويۇقلىشىشىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىندى. يىپەك يولىدا يارقىن مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان ئەجدادلىرىمىز سودا كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرمىلىرى ئاستىدا ئۆز تېبابىتىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلدى. ئىلگىرى ئۆتكەن ئەجدادلاردىن قالغان تېببىي مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ھەر قايسى ئەللەرگىچە كېڭەيتتى ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىپ، تولۇقلاپ مەدەنىيەت خەزىنىمىزنى بېيىتىپ، كېسەل داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يىپەك يولى سودىسىدا تۈرلۈك ماللار توشۇلۇش ۋە يۆتكەپ كېلىنىش بىلەن بىرلىكتە تۇپرىقىمىزدىن چىقىدىغان تۈرلۈك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ سودىگەرلەر ۋاستىسى بىلەن سىرتقى ئەللەرگە توشۇپ سېتىلىشى ئاساس قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بىر ئۆمۈر تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا ئەل زېمىنىگە بېرىپ، شۇ ئەل خەلقىگە تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىتىش، تېبابەتچىلىككە دائىر كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش قاتارلىقلارمۇ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. مىلادى 7-، 8 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە خوتەندىن يېتىشىپ چىققان گەنجۇ قاغىن، جان باشلاق كەبى تېببىي ئالىم - ئەللامىلىرىمىز بىر تەرەپتىن تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، باشقا يۇرتخەلقىگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى ئۆگىتىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنمۇ خوتەننىڭ مىللىي تېبابەتچىلىكىدە يەنە يېڭى بىر يۈكسىلىش بولدى. قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى موھىم ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ بىرى بولغان قەشقەر «ساچىيە مەدرىسى» دە تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئوقۇتۇش چىڭ تۇتۇلدى. خوتەننىڭ قەشقەرگە يېقىن بولۇش

1885 - يىلى ۋابا كېسىلى تاغلىق رايوندىن تارقىلىپ 1891 - يىلىغىچە داۋام قىلغان (بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا ۋابا كېسىلى 1891- يىلى يەنە تارقىلىپ 1896 - يىلىغىچە داۋام قىلغان) بولۇپ، 1901 - يىلى بۇ خىل كېسەللىك يەنە باشلىنىپ 1907 - يىلىغىچە داۋام قىلغان بولۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا ئاپەت سالمىقى ناھايىتى ئېغىر بولغان. قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە خوتەن ئاھالىسىدىن نەچچە ئون مىڭ كېسەل سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەن. يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بىلىپ، پۇقرالار بىلەن ئەسلا كارى بولمىغان. شۇ يىللاردا خەلقئارا قىزىل كرېست ۋە قىزىل ئاي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمە ئۆمەك ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار دەھشەتلىك قىرغۇچى كېسەل ئاپىتى ئالدىدا خوتەن ۋادىسىغا قەدەم قويالماي، قەشقەردىن چېكىنگەن. خوتەن ئاھالىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە كېسەل ئاپىتىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشىنى چەكلەشتىن ئىبارەت مۇشكۇل خىزمەت پەقەت ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن خوتەنلىك تېۋىپلار تاۋۇز سۈيىدىن بىر خىل سۈيۇق دورا ياساپ ۋابا ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالغان. نەتىجىدە يەرلىك خەلقنىڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە بولغان تونۇشى قايتىدىن ئۆسۈپ ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىنى تىبابەت ئىلمىدىن خەۋەردار قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خوتەندە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن. ھەرقايسى ناھىيىلەردە چوڭ - كىچىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىلىرى قۇرۇلغان. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتمۇ بۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس تىبابەت بىلەن شۇغۇللانغانلارغا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىپ، تىبابەتچىلىكنى قانۇنىي ئىزغا سالغان. ئەمما بۇمۇ ئۇزاق داۋاملاشمىغان. 1966 - يىلى باشلانغان 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا نۇرغۇنلىغان تېۋىپلىرىمىز قاماققا ئېلىندى، «تىبابەتچىلىك خۇراپىيلىق» ، «ئۆت-چۆپمۇ كېسەلگە داۋا بولامدۇ؟» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن مىللىي تىبابەت چەتكە قېقىلىپ، تېۋىپلار خارلاندى. ئۇنىڭدىن ئامان قالغانلىرى تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى توختاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئازاب-ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىپ كەلگەن تېۋىپلىرىمىز ئاتا كەسپىگە يەنىلا ۋارىسلىق قىلىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر

بەگلىكىدە تۇرغاندا خوتەننىڭ ئىلمىي تىبابەتچىلىكىنى كېڭەيتىش، تىببىي ئالىم - ھۆكۈمالارنى يېتىشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالاھىدە مەكتەپ ئېچىپ، شۇ زاماندىكى يەتتە شەھەردە داڭقى چىققان لوقمان سانى دەپ ئاتالغان موللا ئەلەم شاھ ئاخۇنۇمنى تىبابەت ئىلمىنى ئۆگىتىشكە بەلگىلىگەن ئىدى. شۇنىڭ تۈرتكىسىدە خوتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىدىغانلار كۆپەيدى ۋە تىبابەتچىلىك يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى خاتىمىلەنگەندىن كېيىن ئىلگىرىكىدەك مەخسۇس تەربىيىلەش ئاشكارىلىقتىن يوشۇرۇنلۇققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، سىھرىي كۈچىنى يەنىلا نامايان قىلدى. مەسىلەن: «تارىخىي ھۆكۈما» دا بايان قىلىنىشىچە، 1862 - يىلى شىمالىي ھىندىستاندىن ھېكىم غۇلام ئېلىخان (بەلكىم جىلانىخان بولۇشى مۇمكىن) دېگەن تېۋىپ كېلىپ، سوپى ئاخۇن، ئوسمان بەگ قاتارلىق تېۋىپلارنىڭ ياردىمىدە قەشقەر- خوتەن ئەتراپىدىن كۆپلىگەن يەرلىك دورىلارنى توپلاپ ئېلىپ كەتكەن ۋە بىر قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرىنى كۆرۈپ، كېتىپ ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇ ئاساستا كېيىنكى تىببىي ئەسەر يېزىش پىلانىغا ئاساس سالغان.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشاشلا تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى چەت ئەل جاھانگىرلىكى ۋە ئەجنەبىيلەرگە قۇلچىلىق قىلغان دەللال بۇرژۇئازىيىنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىدى. ھەر خىل دىن تارقىتىش (مىسسىئونىرلىق) ۋە «شىۋېت دورىخانىسى» تونىغا ئورۇنلاشقان جاسۇسلار، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرى ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مىللىي تىبابەتچىلىكنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ياۋروپا مېدىتسىناسىغا قارشى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى «خۇراپى»، «ساختا» دېگەندەك بەدناملار بىلەن ئاتاشتى. مىللىي تىبابەتچىلىك كىتابلىرى كۆيدۈرۈلۈپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ھېكىم - ھۆكۈمالار تەقىب قىلىندى. بۇ خىل ھالەت خوتەن تىبابەتچىلىكىگىمۇ مۇئەييەن سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. تۈرلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خوتەن ئاھالىسىنىڭ كېسەللىككە قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى سەل كەملەپ كەتكەچكە، خوتەندە ئۇنتۇلغۇسىز ھالدىكى ئېچىنارلىق ۋابا كېسىلى ئاپىتى بىر قانچە قېتىم يۈز بەردى.

تېخىمۇ مۇكەممەللەشسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم ئۆگىنىش ۋە كېڭەيتىشنى پەرز ھېسابلايدىغان كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن كېيىنكىلەرگە مىراس قالدۇرۇشى ئارقىلىق، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە يېتىپ كەلدى. بولۇپمۇ قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇلغان «ساچىيە مەدرىسى» دېگەن ئىلىم - پەن مۇھىتى خوتەنگە ناھايىتى تېزلا تەسىر كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تۇرلۇك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلغان كۆپلىگەن ئەقىل ئىگىلىرىمىز «ساچىيە مەدرىسى»گە بېرىپ باشقا ئىلىملەر قاتارى تېبابەتچىلىكنى نەزەرىيە جەھەتتىن خېلىلا مۇكەممەل ئۆگىنىپ كەلدى. ئۇلار خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئىزباسار يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئەينى دەۋرنىڭ مەشھۇر ئەللامىسى ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى «ساچىيە مەدرىسى»دە ئۆگەنلىرى بويىچە خوتەن دىيارىدا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى قوبۇل قىلىپ، تېبابەتچىلىكنى ئۆگەتتى. ھەتتا سىرتقى ئەللەردىن ئالايتەن ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. گەرچە نايمان خانى كۈچلۈك تەرىپىدىن ئەلائىددىن قاتارلىق 3000 نەپەر ئالىم - ئۆلىما، تالىپ - تالىبەلىرىمىز قان دېڭىزغا غەرق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىمگە چاڭقاق دىللار بۈنىڭلىق بىلەن تۈگەپ كەتمىدى. بۇ جەرياندا مەدرىس مائارىپى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. مەدرىسلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىتىش ۋە شۇ ئاساستا ئەرەب، پارس تىللىرىدا پۈتۈلگەن كلاسسىك ئەرەبى ھەم تىببىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇ خىل خاسلىق تېبابەت ئىلمىنىڭ يېڭىدىن جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەچكە، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەلۇم ئۆرپ - ئادەت خاراكتېرىنى ئالدى. تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئاتا - بوۋىلىرىمىز خۇددى ئۆز ئانا تىلىنى پەرزەنتلىرىگە قېتىرقىنىپ ئۆگەتكەندەك تېبابەتچىلىكنىمۇ بىرگە ئۆگىتىپ ماڭدى. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سېستىمىلىق ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ ئۆگىتىش ئېلىپ بارالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز بۈگۈنكى كۈندە ئاتاۋاتقان «ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى» دەك يەككە ئۆگىتىش ئېلىپ بېرىپ مۇئەييەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

تېبابەتچىلىكنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈردى. بۇ ۋاقىتلاردا خوتەن ئىلمىي تېبابەتچىلىكىدىكى نامايەندىلىرىنىڭ رولى چوڭ بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان رېتسېپلار ۋە كېسەللىك ئەمەلىيىتىگە دائىر قولليازمىلارنى رەتلەش ۋە ئۆزى ئىش قوشۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تېبابەتچىلىك قوللانمىلىرى تۈنجى بولۇپ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا يەنى 1970 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى ئەرەب، پارس تىللىرىغا پىششىق ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر تېبابەتچىلىككە دائىر باشقا تىلدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئۆزى بېسىپ تارقىتىش ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇردى. مەسىلەن: 1972 - يىلى چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزا گۇل تېرىغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن «دەستۇر ئىلاج» ناملىق زور ھەجىملىك تېببىي ئەسەر ئابدۇللا سۇلايمان ۋە مەتسىدى رەئىس ئاخۇنۇمنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن شىپىگراپتا بېسىپ تارقىتىلدى. بۇ خىزمەت سابىق سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە ئالقىشلاندى. شۇنداقلا بۇ يېزىدا يەنە «قارابادىن قادىرى» ، «مۇرەككەپ دورىلار رېتسېپى» قاتارلىق كىتابلارمۇ تەرجىمە قىلىنىپ شىپىگراپ ئارقىلىق بېسىلىپ تارقىتىلىپ، كەڭ بىمارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇلار ماھىيەتتە خوتەندە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ يىلتىز تارتىش ۋە تەرەققىياتىغا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولدى. ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مەخسۇس خادىملار سەپلىنىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈندى.

## 5. خوتەندە تېبابەت مائارىپى

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئىلىمنىڭ تەرەققىياتى مۇئەييەن تەلىم- تەربىيە نۇقتىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن، مەيلى قانداق ئىلىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر مۇقەررەر ھالدا ئۇنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىت - شارائىت كېرەك بولىدۇ. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكى ئۆز تەرەققىياتىدا بىر تەرەپتىن مەرىپەتسۆيەر خەلقىنىڭ تەرى نەتىجىسىدە،

ھەرقانداق ئۆلىما شاگىرت تەربىيىلەش جەريانىدا ئۆز ئالدىغا «دەرسلىك» تۈزۈپ چىقتى. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە نىسبەتەن گەنە شۇنداق زور قىزىقىشلار نەتىجىسىدە 1980 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ۋادىسىدىكى باشقا شەھەر - ۋىلايەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، خوتەندە تېبابەتچىلىك زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

مەلۇمكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ داۋالاش بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. بۇلارنىڭ ئىچىدە مائارىپ يەنى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى داۋالاش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقا. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ چىقىلمايدىكەن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قېزىپ يۇكسەلدۈرگىلى بولمايلا قالماي، بەلكى ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە ھەتتا دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيىلىك مائارىپ خىزمىتىگە ناھايىتى زور ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتى — شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى قۇرۇشنى، مەكتەپ ئورنىنى بولسا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولغان خوتەندە قىلىپ بېكىتىشنى قارار قىلدى ۋە 1984-يىلى 11 - ئايدا خوتەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر تېبابەت خادىملىرىنى مەخسۇس تەربىيىلەيدىغان دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى خوتەندە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىدىن ھەقىقىي تۇردە دېرەك بەردى.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت ئامبۇلاتورىيىسىنى ئاساسي مەركەز قىلىنغان ھەر قايسى ناھىيىلىك ئامبۇلاتورىيىلەر سىناق نۇقتىنى كېڭەيتىپ، داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللەرگە شىپالىق رېتسىپلارنى تېپىپ چىقىپ، كەڭ بىمارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. B تىپلىق جىگەر ياللۇغى ... قاتارلىق خەتەرلىك كېسەللىكلەرنى

خەلقىمىز ئارىسىدا خەتتاتلىق ئەزەلدىن مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىدە تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بولغاچقا، كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان تېببىي كلاسسىك ئەسەرلەرنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېببىي ئەسەرلەرنى كەڭرى تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ خىل ئۆزگىچىلىك تاكى بۈگۈنگىچە ئۆز ھالىتىنى ساقلىدى.

بىز خوتەننىڭ يېقىنقى 100 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، خوتەندە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇنبەت تۇپراققا ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ناھايىتى ئاسانلا ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز.

ئازادلىقتىن كېيىن خوتەندە يەننىي مەكتەپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، خوتەننىڭ مەدەنىيەت ھاۋاسى سۇزۇلۇشكە باشلىدى. ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر يېزىقى كەڭ تۈردە قوللىنىپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارائالاقىسى كۈچەيتىلدى. بۇ خىل مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېڭىلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كەڭ تۈردە تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا يېتەرلىك شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئەرەب-پارس، ئوردو تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ئەللامىلىرىمىز شۇ خىل تىل ـ يېزىقلاردىكى كلاسسىك تېببىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشرگە تەييارلاپ كۆپەيتىپ تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ھەتتا مەخسۇس مۇشۇنداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى كەسىپ قىلىدىغانلارمۇ مەيدانغا چىقتى. مۇسۇلمان ئەللەر تېبابىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن تېۋىپلارنىڭ تۈرلۈك قوليازما ۋە ياكى تاش باسما ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئۆگىنىش، تارقىتىش، ھەتتا دەرسلىك قىلىش، گېزى كەلگەندە ئايرىم دەرسلىك تۈزۈش ئەۋج ئالدى. خوتەننىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە قىسقا مۇددەتلىك تېۋىپ تەربىيلەش كۇرسلىرى ئېچىلىپ تايانچ كۈچلەر يېتىشتۈرۈلدى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تېبابەتچىلىكىنىڭ تۆھپىكار ئۇستازى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى»، تۇردى ھاجى بولسا قىممەتلىك «مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» نى يېزىپ چىقىپ كەڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. «تۇركى دەستۇرۇلئىلاج» دەك كلاسسىك تېببىي ئەسەرلەر خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلۈپ تۇردى. تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان

ياسىن مۇھەممەتنىياز تىكە

# خوتەن مىللىي تىبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستىقبالى

## 1. خوتەن مىللىي تىبابىتىنىڭ ئۇيغۇر تىبابىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە ئۆزگىچىلىكى

بىزنىڭچە ئەڭ دەسلەپكى تىبابەت، ئۆلمەسلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان تۇنجى بىمارنىڭ بىرىنچى قەدىمىدىن باشلانغاندى. ئەمما ئۇ چاغلاردىكى تىبابەت ھەقىقىي مەنىدىكى تىبابەت بولماستىن، بەلكى ئاددى، خالىغانچە ئېلىپ بېرىلىدىغان، سىناق تۇسىدىكى تىبابەت ئىدى. ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىپ قىلىشقا تېگىشلىك تۇنجى ئىشى، ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش بولغاچقا، بىرەر مېۋىنى يەپلا ئۆلۈپ قېلىشى ياكى بىرەر يەردىكى ئازگال سۈيىنى ئىچىپ جېنىدىن جۇدا بولۇشى، يىلان تەرىپىدىن زەھەرلەندۈرۈلۈپ ئۆلۈشى قاتارلىقلار تىبابەتنىڭ تۇنجى مەشىقىنى يەنى — كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇشى ئېنىق. چۈنكى كېسەلنى ساقايتىشنى بىلمىگەن، ئىپتىدائىي ئىنسانلار «ئەڭ ياخشى كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىش لازىم» دېگەن ئەقەللىي تىبابەت ساۋادىنى چۈشىنەلەيتتى.

ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ بىر قەدەر قويۇق بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنىڭ تۈرلۈك ئەزالىرى ۋە باشقىلاردىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالىشى نەتىجىسىدە، ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالىماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇ ئىپتىدائىي تىبابىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خوتەن رايونىدا ھېلىھەم «باجىكىنىڭ قېنىنى ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە بۇغۇزلاپ مىجەزىنى ئۆرلىتىش، پاقلاننىڭ تېرىسىنى

ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا داۋالاپ ساقايتىشقا يۈزلەندۈرگەچكە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە قوشنا ۋىلايەت - شەھەرلەردىن كېلىپ كېسەل داۋالىتىدىغانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى.

ئومۇمەن، خوتەندە تېبابەتچىلىك رەسمىي ئىلىم سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، تارىخىي ئىزچىللىقنى داۋام قىلدى.

## پايدىلانمىلار


1. ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى: «شىنجاڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان». «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». 1991 - يىل تۆتىنجى سان.

2. جۇمەنىياز تۇرسۇن: «XI ئەسىردىن ئىلگىرىكى خوتەننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش». «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». 2002 - يىل 2 - سان.

3. پولات زىيادان: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىككە ئائىت مەزمۇنلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش». «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي ژۇرنىلى». 1998 - يىل 1 - سان.

4. تۇردى ئەھمەت، ئابلەت مەتنىياز: «يۇرۇتقۇش ۋادىسىدا قەد كۆتۈرگەن بۈيۈك زات - ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجى ھەققىدە». «خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». 1994 - يىل 2 - سان.

5. مۇھەممەتئابلا بەگ ھاجىم: «خوتەندە ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ئاغرىق - سىلاق ھەققىدە بىلگەنلىرىم». «خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». 1991 - يىلى 1 - سان.

6. سىدىق رەھمەت، مۇختەر مامۇت مۇھەممەدى: «قەشقەر مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1997 - يىل نەشرى.

7. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى». «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى.

8. «گۇما تارىخىي ماتېرىياللىرى». 2 - توپلام.

ئوقۇش، جىنكەشلىك، رەمباللىق، پالچىلىق ئارقىلىق داۋالاش ئەۋج ئېلىپ، ئىسرىقدانلىغا چوغ ئېلىپ ئۈستىگە قوينىڭ قوزىرۇق يېغى ياكى ئادراسمان، ئارچا ياغىچى قاتارلىق پۇراقلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىپ ئەرۋاھ قوغلاش، ئاق توخۇ ئۆلتۈرۈپ قان قىلىش، ياستۇق ئاستىغا تۆرلۈك پىچاق، قايچا قاتارلىقلارنى يوشۇرۇپ قويۇش، «جىن داردى» قىلىش، قورچاقتا دۇئا قىلىش، يالغۇز دەرەختىن ھەزەر ئەيلەش قاتارلىقلار پەيدا بولدى. باخشى، داخان، پىرىخونلار مەيدانغا چىقىپ، قۇتقازغۇچى نىجادكار سۈپىتىدە كېسەللەرنى ئۇچۇغداپ ھەر خىل ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىپ «كېسەل داۋالىدى». بۇ خىل كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى ھېلىھەم خوتەننىڭ بىر قىسىم چەت، يېزا - قىشلاقلىرىدا ساقلانماقتا. گەرچە بۇ خىل كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىدا كېسەلنى تەلتۆكۈس داۋالىيالىسىمۇ، ئەمما «پىسخىك داۋالاش» جەھەتتە بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. مۇشۇ نۇقتىدا بىز «ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىپتىدائىي پىسخىكىلىق داۋالاش» بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى، بۇنىڭ ئىپادىسى خوتەندە ساقلانغان دېيەلەيمىز.

تارىخ چاقى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، ئىنسانلارنىڭ ئىستىخىيىلىك تېبابەت تەجرىبىسى ئاستا - ئاستا ئىلمىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. جەنۇبىي تارىمدىكى بۇ خىلۋەت ماكاننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىتى جەھەتتە باشقا رايونلاردىن قۇملۇق ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرۇشى، خوتەن مىللىي تېبابىتىنىڭ باشقا رايونلارغا قارىغاندا نىسپىي مۇستەقىللىقىنى شەكىللەندۈردى. ئەجدادلىرىمىز «ئىنسان بەدىنىگە بولغان ئۆزگىچە تونۇش» ئاساسىدا ئۆزىگە خاس بولغان تېبابەت مىراسلىرىنى قالدۇردى. بۇ خىل تېبابەت خاسلىقى تۆۋەندە بىر قانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

1) تېبابەت رىسالىسى يېزىش ئەۋج ئېلىپ دورا تونۇش تەرەققىي قىلدى. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 400-، 350 - يىللاردا يېزىلغان، يىتۇڭ تېبابەت رىسالىسى «غازىبايىنىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» ۋە تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قامۇسى» بىر جۈپ ئەڭگۈشتەر ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى ئەسەر 1975- يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، يېقىنقى زامان خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىنى ئومۇمىي جەھەتتىن خۇلاسىلىگەن بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان: بىرىنچى

بەدەنگە يېيىش ئارقىلىق كېسەلنى داۋالاش» قاتارلىق ئىپتىدائىي تېبابەت ئامىللىرى ساقلىنىپ تۇرماقتا؛ بۇ خوتەندە ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئەمما ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەرگىزمۇ كېسەلدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ، ئۆلۈمگە قارشى تۇرالىغان ئەمەس. ئوخشاشلا ئىپتىدائىي ئىنسانلار جامائەسىدە قانچە قېتىملاپ ۋابا تارقالغانلىقىمۇ نامەلۇم ... ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل چەكسىز تىراگېدىيىلىك مەۋجۇدلۇقى ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئىنساننى ياراتقۇچى كۈچ ھەققىدىكى ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئەپسانە ۋە توتېم دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ كېسەلدىن قۇتۇلۇپ ھاياتلىقىنى ساقلاش ئىستىكى، تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى بىلەن ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ كىشمە نۇقتىدا تۈگۈنلىشىشىنى تاماملىغان. نەتىجىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار قوياشقا بولغان تۈرلۈك مۇراسىملاردا يۈزلىرىگە ھەر خىل قېتىشمىلارنى سۈرۈۋېلىپ، كېيىنچە تەبىئىي ھالدا يۈز تېرىسىنى ئاسراشنى ئۆگەنگەن.

خوتەن رايونىدا ناھايىتى بۇرۇنلا «كۆز تېگىدۇ» دېگەندەك ئىبارە ئىشلىتىلگەن، بۇ سۆز ئەمەلدە «تۈرلۈك كېسەل تېگىدۇ» دېگەن مەنادا بولسا كېرەك. ئۇنداقتا ئۇلار قانداق قىلىپ «كۆز تېگىش» دىن ساقلانغان؟ كۆز مۇنچاق ئېسىش؛ تۇمار ئېسىش؛ قوش پېيىنى تاقىۋېلىش؛ قوش تىرنىقىنى ئېسىۋېلىش؛ بۆرە ئوشۇقىنى ئېسىۋېلىش؛ قاشتېشى ساقلاش. يۇقىرىقى ئالتە تۈرلۈك كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش تەدبىرى ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت مۆجىزاتلىرى بىلەن ئەپسانە توتېملارنىڭ بىرلىشىشى ئاساسىدىكى تېبابەت جۇملىسىدىندۇر. بولۇپمۇ «قوشنى قويۇپ بېرىپ، تۇغماسلىقنى داۋالاش»، «خوتەن قاشتېشىنى ئېسىۋېلىپ كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش» — خوتەن خەلقىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىكىنىڭ يارقىن ئىپادىسى. شامان دىنىدا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئاغرىق - سىلاقلارغا گىرىپتار بولۇشى ھەر خىل سەۋەبلەردىن جۇملىدىن «يامان روھ چاپلىشىۋالغانلىقتىن» كېلىپ چىقىدۇ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەل داۋالاشنىڭ تەبىئەت مەۋجۇدىيەتلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كېسەل داۋالاشتا دورا ياكى باشقا ھەر خىل تېبابەت سايمانلىرىنى ئاساسەن كېرەك قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن شامانچە داۋالاش ئۇسۇلى — ئەپسۇن

تىبابەتچىلىك تىپىدىكى تائام مەدەنىيىتى سەۋىيىسىگە كۆتۈردى.

بىرىنچى، خوتەن گۈلقەنچىلىكى. خوتەندە كۈن نۇرىنىڭ تىك چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، گۈل ئۆستۈرۈشتە تولىمۇ مۇۋاپىق كەلگەچكە، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بورۇنلا «گۈلقەنت» ياساش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدى. بۇ بىزگە خوتەننىڭ ئەسلىدىنلا گۈلقەنت ماكانى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. («گۈلقەنت» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىغا تېگىشلىك ئېنىقلىغۇچى سۆز قويۇلمىغاندا بۇ سۆزنىڭ لىكسىكىلىق مەناسىدە گاھى تارىيىش، گاھى كېڭىيىپ كېتىشتەك تىل ھادىسىسى شەكىللىنىدۇ).

ئەجدادلىرىمىز يېڭى ئېچىلغان قىزىلگۈلگە بەلگىلىك مىقداردا ھەسەل قوشۇپ، گۈل بەرگىلىرىنى ئېزىپ، كوزىغا قاچىلاپ، ئاغزىنى ھىم ئېتىپ، بەلگىلىك ۋاقىت ئاپتاپتا قويۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرغاندىن كېيىن، ئادەتتە ئۇنى ناشتىدا نان بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلغان. خوتەن مىللىي تىبابىتىدە مىزاجنىڭ ئىسسىق بولۇشى تەكىتلىنىدىغان بولغاچقا، بەدەندىكى ھۆللۈكنى قوغداپ، مىجەزنى كۆتۈرىدىغان، ئاشقازاننى ساغلاملاشتۇرۇپ ئاغرىقنى توختىتىدىغان بۇ يېمەكلىك كەڭ خەلق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشكەن ئىدى. ئەلۋەتتە گۈلقەنت ئالىي دەرىجىلىك يېمەكلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلگىرى ھاللىق كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىلا بار بولغان. تېۋىپلىرىمىزنىڭ گۈلقەنت ھەققىدىكى تىبابەتچىلىك بايقىشى: جىگەردىكى توسالغۇلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىچى سىقىلىش، قورساق كۆپۈش، ئاشقازان ئاغرىش، ئىچى تىتىلداش، ئۇنۇتقاقلىق، ئىشتىھاسىزلىق، تۇبىركۇليوز قاتارلىقلارنى داۋالاش رولى گۈلقەنتنى ئاددىي ئىستېمال يېمەكلىكى ئورنىدىن، دورىلىق ئورۇنغا كۆتۈردى.

خوتەندە گۈلقەنتنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىدە قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ ياسىلىدىغان دورىلارنىڭ بەدەننىڭ ھارارىتىنى ئاشۇرۇپ، ئەزالارنىڭ ھاياتى كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلىقىدەك قائىدىسىنى چۈشەندۈرۈپ، دورا ياساشتا قۇياش نۇرىغا قاقلاشتەك ئىلمىي ئۇسۇلنى بارلىققا كەلتۈردى. خوتەندىكى تېۋىپلىرىمىز گۈلقەنت دورىچىلىقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل گۈلقەنتنى ياساپ چىقتى.

پىننە گۈلقەنتى: ھۆل يالپۇز يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، بوتقا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ

قىسىم (14 باب) ئۇيغۇر تىبابەت نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى، ئىككىنچى قىسىم (18 باب) كىسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش، ئۈچىنچى قىسىم دورىلار مۇندەرىجىسىدىن ئىبارەت. بۇ كىتابتا 2000 خىل دورا، 150 خىلدىن ئارتۇق رېتسىپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

2) تىبابەت نەزەرىيىسى تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك خوتەندە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان تىبابەتچىلىك داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، تىبابەت نەزەرىيىسىگە مەلۇم ئاساس سالدى. خوتەن مىللىي تىبابىتىدە بۇگۈنگىچە «ماددىنى پىشۇرۇش، سۇرۇپ چىقىرىش» تەكىتلىنىدۇ، بۇ — «دورا ئارقىلىق كېسەلنى سىرتقا تەپتۇرۇشنى ئاساس مەقسەت قىلىش، ئىچكى ئەزانى تازىلاپ كېسەلنى ساقايتىش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا خوتەن تېۋىپلىرى سوغۇق سۇ، بىمار ئەڭ ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك نەرسە دەپ قارايدۇ. خوتەندە تېۋىپلىرىمىز دىئاگنوز قويۇش جەھەتتە سەككىز خىل ئالامەت، يەتتە خىل ئۇسۇلنى كەڭ ئىشلەتتى ۋە سىستېمىلاشتۇردى. يەنى دىئاگنوزدا تومۇر، چىراي، سۈيدۈك، چوڭ تەرەت، تىل - كۆز، بەلغەم، تۇكۇرۇك قاتارلىقلارنىڭ ھاسىل ئالامەتلىرىگە ئاساسلاندى. دىئاگنوز ئۇسۇلىدا: قاراپ، سوراپ، چېكىپ، تېڭشاپ، ئاڭلاپ، پۇراپ، تونۇپ تەكشۇرۇش دېگەن يەتتە خىل ئۇسۇلنى قوللاندى.

خوتەن ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىدە مىجەز، خىلىتلەرنى تۇرلەرگە ئايرىغاندىن باشقا «ئومۇمەن بەدەننى ئىسسىق ساقلاش لازىم» دەپ قاراپ سوغۇقلۇق نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ، تەننىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاشتا ئۆزگىچىلىك ھاسىل قىلىندى. تىبابەت جەھەتتىكى بۇ ئاددى ئۇسۇللار باشقا رايونلارغا تارقىلىپ، تېۋىپلارنىڭ كېسەل كۆرۇش، داۋالاش، دورا پىششىقلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

3) يېمەكلىك ئارقىلىق داۋالاشنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئىستېمال تىبابىتىدۇر. يەنى ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىدە مىجەز ۋە خىلىتىغا قاراپ يېمەكلىك تەڭشەش ئارقىلىق كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش تەكىتلىنىپ كەلدى. شۇڭا ئۇيغۇر تائام مەدەنىيىتىنى تىبابەتچىلىك ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇنى،

دورىلىرىنى تەييارلاشقا كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ۋە كېتەرلىك خورۇچنىڭ كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا ئەجدادلارنىڭ تولىمۇ بۇرۇنلا ھويلا - ئارام مەدەنىيىتىگە كۆچكەنلىكى ئارقىسىدا بىزدە چاي بىلەن داۋالىنىشتەك بىر خىل ئالاھىدە تېبابەت شەكلى مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ خوتەن رايونىدا ئۆسىدىغان دورا ئۆسۈملۈكلەر كۆپ بولغاچقا، خەلقىمىز ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى يەنى ئۇلارنىڭ ئۇرۇقى، چېچىكى، غازىڭى، پوستى، يىلتىزى قاتارلىقلارنى ئېچىشنى بىلگەن ئىدى. نەتىجىدە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇنداق ئۈچ خىل چاي بارلىققا كەلدى.

مۆتىدىل چاي: بەدەننى مۆتىدىل ساقلايدىغان تۈرلۈك چايلىق ئۆسۈملۈكلەر، مەسىلەن: قىزىلگۈل، بەديان، لىچىندانە، قەلەمپۇر، قوۋزاق داچىن، زەنجىۋىل قاتارلىقلارنى چاي خورۇچى قىلىش ئارقىلىق، بەدەننى مۆتىدىل ساقلاپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى.

ئىسسىقلىق چاي: بەدەننىڭ ھارارىتىنى ئاشۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر مەخسۇس چاي خورۇچى قىلىنىپ، بەدەننىڭ ھارارىتى تۆۋەنلەش، بۆرەك ئىقتىدارى ئاجىزلاش، ئەزالارنىڭ جانسىز بولۇشىنى ئۈنۈملۈك داۋالىدى.

دورىلىق چاي: بۇ، تېۋىپنىڭ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇشى ئارقىلىق مەخسۇس بۇيرۇتۇلغان چاي خورۇچى بولۇپ، كېسەل ئادەم ياكى مەلۇم كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ئىستېمال قىلىشقىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

خوتەن رايونىدا دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دورىلىق قىممىتىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، ئادەتتە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر قايتا-قايتا قاينىتىلىدۇ ياكى ئۇدا بىر قانچە رەت چايلىق قىلىنىدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى چاي بولسۇن ھەممىگە بىردەك خۇشپۇراق دورىلار قوشۇلىدۇ. بەزى جايلاردا چاينى ئىنتايىن قېنىق (يەرلىك ئوخشىتىش بويىچە «ئاتنىڭ قېنىدەك») ئىچىش ئادىتى مەۋجۇت.

چاي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىدە مەجۇن پېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان دورىلاردىن باشقا ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەربىتىنى چىقىرىپ ياسىلىدىغان مىللىي تېبابەت دورىچىلىقىغا ئاساس سالدى. بولۇپمۇ ھەمما ئادەمگە ماس كېلىشۈرمەيدىغان دورىلىق چاينىڭ داۋالاشتىكى رولى، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدىكى «ئەرق»نى بارلىققا كەلتۈردى.

پىشۇرۇلىدىغان بۇ دورىلىق گۈلقەنت مەجۇنلۇق دورا بولۇپ، سوغۇق خىلىتلارنى پىشۇرۇش ۋە تازىلاش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش، يۆتەل پەسەيتىش، ئاشقازاننىڭ سوغىقى ئېشىپ كېتىشتىن بولغان قۇسۇش، كۆڭلى ئېلىشىش، ئاشقازان، قورساق كۆپۈش، ھەزىم ناچارلىشىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

ئانار چېچىكى گۈلقەنتى: ئانار چېكىنى تۆكۈلمەستىن بۇرۇن يىغىۋېلىپ ھەسەل بىلەن 1 : 3 نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، ئاپتاپتا قويۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بۇ دورىلىق يېمەكلىك، ئىچى سۈرۈشنى ۋە قاننى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئىچى سۈرۈش، ھەر خىل قان توختىماسلىقى، بۇۋاسىر، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدۇ.

جىگدە چېچىكى گۈلقەنتى: بۇ، جىگدىنىڭ چېچىكىدىن ئېلىپ قەنت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپتا قويۇپ ياسىلىدىغان تېپىك دورىلىق يېمەكلىك بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، يۈرەكنى كۈچەيتىش، روھنى ئۇرغۇتۇش، قاننىڭ ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئاياللاردىكى جىنسىي ھەۋەس ئاجىزلىقىنى داۋالاپ، ھەۋەسنى كۈچەيتىش رولى بار. خەلق ئارىسىدىكى «جىگدە تەڭگە بولسا، ئايال كىشى بەڭگە بولىدۇ» دېگەن ماقال ئۇنىڭ شۇ خىل رولىغا ئاساسەن دېيىلگەن بولسا كېرەك.

خوتەن تېۋىپلىرىنىڭ ھەر خىل گۈلقەنتنى كەڭ كۆلەمدە ياسىشى ۋە تارقىتىشى ئەلۋەتتە ئۇيغۇر تائام ئىستېمال مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان تۆھپە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدە دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۇششاق سوقۇلغان تالقانلىرىغا ياكى دورا ماتېرىياللىرىدىن ئايرىپ ئېلىنغان ماددىلارغا ھەسەل ياكى شېكەر قوشۇپ ياسىلىدىغان مەجۇننىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ھال ئۇيغۇر تېبابىتىدە يېرىم پىششىق دورا ئىشلەشنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەچكە، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدىكى بەزى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئىستېمال قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىپلا قالماستىن، «گۈلقەنت» تۈرىدىكى دورىلارنىڭ پىششىقلاش جەريانىغا، مەجۇنلۇق دورىلارنى ساقلاشتا ئۆرنەك ياراتتى.

ئىككىنچى: ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ تېبابىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى ھەل قىلىندى. دېيىلگەندەك ھەسەل ياكى شېكەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان مەجۇنلۇق ئىستېمال

جەۋھەرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئايرىپ چىقىرىش» تىن ئىبارەت قىممەتلىك تەجرىبىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باستى.

## 3. ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىنىڭ نامايەندىسى — خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك خوتەن، ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىنىڭ ئەۋزەل ماكانى. گەرچە خوتەننى ئۇيغۇر تىبابىتى تۇنجى باشلانغان ماكان دەپ كېسىپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما ئەپلاتون بىلەن زاماندا بولغان غازىباي قاتارلىق ئاتاقلىق تىبابەت ئالىملىرىنىڭ «دۇنياۋى شۆھرىتى»، خوتەن مىللىي تىبابىتىنىڭ يېتەرلىك ماددىي ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى، «خوتەندە ناھايىتى بۇرۇنلا مۇنتىزىم، غەيرى مۇنتىزىم تىبابەت سورۇنلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشىمىزغا ئاساس بولالايدۇ. ئاتا مىراس تېۋىپلارنىڭ ئۈزلۈكسىز شاگىرت تەربىيىلىشى ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ زورۇر ئېھتىياجى، خوتەندە بىر قەدەر مۇنتىزىم بولغان ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنى قۇرۇش زۆرۈرىيىتىنى پەيدا قىلدى. دەرۋەقە بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەردە دېيىلگەندەك، خوتەندىكى بىر قانچە ناھىيىلەردە ئۇيغۇر تىبابەت دورىخانىلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئامبۇلاتورىيە شەكلىدە، بىر قەدەر مۇنتىزىملاشقان مىللىي تىبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى قۇرۇلمىغانىدى. پەقەت 1956 ـ يىلى خوتەن ناھىيىلىك مىللىي تېۋىپلار بىرلەشمىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئورنى ھازىرقى چايخانا مەكتەپ يېنىدىكى «خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى» ئورنىدا ئىدى. ئەينى يىللاردا خوتەن كونا شەھەر رايونى (ئىلچى) غا يىغىلغان تېۋىپلار دىئاگنوز قويۇپ دورا بېرىش شەكلى ئارقىلىق داۋالاش ئېلىپ بارغان بولۇپ، پەيدىنپەي ھازىرقى «قىزىق دەرۋازا» ئەتراپىدىكى 80 خالتا دورا بازىرىغا ئوخشاش، خالتىلىق دورىلار بازىرى پەيدا بولدى. كېيىنچە تۇردىمۇھەممەت ئاخۇنۇم، ئىمىنىياز ئاخۇنۇم، ئابدۇللا داموللام، دۆلەتنىياز ھاجىم، ئېلى ھاجىم قاتارلىق 10 غا يېقىن تېۋىپ بىرلىشىپ پاي قوشۇپ، ھازىرقى خوتەن ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى ئورنىغا، ھازىرقى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان.

## 2. «ئەرق» — مىللىي تىبابەتچىلىك دورا ياساش سانائىتىنىڭ تۇنجى قەدىمى

«ئەرق» — دورىلىق ئۇسۇملۇك ياكى مەدەننىڭ قاينىتىپ ئېلىنغان شەربىتى. خوتەندە «ئەرق» نىڭ پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما خېلىلا قەدىمى بولغان «ئەرق قازىنى» نىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ يىراق مۇساپىسىنىڭ شاھىدى.

ئۇ بىر خىل مۇرەككەپ دورا ياساش ئۇسۇلى بولۇپ، ئالدى بىلەن مەخسۇس ئەرق قازىنى تەييارلىنىپ بىمارغا شىپالىق دورىلارنى مەزكۇر قازانغا سېلىپ قاينىتىپ، ھاسىل بولغان ھورنى سوۋۇتۇپ، مەخسۇس تەييارلانغان دورىلىق شەربەت ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ جەريان ئارقىلىق خوتەن مىللىي تىبابىتى ئەڭ بولمىغاندا تۆۋەندىكىدەك تىبابەت تەجرىبىسىگە ئېرىشتى:

بىرىنچىدىن، تەييارلانغان دورىلىق شەربەت ئاسان بۇزۇلمايدۇ، ساقلاش مۇددىتى ئۇزۇن بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دورىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ئوڭاي، تەسىرى تېز بولىدۇ.

ئەجدادلار دورىلىق ساپ شەربەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر خىل قازاننى — يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئەرق قازىنى» نى كەشىپ قىلغان. ئەرق قازىنىنىڭ سوۋۇتۇش سىستېمىسى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، تىبابەت ئالىملىرىمىز ئەرق تۇۋقىنىڭ ئۈستىگە چىلەكتە مۇزلىتىلغان سۇنى قويۇپ، چىققان ھورنى تۇۋاق ئىچىدىلا سۇغا ئايلاندۇرۇپ ئاندىن تۇۋاقتىكى ئالاھىدە ياسالغان يېرىم يېپىقلىق نەيچىسىمان دىۋاردىن پايدىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سىرتقا ئېقىتىپ چىقىرىپ قاچىلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

ئەجدادلار كەشىپ قىلغان بۇ ئۇسۇل ھېلىھەم خوتەن رايونىدا، باشقا ھەر قانداق رايونغا قارىغاندا كەڭ ساقلانماقتا. يەنە كېلىپ خوتەن مىللىي تىبابىتىنىڭ پارچە، يەككە ئەرق تەييارلاش ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونىدا كەڭ تارقىلىپ، زور مىللىي داۋالاش تەدبىرى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا.

ئىستېمال دورىلىرى ئارقىلىق داۋالاش ۋە ئەرق تەييارلاش ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى، ئۇيغۇر مىللىي تىبابىتىدە تىبابەت دورا سانائىتىنىڭ يوقلۇقىغا خاتىمە بېرىپ، «دورا ياساشتا دورا

يېقىندا ئالتە قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال داۋالاش بىناسى قەد كۆتۈرۈپ دوختۇرخانا تەۋەسىدە داۋالاشتا ئىشلىتىلىۋاتقان قۇرۇلۇش كۆلىمى 6000m² كۇۋادرات مېتىرغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 - چوڭ مىللىي ئامبۇلاتورىيە بولۇپ قالدى.

ئىسلاھات جەريانىدا روناق تېپىپ ھاياتى كۈچكە تولغان بۇ دوختورخانا ئۆۋەتتە ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە داۋالاش، غەربچە - ئۇيغۇرچە تېبابەتنى تەڭ بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىمارلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا تىرىشماقتا.

دوختۇرخانا بارلىققا كەلگەندىن بىرى دوختۇرخانا رەھبەرلىرى تېۋىپلار قوشۇنىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەرھۇم تېۋىپلاردىن: ئابلىمىت يۈسۈپ ھاجىم، تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم، غوجاباھاۋۇدۇن ھاجىم، ئابدۇۋاھىت ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئىزىنى باسقان تېۋىپلاردىن باقى ھاجىم، مەينىگارخان ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىم، ئابدۇخالىق ھاجىم قاتارلىق تېۋىپلار ئۆزىنىڭ ئاتا مىراس كەسپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، بۇ ساھەدە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تونۇلغان مەشھۇر تېۋىپلاردىن بولۇپ قالدى.

## 4. يېشىل يېمەكلىك تېپىدىكى بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىلىرىنى ياساش كەسپى

«غەربنى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى» خوتەن رايونىغىمۇ ئوخشاشلا يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ياراتتى. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن خوتەندە: ئانار بازىسى قۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئانار ھاراقچىلىقى كەسپى؛ خوتەن قويچىلىقى بازىسىنى ئاساس قىلغان قوي يۇڭى گىلىمى مەھسۇلاتى؛ ئەتلەس بازىسى قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلغان يىپەك مەھسۇلاتلىرى؛ بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان يۈرۈشلۈك دورا مەھسۇلاتلىرى؛ خوتەن قەدىمقى يىپەك يولى مەنزىرىسى، خوتەنلىكلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش سىرىنى ئاساس قىلغان ساياھەتچىلىك كەسپى قاتارلىق بەش چوڭ تۈۋرۈك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇلار ئىچىدىكى «بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئاساس قىلىنغان يۈرۈشلۈك دورا مەھسۇلاتلىرى»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش خوتەننى، ئاپتونوم رايوندىن ھالقىپ پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىغا، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ تارىخىي پۇرسىتى بولدى.

ئەينى چاغدا قۇرۇلغان بۇ پاي شەكلىدىكى شىپاخانا يەنىلا ئامبۇلاتورىيە شەكلىدىكى دوختۇرخانا ئىدى. مۇقىم بالىنىست يوق ئىدى. كېيىنچە كەڭ ئاممىنىڭ تەلەپ - ئارزۇسى، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەستىقى بىلەن «خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى» رەسمىي قۇرۇلۇپ، 1975 - يىلى بىر ئامبۇلاتورىيە، 50 كارىۋاتلىق كېسەلخانا، بىر دورا ياساش بۆلۈمى بارلىققا كەلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن كىلىنىكىلىق داۋالاش بۆلۈملىرى ئايرىلمىغان ئىدى. دوختۇرخانا قۇرۇلغان چاغلاردىن تارتىپ ئاپتونوم رايون ۋىلايەت رەھبەرلىرى بۇ دوختۇرخانىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلگەچكە 80 - يىللارغا كەلگەندە دوختۇرخانا يەنە بىر قېتىم كېڭىيىپ ئىككى قەۋەتلىك ئامبۇلاتورىيە بىناسى سېلىپ 150 كارىۋاتلىق بالنىست بارلىققا كەلتۈرۈلدى. ئىچكى ۋە تاشقى بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى ۋە خادىملىرى 30 نەچچىگە يەتتى. بۇ ئەھۋالدا دوختۇرخانا خادىملىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، دوختۇرخانىغا تالانتلىق ياش تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىش دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ۋە خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە ئايلانغانىدى. 1978 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاتا مىراس تېۋىپلاردىن باشقا بىر قەدەر مۇنتىزىم ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىگەن ياش تېۋىپلاردىن تەركىب تاپقان قابىل قوشۇن تەشكىللەندى. 87 - يىلدىن كېيىن، خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى، سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇتى، جۇڭگو تېبابەتچىلىك ئىنىستىتۇتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كەينى - كەينىدىن تەقسىم قىلىنىپ، دوختۇرخانىنىڭ كىلىنىكىلىق داۋالاش قوشۇنى كۈچەيتىلدى.

بۇ دوختۇرخانا 1995 - يىلى قايتا قۇرۇلۇش پۈرسىتىگە ئېرىشىپ 3 - قېتىملىق تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. ھازىر دوختۇرخانا 17 مىليونلۇق مۇقىم مۈلۈككە ئىگە بولغان بىر قەدەر سىستېمىلاشقان داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا ئىگە بولدى. ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى 150 نەپەردىن ئاشتى. ئامبۇلاتورىيە تېز كۆرۈش بۆلۈمى، تېببىي تېخنىكا بۆلۈمى، مەركىزى دورىخانا، تاشقى بۆلۈم، ئىچكى بۆلۈم، ئايال‌لار بۆلۈمى - تېرە، سۆڭەك بۆلۈمى، دورا - تەمىنات بۆلۈمى، كەسپىي بۆلۈم، مەمۇرىي بۆلۈم قاتارلىق 11 بۆلۈم بارلىققا كەلتۈرۈلدى.

مەنبەسى بىۋاستە تەبىئەت بىلەن باغلىنىپ تەدبىقلاندى. تىۋىپلار ئادەمنىڭ هاياتى ۋە سالامەتلىكىگە زورۇر بولغان مۇهىم ئالتە ئامىلنى (هاۋا، يېمەك - ئىچمەك، هەرىكەت ۋە جىملىق، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق، چىقىرىش ۋە قوبۇل قىلىش) تۇتقا قىلىپ بىمارنىڭ دىئاگنوزىدا، ئۇنىڭ قانداق جايدا قانداق هاۋا كېلىماتىدا ياشىغانلىقى، تۇپراقنىڭ قانداقلىقى، يېمەك - ئىچمەك جەهەتتە قانداق جايدا قانداق سۇ ئىچىدىغانلىقى، قانداق تاماق بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقى، ئۇيقۇسىنىڭ قانداقلىقى، ئەمگەك ۋە دەم ئېلىشىنىڭ تەڭشىلىش ئەهۋالى، تەندىن چىقىرىلغان هەر خىل ماددىلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، روهىي كەيپىياتى قاتارلىق ئەهۋاللار ئىنچىكە تەپسىلىي كۆزىتىلدى.

2) يېشىل داۋالاش: خوتەن مىللىي تېبابىتىدە تۆت كەيپىيات تەكشى بولغان مىزاجنى ياخشى مىزاج دەپ قارايدىغان بولغاچقا، داۋالاش جەهەتتە مۇشۇ نىشاننى قوغلىشىدىغانلىقىنى بايىلا قەيت قىلغانىدۇق.

ئادەتتە تېۋىپلىرىمىز كېسەلنى تەكشۈرۈپ دورا بېرىشتە، پەسىل ئەهۋالى ۋە هاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە ئالاهىدە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تېبابەت ئالىمى تۇردىمۇهەممەت ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسىدا، «تاشلىق جايلارنىڭ هاۋاسى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، مۇنداق جايلاردا ياشىغۇچى كىشىلەر كۆپرەك مېڭە كېسىلىگە ئۇچرايدۇ. سېغىز تۇپراقلىق يەر هۆل ئىسسىق بولۇپ، مۇنداق جايلاردا ياسىغۇچى كىشىلەر ساغلام ئۆسۈپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، كۆك قۇملۇق يەرلەر قۇرۇق سوغۇق بولۇپ مۇنداق ئورۇنلاردىكى كىشىلەر كۆپرەك يۈرەك كېسىلىگە دۇچار بولىدۇ. چۆل باياۋان، تاغلىق جايلارنىڭ هاۋاسى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ كىشىلەردە قان كۆپىيىپ كېتىدۇ» دەپ قەيت قىلغان ئىدى. ئومۇمەن تېۋىپلىرىمىز هاۋا كېلىماتىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق داۋالاشنى ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇلى دەپ قارىدى. مۇنداقچە دېگەندە بۇ زامانىمىزدىكى ساياهەت شەكلى ئارقىلىق داۋالاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. تېۋىپلىرىمىز، تۇپرىقى سېغىزلىق، كۈنگە قاراپ تۇرىدىغان، ئەتراپىدا گۈلگۈلزار ۋە قەلەي كېنى بولغان بۇلاق سۈيىنى ئىچىشنى تەكىتلەپ، غىزايى مۇتلەقنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ «ياخشى قان» نى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى. زىيادە هەرىكەتنى چەكلەپ مۇۋاپىق دەم ئېلىش زۆرۈر دەپ قارىدى. زىيادە غەزەپلىنىش ۋە قورقۇش، خۇشاللىنىشتىن هەزەر قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كۆرۈشكە بولىدۇكى،

بىئو - خىمىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى تەلەپ قىلغان ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئىتى، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىدىكى سۈنئىي تەركىبىنى ئاشۇرۇۋەتتى. كىشىلەر ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىدە ئەزەلدىن تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان تۆت تادۇنىڭ يادروسى بولغان تۇپراقتىن ساپ ھالەتتە كەلگەن ئوزۇقلۇق ماددىلارنى قانچە ئارزۇ قىلغانسېرى، ئەكسىچە بۇنىڭدىن بارغانسېرى يىراقلاپ باردى. بۇ خىل يىراقلاش ئاستا - ئاستا ئىنسانلار تېنىدە ئىلگىرى كۆپ كۆرۈلمەيدىغان جاھىل خاراكتېرلىك سوزۇلما كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھازىر ئىنسانلارنىڭ خېلى بىر قىسمى يۇقىرى ئىستېمالغا يۈزلەنگەن ۋە ئىنتىلىۋاتقان بولغاچقا، تېخىمۇ ياخشى بولغان داۋالىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنى ئىختىيار قىلىدىغان بولۇپ قالدى. خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى، تەبىئىي ئوت - چۆپ دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، تەكشۈرتۈش، كۆزىتىش، دورا تەننەرخىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئەكس تەسىر كۆرۈلمەسلىكى، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنى داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇشى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن، ئۇيغۇر مىللىي تېبابىتىنىڭ ئورنى قايتىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەچكە، خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىشقا باشلىدى. بۇ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي پۇرسەت داۋامىدا خوتەن مىللىي تېبابىتى كىلىنكىلىق داۋالاش جەھەتتە مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىكنى مەيدانغا كەلتۈردى.

1) تەكشۈرۈش - دىئاگنوز جەھەتتە: سەككىز خىل ئالامەت يەتتە خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. تەن، كائىناتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراققا بىۋاستە باغلىنىپ، مىزاج خىلتلارغا ئاساسەن دىئاگنوز قويۇلدى. دىئاگنوز ئۆلچىمىنى بەدەندىكى ئىسسىق، سوغۇق، قۇرۇق، نەمنىڭ تەكشى بولۇشى دەپ قارىغاچقا، ئالاھىدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن داۋالاش تەكىتلەندى. تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش جەھەتتە مەۋجۇت تەن ئالامەتلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئېلېكتر ئۇسكۇنىلىرى، بىئو - خىمىيىلىك تۈرلۈك ياردەمچى دىئاگنوز بۇيۇملىرىغا مۇراجىئەت قىلىنمىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا دىئاگنوز جەريانى ئاددىي ھەم ئىچىنكە بولدى، بىمارنىڭ تېنىگە ھېچ قانداق زىيان يەتمىدى.

خوتەن مىللىي تېبابىتىدە دىئاگنوز قويۇشتا كېسەللىكنىڭ

بۇ جەھەتتىكى قوللاشلىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي ئاپتونومىيىنى مەركەز قىلغان خوتەن مىللىي تېبابىتىگە يېڭى ھاياتى كۈچ بېغىشلاپ، خوتەن خەلقىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشىدە تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشكۈسى.

## 5. دۇنياغا يۈزلىنىۋاتقان خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى دورا زاۋۇتى

«ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» دا 150 دىن ئارتۇق كېسەللىك ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان 200 خىلدىن ئارتۇق تۈرلۈك دورىلار تىلغا ئېلىنغان. بۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ مول دورا خەزىنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇلارغا ئاساسەن شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىمىزكى؛ تېپىك يېشىل داۋالاش ئۇسۇلى، خوتەن مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى خەلقئارا بازارغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. بۇ نۇقتىدا خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى دورا زاۋۇتى ئەھمىيەتلىك قەدەملەرنى باستى.

1975 - يىلى دوختۇرخانا قۇرۇلغاندا بارلىققا كەلگەن دورا ياساش بۆلۈمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بۇ دورا ياساش زاۋۇتى، ئۆزىنىڭ 28 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. 28 يىلدىن بۇيان تېۋىپلارنىڭ پىشقان نەزەرىيىۋى بىلىملىرى ئاساسىدا، خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن، يەرلىك دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر قەدەر ئۈنۈملۈك دورىلارنى ياساپ چىقتى. ئۇلار، تېۋىپلار ئىزچىل قوللىنىۋاتقان «ماددىنى پىشۇرۇش، سۇرۇپ چىقىرىش» پرىنسىپى ئارقىلىق، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە تەڭ ئۈنۈمى بولىدىغان دورىلارنى ياساشنى ئاساسى بۆسۈش ئېغىزى قىلغاچقا، دورا ياساش زاۋۇتى ياساپ چىققان دورىلار 80 - يىللاردا ئاق كېسەل، تەڭگە تەمرەتكە قاتارلىقلارنى داۋالاشتا مەملىكەت مىقياسىدا داڭ چىقارغان بولسا، 90 - يىللاردا چاچ چۈشۈشنى تىزگىنلەيدىغان، چاچنى قايتا ئۆستۈرىدىغان سىيادان مېيى، سىيادان ئوكۇلى قاتارلىقلار مەملىكىتىمىز دورا ساھەسىنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى.

يېقىنقى يىللاردا بۇ دورا زاۋۇتى بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرىگە ياندىشتۇرۇپ، زامانىۋى دورا ياساش ئۈسكۈنىلىرىنى

خوتەن مىللىي تېبابىتى تەبىئەتنىڭ بارلىق نېمەتلىرىدىن مۇۋاپىق ۋە جايىدا پايدىلىنىپ، تەننى داۋالاشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان، بىر قەدەر ئۆزۈن داۋالاش باسقۇچى ئارقىلىق، مۇكەممەل داۋالاش مەقسىتىگە يېتىلىدىغان «يېشىل داۋالاش ئۇسۇلى»نى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

3) يېشىل دورا: خوتەن مىللىي تېبابىتى نەزەرىيىۋى ئاساس جەھەتتە، تەبىئەت بىلەن كەيپىيات، تۆت خىلىت، ئەزالار ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتى، تەننىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغاچقا، بارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ دورا ئىشلىتىشتە «تەبىئەتتىن ئېلىش، خام ئىشلىتىش، ئارتۇق تەركىب قوشماسلىق» پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدى.

داۋالاشتا؛ غىزا ئارقىلىق داۋالاشنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك تۈمەن غىزالارنى ئىنچىكە تۈرلەرگە ئايرىپ، ئالدى بىلەن تەننىڭ تەڭشىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك غىزايى داۋالارنى بىمارغا بۇيرىدى. يەنى — تەنگە قىلچە زەخمىتى بولمايدىغان تائاملارنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىش تەشەببۇس قىلىندى.

ئالاھىدە كۆرسىتىش لازىمكى، مىللىي تېبابەت نەزەرىيىسى بويىچە كېسەلگە سەۋەبچى بولغان ماددا «نەزلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ماددىنىڭ پىشقانلىقى ئاغرىقنىڭ خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا مۇشۇ باسقۇچتا، كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، نەپەس يوللىرى ئارقىلىق، تەسىرلىك دورىلارنى پۈرىتىش، شاھىچ شەكلىدە ياسالغان دورىلارنى ئارقا يول ياكى جىنسىي يوللارغا كىرگۈزۈپ تەسىر كۆرسىتىش، مۇناسىپ دورىلارنى ماي ياكى باشقا يول بىلەن بەدەنگە سۈرتۈپ تەسىر قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن پىشقان ماددىنى بەدەندىن سۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلدى.

خوتەن مىللىي تېبابىتىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئالاھىدىلىكلىرى دىققەتكە سازاۋەر بولماقتا. بولۇپمۇ ئاق كېسەل، تەڭگە تەمرەتكە، قان تومۇر قېتىش، قەن سىيىش، ھەر خىل جىنسىي ئاجىزلىق، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەر خىل جىگەر كېسەللىكلىرى، رېماتىزىم، جاھىل خاراكتېرلىك ئاياللار كېسەللىكىنى داۋالاشتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە خوتەن مىللىي تېبابەت دورىلىرى، ئۆزىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بىلەن پارلاق ئىستىقبالىنى نامايىش قىلماقتا. بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ

# خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەر

خوتەندە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ 70% دىن كۆپرەكى تېبابەتچىلىكنى ئاتا - بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن بولغاچقا، ئۇنى بۇگۈنگە ئۇلىغانلار ۋە بۇگۈنكى كۈندە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار سان جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلاردىن بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ھالەت خوتەندە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى، خوتەن مىللىي تېبابەتچىلىكىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ ھايات تەزكىرىسىنى تۈرگۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، «خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق تېۋىپلار» نامىدا كىتاب تۈزۈپ خەلق ئارىسىدا داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان 200 دىن ئارتۇق تېۋىپنىڭ ئەھۋالاتىنى يېزىپ چىقتى. بىز بۇ يەردە ئاشۇ كىتابتا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدىغان تېۋىپلىرىمىز ئىچىدىن، ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان 25 تېۋىپنىڭ ئىش - پائالىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇق.

## غازىباي

غازىباي بۈنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىللار بۇرۇن ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىمى، شۇنداقلا ھايات تارىخىي ھەققىدە چەت ئەل مەنبەلىرىدە خاتىرىلەر ساقلانغان ئەڭ بۇرۇنقى خوتەن تېبابەتچىلىكىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان پېشىۋاسى، ئۇنىڭ «غازىباينىڭ ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى» ناملىق ئەڭ بۇرۇنقى تېببىي كلاسسىك دەستۇرى مىللىي تېبابەتچىلىكىنىڭ،

كىرگۈزۈپ، زامانىۋى دورا ياساش ئۇسۇلى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى دورا ياساش ئۇسۇلىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈردى. نەتىجىدە GMP خەلقئارا ئۆلچەمگە يەتكەن دورىخانا بولۇپ باھالاندى. ھەمدە كۆلىمى 22cm² غا يېتىپ، يېپىق شەكىلدە باشقۇرۇلىدىغان 110 خىل دورا ئىشلەپچىقىرالايدىغان زامانىۋى دورىخانىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە بۇ دورا زاۋۇتى «شىنجاڭ تۇنخې ھەسسىدارلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» بىلەن بىرلىشىپ 40 مىليون مەبلەغ سېلىنغان «شىنجاڭ تۇنخې شىركىتى ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ھەسسىدارلىق شىركىتى» نى قۇرۇش خىزمىتى جىددىي ئىشلىمەكتە. بۇ دورا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان بىر قانچە دورا پاتېنىتقا ئېرىشتى بۇلار: «قۇرسى ئېمساك» ، «لوبوبى كەبىر» ، «لوبوبى سەرپىستان» ، «خېمىرى گوزىبان ئەمبىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ دورا زاۋۇتى ياسىغان يۇقىرىقى پاتېنىتلىق دورىلار تاشقىرى، ھەر قايسى مىللىي تېبابەت دوختۇرخانىلىرىدىن پەرقلىق بولغان: قۇرسى جاۋارش ئامىلە، قۇرسى جاۋارش ئۇستىقۇددۇس، ماسىران كاپسۇلى، قۇرسى كىبىر، قۇرسى سوزاپ، بوزۇرى جەۋھىرى، قۇرسى كاكنەچ، مەجۇنى ئىتتىرىفىل ئامان، قۇرسى پەرپىيون، مەجۇنى ئىتتىرىفىل كەبىر، زەپەر ئىچىملىكى، سەرپىستان جەۋھىرى قاتارلىق 28 خىل دورىنى ياساپ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بازارغا سالدى ھەمدە 150 خىلدىن ئارتۇق دورىلارنى ياساپ، دوختۇرخانىدا كۆرۈنگەن بىمارلارغا ئىشلەتمەكتە.

---



*ياسىن مۇھەممەتنىياز تىكە، 1976 - يىلى 13 - ئىيون كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئاپتور1994 - يىل «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئوقۇغۇچى» ناملىق نەسرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن بۇيان «تەگرىتاغ» ، «كرورەن» ، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىدا 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ئېلان قىلدى.*

## جان باشلاق (شىراخان)

جان باشلاق (شىراخان) مىلادى 8 - ئەسىردىكى زور نەتىجە قازانغان تېۋىپلارنىڭ بىرى. ئۇ قەدىمكى خوتەنگە تەۋە بولغان چەرچەندە (خوتەنگە تەۋە بولغان چەرچەن 1914 - يىلى خوتەن زېمىنىدىن ئايرىلىپ كورلىغا تەۋە بولغان) تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ئۇ ياش چېغىدىلا تېبابەتچىلىك ئىلمىگە قىزىقىپ، خەلق ئارىسىدىكى تېۋىپ-ھۆكۈمالار ۋە بۇددا راھىپلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن. جان باشلاق ئەمچى، ئاتاچى قام ۋە باخشىلارنىڭ ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى توپلاپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا كۆپ خىل دورىلارنى ياساش ۋە تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمالىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ نام - شەرىپى ئۆز يۇرتى خوتەندىن ھالقىپ قوشنا ئەللەرگە قەدەر تارالغانلىقتىن، تېبەت لاماسى ئۇنى تەكلىپ بىلەن شىزاڭغا ئاپىرىپ بىر قانچەيىل ئەتىۋارلاپ ئۆز يېنىدا تۇرغۇزغان. جان باشلاق لاسادىكى چوڭ ئىبادەتخانىدا راھىپ تېۋىپلارغا ئۇيغۇر تېبابىتىدىن تەلىم بەرگەنلەردىن باشقا، «تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى» ، «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» قاتارلىق تېبابەتچىلىك ئىلمىگە دائىر ئەسەرلەرنى يېزىپ زاڭزۇ تېبابەتچىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرى شىزاڭنىڭ ئەڭ مەشھۇر تۆت توملۇق تېببىي قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

## ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى

تېببىي ئۇستاز ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنى قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى تېببىي ئالىملار قاتارى بارلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتىگە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىغان. ئۇ 1150 - يىلى ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى باغچى بازىرى ئەللامە كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۈسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي ئىلىمدە خېلىلا نەتىجە قازانغان بولغاچقا، ئاتىسى ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىقىغا

جۇملىدىن خوتەن تېبابەتچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەلقئارلىق شۆھرىتىنى نامايان قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ يېتۈك قامۇس ھەققىدىكى باياﻧﻼر زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى: بۇ قامۇسنىڭ نەق ئۆزى ۋە ياكى قىسمەن پارچىلىرى ھېلىھەم جامالىنى كۆرسەتكىنى يوق. ھېلىھەم غازىباينىڭ بۇ قامۇسى ئۆز دىيارىمىزنىڭ قۇمغا كۆمۈلگەن خارابىلىقلىرىدىن ۋە ياكى خەلق ئارىسىدىن تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئاشۇنداق مۆجىزە ھەقىقەتەن يۈز بېرىدىغان بولسا، غازىباينىڭ ھايات تارىخىنى، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلىشىشىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىلىرىنى ھەقىقىي مۇئەييەنلەشتۇرۇش ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## گەنجۇ قاغىن

گەنجۇ قاغىن مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى. شۇنداقلا قەدىمكى خوتەندىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر تېۋىپ ھەم يېتىلگەن تەرجىمان. ئۇ ئەينى دەۋردە راھىپ ھەم تېۋىپ شى يەنزۇ، زاڭزۇ تەرجىمانلاردىن جىڭ بۇزىسى، جىڭ بۇدۇنجۇ، جۇلامىن با قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ زور بىر تۈركۈم تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ يەنى خەنزۇ راھىپ ۋە تېۋىپ ۋۇجىن ۋە زاڭزۇ تەرجىمان ۋېي لۇزاخا قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ نۇرغۇنلىغان تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، تېبەت خەلقى ئارىسىدىكى تېببىي تەجرىبىلەر ۋە ئۆز يۇرتىدىكى ھەمدە سىرتقى ئەللەردىكى تېببىي تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، «يۈجى يامىن» (ئاي گەيجى دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش) دېگەن داڭلىق ئەسەرنى تۈزگەن. بۇ ئۇنىڭ تېبابەتچىلىكنى سىرتقى جايلارغىچە كېڭەيتىش ۋە باشقا ئەل خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشقا قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇماتلار بېرىلىپ كەلگەن ئىدى. يېقىندا مۇھەممەت باقى ئالىم قاتارلىقلار ئالىمنىڭ يوقىرىقى ئىككى پارچە ئەسىرىدىن باشقا «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى»، «داۋالاش قانۇنلىرىدىن خۇلاسە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يەنى كېيىنكى ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ ئۆز قولىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇلارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىدا داۋاملىق ئېلان قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. بۇ بىر يېڭى نەتىجە سۈپىتىدە ئۇيغۇر تېبابەت تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

ئالىمنىڭ «ئەلفىقھۇ تېببىيە» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى) ناملىق ئەسىرىنى مەرھۇم تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم مىراس سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، 1950 ـ يىللىرى ئۈپچۈرىسىدە مەرھۇم تېببىي ئالىم ئابلىمىت يۇسۇپ ھاجىغا كۆرسەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىگە كەلگەندە مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىرى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىدىكى كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ كۆيدۈرگەندە، شۇلار قاتارى «ئەلفىقھۇ تېببىيە» مۇ يوقاپ كەتكەن. بىر قانچە قېتىملىق مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىقىدىن خالىي قالغان ئەسەرلەرنى بولسا، تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم ۋاپات بولۇشىدىن بىر ئىككى يىل ئىلگىرى كۈيئوغلى باقى ئالىمغا كۆمۈپ قويغان جايىدىن ئېلىپ بەرگەن. ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. «داۋالاش قانۇنلىرىدىن خۇلاسە» دېگەن ئەسەر بولسا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن باشلاپ كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى جاھانكۇشاي» دا ۋە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان «رەۋزا تۇسسافا» دا ئەلائىددىننىڭ ئاخىرقى ھاياتى ھەققىدە تەپسىلىي بايانلار بار. يۇقىرىدىكى ئىككى قەدىمكى ئەسەردە ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنىڭ كۈچلۈك خان بىلەن مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن مىقلاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى ئوخشاش بولسىمۇ، قىسمەن جايلاردا پەرق بار. يېقىنقى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ئالىم بىلەن بىرلىكتە مۇنازىرىگە قاتناشقان 3000 ئۆلىمانىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلىكتە قەتلى

يېتەرلىك شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق ئوقۇتۇش يۇرتى قەشقەر «ساچىيە مەدرىسى»گە دىنىي ئىلىم ۋە تېببىي ئىلىم ئىگىلەپ، ئۆزىنى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئەلائىددىن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئاساسلىقى زېھنىي كۈچىنى تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىشكە قاراتقان. ئۇستازلىرىنىڭ ياردىمىدە قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا تېببىي ئىلىمدىن خېلىلا مۇكەممەل بىلىمگە ئىگە بولغان ۋە ئوقۇشىنى تاماملاپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى خوتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەللامە دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىك خەۋىرىدىن سۆيۈنگەن ئاتىسى خوجامۇھەممەت ئۇنى ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ كۆپلەپ تارقىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش مەقسىتىدە چوڭ بىر مەدرىس ئېچىپ بېرىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ نامى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەرگىچە تارقالغان بولۇپ، يىراق ئەللەردىن ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 3000 دىن ئېشىپ كەتكەن.

ئۇ بىر تەرەپتىن شەرىئەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېببىي ئىلىم تارقىتىش، مەخسۇس تېببىي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تېببىي ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىش ئارقىلىق، بىر قىسىم مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ تېببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە ماددىلىق قانۇن ھەمدە يالغان تېۋىپلارنىڭ باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن جىسمانىي ۋە روھىي جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار كىرگۈزۈلگەن «ئەلفىقھۇ تېببىيە» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى) ناملىق كىتابى بىلەن، 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىك نەزەرىيىلىرى سۆزلەنگەن ھەم ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى يىغىنچاق، مۇكەممەل بايان قىلىنغان «زۇبدەتىل قاۋانىل ئىلاج» (داۋالاش ئىشلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق ئىككى پارچە كىتابىنىڭ بارلىقى ھەققىدە

ئۆلىمالىرى تارىخىي مۇھاكىمە يىغىنىدا جامالىدىن ئاقسارايىنىڭ چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغان بىر ئەلدە تۇغۇلۇپ ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. چىڭگىزخاننىڭ 1 - قېتىم غەربكە يۈرۈش قىلىشى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، يەنى 1219 - يىلى باشلانغان. دېمەك، ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى بالدۇر دېگەندىمۇ 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇلۇپ، 1220 - يىللىرى ئەتراپىدا چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغان ئەلدىن ھىندىستانغا قېچىپ بارغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.① تىبابەت تارىخىي ھەققىدە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئابدۇرېھىم قادىر قۇمۇلى ئەپەندى: «ئۇيغۇر تىبابىتى قەدىمكى ئەسەرلىرى ۋە تەتقىقاتى» (5) ناملىق ئەسىرىدە ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى ھەققىدە توختىلىۋېتىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«ئالىمنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە ‹بەزىلەر بۇ كىشىنى ئىستامبۇلنىڭ ئاقساراي دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، دەيدۇ. ئەمما تولۇق دەلىل يوق›. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىستامبۇلدىن خېلىلا يىراق بولغان ھىندىستانغا قېچىپ بېرىش ئېھتىمالىدىن يىراق. يەنە بەزىلەر: ‹غەربىي ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ئىراق ۋە ئىران تەرەپلەردىكى ئاقساراي دېگەن شەھەرلەردە تۇغۇلغان دەيدۇ›. گەرچە، بۇ جەھەتتە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك، دەپ قارىغاندىمۇ، مېنىڭچە، تۆۋەندىكىلەردىن جامالىدىن ئاقسارايىنى خوتەن قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئاقساراي يېزىسىدا تۇغۇلغان، دەپ دەسلەپكى خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ. 1978 - يىلى بىز خوتەنگە ئۇيغۇر تىبابىتى تارىخىنى تەكشۈرگىلى بارغاندا، پېشقەدەم تېۋىپلار بىزنى مۇنداق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى: يەنى، بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەننىڭ مەرھۇم ئابدۇللا داموللام مەۋلىۋى، مەرھۇم ھەسەن دامموللام مەۋلىۋى، مەرھۇم مەتنىياز مەۋلىۋى ۋە ئاتۇشلۇق زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى قاتارلىق ئۆلىمالار ھىندىستان لەكنو

① ئەسكەرتىش: «دېگىز ئۈنچىلىرى»، «قاراقاشنى چۈشىنەيلى»، «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا جامالىدىن ئاقسارايىنى 19 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن دەپ يېزىلغان. ئەمما پېتەرلىك دەلىل - ئىسپات كەلتۈرۈلمىگەن. بىراق ئالىمنى 12 - ئەسىرلەردە ئۆتكەن دېگەن قاراشنى ياقىلىغۇچىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىسپاتى ئازراق بولسىمۇ چىنلىقتا ئىگە. كەلگۈسىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى سورايمىز. (ئا)

قىلىنغانلىقى سۆزلىنىدۇ. شۇ قېتىمقى مۇنازىرىدە يالغۇز ئالىمنىلا ئۆلتۈرگەنمۇ ۋە ياكى 3000 ئۆلىمانىمۇ ئۆلتۈرگەنمۇ بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى كلاسسىك ئەسەردە ئالىمنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئېنىق يىلنامە يوق. پەقەت ئۇنى كۈچلۈكنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بىز كۈچلۈكنىڭ ھايات خاتىرىسى يېزىلغان ئەسەرلەردە جۈملىدىن ۋ.ۋ. بارتولدىنىڭ «يەتتە سۇ تارىخي ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتابى ۋە ئابلەت نۇردۇن ئەپەندىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخي ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» ناملىق كىتابلىرىدا بىردەك كۈچلۈكنىڭ مۇڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىقى، شۇنداقلا پامىردىكى سارقۇم دېگەن جايدا كاللىسىنىڭ ئېلىنغان ۋاقتىنىڭ 1218 - يىللىرى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان. بولۇپمۇ «يەتتە سۇ تارىخي ئوچېرىكلىرى» ناملىق كىتابتا بۇ ھەقتە خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن بىز كۈچلۈكنىڭ ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەت خوتەنىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقتىنىڭ 1222 - يىلى ئەمەس، بەلكى 1218 - يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمىز. بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىق بىر يىلنامىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەتراپلىق ئىزدىنىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## جامالىدىن ئاقسارايى

جامالىدىن ئاقسارايى ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ ئەتكەن بۈيۈك ئەللامەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر تېببىي ئەسىرى «ئاقسارايى» ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

ئالىمنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە تېخى ئېنىق بىر ماتېرىيال يوق. بەزىلەر ئۇنى «ئىستامبۇلنىڭ ئاقساراي دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان»، دەيدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا «بۇ كىشىنىڭ 11 - ئەسىرنىڭ ئاياغلىرىدا تۇغۇلغانلىقى مەلۇم» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئېنىقلىق دەلىل كەلتۈرۈلمىگەن. 1936 - يىلى ھىندىستاننىڭ دىيوبەن شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئاسىيا

بېرىلگەن، «مۇجىزىلقانۇن» دىكى قىيسىن مەزمۇنلار يورۇتۇپ بېرىلگەن. «مۇجىزىلقانۇن» دىكى خاتا كەتكەن مەزمۇنلار تۈزىتىلگەن. يەككە ھەرقايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرىدىن 180 خىلى سۆزلەنگەن. يەككە دورىلاردىن 390 خىلى، مۇرەككەپ دورىلاردىن 144 خىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتى قەدىمكى ئەسەرلىرىمىز ئىچىدە تېۋىپلىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىم جامالىدىن ئاقسارايىنىڭ «ئاقسارايى» ناملىق كىتابىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئەرەب يېزىقىدا پۈتۈلگەن بۇ قىممەتلىك ئەسەر قولدىن قولغا تارقىلىپ 1899 - يىلىغا كەلگەندە لەكنۇدا رەسمىي نەشردىن چىقىپ، 1929 - يىلىغىچە دېھلى ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام تېبابىتى ئىنستىتۇتىدا دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلگەن. دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم تېۋىپلارمۇ ئۆز قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر ئەسەرنىڭ نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ تېبابەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنسا، ئۇنىڭدىكى تىل تەركىبلىرىدىن پايدىلىنىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل تەتقىقات نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن.

## موللا ئارىپ خوتەنى

مول مەزمۇنغا ئىگە قىممەتلىك مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولغان ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى موللا ئارىپ خوتەنى، ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاسكۈي يېزىسىدا 1564 - يىلى تۇغۇلۇپ، 91 يېشىدا ۋاپات بولغان. مازىرى ھېلىمۇ ھەم لاسكۈي يېزىسىنىڭ دۆلەت مەھەللىسىدە بولۇپ، «سەردارى ۋەلىيۇللا مازىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنى «سەرگەن مازار» دەپمۇ ئاتايدۇ.

مەزكۇر ئالىم باللىق دەۋرىدىن تارتىپ 20 نەچچە ياشلىرىغىچە خوتەندە ئاتىسى موللا سەلىم ئاخۇنۇمدىن ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئىلمىي نەھۋى (گراماتىكا)، ئىلمىي سەرپ

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغاندا مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋاتقان بىر كىتابنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئاراڭلاردا خوتەندىن كەلگەنلەر بارمۇ؟ دەپ سورىغان، ھەمدە، بۇ كىتاب خوتەننىڭ ئاقساراي دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر تېببىي ئالىمى جامالىدىن يازغان «ئاقساراي» دېگەن كىتاب بولىدۇ دېگەن. بۇ كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ ئالىمدىن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، مەرھۇم پېشقەدەم تېۋىپ ئەخمەد ھاجى، مەرھۇم ھاجى ئىلىخان ھەزرىتىم، داڭلىق دورىگەر ئىمىنىياز ئاخۇنۇم قاتارلىقلارغا ناھايىتى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەرگەن. بۇ دەل، 1936 ـ يىلى چىقىرىلغان يەكۈن ۋە مەرھۇم ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىمى ئۇستاز ئابدۇلھەمىت يۈسۈپ ھاجىنىڭ «شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ئوقۇشقا بارغان بىر قىسىم كىشىلەر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ كىشىنىڭ خوتەن قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىسىدىن بارغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقان» دەپ يازغىنىغا ئوخشاش.

ئالىم جامالىدىن ئاقسارايى موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ ھىندىستانغا كەتكەنلىكى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنراق كېلىدۇ. ئالىم ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئەسەرنى يېزىپ («ئاقسارايى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) ئۆز يۇرتىنى سېغىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئاقسارايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، باشقا تېببىي كىتابلاردىن ئۆزگىچە ھالدا ئۆز كىتابىغا «ئاقسارايى» دەپ نام قويغان. مەزكۇر ئەسەردە، ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىلىرى، ھەرقايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ داۋاسى، يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار سۆزلەنگەن بولۇپ، نەزەرىيە قىسمى ئاساسەن باشقىلار تەرىپىدىن ئىبنىسىنانىڭ «ئەلقانۇن» نى كىچىكلىتىپ يازغان «مۇجىزىلقانۇن» (ئەلقانۇندىكى مۆجىزىلەر) دېگەن ئەسەردىكى خاتا كەتكەن جايلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىلمىي ئاساسلاردىن تەركىب تاپقان. شۇڭا، مەزكۇر قىسمى ئەسلى ئاپتور (ئىبنى سىنانى دېمەكچى) مۇنداق دېگەن، ئۇ (مۇجىزىلقانۇننىڭ ئاپتورىنى دېمەكچى) مۇنداق دەپتۇ، مەن مۇنداق قارايمەن دېگەن شەكىلدە يېزىلغان. «ئەلقانۇن» دىكى قىيىن مەزمۇنلار يورۇتۇپ

كۆلدەستىسى)، چاغاتايچە «تۈركىي دەستۇرۇلئىلاج» (تۈركچە داۋالاش قوللانمىسى)، پارسچە «مۇجەررەباقى ئارىف» (ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى)، ئەرەبچە «ئەسرارۇلنەبزى ۋەلبەۋلى ۋەلبىراز» (تومۇشنىڭ ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ سىرلىرى)، پارسچە «مۇئالىبىتانىل فۇقرائى ۋە ئەھلىل سەھرائى» (كەمبەغەل ۋە سەھرالىق ئاجىزلارنى داۋالاش)، پارسچە «رىسالەئى گەسەد ۋە ھىجامەت» (قان ئېلىش، شەخەك قويۇش ھەققىدىكى رىسالە) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى يازغان. بۇ ئۇلۇغ زات خوتەن دىيارى مىقياسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تارىم ۋادىسى دائىرىسىدىن كەلگەن تالاي بىمارلارغا شىپالىق بەخش ئەتكەن. نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

## ئۇسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ

ئوسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ 18 - ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ھۆكۈمالىرىدىن بولۇپ، بۇلار ئاكا - ئۇكا ئىدى.

ئوسمان بەگ ۋە مۇرات بەگ 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇلار كېيىن تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇپ ھەر تەرەپتىن تولۇق بىلىم ئېلىپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتقان. ئاكا - ئۇكا ئىككىلىسى ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، «شارائىتى سىھھەت» (ساقلىق شەرتلىرى) ۋە «تەجرىباتى تېببىي» دېگەن ئەسەرنى تۈركچە يېزىپ چىققان. بۇ كىتابلار قازاندا باستۇرۇلغان. ئوسمان بەگ خوتەندە ئۇزاق مۇددەت تېۋىپلىق ۋە دورىگەرلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن دۆلەت يار دېگەن كىشى خوتەننىڭ مەشھۇر تېۋىپ دورىگىرى بولۇپ، شەھەر ئىچىدە بىر نەچچە جايدا دورا - دەرمەك دۇكىنى بار ئىدى. ھازىر بۇ كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر نەچچە نەپەر نەۋرە - چەۋرىلىرى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ پېشقەدەم تېۋىپلىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

(سىنتاكسىس) ئىلمىي تەجۋىد (فونتىكا)، ئىلمىي فىقھى (شەرىئەت ئىلمى)، ئىلمىي تەفسىر، ئىلمىي ھەدىس، ئىلمىي مەنتىق ۋە ئىلمىي تىب قاتارلىق پەنلەرنى ئۆگەنگەن. تىبابەت ئىلمىدە ھەرقايسى پەنلەرنى ئۆگىنىشكە، بولۇپمۇ يەككە دورىلارنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى، مۇرەككەپ دورىلارنىڭ لايىھىلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىشى، يەنى داۋاسازلىق ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئالىم 28 ياشقا كىرگەندە بوۋىسى موللا ئالىم داموللا ئۇنى تىبابەت ئىلمىدە تېخىمۇ يۇقىرى بىلىمگە ئېرىشسۇن دەپ، ئەينى زاماندا ئىككىنچى ئۇستاز ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ شاگىرتلىرىدىن دەپ قارالغان يەكەنلىك تېببىي ئالىم ئۇلۇغ بەگ يەركەندىنىڭ ھوزۇرىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئالىم بۇ پىر ئۇستازى ئالدىدا نەزەرىيە جەھەتتە ئۇيغۇر تېببىي ئالىمى ئوبۇلھەسەن قەرشىنىڭ مۇجىزىلقانۇنىنى، كېسەللىك تەشخىسى (دىئاگنوزى) جەھەتتە «شەرھى ئەسجاب» نى، كېسەللىك داۋالاش جەھەتتە ئەلقانۇنىنىڭ ئۈچىنچى جىلدىنى، «تەزكىرەتۇل ئەنتاكى» ۋە «فىردەۋسۇلھېكمەت» قاتارلىق كىتابلارنى ئۆگەنگەن ھەمدە تىبابەت ئىشخانىلىرى ۋە داۋا سازلىق كارتانىلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ، ئەمەلىي تىبابەت ساھەسىدە خېلى چېنىققان، كېيىن مەزكۇر پىر ئۇستازىنىڭ ئەمرى بىلەن، ھىندىستاننىڭ سەرھىندى دېگەن شەھىرىگە بېرىپ، ھەيدەر ئەلىخان ساھىب دېگەن تىبابەت ئۇستازىنىڭ ھوزۇرىدا يەنە ئۈچ يىل بىلىم ئاشۇرغان ھەمدە يەكەنگە قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل پىر ئۇستازىنىڭ خىزمىتىدە بولغاندىن كېيىن، يۇرتى خوتەن لاسكۈيغا قايتىپ كېلىپ، خەلقىنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىبابىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان.

موللا ئارىپ خوتەنى ئەينى يىللاردا كۆندىلىك ئىشلار تەرتىپىنى ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۈشتىن بۇرۇن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان بىمارلارنى بىر تەرەپ قىلسا، چۈشتىن كېيىن شاگىرتلىرى ۋە تالىپلىرىغا دەرس ئۆتكەن. كەچلىرى قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ پارىچە «گۈلدەستەئى ئافىيەت» (ساغلاملىق

## تۇردى هاجى

تۇردى هاجى 1863 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1875 ـ يىلدىن 1885 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىستە دىنىي تەلىم ئالغان ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ، مۇشۇ ئارىلىقتا (1885 ـ يىلى) مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش سەپىرىدە پاكىستاننىڭ كاراچى دوختۇرخانىسىدا تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، 1894 ـ يىلىغىچە توختى ئاخۇن ھاجىدىن تېبابەت ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1894 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلىغىچە لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بىرلەشمىسى ئامبۇلاتورىيىسىدە، 1975 ـ يىلدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن.

تۇردى هاجى ئۆزىنىڭ 90 يىلدىن كۆپرەك ئۆمرىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتتى. تۇردى هاجى 1987 ـ يىلى 124 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## نىياز هاجى

ئاتاقلىق تېۋىپ نىياز هاجى مىر ئەخمەت تىرىشچان، بىلىمى مول، خەلق سۆيەر تېۋىپ ئىدى. ئۇ 1863 ـ يىلى خوتەندە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى قۇربانجان شۇ مەزگىللەردە تونۇلغان تېۋىپ ئىدى.

نىياز هاجى كىچىكىدىنلا ئەرەبچە، ئوردۇچە تىللارنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇ تىللارغا پىششىق بولغان. ئۇ 1901 ـ يىلى غولجىدا

## خوجا رەھىم ئاخۇنۇم

خوجا رەھىم ئاخۇنۇم (تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان) خوتەنلىك، ئۇيغۇر تېبابىتى رېتسېپتور ئالىمى بولۇپ، كىچىك چاغلىرىدا خوتەندىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ياش چاغلىرىدا ئىلمىي فىقھى ۋە ئىلمىي تىپ كەسپلىرىنى شۇ مەدرىسلەردە زور ئىجتىھات بىلەن ئوقۇغان. خوتەن دىيارىدىن چىققىدىغان دورىلار بىلەن كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغان. 1937 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، خوتەننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان دورا ۋە دورا نۇسخىلىرىنى توپلاپ، چاغاتاي تىلىدا «تېببىي چوڭ» دېگەن چوڭ قارابادىن كىتابىنى يېزىپ چىققان. بىزنى يەرلىك دورا ۋە دورا نۇسخىلىرىنى قېزىشتا بىباھا مەنبە بىلەن تەمىنلىگەن.

## مۇھەممەت رەھىم شاھ بوۋا

مۇھەممەت رەھىم شاھ بوۋا (؟ — 1856- يىلى) خوتەن شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۆسمۈر چاغلىرىدا خوتەندىكى مەدرىسلەردە ئانا تىلى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ياشلىق چېغىدا مەدرىسلەردىكى ئۇيغۇر تېبابەت كەسپىدە قېتىرقىنىپ بىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بەگلىك ئىمتىيازىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمەلنى دوست تۇتماي، ئاجىز ـ ئورۇق، يېتىم ـ يېسىرلەرگە، پېقىر خەلقلەرگە خەيرى ـ ساخاۋەت، مېھرى ـ شەپقەت قىلغان. ئۇ ھېچىزى ـ سەھەت ئىشلىرىغا ئوبدان رىئايە قىلىدىغان ئۆلىما بولغاچقا، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن. خەلق ئۇنى ئىززەتلەپ مۇھەممەت رەھىم شاھ بوۋا دەپ ئاتىغان. مەزكۇر ئالىم ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، 1830 ـ يىلى چاغاتاي يېزىقىدا «مەنبەئىي قوۋايى» (ساغلاملىقنىڭ مەنبەسى) دېگەن 600 بەتلىك چوڭ ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

رايوندىن چىقىدىغان تۇرلۇك دورىلارنىڭ چىقىش كورنىي، يىغىلىدىغان پەسلى، شىپاھلىق رولى، شۇنداقلا بۇ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ رەسىملىك تونۇشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەزمۇنلاردا كىتابچە تۈزگەن ئىدى.

نىياز ھاجى 1971 ـ يىلى 108 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى ئىش ئىزلىرى ھېلىمۇ خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ كەلمەكتە.

## مىر ئەھمەد ھاجىم (مىر ئاۋۇت)

مىلىك ھاجىم ئوغلى مىر ئەھمەد ھاجىم 1880-يىلى گۇما بازار ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق ئاتا كەسىپ سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1903 ـ يىلى ھىندىستانغا چىقىپ، ئۇردا تىلى يېزىقىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، تەرجىمە قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكەن. ئۇ ھىندىستاندا بەش يىل ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، غەربچە داۋالاشنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئۇستازى ھېكىم ئەكمەلخان، ھېكىم ئەجمىلخان، ھېكىم ئەزەمخان قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئېنگىلىزچىنى تولۇق بىلىدىغان، غەربچە ۋە مىللىيچە كېسەل داۋالايدىغان، تومۇر تۇتماي كىشىلەرنىڭ سۆيدۈكىگە قاراپ دىئاگنوز قويالايدىغان تېۋىپلاردىن ئىدى. مىر ئەھمەد ھاجىم 1918 ـ يىلى ھىندىستاندىن قايتىپ كېلىپ 1925-يىلغىچە سودا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇ گۇمىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرى ۋە قاغىلىق قاتارلىق جايلارغا بىر قانچە قېتىم بېرىپ كېسەل داۋالىغان. كۆپ ئىقتىدارلىق، يۇقىرى بىلىملىك بۇ كىشى پالەچ، مۇپاسىل، نۇقرەس قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئالاھىدە تەجرىبىگە ئىگە ئىدى. تېۋىپ مىر ئەھمەت ھاجىم 1967 ـ يىلى 87 يېشىدا قوشتاغ يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئەمەت ھاجىم

ئەمەت ھاجىم 1882- يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان.

ئولتۇراقلىشىپ تېۋىپلىق قىلغان. نىياز ھاجى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ماھىر بولۇپلا قالماي، يەنە جۇڭگىيى تېبابىتى ۋە غەرب تېبابىتىنىمۇ پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تېببىي كىتاب ۋە قول يازمىلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يوقاپ كەتكەندىن باشقا، يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللار ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ساقلاپ كەلگەن بىر قول يازمىسىدا ۋابا، كېزىك، چېچەك، يۈرەك كېسەللىكلىرى، تېرە كېسەللىكلىرى، ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، تۈرلۈك جاراھەت قاتارلىقلارنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، پەرھىز تۇتۇش، ئاغرىق بېقىش (تېببىي پەرۋىش)، ئاشقازاننى يۇيۇش، ھەمەلچە قىلىش، لوڭقا قويۇش ئۇسۇل - تەرتىپلىرى ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭ يەنە كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، تۈرلۈك تومۇر ئەھۋاللىرى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مىزاجى، ھەر خىل مىزاجدىكىلەرنىڭ بەدىنىدە كۆرۈلىدىغان ھەر خىل ئالامەتلەر، ئۇ ئالامەتلەرنىڭ خىلىتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قول يازمىسىمۇ بار. ئۇ، داۋالاشتا پەرۋىش قىلىپ داۋالاش، غىزالار بىلەن داۋالاش، دورا بىلەن داۋالاش، قول ئەمەلىيىتى بىلەن داۋالاش قاتارلىق داۋالاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان. ئۇ يەنە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىتى، ئادەم بەدىنىگە بولغان تەسىرلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان.

نىياز ھاجى ئۆز بىلىمىنى قىزغىنلىق بىلەن باشقىلارغا ئۆگىتىپ، تېبابەتچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي ھەسسىلەرنى قوشقان. ئۇ 1951 - يىلى غولجا شەھىرىدىكى يەككە تېۋىپلار ۋە تېبابەتچىلىككە قىزىققۇچىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا تېبابەتچىلىكتىن ئەمەلىي ساۋات بەرگەن. ئۇ بۇ جەرياندا 313 خىل دورا ئۆسۈملۈكنىڭ شىپاھلىق رولى، ئۇلاردىن دورا تەييارلاش، شۇنداقلا تېبابەت نەزەرىيىسى، تومۇر تۇتۇش قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان دەرسلىك تۈزۈپ چىققان.

نىياز ھاجى قابىلىيەتلىك ئىچكى كېسەللىكلەر تېۋىپى ۋە ماھىر دورىگەر ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن رەسمىيلىقمۇ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ئىلى

ئىشىك ئالدىغا بېرىپ كېسەل داۋالاپ، كىشىلەرنىڭ يۇقىرى
ھۆرمىتىگە، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقىغا
ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرقى زامان غەربچە داۋالاش ئىلمىنىمۇ مەخسۇس
ئۆگەنگەن. ئۇ، 1956-يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش بازىرىدىكى
يەككە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۆت نەپەر كىشىگە
خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ مەبلەغ قوشۇپ يۇرۇڭقاش
يېزىسىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇپ، نۇرغۇن
كېسەللەرنى ياتاقتا يانقۇزۇپ داۋالاپ، پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ، كەڭ
خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئېلىخان 24 يىل ئاشۇ
شىپاخانىنىڭ مەسئۇلى ۋە باش تېۋىپى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 -
يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت
شىپاخانىسىنىڭ باش تېۋىپى قىلىپ يۆتكىگەن ۋاقىتتا، تەشكىلنىڭ
بۇ قارارىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، شىپاخانىدىكى پېشقەدەم
تېۋىپلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى
كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، كەسپىي قابىلىيىتىنى تېخىمۇ
ئۆستۈرگەن.

1983- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن
ئۇيغۇر تېبابەت مۇدىر ۋىراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن. شۇ يىلى
مەملىكەت بويىچە ئىلغار تېببىي خادىم بولۇپ باھالىنىپ، سەھىيە
مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان. بېيجىڭ، شاڭخەي،
تيەنجىن قاتارلىق توققۇز ئۆلكە شەھەردە ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە
ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ چوڭ يىغىندا
تەجرىبە تونۇشتۇرغان. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمىي ئەسەر
يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ «ئۇيغۇر تېبابەت ئاناتومىيىسى»،
«تېبابەتچىلىكنىڭ نەزىيىۋى ئاساسى» قاتارلىق كىتاپلارنى يازغان.

ئېلىخان ھەزرىتىم 1989- يىلى 7- ئاينىڭ 18-كۈنى 102 يېشىدا
كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قازا قىلغان.

## ئابدۇللا داموللام

تېۋىپ - ھۆكۈما ئابدۇللا داموللام 1888 - يىلى خوتەن

1904- يىلغىچە مۇھەممەت نىيازھاجى، ئابدىجاپپار ئاخۇنۇم قاتارلىق ئاتاغلىق دىنىي زاتلاردىن تېبابەتچىلىك ئىلمىي بويىچە تەلىم ئالغان. 1904-يىلدىن 1954- يىلغىچە خۇسۇسىي تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشقان. 1954- يىلدىن 1975- يىلغىچە كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمىدە دوختۇرلۇق قىلغان. 1975- يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. ئۇ، بۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ھەر خىل سەۋەبلەردىن بولغان پالەچ كېسىللىنى داۋالاشتا ئالاھىدە نەتىجە قازىنىپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدە توپلىغان تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بەزى ئەسەرلەرنى يېزىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ 1 ،، 2 ،، 3 ،، 4 ،، 6 - توملىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى بولغان ۋە مەزكۇر قامۇسنىڭ 4 - تومىنى يېزىشقا قاتناشقان. ئۇ 1994 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ۋاپات بولغان.

## ئېلىخان ھەزرىتىم

ئېلىخان ھەزرىتىم 1887 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئېلىخان ھەزرەت چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپقاندىن كېيىن، يۇرۇڭقاشتا تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە تېبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان. پەقەتلا ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىش ۋە ئىگەللەپ بولۇشنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ئوردۇ، پارس، ئەرەپ تورۇك تىللىرى ۋە يېزىقلىرىنى ئۆگىنىپ، چەت ئەل تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، تېبابەتچىلىك كەسپىنى پۇختا ئىگىلىگەن. كېسەل داۋالاش، ئىزباسار يېتىشتۈرۈش، ئىلمىي ماقالە يېزىش، تەجرىبە سۆزلەشتىن سىرت نۇرغۇن ۋاقىت چىقىرىپ

تىب» ، «تىببىي ئەكبەر» قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ دەرس ئۆتۈپ ئىلىي ھاجىم، ئابدۇۋايىت ھاجىم، ئابدۇكېرىم ھاجىم، مەتتۇرسۇن ھاجىم، ھەبىبۇللا ھاجىم، مەتتوختى ھاجىم، تۇرسۇن خەلىپەم قاتارلىق تېبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئابدۇللا داموللام ئەل ئارىسىدا ناھايىتى ھۆرمەتلىنىپ قەشقەردە ئوقۇغىنى ئۈچۈن «داموللا» ، ھىندىستاندا ئوقۇغىنى ئۈچۈن «مەۋلىۋى» دەپ ئاتالغان. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن يۇقىرىقى تېبابەتچىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆپى ھازىر ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئىدى.

ئابدۇللا داموللام 1975 - يىلى 9 - ئايدا 86 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. سەھىيە نازارىتى ئالاھىدە تەزىيە تېلېگراممىسى يوللاپ، ئائىلىسىدىن ھال سوراش بىلەن بىرگە بۇ تېبابەت مۇتەخەسسىسىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەن.

## مەخسۇت ئاخۇنۇم

مەخسۇت ئاخۇنۇم 1888 - يىلى گۇما ناھىيىسى بازىرى ئىچىدە ئون ئەۋلاد تېۋىپ نۇرۇللا ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئون يېشىغىچە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان. ئون يېشىدىن باشلاپ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىدىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتابلارنى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ، مول نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە بولغان. 15 يېشىدىن باشلاپ تاغىسى مامۇت ھاجىم بىلەن بىللە ئۆز ئالدىغا تېبابەتچىلىك قىلىپ كېسەل داۋالىغان. يىراق تاغ، يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ كېسەل داۋالاش بىلەن بىرگە، بارغان يېرىدىن ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىپ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، ئۇنۇمىنى كۆزىتىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن مەخسۇت ئاخۇنۇم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن تېخىمۇ ئىزدىنىپ، داۋالاش قىمىن

ناھىيىسىنىڭ يېڭى ئاۋات يېزا ئوتۇن كەنتى «مىلىك بېشى» مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تېۋىپ راشىدىن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. ئون يېشىغىچە ئۆز يۇرتىدا ساۋادىنى چىقارغان. 1898 - يىلى خوتەنگە كېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى «شىپەت باغ» مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1912 - يىلى بۇ مەدرىسنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1916 - يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ چەت ئەلگە چىقىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ راۋۇلپىندى، كاراچى، دېھلى، بومباي قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ، بىلىم ئالغان. كېيىن بومبايدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەركەنلىك باھاۋۇدۇن باينىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەر ئايدا ئوقۇش ياردەم پۇلى ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشى بىلەن ۋەتەنداش ساۋاقدىشى ھەسەن مەۋلىۋى بىلەن بىرگە بومباينىڭ لەكنۇ دېگەن يېرىدىكى «لاكنو تېبابەت ئىنىستىتۇتى» دا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يەنە ۋەتەنداش باۋۇدۇن باينىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە يوللۇقى بىلەن چەت ئەلدىكى 14 يىللىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، نۇرغۇن كىتاب ۋە قولپازما، دورا - دەرمەكلەرنى ئېلىپ ساۋاقدىشى ھەسەن مەۋلىۋى بىلەن بىرگە ھەجدىن يانغان كارۋانلارغا قوشۇلۇپ قايتىپ كېلىپ، خوتەن شەھەر ئىچىدىكى «شىپەت باغ» مەدرىسىگە مۇددەررىسلىك قىلغاچ، تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تېبابەتچىلىك ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلىگەن. ساۋاقدىشى ھەسەن مەۋلىۋىمۇ باشقا مەكتەپتە مۇددەررىسلىك قىلغاچ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1956 - يىلدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا كېسەل كۆرگەچ، تېبابەتچىلىك ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇللا داموللام تېبابەتچىلىك ئىلمى بويىچە ئەينى چاغدا چەت ئەلگە چىقىپ ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس تەربىيە ئالغان ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى (يەنە باشقا ئىككى نەپىرىدىن بىرى ھەسەن مەۋلىۋى، يەنە بىرسى ئابدۇكېرىم ھاجىم) بولۇپ، ئەرەب، پارس، ئوردو، ھىندى، تۈرك تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىدىن «مىزانى

مۇجى، پىيالما، دۇۋا، ئۇلۇغئاتا قاتارلىق يېزا - كەنتلەردە داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1949 - يىلى ئەرەبىستانغا چىقىپ ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پاكىستاندا بىر يىل ئەتراپىدا تۇرۇپ بىرتەرەپتىن داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن رايونىمىزدا كەمچىل بولۇۋاتقان بىر قىسىم يەككە دورىلارنى يىغىش، توپلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ قايتىشىدا نۇرغۇن يەككە دورىلارنى، دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۇرۇقلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ بىر قىسمىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرغان. 1954 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيە ئاقساراي يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بۆلۈمىدە ئىشلەپ، دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ ھەمدە تاغلىق رايونلاردىن دورا يىغىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك يەككە دورىلىرىنىڭ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان. ئۇ شىپاھلىق ئۇنۇمى يۇقىرى ئاددىي رېتسېپلار ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ جىنسىي ئاجىزلىق، بالىياتقۇ راكى، تېرە كېسەللىكلىرى، نەپەس سىستېما ۋە ھەزىم قىلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرىنى، نېرۋا كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

ماخسۇر ھاجى قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىدا 10 يىلدىن ئارتۇق ئىشلەش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، كېسەللەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشتىكى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىدىن ئۆتكەن شىپاھلىق رېتسېپلىرىنى توپلاش، رەتلەش ھەم شاگىرت تەربىيىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن شاگىرتلار ھەرقايسى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىلىرىدا ئاساسلىق تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ماخسۇر ھاجىمغا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى ئىقتىدارى ۋە خىزمەتتىكى مول تۆھپىلىرىگە ئاساسەن 1978 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانى بېرىلگەن. 73 يىل تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ماخسۇر

بولغان كېسەللىكلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ خەلق ئامىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشتى. 1957 - يىلى گۇما ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بىرلەشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن مەخسۇت ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ تېببىي كىتاب، يەككە دورا ماتېرىياللىرى بىلەن داۋالاش سايمانلىرىنى بۇ بىرلەشمىگە تەقدىم قىلدى ھەمدە مۇشۇ بىرلەشمىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئەمەلىي داۋالاش ۋە تېببىي كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، رەتلەش، يېزىش ئىشلىرىغا كىرىشىپ، «مىزانى تېب» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى. «تېببىي خۇلاسە» ، «تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسىپلار توپلىمى» ، «تاشقى كېسەللىكلەر ھەققىدە تەتقىقات» ، «ئادەم ئاناتومىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.

مەخسۇت ئاخۇنۇم يەنە ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن شاگىرت يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، 20 دىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا تايانچ تېۋىپلاردىن بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئوغلى ئەخمەت مەخسۇت ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مۇشۇ شىپاخانىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ.

مەخسۇت ئاخۇنۇم 1985 - يىلى 97 يېشىدا گۇما ناھىيىسىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

## مانسۇر ھاجىم

مانسۇر ھاجى 1890 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىسى قۇمباغ كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1898 - يىلدىن 1905 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆزەكۆل بېشى مەھەللىسىدىكى مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. 1905 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە نەۋرە ئاكىسى مەشھۇر تېۋىپ توختاخۇن ھاجىمغا شاگىرت بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملىرى ۋە ئەمەلىيەت بىلىملىرىنى ھەم دورىگەرلىك ئىلمىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1915 - يىلىدىن باشلاپ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا قاراقاش ۋە گۇما ناھىيىلىرىنىڭ زاڭگۇي،

ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن بەلگىلىك ھەسسە قوشقان. ئۇ 1946- يىلى چەتئەلگە چىقىپ، پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇ جەرياندا پاكىستان بىلەن ئافغانىستان ئارىلىقىدا دوراگەرلىك قىلىش بىلەن بىرلىكتە، نۇرغۇنلىغان بىمارلارنى داۋالاپ يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ 1974- يىلى پىشاۋۇردا ۋاپات بولغان.

## تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم

خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى يىتۇك نامايەندىسى تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم 1897 - يىلى خوتەن لوپ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1910 - يىلىغىچە ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەدرىستە ئوقۇغان. 1920 - يىلىغىچە ئەللامە يېزىسىدىكى ئاتاقلىق تېۋىپ ھېكىم ئەخمەت ھاجىدىن تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن. كېيىن بۇ جەھەتتىكى بىلىمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە 1920 - يىلىدىن 1925 - يىلىغىچە قاغىلىقتا ھۇسەيىنخان تەجەللىدىن ساۋاق ئالغان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى تەكرار ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىمى تېخىمۇ يۇكسىلىپ 1925 - يىلدىن 1955 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز يۇرتى ۋە يەكەنلەردە تېبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1955 - يىلى مىللىي تېۋىپلار بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرغان. ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن ئەمەلىي داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى تونۇش، داۋالاشنىڭ سىستېمىلىق بايانلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قوللانمىسى» ناملىق كىتابنى 1960 - يىلدىن 1963- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ، تارقىتىپ خوتەن دىيارىدىكى جۇملىدىن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ھەۋەسكارلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلەپ - ئارزۇسىنى قاندۇرغان. تۇردى مۇھەممەت

ھاجىم 1988 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزا قۇمباغ كەنتىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 98 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىر نەچچە نۆۋەت قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولغان.

## مامۇت ھاجىم

تېۋىپ مامۇت ھاجىم 1894 ـ يىلى گۇما ناھىيە تۇگمەنبېشى مەھەللىسىدىكى تېۋىپ مۇھەممەتئابدۇللا ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ھەمدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 10 ـ ئەۋلاد تېۋىپ سۈپىتىدە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. تېۋىپ مۇھەممەتئابدۇللا ئاخۇنۇم تېۋىپ سەيپىدىن ئاخۇنۇم، تېۋىپ ئابدۇللا خوجا ئاخۇنۇم، تېۋىپ تۇرسۇن خەلىپە، تېۋىپ ناسىر بەگ، تېۋىپ سالىي بەگ، تېۋىپ ئۆمەر بەگ، تېۋىپ چىلگە بەگ قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مامۇر ھاجىم ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا دادىسىنىڭ تەسىرىدە تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ مەكتەپ يېشىدىن باشلاپلا ئۆز مەھەللىسىدىكى مەدرىسلەردە ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرى ۋە دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ يەنە مەشھۇر ئەدىب، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىمى ھۈسەيىنخان تەجەللىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، مۇستەقىل ھالدا ئۆز ئالدىغا كېسەل كۆرۈش ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. كېسەل داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ كېسەللەرنى بولۇپمۇ، كۆز كېسەللىكلىرى، ئاق كېسەل، جوزان، سىل، سىبلىس كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ئالاھىدە نەتىجە قازانغان. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يېزىپ قالدۇرغان قولىيازمىسى ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ تېۋىپى ئابدۇغېنى ھاجىمدا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مامۇت ھاجىم بىر تۇركۈم ئۇيغۇر تېبابەت ئەختىساس

يۈتكىلىپ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاپ بولۇپمۇ بەرەس (ئاق كېسەل) نى داۋالاش جەھەتتە خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ۋە تەجرىبە يارانقان. يەنە سەرتان (راك) كېسىلىنى داۋالاشتىمۇ كۆپ ئىزدىنىپ مەلۇم نەتىجىلەرنــــى قولغا كەلتۈرگەن. ئەنە شۇنداق تۆھپىلىرى بىلەن 1981 - يىلى مۇدىر ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 6 - توملىرىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ۋە مەزكۇر قامۇسنىڭ 4 - تومىنى يېزىشقا ھەم «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش تېخنىكا ئىلمىي» ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان. شـــــنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىــــڭ پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزاسى بولغان. ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو مەشھۇر كىشىلىرى ئىسىملىكى كاتالوگى» غا كىرگۈزۈلگەن.

تونۇلغان تېببىي ئۇستاز خوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم 1994 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھەجدىن قايتىش سەپىرىدە، تاشقورغان ناھىيىسىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 78 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئابدۇلھىمىت يۇسۇپ ھاجىم

ئابدۇلھىمىت يۇسۇپ داموللاھاجىم 1924 - يىلى خوتەن شەھرىدە داڭلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىلىدىن ئىلگىرى قەشقەردە مەدرىستە ئوقۇغان ھەم خوتەندە مەشھۇر تېۋىپلاردىن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئەينى ۋاقىتتىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئەدەبىيات ۋە تارىخ بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن.

ئۇ ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئېنگلىزچە ۋە خەنزۇچىدىن خەۋەدار ئىدى. 1950 - يىللاردىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا خۇسۇسى تېبابەتچىلىك بىــلەن شۇغۇللانغان. 1955- يىلى خوتەن ناھىيــلىــك ئۇيغۇر تېبابەتچــلىــك دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1978 - يىلى خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1978- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي

ئاخۇنۇم ھەم ئەمەلىي تېبابەت ھەم نەزەرىيە تېبابەتچىلىكىدە تونۇلغان تېبىبىي ئالىم بولغاچقا، 1975 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ كېلىنگەن. ئۇ ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان كەڭرى سورۇنغا مۇيەسسەر بولۇپ تازا قانات قېقىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇم ئەجەل ئۇنىڭغا قارا قولىنى سوزۇپ، ئۇنى 1978 ـ يىلى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا يەنى ـــ 1977 ـ يىلى، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قوللانمىسى» ناملىق كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيانقى 10 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە بۇ كىتاب ھەرقايسى تېبىبىي ئۇستاز، شاگىرتلارغا زۆرۈر قوللانما بولۇش رولىنى ئويناپ، ئۇيغۇر تېبابەت قوشۇنىنىڭ كۆپىيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشتا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى. ئالىمنىڭ ھايات ئەۋلادلىرىدىن قىزى مەينىگارخان ھاجىم، كېيىئوغلى ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم قاتارلىقلار ئاتىسىنىڭ ئىزىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

## خوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پېشىۋاسى، ئاتاقلىق تېۋىپ خوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم جامالىدىن ھاجى ئوغلى 1916 ـ يىلى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1923ـ يىلىدىن 1928ـ يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدىكى مەدرىستە ئەرەب، پارس تىللىرى ئۆگەنگەن. 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ ھەم شۇ يىللاردىن باشلاپ ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1954 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1955 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا غەرب تېبابىتى پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1955 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەم «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دەستۇرى» ناملىق ئەسەرنى تاماملىغان. 1975 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا

قىلغان.

ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ داموللاھاجى 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئۇشتۇمتۇت مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى 70 يېشىدا ۋاپات بولغان.

## ئابدۇلھەمىت مۇھەممەدى

داۋالاش، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، كىتاب ـ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش ـ تەرجىمە قىلىش ۋە تەھرىرلەش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ھاتلىق تېۋىپ داموللا ئابدۇلھەمىت مۇھەممەدى 1926 ـ يىلى 6 ـ ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدامەرپەتپەرۋەر، دىنىي ۋە تېببىي ئۆلىما مۇھەممەت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1936 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلىغىچە مەھەللىسىدىكى مەدرىسلەردە دىنىي ۋە پەننىي جەھەتلەردىن تەلىم ئېلىپ ساۋاتىنى چىقارغان. 1941 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلىغىچە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن بىرگە، قەشقەر، ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابدۇل باقى داموللا، ئابدۇل كېرىم داموللا قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەرەب، پارس، چاغاتاي تىللىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. 1949 ـ يىلدىن 1954ـ يىلىغىچە مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرىدىن تۇردى ھاجى ۋە ئېلىخان ھەزرەتكە شاگىرت بولۇپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىپ، خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان. 1954 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلىغىچە لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا ۋە لوپ بازىرى ئىچىدە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى داۋالاش ئورنى ئېچىپ، تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكومنىڭ داۋالاش سىنىپىدا غەرب تىبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىپ، لاياقەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1960 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلىغىچە لوپ بازارلىق دوختۇرخانىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆتەپ، دوختۇرلۇق قىلغان. 1963 ـ يىلدىن 1980ـ يىلغىچە لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدا تىبابەتچىلىك

تېخنىكومىغا يۆتكىلىپ مەكتەپنىڭ پەخرى مۇدىرى بولۇپ مەكتەپنىڭ قۇرلۇش، ئوقۇتۇش ۋە پەن-تەتقىقات خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە بىۋاستە قاتناشقان.

ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكىنى قېزىش، رەتلەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. 1987-يىلى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالى تېخنىكومىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت، ئۆزىنىڭ ۋە ئىلگىركىلەرنىڭ تېبابەت ئەمەلىيىتىگە ئائىت تەجرىبىلەرنى يىغىپ، رەتلەپ، خۇلاسىلەپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ نەزىرىيە ئاساسىنى يېزىشنى باشلىغان. ئۇ «جۇڭگو تىببى قامۇسى» نىڭ تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ 1 - تومى بىلەن، «ئۇيغۇر تېبابەتلىك ئاساسى نەزىرىيىلىرى ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دىئاگنوستىكا ئىلمى» «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى» ، «ئۇيغۇر تېبابىتى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى تېرىپ ئۆستۈرۈش» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋە دەرسلىكلەرنى يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان. ئۇ يازغان بۇ كىتابلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇداسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالى تېخنىكومىدا ھازىر ئۆتۈلۈۋاتقان 15 خىل پەننىڭ 13 دەرسلىك كىتابىنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە بەزىلىرىنى بىۋاستە تۈزگەن ھەمدە «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» (2 -، 3 -، 4 -، 6 - توملىرى) ، «ئۇيغۇر تېبابىتى تېرە ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابىتى باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە دائىم ئىشلىتىلىدىغان دورا ئەشيالار ئىلمى» (1 -، 2 - كىتاب) ، «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش تېخنىكىلىرى ئىلمى» ، «ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇتشۇناسلىق ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە، 10 پارچىدىن ئارتۇق پوبلىبستىك ماقالە ئېلان

## ئەلى هاجى قۇربانىنىياز

مۇدىر ۋراچ ئەلى هاجى قۇربانىنىياز 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خوتەن شەھىرىنىڭ تامباغ يېزىسىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1947 - يىلىغىچە دىنىي مەدرىس ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1947 - يىلىدىن باشلاپ بىر تەرەپتىن تاغىسى ئىمىنىنىياز ئاخۇندىن بوۋىسىنىڭ تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى ئۆگەنسە، ئابدۇللا مەۋلىۋى قاتارلىق ئۇستازلاردىن پارس، ئوردو تىلىدىكى كلاسسىك تېببىي كىتابلارنى ئوقۇغان. 1955 - يىلىدىن باشلاپ، «يېڭى يول ئۇيغۇر تېبابەت بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسى» (كېيىن خوتەن ناھىيىلىك مىللىي ئامبۇلاتورىيىگە، 1975 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ ئىچكى بۆلۈم، تاشقى بۆلۈم كېسەلخانىلىرىدا بۆلۈم مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلگەن.

ئەلى هاجى قۇربانىنىياز 40 نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇنلىغان كېسەللىكلەرنى، بولۇپمۇ ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرى، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، نەپەسلىنىش سىستېما كېسەللىكلىرى ۋە ئەر-ئاياللار جىنسىي كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرت تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇپ، 10 نەچچە شاگىرت تەربىيىلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تېببىي داۋالاش جەھەتتىكى ئەمەلىي ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى تونۇش ۋە ئۇنى داۋالاش»، «جىگەر كېسەللىكى توغرىسىدا»، «ئەرلەر جىنسىي ئاجىزلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» قاتارلىق كىتابلارنى ئارقا - ئارقىدىن يېزىپ نەشر قىلدۇرۇپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. «جۇڭگو تېببىي قامۇسى — ئۇيغۇر تېبابەت تومى» نىڭ 6 - تومىنى يېزىشقا قاتناشقان. داۋالاشقا دائىر خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالە ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يېزىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇ ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ ئائىلىسىدە دەم

بىلەن شۇغۇللانغان. 1980 - يىلدىن 1988 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىدا ئىشلىگەن. 1989 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇلھەمىت مۇھەممىدى كېلىنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 40 يىلدەك ھايات مۇساپىسىدە ئاغرىققا ئامال، ئۆلۈمگە سەۋەب قىلىش جەھەتتە كۆپ ئىزدىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى داۋالاش قىيىن بولغان مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نۇسخا تۈزۈپ، دورا تاللاپ داۋالاش ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا، تەشكىلىنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان. ئوقۇتۇش ۋە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن.

ئابدۇلھەمىت مۇھەممىدى بىر قەدەر مول نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، 90 - يىللاردىن بۇيان كىتاب يېزىش، تىبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ، ئابدۇلھەمىت يۇسۇپ ھاجى بىلەن بىرگە «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نىڭ بىرىنچى تومىنى يازغاندىن باشقا، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا «ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تىبابەت تېخنىلوگىيىسى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى ۋە «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» نىڭ «ئىچكى كېسەللىكلەر»، «ئاياللار كېسەللىك-لىرى»، «بالىلار كېسەللىكلىرى» قىسمىنى يېزىپ چىققان. ئۇ يەنە مەكتەپنىڭ «ئۇيغۇر تىبابەت ئاساسىي نەزەرىيىلىرى دەرسلىكى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى»، «ئۇيغۇر تىبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى» ... قاتارلىقلار دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلىگەن، «قارابادىن قادىرى»، «سۇراھ» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇ 2000 - يىلى 11-ئاينىڭ 16 - كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر تىبابىتى ئۈچۈن بىر يوقىتىش بولدى.

داۋالاشنى ئاساس قىلغان داۋالاش ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

## ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم

ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم 1942 - يىلى خوتەن ناھىيە باغچى بازىرىنىڭ ئەللامە كەنتىدە مەرپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1965 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە ئۇيغۇر تېبابەتى ئىلمى بويىچە داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. 1975- يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا مۇدىر ۋراچ بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم 1962 - يىلىدىن 1964 - يىلىغا قەدەر ئۇستازى مەرھۇم تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم بىلەن بىرلىكتە «ئۇيغۇر تېبابەت قوللانمىسى» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەر 1982 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك 1 - پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلىدىن 1990 - يىلىغا قەدەر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ «دىئاگنوستىكا ئىلمى» دەرسلىكىنى تۈزگەن. بۇ ئەسەر 1992 - يىل دۆلەت دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1978 - يىلى مەملىكەتلىك سەھىيە ئىلىم - پەن يىغىنىغا قاتنىشىپ «ئاق كېسەلنى داۋالاش تەجرىبىسى» دېگەن ماقالىنى يىغىندا ئوقۇغان. ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسىنى يېزىش، تەشكىللەشكە قاتنىشىپ «قامۇس يېزىشقا زور تۆھپە قوشقان» دەپ تەقدىرلەنگەن. «ئۇيغۇر تېبابەت مىزاج نەزەرىيىسى»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋا تەلىماتى نەزەرىيىسى»، «ئاشقازان كېسەللىكى، قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسەللىكى ۋە يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالاش» قاتارلىق 14 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. يەتتە پارچە ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىغىنىدا ئوقۇلغان ۋە بېسىپ تارقىتىلغان.

ئۇ 1996 - يىلى چاقىرىلغان خەلقئارالىق ئەنئەنىۋى تېبابەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ۋە بۇ يىغىنغا سۇنغان «يۈرەك كېسەللىكىنى داۋالاش ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى يىغىن توپلام

ئالغاچ خوسۇسىي تېبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

## ئابدۇخالىق ئىسمائىل

مۇدىر ۋراچ ئابدۇخالىق ئىسمائىل قارىم 1942 - يىلى 10 - ئايدا خوتەن شەھىرى ھېيتگاھ دەرۋازىسىنىڭ دۆڭ كوچا مەھەللىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئاق ئىسمائىل قارىم ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق تېۋىپ بولۇپ، نۇرغۇن ياش تېۋىپلارنى تەربىيىلىگەن. ئابدۇخالىق قارىم دادىسىدىن ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنى ئىگىلىگەن. كېيىنكى چاغلاردا خوتەننىڭ داڭلىق تېۋىپلىرىدىن ئىمىنىياز ئاخۇنۇم، ئابدۇللا داموللام، غوجا باھاۋۇدۇن ھاجىم، تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم، ئابدۇلھېمىت يۇسۇپ ھاجىم قاتارلىق زاتلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەزەرىيىلىرىنى، دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشقا دائىر بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. 1976 - يىلى خوتەن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا تېۋىپلىققا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ بۇ دوختۇرخانىدا داۋالاش ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى، خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي مەكەپلەردە بالىلار كېسەللىكلىرىدىن دەرس ئۆتۈپ، مەكتەپ مەسئۇللىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ خىل تىل بىلىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىگە دائىر كىتابلاردىن «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ 5 -، 6 - توملىرى (بالىلار كېسەللىكلەر ئىلمى ۋە مۇرەككەپ رېتسېپلار ئىلمى) نى يېزىشقا، «جۇڭخۇا ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى - ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى تومى» ئۇچۇن، كلاسسىك تېببىي ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەنبەلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. ئۇنىڭ «بالىلار كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» ناملىق كىتابى 2001 - يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇ ھازىر بالىلار كېسەللىكلىرىنى

مۇھەممەتئىمىن قۇربان

# مۇساپىر تېۋىپ

(لېنىننى داۋالىغان مەشھۇر تېۋىپ ئىمىنھاجى يېڭىجان توغرىسىدا)

1920 - يىل باھارنىڭ بىر سەھىرى، ئەنجان شەھىرىدىكى بىر رەستىدە جىنازىنى چۆرىدەپ نەچچە ئون كىشى مۇسىبەت قايغۇسىدا كېلىۋاتاتتى.

— قانداق قىلاي بالام، نۇۋەت مېنىڭ ئەمەسمىدى بالام، — دەپ جىنازا ئالدىدا ئاھ ئۇرۇپ كېلىۋاتقان 70 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق كىشىنى ئۆلگۈچىنىڭ دادىسى دەپ جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى. رەستىنىڭ چېتىدا تۇرغان چىرايى قارامتۇل، ئوتتۇرا بوي، 35 ياشلاردىكى بىر كىشى ھازىدارنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— جەسەتنى تىرىكمىكىن دەپ قالدىم، — دەپ پىچىرلىدى.

— نېمە دېدىلە؟ — ھازىدار ھاڭۋېقىپ قالدى.

— بۇگۇنچە كۆممەي تۇرغان بولسىلا.

ھازىدارنىڭ كاللىسىدا «بۇ كىشىنىڭ گېپى راست بولغىيدى ئىلاھىم» دېگەن ئۇمىد، ئاقار يۇلتۇزدەك چاقناپ ئۆتتى. ئۇ جىنازا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلارنى ئارقىغا يېنىشقا بۇيرىدى. بۇ تەسادىپىيلىقتىن جامائەت:

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟

— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟

— دادام كۆرمىگەن، ئانام ئاڭلىمىغان گەپكەنغۇ بۇ! — دېيىشىپ قايناۋاتقان قازاندەك غۇلغۇلا قىلىشتىيۇ، جەسەت ئىگىسىنىڭ رايىنى قايتۇرغىسى كەلمەي بىر - بىرلەپ تارقاشتى. «ئۆلگۈچى» نىڭ ئىككى ئىنىسىدىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ جىنازا بار ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. ھازىدار پېشىن نامىزىدىن قايتىپ كېلىپ جىنازا بار ئۆيگە كىردى. ئىككى ئوغلىغا «بىرەر

خاتىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن. «دەستۇر ئىلاج» ناملىق ئۇيغۇر تېبابەت كلاسسىك ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەر 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەن-تېخنىكا كىتابى دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەمدە ئۆلكە دەرىجىلىك 2 ـ دەرىجىلىك پەن ـ تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ھاجى مۇھەممەت باقى ئالىم ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ سابىق دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو مىدىتسىنا قامۇسى جۇڭگو تېبابەت تارماق قىسمى تەييارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خوتەن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ سابىق ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. يېقىندا «ھاياتلىق دەستۇرى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئەمەلىي قوللانمىسى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتىغا تاپشۇرغان.

(«مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى»، «گوما تارىخ ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق مۇنلىسۇمتلىك كىتاب ـ ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تەييارلىغان)



تىنىقى ئەسلىگە كېلىدىغان كېسەللەرمۇ مىڭدىن بىرى ئۇچرايدۇ، — دېدى. مۇساپىر تېۋىپنىڭ ئابرويى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ «ئەۋلىيا تېۋىپ»قا ئايلاندى. ئۇ ئوبلاست باشلىقلىرىنىڭ، كۆپ ئۆتمەي رېسپوبلىكا رەھبەرلىرىنىڭ ئەتىۋارلاپ كېسەل كۆرسىتىشىگە ئېرىشتى. ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە پىكاپ بىلەن كەلتۈرۈلەتتى. باشلىقلار ئۇنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا:

— تومۇرۇمنى تۇتۇپلا كېسىلىمنى دەل تاپتى، دورىسى تېز ئۇنۇم بېرىدىكەن، — دەپ تونۇشتۇراتتى. ئۇنىڭ تەرىپى قولاقتىن-قولاققا يۆتكىلىپ، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى 1 - نومۇرلۇق رەھبىرى لېنىننىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. لېنىننىڭ تەلىپى بىلەن ئۆزبېكىستان رەھبەرلىرى ئۇنى ئايرۇپىلان بىلەن كېرىملىغا ئەۋەتتى. لېنىن ئۇنىڭدىن:

— ھەر بىر ئىشتا جىددىيلىشىپ، بىئارام بولۇپ كېتىمەن، ئېغىر - بېسىق بولۇشنى خالايتتىم، بۇنىڭغا دورا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىمىن ئاخۇن:

— بۇ كېسەللىككىمۇ دورا بار، — دېدى ھەم ئۆزى ئېلىپ يۈرگەن ھايۋانات سۆڭەكلىرى، ئۈسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەن موسكۋادىكى ئوت - چۆپ يوپۇرماقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەجۇنات دورىلارنى ھەم شەربەتلەرنى ياساپ بەردى. مەخسۇس لېنىنغا قارايدىغان دوختۇرلار بۇ دورىلارنى ئانالىزدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن لېنىننىڭ ئىچىشىگە بەردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن لېنىن ئۆزىنىڭ پەرۋاسىز، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى. بىراق دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەسلىدىكى كەسكىن، جىددىي مىجەزىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، بۇ دورىلارنى ئىچىشتىن ۋاز كەچتى. لېنىن تېۋىپقا ئەتىۋارلىق سوۋغاتلارنى بەردى ھەم ئۇنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن مەككە-مەدىنىگە يولغا سېلىشنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ھاۋالە قىلدى.

ئىمىن ئاخۇن ھەج قىلىپ قايتىش سەپىرىدە ئىران، ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا تېۋىپلىق قىلىپ قەشقەرگە كەلگىچە سەككىز يىل ئۆتتى. بىر سارايۋەننىڭ كېسىلىنى داۋالاش زۆرۈرىيىتى بىلەن قەشقەردە بىر ئايچە تۇرۇپ قالدى. بىر كۈنى قاراقاشلىق ئىككى سودىگەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ خوتۇن - باللىرىغا، بىر تۇغقانلىرىغا دۇئايى سالام ھەم پۇل ئامانەت قىلدى.

تىرىكلىك ئالامىتى بارمۇ» دېگەن مەنىدە تىكىلدى. ئۇ ئىككى ئوغلىنىڭ ئۈمىدسىز كۆزلىرىگە قاراپ مەيۈسلىنىپ:

— نامىزىنى چىقىرىۋەتكەن بولساق بوپتىكەن، بىر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، — دەپ پىچىرلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىنىسى:

— ئاكا، ئاڭلىدىڭمۇ، جىنازىدا شەپە بار، — دېدى. ئاكا - ئۇكىلار يوپۇقنى ئالدىراپ ئاچتى. «جەسەت» قوللىرىنى كېپەندىن چىقىرىشقا ئۇرۇنىۋاتاتتى. ئىككى يېشىلگەن «جەسەت» ئۇھ دەپ تىنىدى، كۆزىنى ئېچىپ ئۇكىلىرىغا قارىدى ...

تۈمەن مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىدە كۆرۈلىدىغان بۇ ئاجايىپ ئەھۋالدىن، ھەش - پەش دېگۈچە پۈتۈن ئەنجان خەلقى خەۋەر تاپتى ...

ئىمىن ئاخۇن قاراقاش شەھەر ئىچىدىكى گۈزەر مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تېۋىپ كىشى ئىدى. 1919 - يىلى ھەج قىلىشقا نىيەت باغلاپ، ئۆزى بىلەن تۆت كىشى ئاتلىق سەپەرگە چىققانىدى. قونالغۇلاردا يولۇچىلارنىڭ ياكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاش زۆرۈرىيىتى بىلەن ھەمراھلىرىنى ساقلىتىپ قويۇشنى قايتىملاۋەردى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ساقلاۋېرىشتىن زېرىككەن ھەمراھلىرى ئۇنى تاشلاپ يولىغا راۋان بولدى. يالغۇز قالغان ئىمىن ئاخۇن بىمارلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىدىمۇ ياكى سەپەرنى يالغۇز داۋاملاشتۇرۇشتىن ئەنسىرىدىمۇ، ئىشقىلىپ يۇرتمۇ - يۇرت كېزىپ كېسەل داۋالاپ ئەنجانغا كېلىپ قالغانىدى. كىشىلەر ئۇنى «مۇساپىر تېۋىپ» دەپ ئاتىشاتتى.

كىشىلەر مۇساپىر تېۋىپنى ئورنىۋېلىپ قار - يامغۇردەك سوئال ياغدۇرۇۋەتتى:

— ئۆزلىرى ئەۋلىيادەكلا كىشىكەنلىغۇ! ؟

— قەيەرلىك ئۆزلىرى؟

— رەھمىقۇلنىڭ تىرىكلىكىنى قانداق بىلدىلە؟

مۇساپىر تېۋىپ:

— تىرىك ئادەم جەسەتتىن پەرقلىق كېلىدۇ، جىنازا كۆتۈرگەنلەرنىڭ بىلى ئېگىلمەي ماڭغىنىدىن تېرىك كىشىنى جىنازىغا سېلىپ مېڭىپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۆلۈكتەك تىنىقى توختاپ كېتىدىغان، بىر نەچچە سائەت ھەتتا بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن

ئارتۇق شېئىرى، 30 نەچچە پارچە ھېكايە ۋە ئەدەبىي ئاخباراتى، 35 پارچە سەھنە ئەسىرى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كۆپلىگەن ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە تەزكىرىشۇناسلىق بويىچە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ «ئۇچ توپلام» ۋە خەلق داستانلىرى توپلىمىنى ھەمدە «قاراقاشنى چۈشىنەيلى» ناملىق كىتابىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرۇپ ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن «ۋەتەن مېھرى»، «ئوسمان نازۇك» قاتارلىق يەتتە پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان. «گۈلدەستە»، «قاراقاش تارىخىي ماتېرىياللىرى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەشكە قاتناشقان.

مۇھەممەتئىمىن قۇربان ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا، 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. خوتەن ۋىلايىتى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىم» بولۇپ باھالانغان. كاندىدات تەتقىقاتچى كەسپىي ئۇنۋانى بېرىلگەن.

ئۇ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار، تىياتىرچىلار، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى. خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى. قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

دراماتورگ، شائىر، تەزكىرىشۇناس مۇھەممەتئىمىن قۇربان ئىجادىيىتىنىڭ 40 يىللىقىنى قۇتلۇقلاپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھەم ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 2003 - يىل 26 - ئاپرېل مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان بۇ مول ھوسۇللۇق ئەدىبنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى.



سەككىز يىلدىن بېرى ئۇنىڭدىن ھېچبىر ئۇچۇر - خەۋەر بولمىغانلىقتىن، خوتۇن - بالىلىرى ئۇنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىپ، ئىرادىگە قېنىپ ئولتۇرغانىدى. سودىگەرلەردىن ئۇنىڭ سالىمىنى، سوۋغىتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ يۈرىكى ياشىرىپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ يولىغا قارايدىغان بولدى. بىر ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن جامائەت بامدات نامىزىدىن تارقىغاندا ئىمىن ھاجى ئۆيىگە كىردى. بالىلىرى، تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ئىمىن ھاجى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. مەھەللىنىڭ ئىمامى:

— ئۆزلىرىنى ھايات ئەمەسمىكىن دەپ ئويلىۋىدۇق، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن دىدار كۆرۈشتۇق، يېڭى جانلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇ كىشىنى «ئىمىن ھاجى يېڭىجان» دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئىمىن ھاجى 1933 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

(ئىمىن ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان 1994 - يىلى سۆزلەپ بەرگەن)

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 1 - سانىدىن ئېلىندى)



*دراماتورگ، شائىر، تەزكىرىشۇناس مۇھەممەتئىمىن قۇربان 1942 - يىلى قاراقاش بازىرى تانايى بېشى مەھەللىسىدە ناۋاي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1954 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە 1957 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. 1963 - يىلى مارتىغىچە قومۇل ۋىلايىتىلىك 1 - ئوتتۇرا ۋە قاراقاش قاراساي بېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1970 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئۇ قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت بۇرتى، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى، خوتەن ۋىلايىتىلىك «يېڭى قاشتېشى» نەشىر - ئۇسسۇل ئۆمىكى، قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.*

*ئۇ 1959 - يىلى 17 - مايدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «سىنىم چىراق» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سەپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغىچە 650 پارچىدىن*

مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئىسمائىل
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## — مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەتچىلىك

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 11.75، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرى
2003-يىل 8-ئاي 1-بېسىلىشى
تىراژى: 3800 — 0001

ISBN 7-228-08242-7
ئومۇمىي باھاسى (ئالتە پارچە): 98.50 يۈەن

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## نامىلىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

- ☆ يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
- ☆ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
- ☆ مەدەنىيەت، مائارىپ، تىبابەت
- ☆ يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
- ☆ ئەدەبىيات ـ سەنئەت
- ☆ ھېكايەتلەر
- ☆ خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق چۆچەكلىرى (تاللانما)
- ☆ خەلق داستانلىرى
- ☆ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر
- ☆ خوتەندە ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەر
- ☆ خوتەن يەر ـ جاي نامىلىرى
- ☆ چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
- ☆ خوتەن كىتابلىرى ئۇچۇرى
- ☆ خوتەن كارخانىچىلىرى

ISBN 7-228-08242-7

9 787228 082421 >

ISBN 7-228-08242-7
(民文)总定价(共六册):98.50元